# دۇنيادىكى قىسما-قىسما ئىشلارنى بىلىۋېلىڭ

خەن جېنفېڭ قاتارلىقلار
تۈزگەن

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

本书根据中国旅游出版社 1990 年 6 月第 1 版北京第 2 次印刷版本选译出版

**图书在版编目(CIP)数据**

人间百事通:维吾尔文/韩振峰等编;阿依夏木等译.
北京:民族出版社,1994
ISBN 7-105-02267-1

Ⅰ.人… Ⅱ.①韩… ②阿… Ⅲ.科学知识-普及读物-维吾尔文 Ⅳ.Z228

中国版本图书馆 CIP 数据核字(94)第 06467 号

阿依夏木,
阿布都拉,
阿里木江等译
民簇出版社出版发行
北京市和平里北街 5 号 邮编:100013
民族出版社微机照排 北苑印刷厂印刷
名地新华书店经销
1995 年 11 月第 1 版 1995 年 11 月北京第 1 次印刷
开本:787×1092 毫米 1/32 印张:16¾
印数:0001—2,000 册 定价:10.90 元

# كىرىش سۆز

دۇنيادىكى قىسما- قىسما ئىشلارنى ھەممەيلەننىڭ بىلىۋال-
غۇسى كېلىدۇ، لېكىن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنى
كۆچى چەكلىك بولىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە
كۆپرەك بىلىم ۋە ئۇچۇرلارنى بىلىۋېلىشى ۋە ئىگەللىۋېلىشى
ئۈچۈن، بىز كۆپ يىللاردىن بۇيان توپلىغان مۇناسىۋەتلىك ماتې-
رىياللىرىمىزغا ئاساسەن، «دۇنيادىكى قىسما-قىسما ئىشلارنى
بىلىۋېلىڭ» دېگەن بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق.

بۇ كىتابنىڭ چېتىلىدىغان مەزمۇنلىرى ئىنتايىن كەڭ.
كىتابتا بىلىم خاراكتېرلىك، ماتېرىيال خاراكتېرلىك، قىزىق-
قارلىق ۋە ئەمەلىي خاراكتېرلىك ئىشلار بىر گەۋدە قىلىپ
مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن، جۇملىدىن 22 تۈرگە 570 تىن ئار-
تۇق تېمىغا ئايرىلغان. ئاساسلىق تېمىسى داڭلىق زاتلارنىڭ
ئىشلىرىدىن، ئەدەبىيات ساھەسىدىن قىزىقارلىق تەرمىلەر، تا-
رىختىن تەرمىلەر، ئوقۇتۇش باغچىسى، قانۇنچىلىق ساھەسى،
كىشىلىك تۇرمۇشتا، ئائىلە مەسلىھەتچىسى، تۇرمۇش دوستى،
سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش، دۇنيانىڭ سىرى، تەبىئەت تۇغرى-
سىدا ئاجايىپ خەۋەرلەر، دۇنيادىكى ئاجايىپ ئىشلار، ھايۋانات
ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ، ئاجايىپ ئۆسۈملۈكلەر، ئادەم بەدى-

ـىنىڭ سىرى، پەن-تېخنىكا كۆزنىكى، كەڭ جاھان، ئاسترونومىيە-جۇغراپىيە، ئۆرپ-ئادەتلەر، كېلەچەك ئۈستىدە مۆلچەر دېگەن ماۋزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەم قولىدىن چۈشۈرگىسى كەلمەيدىغان، ئادەمگە قىسما-قىسما ئىشلارنى بىلدۈرىدىغان كىتاب.

بۇ كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل كىتاب-ژۇرناللىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلاندۇق، ماتېرىيال مەنبەسى ئوخشاش بولمىغانلىقى، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەسلىدىكى گېزىت-ژۇرنال نامىنى ۋە ئاپتورلارنى ئىزاھلىمىدۇق، بۇ يەردە ئەسلىدىكى ئاپتور ۋە تۈزگۈچىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى خىلمۇخىل پەنلەرگە چېتىلىدىغانلىقى، ئۆزىمىزنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن چۈشۈرۈپ قويۇلغان ياكى مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرى بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

تۈزگۈچىلەردىن

1990-يىل باھار — باۋدىڭ

# كىرىش سۆز

دۇنيادىكى قىسما- قىسما ئىشلارنى ھەممەيلەننىڭ بىلىۋال- غۇسى كېلىدۇ، لېكىن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنىي كۈچى چەكلىك بولىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە كۆپرەك بىلىم ۋە ئۇچۇرلارنى بىلىۋېلىشى ۋە ئىگەللىۋېلىشى ئۈچۈن، بىز كۆپ يىللاردىن بۇيان توپلىغان مۇناسىۋەتلىك ماتې- رىياللىرىمىزغا ئاساسەن، «دۇنيادىكى قىسما-قىسما ئىشلارنى بىلىۋېلىڭ» دېگەن بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق.

بۇ كىتابنىڭ چېتىلىدىغان مەزمۇنلىرى ئىنتايىن كەڭ. كىتابتا بىلىم خاراكتېرلىك، ماتېرىيال خاراكتېرلىك، قىزىق- قارلىق ۋە ئەمەلىي خاراكتېرلىك ئىشلار بىر گەۋدە قىلىپ مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن، جۈملىدىن 22 تۈرگە 570 تىن ئار- تۇق تېمىغا ئايرىلغان. ئاساسلىق تېمىسى داڭلىق زاتلارنىڭ ئىشلىرىدىن، ئەدەبىيات ساھەسىدىن قىزىقارلىق تەرمىلەر، تا- رىختىن تەرمىلەر، ئوقۇتۇش باغچىسى، قانۇنچىلىق ساھەسى، كىشىلىك تۇرمۇشتا، ئائىلە مەسلىھەتچىسى، تۇرمۇش دوستى، سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش، دۇنيانىڭ سىرى، تەبىئەت توغرى- سىدا ئاجايىپ خەۋەرلەر، دۇنيادىكى ئاجايىپ ئىشلار، ھايۋانات ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ، ئاجايىپ ئۆسۈملۈكلەر، ئادەم بەدى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ىنىڭ سىرى، پەن-تېخنىكا كۆزنىكى، كەڭ جاھان، ئاسترو-نومىيە-جۇغراپىيە، ئۆرپ-ئادەتلەر، كىلەچەك ئۇستىدە مۆلچەر دېگەن ماۋزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەم قولىدىن چۈشۈرگىسى كەلمەيدىغان، ئادەمگە قىسما-قىسما ئىش-لارنى بىلدۈرىدىغان كىتاب.

بۇ كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل كىتاب-ژۇرناللىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلاندۇق، ما-تېرىيال مەنبەسى ئوخشاش بولمىغانلىقى، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەسلىدىكى گېزىت-ژۇرنال نامىنى ۋە ئاپتورلارنى ئىزاھلىمىدوق، بۇ يەردە ئەسلىدىكى ئاپتور ۋە تۈزگۈچىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىمىزنى بىل-دۈرىمىز.

بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى خىلمۇخىل پەنلەرگە چېتىلىدىغانلى-قى، ئۆزىمىزنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن چۈشۈ-رۈپ قويۇلغان ياكى مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرى بولۇشى مۇم-كىن، شۇڭا كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

تۈزگۈچىلەردىن

1990-يىل باھار — باۋدىڭ

# مۇندەرىجە

## 1. داڭلىق زاتلارنىڭ ئىشلىرىدىن


1. تاڭ سىڭنىڭ ئۆلۈكنىڭ خەتەرلىك كەچۈرمىشلىرى ……………………………… (1)

2. سۇسەن ۋە سۇسەن تۇرمىسى ……………… (3)

3. چېن يۈەنيۈەن نېمىشقا راھىبە بولدى ………… (5)

4. يۈەن شىكەينىڭ ئۆلۈشىنىڭ سەۋەبى ………… (6)

5. مەملىكىتىمىزدىكى تۆت ساھىبجامالنىڭ ئېۋەنلىرى ……………………………… (8)

6. نوبېل تەرجىمىھالىنىڭ تېزىسى ……………… (9)

7. مارك تۋېننىڭ پويىز بېلىتىنى يىتتۈرۈپ قويۇشى ……………………………… (10)

8. ناپالېئوننىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرى ……………… (10)

9. كۆپكە ماھىر چېرچىل ……………………… (13)

10. ئېينىشتېيىننىڭ زۇڭتۇڭ بولۇشنى خالىماسلىقى ……………………………… (14)

11. ئېينىشتېيىن بىلەن شوپۇر ……………… (15)

12. كيۇرى خانىمنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى قايتۇرۇشى ……………………………… (15)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

13. ”گاھ سەمرىپ، گاھ جۇدەپ“ قالىدىغان ئالىم ..................... (16)
14. داڭلىق زاتلارنىڭ خاتىرە دەپتىرى ............ (17)
15. داڭلىق كىشىلەرنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى تۆھپىلىرى ............................ (19)

## 2. ئەدەبىيات ساھەسىدىن قىزىقارلىق تەرمىلەر

1. دۇنيادىكى مەشھۇر ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ مۇكاپات سوممىسى قانچە..................................... (21)
2. مەملىكىتىمىزدىكى بەزى ئاساسىي يەرلىك تىياتىرلار ............................................ (22)
3. بەزى دۆلەتلەرنىڭ كىنومۇكاپاتى ............ (24)
4. ئىككى «غەربكە ساياھەت» ..................... (25)
5. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە نەچچە پېرسوناژ بار ............................................ (27)
6. لياڭ شەنبو بىلەن جۇيىڭتەي بىر دەۋرنىڭ ئادەملىرى ئەمەس ........................ (28)
7. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىر قانچە.......... (29)
8. «تۇزئۇچىدۇ شەرقىي جەنۇبقا» دىكى ۋەقە نەدە بولغان ............................................ (30)

9. «لياۋ جەي رىۋايەتلىرى» قولىيازمىسىنىڭ كېيىنكى يېرىمى قانداق يوقىلىپ كەتكەن ………………… (31)
10. «دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى» دېگەن ماي بوياق رەسىمنىڭ تەقدىرى …………………………… (33)
11. دا. ۋېنتسىنىڭ مەشھۇرسىزمىسى قانداق ساقلىنىپ قالغان ……………………………………… (36)
12. دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ پېشكەللىككە ئۇچرىغان كىنو ……………………………………… (37)
13. 27 دۆلەتتىن 150 نەپەر سەنئەتكار بىرلىشىپ بىر كىتاب ئىشلىدى………………………… (37)
14. تيەنئەنمېندىكى ماۋ جۇشىنىڭ رەسىمىنى كىم سىزغان…………………………………… (38)

## 3. تارىختىن تەرمىلەر

1. پادىشاھ ئىسمىدىن قىزىق پاراڭ ………………… (39)
2. جۇڭگودا ئۆتكەن بالا پادىشاھلار………………… (41)
3. زىجىنچېڭدا قانچە پادىشاھ تۇرغان……………… (42)
4. شەرقىي ئوردا، غەربىي ئوردا دېگەنلىك نېمە دېگەنلىك ……………………………………… (44)
5. ئېلىمىز تارىخىدىكى يىلنامە بويىچە ئەڭ ……… (45)
6. ئېلىمىز تارىخىدىكى ئالتە دانىشمەن …………… (46)
7. تارىختىكى ئالتە «بېيجىڭ» …………………… (48)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

8. شىشى ( 西 ) نىڭ فامىلىسى شى ( 西施 ) ئەمەس شى ( 施 ) ......(49)
9. چىنشىخۇاڭنىڭ قەبرىسىدىكى سىمابنىڭ سىرى ......(50)
10. يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ نېمىشقا قەبرىسى يوق ......(51)
11. خۇڭ شيۇچۈەننىڭ ئالتۇن مۆھرى قانداق يوقالغان ......(52)
12. جياڭ جيېشىنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى ئىشقا ئاشمىغان بىر سىياسىي ئۆزگىرىش ......(54)
13. نېمە ئۈچۈن ئاتوم بومبىسىنى پارتلىتىشتا ياپونىيە نىشان قىلىپ تاللانغان ......(55)
14. تۇغۇلماي تۇرۇپ پادىشاھ بولغان پادىشاھ ......(56)
15. ئاران بىر كۈن خانىش بولغان ئايال ......(58)
16. كىشەن بىلەن خانلىق تاج كىيىش ......(58)
17. تارىختا ۋاقتى ئەڭ قىسقا بولغان ئۇرۇش ......(60)

## 4 . ئوقۇتۇش باغچىسى

1. ئەڭ ياخشى پىكىر قىلىشنىڭ يەتتە خىل ئۇسۇلى ......(62)
2. تىل قابىلىيىتىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى ......(64)
3. بىر قاراپلا يادلىۋېلىشنىڭ سىرى ......(66)

4. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ياخشى چارىلىرى ............................................ (68)
5. قايسى كۈنى مەسىلە توغرۇلۇق ئويلانغاندا ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. ........................ (69)
6. مېڭىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشتە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ....................................... (70)
7. تەپەككۇر ئىقتىدارىنى قانداق ئۆستۈرۈش كېرەك .................................................... (72)
8. ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنى قانداق پەرق ئېتىش كېرەك ................................................ (73)
9. تەپەككۇرنىڭ يەتتە ئاچقۇچى ........................ (75)
10. كىتاب ئوقۇشتىكى ئەڭ ياخشى روھىي ھالەت ........................................................ (76)
11. بىلىم جۇغلاشنىڭ تۆت خىل ئۇسۇلى ............ (77)
12. ئىختىساسلىقلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ............................................ (78)
13. ئۆگىنىش ۋە قان تىپى ............................ (79)
14. نېمە ئۈچۈن 9-ئاينىڭ 10-كۈنى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى قىلىپ بېكىتىلدى ............................ (81)
15. مۇۋەپپەقىيەتكە ماڭغۇزىدىغان "ئۈچ" ............ (82)
16. ياشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەككىز ئامىل ................................................... (84)
17. 40 ياشتىن بۇرۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ

سىرى ................................................ (85)

## 5. تەنتەربىيە ساھەسىدىكى ئىشلار

1. دۇنيادىكى تەنتەربىيە بويىچە پادىشاھلىق دۆلەتلەر ................................................ (87)
2. تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنىڭ خىلمۇخىل نامى ................................................ (88)
3. دۇنيا چېمپىيونى دېگەن نېمە ..................... (90)
4. ۋاسكېتبول كوماندىسىدا نېمە ئۈچۈن 1-، 2-، 3- نومۇرلۇق ئەزا بولمايدۇ ..................... (91)
5. ئالتۇن مېدال ئالتۇندىن ياسالغانمۇ .............. (92)
6. بوي ئۆستۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇلى ... (93)

## 6. قانۇنچىلىق ساھەسى

1. قەدىمكى جىنايى جازالار .......................... (98)
2. بەش جازا دېيىلگىنى قايسىلار ..................... (99)
3. دۇنيادىكى قانۇن ساھەسىدىكى ئەڭ .............. (100)
4. چەت ئەللەرنىڭ غەلىتە قانۇن-نىزاملىرى ...... (102)
5. ئەنزە ئىنقىلاشنىڭ بىر نەچچە خىل يېڭى ئۇسۇلى ................................................ (103)
6. ئەڭ غەلىتە جىنايى جازا .......................... (105)

7. ئۆلگەندىن كېيىن سوتلاش ......................... (106)
8. نىكاھتىن ئاجرىشىش شەرتلىرى ...................... (107)

# 7. كىشىلىك تۇرمۇشتا

1. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك 11 ئىش ............................................ (108)
2. تىل ئالاقىسىدىكى ئۈچ پرىنسىپ................... (110)
3. گەپ-سۆز ۋە ھەرىكەت ھالىتى جەھەتتىكى تۆت پەرھىز ............................................ (111)
4. ۋاقىتنى تۇتۇشنىڭ سەككىز خىل ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ............................................ (113)
5. تەنقىد قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك ................................... (115)
6. ئالاقە داۋامىدىكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى ............................................ (117)
7. قورقۇنچاقلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى.......... (119)
8. تىنچلىق سوراشقاندا ۋاقىت ۋە سورۇنغا قاراش كېرەك............................................ (121)
9. يۈزى قىزىرىش، قورقۇنچاقلىق قىلىش كېسىلىنى قانداق داۋالاش كېرەك ......................... (122)
10. بىرەر ئىشقا يولۇقۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغاندا

www.uyghurkitap.com

قانداق قىلىش كېرەك ......................... (124)
11. جىددىيلىشىپ كېتىش كەيپىياتىنى قانداق تۈگىتىش كېرەك ......................... (126)
12. باشقىلارنى قانداق كۆزىتىش كېرەك ............ (127)
13. ئەپۇقىلىشنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك ......... (129)
14. ئاچچىقنى بېسىشنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك ................................... (131)
15. روھىي بېسىمنى قانداق كونترول قىلىش كېرەك ................................. (133)
16. ئەپۇ سوراش سەنئىتى ......................... (136)
17. سىرداش دوست تۇتۇش يولى........................ (138)
18. مېھمان كۈتۈش سەنئىتىگە ئەھمىيەت بېرىش ...................................... (142)
19. ئادەمنى قايىل قىلىشنىڭ ئالتە ئېپى ......... (144)
20. كەيپىڭىز ئۇچسا قانداق قىلىشىڭىز كېرەك ...................................... (146)
21. ئۆزىڭىزگە قانداق قىلىپ ئىشەنچ قىلىشىڭىز كېرەك ....................................... (148)
22. ئاچچىق يۇتۇشنىڭ ئون زىيىنى ................ (150)
23. ئالاقىدا قانداق ئادەملەر ئالقىشلانمايدۇ ......... (151)
24. رەھبەرلەر قانداق ”ئىش جۆندەش“ ئېپىنى بىلىشى لازىم ...................................... (153)
25. قانداق قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان

ئادەم بولغىلى بولىدۇ ........................ (155)
26. ئاممىۋى ئالاقە سورۇنلىرىدا سۆزقىلغاندا ھەزەر
ئەيلەشكە تېگىشلىك توققۇز ئىش ............... (157)

## 8. ئائىلە مەسلىھەتچىسى

1. ئائىلىنى بەختلىك، كۆڭۈللۈك قىلىشنىڭ
چارىلىرى ................................ (160)
2. ئائىلىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى قانداق چۈشىنىش
كېرەك ..................................... (162)
3. نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئەڭ ياخشى ھالەتتە ساقلاش
سەنئىتى ...................................... (164)
4. ئەر-خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى "سىلىقلاشتۇرغۇچى"
.................................................. (168)
5. ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلى-
ماسلىقى لازىم ................................ (170)
6. پەرزەنتلەر ئائىلە زىددىيىتىنىڭ پەسىيىشىدە
ياردەمدە بولۇشى لازىم ..................... (172)
7. ئاتىلىق مېھرى كەملىك قىلىش يىغىندا
كېسىلىدىن ھوشيار بولۇش كېرەك .......... (174)
8. ئائىلە تەربىيىسىدىكى ئون ئۇسۇل ............ (176)
9. تۇرمۇشنىڭ بالىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ...... (178)
10. بالىنىڭ ئەسكىرەپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ 16 خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالامىتى ................................................ (179)
11. بالىغا ھەرگىز بىلجىرلاۋەرمەڭ .................. (183)
12. بالىنى ھەرگىز قورقۇتماڭ ..................... (185)
13. مۇزىكا ئاڭلاپ تۇرغان بالا تېخىمۇ ئەقىللىق بولىدۇ................................................ (186)
14. بالىڭىزنىڭ كەلگۈسىدە قانچىلىك ئېگىز ئادەم بولىدىغانلىقىنى قانداق بىلەلەيسىز ................ (188)
15. بالىنىڭ بويىنىڭ ئۆسۈشىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرۇش لازىم. ............ (190)
16. بالىنىڭ ئېگىز ياكى پاكار، سېمىز ياكى ئورۇق بولۇشى ................................................ (191)
17. بالىنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتى ۋە پۇت-قولى.......... (194)
18. ئائىلە ئارخىپى بولۇشى كېرەك..................... (195)
19. ئائىلە ئىستېمالى ھەققىدە بىلىم ................ (196)
20. ئۆي ئىشلىرىنى ئۇچكە بۆلۈپ قىلىش ......... (198)
21. ئۆي جاھازلىرىنى مۇۋاپىــق ئورۇنلاشتۇرۇڭ ................................................ (199)
22. ئائىلىدىكى پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ ئەپچىل چارىسى ................................................ (200)
23. تامغا ھۆسن خەت، رەسىم ئېسىشتىكى بىلىم ................................................ (202)

# 9. تۇرمۇش دوستى

1. تۇرمۇشتىكى ئەڭ ياخشى تېمپېراتۇرا ………… (204)
2. مەملىكىتىمىزنىڭ كىيىم-كېچەك نومۇرىغا خاس ئۆلچىمى ………………………… (205)
3. قانداق كىيىملەرنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇش مۇۋاپىق ئەمەس ………………………… (206)
4. كىيىمنى دەزماللىغاندا ساغىرىپ قالسا ئوڭشاش چارىلىرى ………………………… (207)
5. پېۋىنىڭ ياخشى-ناچىرىنى پەرق ئېتىش ئۇسۇلى ………………………… (209)
6. خۇرۇم ئاياغنى ساقلاشنىڭ ياخشى چارىسى …… (210)
7. ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ياخشىلايدىغان يېمەكلىكلەر ………………… (210)
8. مېۋىنى قانداق ساقلاش كېرەك ……………… (212)
9. كونسېرۋانى قانداق تاللاش كېرەك …………… (213)
10. تۇخۇمدىن خوراز ياكى مېكىيان چىقىدىغانلىقىنى بىلىش ئۇسۇلى ………………………… (214)
11. ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى يېمەك-ئىچمەك ئارقىلىق ئارقىغا سوزۇش …… (215)
12. جياگېيۇ ئىستېمال قىلىشنىڭ قانداق پايدىسى بار ………………………… (216)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

13 . ئاچچىقسۇنىڭ ئادەمگە قانداق پايدىسى بار ...... (217)
14 . دۇڭگۇا يېسە نېمە ئۈچۈن سەمرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ ........................ (218)
15 . جياڭيۇ ۋە ئاچچىقسۇنىڭ پاختىلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ......................... (220)
16 . هاراقتىن ئەپچىل پايدىلىنىش .................... (220)
17 . تۇزدىن ئەپچىل پايدىلىنىش ...................... (222)
18 . جۇۋاۋىغا قىيما قىلىدىغان كۆكتاتنىڭ سۈيىنى سىقىپ چىقىرىۋەتمەسلىكنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى ............................................ (223)
19 . ئۆيدىكى پۇراقلارنى يوقىتىش چارىلىرى ...... (224)
20 . يېمەكلىكتىكى ئەسكى پۇراقنى چىقىرىۋېتىش چارىلىرى .......................................... (225)
21 . مېۋىنى بالدۇر پىشۇرغۇزۇش چارىسى ......... (226)
22 . بېلىق تاللاشنىڭ ئېپى ........................... (227)
23 . بىللە قويسا بولمايدىغان بۇيۇملار ............... (228)
24 . گاز باكىدىن گاز چىقىپ كەتسە قانداق قىلىش كېرەك ............................................ (230)
25 . چايداننىڭ ئاستىغا ئولتۇرۇپ قالغان داشقالنى چىقىرىۋېتىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى ............ (231)
26 . كىرسوپۇندىن ئەپچىل پايدىلىنىش ............ (231)
27 . كىتاب - ژۇرناللاردىكى داغنى چىقىرىۋېتىش ئۇسۇللىرى ............................................ (232)

28 . پويىز بىلەتنى يېڭىلىشىپ ساتقان، ئالغاندا
ۋە پويىزغا خاتا چىقىپ قالغاندا قانداق قىلىش
كېرەك ............................................ (233)
29 . بىلەتنى قانداق قايتۇرۇش كېرەك ............ (235)

## 10 . سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش

1 . ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى ........................... (237)
2 . قولدا كېسەل داۋالاشنىڭ سەككىز ئۇسۇلى ... (238)
3 . دوختۇرغا كۆرسەتمەيمۇ كېسەل ساقايتىشنىڭ
رېتسىپلىرى ........................................ (241)
4 . قىزىل تومۇر قېتىشنى بىلىش چارىلىرى ...... (242)
5 . بەش ئەزادا بولىدىغان ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن
سەزگۈر بولۇڭ .................................. (243)
6 . ناھايىتى خەتەرلىك كېسەللەردە بولىدىغان سەك-
كىز خىل نەپەس سىگنالى.......................... (244)
7 . چىش چۇشۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ
ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى .................................. (246)
8 . كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ياخشىلاش ئۇسۇللىرى ...... (248)
9 . ھېقنى قانداق توختىتىش كېرەك ............... (249)
10 . راكنىڭ سىگناللىرى ................................ (250)
11 . كەيپىيات ياخشى بولماسلىقنى تەڭشەش ئۇسۇل-
لىرى .................................................. (251)

www.uyghurkitap.com

12. روھىي بېسىم ۋە كېسەللىك ...................... (252)
13. مىجەز ۋە تاجىسىمان قان تومۇرلۇق يۈرەك كېسىلى ......................................... (254)
14. قانداق مىجەزلىك ئادەملەر ئاسان راك كېسىلى بولىدۇ ......................................... (256)
15. 14 خىل ناچارقىلىق يۈزىڭىزدىكى قورۇقنى كۆپەيتىۋېتىدۇ ......................................... (257)
16. ئۇخلاش ھېكمىتىنى ئۆگىنىۋېلىڭ.............. (258)
17. چۈشكە ئاساسەن كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش ......................................... (260)
18. چىراغ نۇرى بىلەن ئادەمنىڭ ساغلاملىقى ...... (261)
19. سۆڭەك شورپىسى قېرىپ كېتىشنى ئاستىلىتىدىغان شىپالىق دورا .................. (262)
20. چاي بىلەن كېسەل داۋالاش .................. (263)

## 11. دۇنيانىڭ سىرى

1. نامەلۇم ئۇچار جىسىم .............................. (265)
2. ئېھرامنىڭ سىرى .............................. (268)
3. نىس كۆلىنىڭ سىرى .............................. (271)
4. غەلىتە ھايۋان .............................. (276)
5. جۇڭگودىكى ”ياۋا ئادەم“ سىرى .................. (279)
6. ئىنسانلار مەدەنىيىتىدىكى غەلىتە ئىشلار......... (282)

7. سىرلىق مايالار ............................ (285)
8. ئاتلانتىك قىتئەسىنىڭ چوكوپ كېتىشىنىڭ سىرى ............................................ (290)
9. ئاي بىلەن قۇياشنىڭ تەڭ چىقىشى كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئاجايىپ كۆرۈنۈش .................. (294)
10. سىرلىق "ئادەمسىز كېمە" ...................... (297)
11. نامەلۇم ئاقار جىسىمنىڭ سىرى ................ (299)
12. كولۇمبىيىدىكى مۇمىيا ........................ (302)
13. پىرئەۋننىڭ قارغىشى توغرىسىدىكى سىر ...... (305)

## 12. تەبىئەت توغرىسىدا ئاجايىپ خەۋەرلەر

1. پەۋقۇلئاددە چوڭ تۇنگۇس مېتېئورىتى ......... (308)
2. قاتتىق ۋارقىرايدىغان تاش ھەيكەل............... (309)
3. غەلىتە مەھەللە........................................ (310)
4. غەلىتە شارسىمان چاقماق.............................. (311)
5. بارا-بارا تارىيىپ كېتىۋاتقان دۆلەت ............... (311)
6. بىرىيلدا 30 كۈن قۇياش چىقمايدىغان شەھەر ...................................................... (312)
7. بىر يىل 13 ئايغا بۆلۈنىدىغان دۆلەت............. (312)
8. ئاياللار سەككىز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ يەڭگىيدىغان جاي ........................................ (313)
9. سۈنئىي لەيلىمە ئاراللار ........................... (313)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

10. تېز سۇرۇلىدىغان ئارال ...................... (314)
11. ئىككى قەۋەتلىك كۆل ...................... (315)
12. بەش خىل رەڭلىك كۆل ...................... (316)
13. بەش قەۋەتلىك كۆل ...................... (317)
14. پارقىرايدىغان ئوت كۆلى ...................... (318)
15. ئىككى قەۋەتلىك دېڭىز ...................... (318)
16. ئۆلۈك بېلىق دەرياسى ...................... (319)
17. ئوت يانىدىغان سۇ ...................... (319)
18. تارتىنچاق بۇلاق ...................... (320)

## 13. دۇنيادىكى ئاجايىپ ئىشلار

1. 4000 بالىسى بولغان ئانا ...................... (322)
2. 2000 ساھىپجامالنىڭ بىر پادىشاھىقا ھەمىراھ
بولۇپ دەپنە قىلىنىشى ...................... (323)
3. ئۇلۇغ ھەم سەۋر-تاقەتلىك مۇھەببەت ...................... (324)
4. دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ ئاددىي مۇھەببەت
خېتى ...................... (326)
5. تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئەڭ كۈچلۈك ئادەم...... (327)
6. 71 يىل ئۇخلىمىغان ئادەم ...................... (328)
7. يىل بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈشكە جۈرئەت قىلغان
ئاكا-ئۇكا...................... (329)
8. زەھەرلىك يىلان بىلەن سۆيۈشەلەيدىغان قىز

........................................ (330)
9. قوزغىلىۋاتقان ئايروپىلاننى تارتىپ تۇرالايدىغان پالۋان ........................................ (331)
10. بەدەن ئېغىرلىقى ئازكەم مىڭ جىڭ كېلىدىغان ئادەم ........................................ (332)
11. تۆت پۇتلۇق غەلىتە ئادەم ........................ (332)
12. سۇ ئۈزۈشتە "كارامەت ماھارەتلىك بالا" ...... (333)
13. قورساقتا تۆرەلگەن يىلان ........................ (333)
14. مۇزلاپ قېتىپ قالغىنىغا 500 يىل بولغان بالىنىڭ جەسىتى ........................ (334)

## 14. ھايۋانات ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ

1. "چاشقاننىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش" پاجىئەسى ...... (336)
2. جىددىي خەۋەر بېرەلەيدىغان مۈشۈك ............ (336)
3. ساداقەتمەن كۈچۈك ........................ (337)
4. پۇتبول تېپەلەيدىغان ئات ........................ (338)
5. تۆت پۇتىدا سۇ ئىچىدىغان غەلىتە كالا ......... (338)
6. دەرەخقە چىقالايدىغان ئۆچكە ..................... (339)
7. ئاجايىپ كېپىنەك ........................ (339)
8. "مۇزىكا چالالايدىغان" پاقا ........................ (340)
9. بۇرۇتلۇق پاقا ........................ (341)
10. دېڭىز تاشپاقىسىنىڭ ئۇزاق سەپەر قىلىشىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىر ...................................... (341)
11. دېڭىز دېلفىنىنىڭ ئۇخلىماسلىقىنىڭ سىرى
........................................ (342)
12. دېڭىز دېلفىنى خاتىرە مۇنارى ................ (343)
13. توك چىقىرالايدىغان بېلىق ................ (344)
14. خەت-چەك توشۇيدىغان بېلىق ................ (346)
15. چىشى بېلىقنىڭ ئەركەك بېلىققا ئۆزگىرىشى
........................................ (346)
16. بېشى يوق بېلىق .......................... (347)
17. غەلىتە تۇغۇش ۋە بېقىش ئۇسۇلى............ (348)
18. كۆچەت تىكەلەيدىغان قۇش ................ (349)
19. هايۋانلارنىڭ بىر-بىرىگە بېقىنىشى.......... (350)
20. لەھەڭدىمۇ دوستلۇق مېھرى ۋە ئانا مېھرى
بار ........................................ (351)
21. هايۋانات نېمىشقا كوللېكتىپ ئۆلۈۋالىدۇ ...... (353)

## 15. ئاجايىپ ئۆسۈملۈكلەر

1. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دۆلەت گۈلى ............ (356)
2. مۇھىت ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا
تەسىر كۆرسىتىدۇ ............................ (357)
3. ئۆسۈملۈكنىڭمۇ تىلى بار .................... (358)
4. ئادەمنى گاچا قىلىپ قويىدىغان ئۆسۈملۈك ... (359)

5. يىلان مەھەللىسى ...... (359)
6. ئىسسىق-سوغۇقنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئوت ...... (361)
7. دەل-دەرەخلەرنىڭ شاۋقۇن-سۈرەننى يوقىتالىشى-
نىڭ سىرى ...... (361)
8. كۈلەلەيدىغان دەرەخ ...... (362)
9. ئادەمخور دەرەخ ...... (363)
10. ئادەمنى چىشلەيدىغان دەرەخ ...... (363)
11. ئۇيقۇ كەلتۈرىدىغان گۈل ...... (364)
12. گۈللەرنىڭ شاھى ...... (364)
13. قوناق پۆپۈكى ئادەمنى ئورۇقلىتىدۇ ...... (365)

## 16. ئادەم بەدىنىنىڭ سىرى

1. ئادەم بەدىنىدە قانچىلىك ئېلېمېنت بار ...... (367)
2. ئادەم بەدىنىنىڭ بىرسوتكىدىكى ئىقتىدارى ...... (368)
3. ئادەمنىڭ چىداشلىقى ...... (372)
4. ئادەمنىڭ كۈچى قانچىلىك ...... (374)
5. ئادەمنىڭ بوي ئېگىزلىكى زادى قانچىلىك
بولىدۇ ...... (376)
6. چىشنىڭ قاتتىقلىقى ...... (378)
7. كۆزنىڭ سىرى ...... (379)
8. ئادەم قانچىلىك تېز پىكىر قىلىدۇ ...... (380)
9. شاد-خۇراملىق ۋە قايغۇ-ھەسرەتنى كۆچۈرگىلى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بولىدۇ........................................ (381)
10. ئىنسانلار ئۈچ كۆزلۈك ئىدى ................ (382)
11. ئادەم بەدىنىدە قانچىلىك ھۈجەيرە بار ......... (383)
12. ئاتا-ئانىنىڭ قان تىپىدىن پەرزەنتىنىڭ قان
تىپىنى بىلىش ................................ (383)
13. ئادەمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى قانچىلىك ......... (384)
14. ئادەملەر نېمىشقا سەمرىپ كېتىدۇ ............. (385)
15. ئادەم نېمىشقا چۈش كۆرىدۇ .................... (386)
16. ئۇخلاشنىڭ سىرى ئېچىلدى ..................... (387)
17. چۈشكە ئائىت تەجرىبە ......................... (388)
18. ئادەم مېڭىسىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى قانچىلىك
.............................................. (389)
19. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پەرقى.................. (391)
20. زادى ئەرلەر ئەقىللىقمۇ ياكى ئاياللارمۇ ...... (395)
21. مىجەزنىڭ خىلى ............................... (396)
22. ئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقىنى نېمە بەلگىلەيدۇ ... (399)
23. تاماق يېيىش ئادىتىدىن ئادەمنىڭ خۇي-مىجەزى-
نى بىلگىلى بولىدۇ ........................... (400)
24. ئوزۇقلۇق ئادەمنىڭ مىجەزىگە تەسىر كۆر-
سىتىدۇ ...................................... (402)
25. مىجەز ۋە كېسەل .............................. (404)
26. ئورۇق-سېمىزلىك ۋە كەيپىيات ................ (406)
27. يېمەك-ئىچمەك ۋە ئۇگدەش ..................... (407)

28. يېمەك-ئىچمەك ۋە بوي ئېگىزلىكى ………… (408)
29. شورپا ئىچىش ۋە ئورۇق-سېمىزلىك ………… (411)
30. ئادەملەرنىڭ تىپى ۋە كەسپى ……………… (412)

## 17. پەن-تېخنىكا كۆزنىكى

1. زامانىۋى ئىلىم-پەندىكى ئالتە چوڭ سىر ……… (416)
2. 20-ئەسىردە جاۋاب بېرىشكە مۇمكىن بولمىغان
ئەڭ چوڭ پەننىي مەسىلىلەر ……………… (417)
3. دۇنياۋى ئىلىم-پەن مۇكاپاتى ……………… (418)
4. نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاتا-بالا، ئەر-خوتۇن
ۋە ئاكا-ئۇكىلار ……………………… (420)
5. ئېلىمىزدە سۈنئىي ھەمراھ نېمىشقا كەچ سائەت
يەتتە بىلەن توققۇز ئارىلىقىدا قويۇپ بېرىلىدۇ
……………………………… (422)
6. ئامېرىكا ”سۈنئىي يەرشارى“ ياسىماقتا ……… (423)
7. ئاتوم بومبىسىنى ئىككى قولى بىلەن ئاجرىتىۋەتكەن ئادەم ……………………… (424)
8. گاسلار ئىشلىتىدىغان تېلېۋىزور ……………… (425)
9. چېقىلماس يالتىراق ئېكران ……………… (425)
10. گاس-گاچىلار تېلېفونى ……………… (426)
11. شوپۇرسىز ماشىنا ……………………… (427)
12. ئىسپىرتنى ئېنېرگىيە قىلىدىغان ماشىنا …… (427)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

13. شامال ئېنېرگىيىسى ماشىنىسى ................ (428)
14. "گەپ قىلالايدىغان" ماشىنا ................ (429)
15. قاتلىنىدىغان ئايروپىلان ...................... (429)
16. رادارغا چۈشمەيدىغان ئايروپىلان ............ (430)
17. قاتلانما ۋېلىسىپىت ............................ (431)
18. باتارىيىلىك ۋېلىسىپىت ....................... (431)
19. گەپ قىلالايدىغان ماشىنكا ...................... (432)
20. قەغەز ئىشلىتىلمەيدىغان ماشىنكا ............... (432)
21. ئەپچىل رادار ........................................ (433)
22. بىنانى پۈتۈنلەي يۆتكەش .......................... (434)
23. ئەمالار قول سائىتى ................................ (435)
24. قەغەز كۆۋرۈك ....................................... (435)
25. ئاۋازلىق پوچتا ماركىسى ........................ (436)

## 18. كەڭ جاھان

1. يەرشارىدا قانچىلىك ئادەم ياشىدى ............... (437)
2. دۇنيادا قانچە مىللەت بار ........................ (437)
3. دۇنيادا قانچە تىل بار ............................... (438)
4. دۇنيادا قانچە تىل سىستېمىسى بار ............... (438)
5. يەرشارىدا قانچە ئائىلە بار ....................... (439)
6. دۇنيا بويىچە ئادەملەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان دۆلەتلەر ................................................ (440)

7. دۇنيا بويىچە 13 قېتىملىق پەۋقۇلئاددە قاتتىق يەر تەۋرەش ........................ (440)
8. خەلقئارا ھالاكەت يولى ........................ (442)
9. دۇنيادا قانچە ئارال دۆلىتى بار ................ (444)
10. دۇنيادا قانچە ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى بار ........................................ (444)
11. زېمىنى ئىككى قىتئەگە بۆلۈنۈپ تۇرىدىغان ئالتە دۆلەت ........................ (445)
12. دۆلەت چېگرىسى توغرىسىدا قىزىقارلىق بايان ........................................ (446)
13. دۆلەت گېربىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر ......... (448)
14. دۇنيادىكى بەش چوڭ كۇتۇپخانا.................. (449)
15. ھازىرقى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ قامۇس ......... (449)
16. دۇنيادىكى ئون چوڭ گېزىت ................. (450)
17. خرۇششېۋنىڭ قەبرە تېشى ...................... (451)
18. برازىلىيىنىڭ "چاقچاق ئېكسپورت شىركىتى" ........................................ (452)
19. خەنزۇلاردا زادى قانچە فامىلە بار ............. (453)

## 19. ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە

1. ئالەمنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك .................... (455)
2. قۇياشنىڭ ھەقىقىيىتى ........................ (455)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3. يەرشارىنىڭ ھەقىقىيىتى ........................ (456)
4. يەرشارى قانچە ياشقا كىردى ...................... (458)
5. يەرشارى مەركىزىنىڭ ھاراردىتى قانچىلىك ...... (459)
6. دۇنيا بويىچە يەر پوستى ئەڭ قېلىن جاي ...... (459)
7. يەرشارىدىكى ئۆزگىرىش ......................... (460)
8. دېڭىزنىڭ تۈرلىرى ............................... (461)
9. دېڭىز-ئوكيانلاردا قانچىلىك ئالتۇن بار ......... (462)
10. دۇنيادىكى ئون چوڭ كۆل ....................... (463)
11. دۇنيادىكى مەشھۇر تۆت شارقىراتما ............ (464)
12. ئېلىمىزدىكى "ئۈچ چوڭ" دېگەن نامىغا ئىگە جايلار ........................................ (465)
13. يەتتە قىتئەدىكى بىرىنچى چوققىلار ............ (467)
14. بىر مىنۇت ئىچىدە يەر شارى 61 سېكۇنت بولۇپ قالىدۇ ...................................... (468)
15. ھازىرقى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ يىلنامە ......... (469)
16. ھاۋارايى مەلۇماتىدىكى ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر .................................... (470)
17. يامغۇر مىقدارى قانداق ھېسابلىنىدۇ ........... (471)

## 20. سەيلە-ساياھەت ئورۇنلىرى

1. جۇڭگودىكى مەشھۇر ئون ساياھەت نۇقتىسى ... (473)
2. مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆلكىلىرىدىكى مەشھۇر تاغلار

(473) ...............................................
3. مەملىكىتىمىزدىكى مەشھۇر توقۇز ئۆتكەل...... (475)
4. دۇنيادىكى بەش مەشھۇر ساراي ............... (476)
5. چەت ئەللەردىكى سىپىل ......................... (477)
6. ئەگەر نىشاندىن ئادىشىپ قالسىڭىز ........... (479)


## 21. ئۆرپ-ئادەتلەر


1. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ يېيىش-ئىچىش ئادەتلىرى
(481) ..............................................
2. چەت ئەللىكلەر يامان كۆرىدىغان ئىشلار......... (483)
3. ھەرقايسى ئەللەردە كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان
رەڭلەر .............................................. (484)
4. كىشىلەر يامان كۆرىدىغان سانلار ............... (485)
5. روژدېستۋو بايرىمىنىڭ كېلىش سەۋەبى ......... (486)
6. تىرىك يىلاندىن ھالقا ياساش ................... (487)
7. "ئەرلەر" بازىرى ................................ (488)
8. "قىز" بازىرى .................................... (488)
9. غەلىتە "يىغلاڭغۇ" مىللەت ..................... (489)
10. قول ئېلىشىشنىڭ كېلىش سەۋەبى ............. (489)

www.uyghurkitap.com

# 22 . كىلەچەك ئۇستىدە مۆلچەر

1 . 200 مىلىيوندىن كېيىن بىر يىل 300 كۈن بولۇپ قالىدۇ ........................ (491)
2 . يەرشارىنىڭ كېلەچىكى ........................ (492)
3 . دۇنيا ئاھالىسى ئۇستىدىكى ئۈن چوڭ مۆلچەر ........................ (493)
4 . كېلەچەكتىكى ئۆي تۇرمۇشى ........................ (496)
5 . كېلەچەكتىكى كالېندار ........................ (498)
6 . 21-ئەسىردىكى تىبابەتچىلىك ........................ (500)
7 . 21-ئەسىردىكى ئۈچ خىل شەھەر ........................ (501)
8 . كەلگۈسى يۈزنەچچە يىلدا بولىدىغان چوڭ ئىشلار ئۈستىدە مۆلچەر ........................ (503)

# 1 . داڭلىق زاتلارنىڭ ئىشلىرىدىن

## تاڭ سېڭنىڭ ئۆلۈكىنىڭ خەتەرلىك كەچۈرمىشلىرى

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۆلىما راھىب شۈەنزاڭ 64 يېشىدا ۋاپات بولغان. بۇددا مەدەنىيىتىنى تارقىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى چەككەن بۇ راھىبنىڭ ئۆلۈكى بۇلاپ-تالىنىپ، باشقا ئەلدە قېلىشقا تاسلا قالغان.

تاڭ سېڭنىڭ ئۆلۈكىنى ھەممىدىن بۇرۇن ساقلىغان كىشى ئېھتىمال تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى بولسا كېرەك. ئۇ شەنشىدىكى جۇڭنەن تېغىنىڭ زىجىنگې ئىبادەتخانىسىدا تاڭ سېڭنىڭ سۆڭەك مۇنارىنى ياساتقۇزغان. بەختكە قارشى، ئۇ-رۇش توپىلىدىن، بۇ مۇنار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگى-لىدە ۋەيران بولغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ رېنزۇڭ خانىنىڭ تيەنشېڭ 5-يىلىغا كەلگەندە، جىنلىڭدىكى تيەنشىسى ئىبادەتخا-نىسىنىڭ راھىبى كېجېڭ ھەزرەت شەنشىدىكى زىجىنگې ئىبادەت-خانىسىغا بېرىپ، شۈەنزاڭنىڭ باش سۆڭىكىگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇنى جىنلىڭغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ تيەنشىسى ئىبارەتخانىسىنىڭ شەرقىدە بىر تاش مۇنار ياساتقۇزۇپ، شۈەنزاڭنىڭ باش سۆڭە-كىنى مۇناردا ساق ساقلايدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باۋ ئېنسى

www.uyghurkitap.com

ئىبادەتخانىسىنى ياسايدىغان چاغدا، ئارقاتاغدىكى تۆپىلىككە سەن-
زاڭ مۇنارى ياسىتىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەن-
دە، ئىبادەتخانىمۇ، مۇنارمۇ ۋەيران قىلىپ تاشلىنىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ياپون قاراقچىلىرى نەنجىڭنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ ۋە باۋ ئېنسى ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىدا ھەزرەت شۆەنزاڭنىڭ سۆڭىكى ۋە ساكيامونى ھەيكىلى سېلىنغان مىس ساندۇق كۆمۈلگەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ. ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تاڭ سېڭنىڭ باش سۆڭە-كىنى ئوغرىلاپ كەتمەكچى بولىدۇ، بۇ ئىش خەلقنىڭ ئىنتايىن قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. چوڭ ساتقىن ۋاڭ جىڭۋېي بۇ چاغدا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تۇراقسىزلىقىدىن دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، مۇشۇ ئىشتىن پايدىلىنىپ بۇددا مۇرىتلى-رىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولىدۇ. ئۇ ساتقىن چۈمىنىينى ھازىرقى نەنجىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جيۇخۇاشەندە يەنە بىر سەنزاڭ مۇنارىنى ياسىتىشقا ئەۋەتىدۇ. 1944-يىلى بۇ يېڭى مۇنار پۈتىدۇ، ئەمما تاڭ سېڭنىڭ باش سۆڭىكىنى ياپونلارنىڭ قولىدىن تولۇق ئېلىۋېلىشقا جۈرئەت قىلىنمىغانلىقتىن بۇ مۇ-نارغا تولۇق قويۇش مۇمكىن بولماي قالىدۇ، نەتىجىدە، باش سۆڭىكى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى بۇددىستلارنىڭ ئېتىقاد قىلىشى ئۈچۈن مۇنارغا قويۇلىدۇ، يەنە بىر قىسمىنى بولسا ياپونلار جىمىڭسى ئىبادەتخانىسىدىكى كىتاب مۇزېيىدا (ھازىرقى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نەنجىڭ شۆبىسىدە) ۋاقىتىنچە ساقلايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ياپونىيە تەسلىم بولىدۇ، باش سۆڭە-

كىنىڭ بۇ بۆلىكىمۇ بەختكە يارىشا قېپقالىدۇ. بۇنى دەسلەپتە سابىق مەركىزىي مۇزېينىڭ تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى ئې-لىپ قويىدۇ. 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدا، پىلۇسى ئىبادەتخانىسى-دىكى نەنجىڭ بۇددا جەمئىيىتىگە يۆتكىلىدۇ. "مەدەنىيەت ئىن-قىلابى"دىن كېيىن، بۇ قىممەتلىك يادىكارلىق بۇددىستلارغا قايتۇرۇلىدۇ.

## سۇسەن ۋە سۇسەن تۇرمىسى

ئەسىرلەردىن بۇيان تىللاردا چۆچەك بولۇپ كېلىۋاتقان سۇ-سەن بىلەن ۋاڭ جىڭلۇڭ (جىنلۇڭ) نىڭ مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقە سەنشى ئۆلكىسىنىڭ خوڭدۇڭ ناھە-يىسىدە بولغان. سۇسەننىڭ ئەسلى ئىسمى جۇيۇيجيې بولۇپ، ئۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې يىللىرىدا بېيجىڭدا داڭقى چىققان پاھىشە ئىدى. ئەسلىدە ئۇ داتۇڭلۇق ئىدى (خېبېينىڭ چۇيجۇ ناھىيىسىدىن دېگەن گەپمۇ بار). يەتتە ياشقا كىرگەن چاغدا يۇرتىدا قەھەتچىلىك بولۇپ، ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ، شۇ-نىڭ بىلەن ئۇنى بىرسى بېيجىڭدىكى سۇخۇەي پاھىشىخانىسىغا ساتىدۇ. ئۇ ئۇچىنچى ئورۇندا بولغاچقا، سۇسەن (سۇخۇەي پاھىشىخانىسىدىكى ئۇچىنچى پاھىشە) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ پاھى-شىخانىدا توققۇز يىل تۇرىدۇ، بۇ جەرياندا تەلىيىگە ۋاڭ جىڭ-لۇڭغا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سىرداش بولىدۇ، ئۇ سۇسەنگە يۇيتاڭچۇن دەپ ئات قويىدۇ. يىل ئاخىرىدا، ۋاڭ

جىڭلۇڭ پۇلنى بۇزۇپ-چېچىپ تۇگىتىۋەتكەچكە، پاھىشىخانا خوجايىنى ئۇنى پاھىشىخانىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ. خوجايىن سۇسەننى خۇڭدۇڭ ناھىيىسىدىكى كاتتا سودىگەر شېن خۇڭغا كىچىك خوتۇنلۇققا ناھايىتى قىممەت باھا بىلەن ساتىدۇ. شېن خۇڭنىڭ خوتۇنى پى خېنىم شەھۋەتخور ئايال بولۇپ، قوشنىسى جاۋ ئاڭ بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلاتتى. بۇ ئايال جاۋ ئاڭ بىلەن بىرلىشىپ سۇيىقەست قىلىپ شېن خۇڭنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، سۇسەنگە دۆڭگەپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۇسەن تۈرمىگە كىرىدۇ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن سۇسەننىڭ ئاشىقى ۋاڭ جىڭلۇڭ مەنسەپ تۇتۇپ، سەككىز مەھكىمىنىڭ سەييارە تەپتىش بېگى بولىدۇ، ئۇ سۇسەننىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، سۇسەننىڭ ئۇۋالچىلىققا قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ-دە، ئۇنى ئاقلايدۇ، ئاندىن كېيىن بۇ ئىككىيلەن ئەر-خوتۇن بولىدۇ.

سۇسەن تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، ئۇچ قېتىم سوتلانغان سابىق خۇڭدۇڭ ناھىيىسىنىڭ سوتخانىسى 1977-يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت بىناسىنى كېڭەيتىپ سېلىش ۋاقتىدا بۇزۇۋېتىلگەن، ھازىر ئەسلىدىكى سۈرەتلا بار. سۇسەن سولانغان تۈرمە كونا ئامبال يامۇلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. تۈرمىدە خىشتىن قوپۇرۇلغان گەمە بار، ھويلىدا سۇسەن ئەينى يىللىرى كىر يۇيۇشتا سۇ تارتقان قۇدۇق ۋە ئىشلەتكەن تاش ئوقۇر بار. 1964-يىلى ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگى، سابىق دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىچيۇ تەكشۈرۈشكە كېلىپ، سۇسەن سولانغان تۈرمىنى ئېلى-

يۈتۈپ ئۆلۈۋالغان دېگەن گەپ تارقالغان، كېيىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭ يالغانلىقى دەلىللەنگەن. كېيىن نۇرغۇن تارىخ-شۇناسلار مۇشۇ تارىخنى بايان قىلغىنىدا، يۈەن شىكەي ئاساسەن قايغۇ ۋە تەشۋىش تۈپەيلىدىن ئۆلگەن دەپ قاراشتى، بۇ قاراش ئاساسەن مۇقىملاشقانىدى. ئەمما، شۇ يىللىرى يۈەن شىكەينىڭ يېنىدا ئىشلىگەنلەرنىڭ ئەسلىشىچە، يۈەن شىكەينىڭ ئۆلۈمىگە ئاساسەن ئۇنىڭ شەھۋەتپەرەسلىككە بېرىلىپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولغان.

يۈەن شىكەي جۇڭخۇا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق دازۇڭتۇڭى بول-غاندىن كېيىن، تۇرمۇشتا ئىنتايىن چېرىكلەشكەن، ئۇنىڭ يې-نىدا بۇرۇنقى خوتۇنىدىن باشقا، يەنە توققۇز خېنىمى بولغان. شەھۋانىي تۇرمۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، يۈەن شىكەي ھەركۈنى بۇغا مۈڭگۈزى، ئادەمگىياھلارنى يېگەن، تومۇر، بۆرەككە پايدى-لىق كومۇلاچ دورىلارنى ياساتقۇزغان، بۇ دورىلار ئۇنىڭغا ئىس-سىق كېلىپ كېتىپ، دائىم چىش ئاغرىقى، ئىچى قېتىپ قېلىش قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان. 1916-يىلى چاغاندىن باشلاپ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن-كۈنگە ناچارلاش-قان. 4-ئايدىن باشلاپ، بېلى ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلغان، ئاخىر فرانسىيىلىك دوختۇرنىڭ قۇتۇلدۇرۇشى ئۈنۈم بەرمەي، سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەملىكىتىمىزدىكى تۆت ساھىبجامالنىڭ ئېۋەنلىرى

شىشى، ۋاڭ جاۋجۈن، دياۋچەن، ياڭ گۈيفېيلار مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندا داڭلىق تۆت ساھىبجامال ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاي يۈزىدە داغ بولغاندەك ئۆزىگە خاس ئېۋەنلىرى بار ئىدى.

شىشى پۇتى يوغان بولغاچقا، ئۇزۇن كۆڭلەك، ياغاچ كەش كىيىشكە بەك ئامراق ئىدى. ئۇزۇن كۆڭلەك ئۇنىڭ يوغان پۇتىنى يېپىۋالاتتى، ياغاچ كەش ئۇزۇن كۆڭلىكىنى يەرگە تەگكۈزمەيتتى، شۇڭا ئۇ يول ماڭسا، ئۇچۇۋاتقان پەرىزاتلاردەك كۆرۈنەتتى.

ۋاڭ جاۋجۈن مۈرىسى تار بولۇپ، مۈرىلىك قويۇلغان پىلاش كىيىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

دياۋچەن قۇلىقى كىچىك بولغاچقا، يوغان زۇمرەت ھالقا ئېسىپ، بۇ ئېۋەنىنى يوشۇراتتى.

ياڭ گۈيفېي بىردىنبىر كاتتا ساھىبجامال بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېنى سېسىق پۇرايتتى، شۇڭا ئۇ دائىم خۇاچىڭچى كۆلچىكىنىڭ خۇش ھىدلىق سۈيىدە يۇيۇنۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ئىپار بىلەن بىللە ساقلىناتتى. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ سېسىقى بىلىنمەيتتى، يەنە كېلىپ بەدىنىدىن خۇش پۇراق كېلىپ تۇراتتى.

# نوبېل تەرجىمىھالىنىڭ تېزىسى

ئالفرېد نوبېلنىڭ ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيىتىنى جەمئىيەتتە ھەممە ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، ئاكىسى ئۇنىڭ تەرجىمىھال تېزىسى يېزىپ چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ بۇنى رەت قىلىدۇ. ئاكىسى قايتا-قايتا چىڭ تۇرىۋۋالغاچقا، ئۇ ئاكىسىغا يازغان خېتىدە مۇنداق قىسقىچە تەرجىمىھالنى قوشۇمچە قىلىدۇ:

ئا. نوبېل بۇ دۇنياغا ئىڭگىلەپ كەلگەندە، شەپقەتلىك بىر دوختۇر ئۇنىڭ كۆلپەتلىك ھاياتىنى بالدۇرلا ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ئاساسىي ئارتۇقچىلىقى: ئەزەلدىن پاك، باشقىلارغا چېتىلغۇدەك يامان ئىشى يوق.

ئاساسىي كەمچىلىكى: ئىكاھلانمىغان، ئۆي-ۋاقى يوق، ئاچچىقلانغاق، تائام ھەزىم قىلىشى ياخشى ئەمەس.

بىردىنبىر ئارزۇسى: تىرىك كۆمۈلمەسلىك.

ئەڭ چوڭ گۇناھى: بايلىق ئىلاھىغا سەجدە قىلماسلىق.

ئۆمرىدە قىلغان مۇھىم ئىشى: يوق.

مۇشۇنداق دېيىش كەملىك قىلامدۇ ياكى ئارتۇقلۇق قىلامدۇ؟ بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە قانداق ئىشلارنى ”مۇھىم ئىش“ دېگىلى بولىدۇ؟

سامان يولى سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئالەم قاينىمىمىزدا ئون مىلياردچە قۇياش بار، لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوياش پوتكول سامان يولىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭ بەك كىچىكلىكىدىن چوقۇم خىجىل بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

## مارك تۋېننىڭ پويىز بىلىتىنى يىتتۈرۈپ قويۇشى

بىر كۈنى، ئامېرىكىنىڭ يۇمۇرچىلار پىرى، مەشھۇر يازغۇچى مارك تۋېن پويىزغا چىقىپ تۇرۇشىغا بىلەت تەكشۈرگۈچى بىلەت تەكشۈرۈشكە باشلاپتۇ. بۇ كاتتا يازغۇچى يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ-چۆرۈپمۇ بىلەتنى تاپالماپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ھېلىقى بىلەت تەكشۈرگۈچى ئۇنى تونۇيدىغانلىقى ئۈچۈن: "يازغۇچى ئەپەندىم، بولدىلا، تەمتىرەپ كەتمەڭ، مەن يەنە بىر كەلگەندە بىلىتىڭىزنى كۆرسەتسىڭىزلا بولىدۇ. تېپىلمىسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. كىچىك ئىش..." دەپتۇ. "ياق، بۇكىچىك ئىش ئەمەس" دەپتۇ تۋېن، "بۇ لەنتى بىلەتنى تاپماي قويىمايمەن، بولمىسا، نەگە بارىدىغانلىقىمنى قانداق بىلىمەن؟"

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مارك تۋېننىڭ بىخەستەلىكى ئەدەبىياتچىلار ئارىسىدا چۆچەك بولۇپ تارقىلىپتۇ.

## ناپولېئوننىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرى

1815-يىلى 6-ئايدا شۇ "دەۋرنىڭ مەشھۇر ئادىمى"دەپ نام

ئالغان ناپولېئون ۋاتېرلو جېڭىدە پاجىئەلىك مەغلۇپ بولغاچقا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سېنت ھېلېنا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدىكەن.

فرانسىيىنىڭ مىلىر ناھىيىسىدىكى رېكۇل دېگەن كىچىك كەنتتە ئەينى يىللاردا ناپولېئونغا مۇھاپىزەتچى بولغان فرانسوۋا روب دېگەن كىشى ئولتۇراقلاشقانىكەن. بۇ ئادەم ئۇرۇشلاردا ئۇزاق مۇددەت ناپولېئونغا ھەمراھ بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە چىراي-تۇرقى ۋە بەدەن شەكلى بۇ ئىمپېرىيە خانىغا ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئوخشايدىكەن، يەنە كېلىپ "ئا-لىيلىرى" دېگەن لەقىمى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ خوجايىنىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى ئويلاپ، كۆڭ بويى ئىچى تىت-تىت بو-لۇپ ئۆتىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە خانىنىڭ ئورنىغا مېنى سول-سا، دەردنى مەنلا تارتسام دېگەن ئويدا بولىدىكەن.

ناپولېئون نەزەربەند قىلىنىپ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى روب يوقاپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، سېنت ھېلېنا ئارىلىدىكى ئەھ-ۋالدىمۇ ئۆزگىرىش بوپتۇ. ئالدى بىلەن، ئارالدىكى قوشۇننىڭ قوماندانى بېرتلان گېنېرال بوپتۇ، بۇ ئادەمنىڭ ئارمىيىدىن ئالاقىسىنى ئۈزگىنىگە نۇرغۇن يىللار بولغان ئىكەن، ئېيتىش-لارغا قارىغاندا، ئۇ ناپولېئوننىڭ كونا قىسىملىرىدىكىلەر بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ناپولېئون-نىڭ ئۆزىمۇ ئۆزگەرگەندەك بوپتۇ، ئۇ گەپ قىلغاندا تولۇق قىلىدىغان بوپتۇ، ئاقسۆڭەكلەرگە خاس سىپايىلىقىدىن زەررى-

www.uyghurkitap.com

چىلىك نەرسىمۇ قالماپتۇ، ئۇ ساۋاتسىز سەھرالىقلاردەكلا بولۇپ قاپتۇ. ئاراللىقلار بۇنى ئۇزاققىچە نەزەربەند قىلىنىپ، روھىي بېسىمغا ئۇچرىغانلىقتىن بولغان، دېيىشىپتۇ.

1818-يىلى روژدېستۋو بايرىمىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى رونا شەھىرىدە ئېسىل تاش ۋە كۆزەينەك ساتىدىغان بىر دۇكان ئېچىلىپتۇ. دۇكان خوجايىنى رىبال دېگەن فرانسۇز ئىمىش. يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىلەر بۇ خوجايىننىڭ ناپولېئونغا بەك ئوخشايدىغانلىقىنى بايقىشىپتۇ ۋە چاقچاقلىشىپ ئۇنى "ئالىيلىرى" دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. بۇ "ئالىيلىرى"مۇ كىشىلەرگە كەڭ قورساقلىق قىلىدىكەن، كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىپ تۇرىدىكەن، پۇلنى دەپ پىخسىقلىق قىلمايدىكەن.

بەش يىلدىن كېيىن بىركۈنى رىبال ئىسىملىك بۇ ئادەم بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋاپتۇ-دە، تولىمۇ ھودۇقۇپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن 13 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1823-يىل 9-ئاينىڭ 4-كۈنى ۋېنادىكى شامپولېئون خان سارىيىدا ناپولېئوننىڭ ئوغلى ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. شۇ كۈنى كېچىسى چارلىغۇچى ئەسكەرلەر تامدىن ئارتىلىپ سارايغا كىرمەكچى بولغان بىر ئەركىشىنى ئېتىۋەتكەنىكەن. ناپولېئوننىڭ خوتۇنى مارىيە لۇئىسا جەسەتنى كۆرگەندىن كېيىن، مېيىتنى داغدۇغىلىق دەپنە قىلىشنى بۇيرۇپتۇ، يەرلىكنى ئانا-بالا ئىككىيلەنگە ئاتاپ تەييارلاپ قويغان يەرلىكنىڭ يېنىدىن كولاپتۇ،

قەبرىگە ئورنىتىلغان تاشقا ئۆلگۈچىنىڭ ئىـسـمـى ئويۇلماپتۇ.
بۇنىڭدىن بۇرۇن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ناپولېئون ئاشقازان كېسىلى بىلەن سېنت ھېلېنا ئارىلىدا ئۆلدى دەپ رەسمىي جاكارلىغۇەتكەنىكەن. بىر ئەسىردىن كۆپ ۋاقىتتىن بۇيان، نۇرغۇن ئالىملار ناپولېئوننىڭ زادى قاچان، نەدە ئۆلگەنلىكىنىڭ سىرىنى تاپماقچى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە يەنىلا نۇرغۇن گۇمان مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ.

## كۆپكە ماھىر چېرچىل

ۋېنستون چېرچىل ئەنگلىيە سىياسىئونى بولۇپ، باش ۋەزىر بولغان، ئۇ تېخى تارىخشۇناس، نەسىرشۇناس بولۇپ، 1953-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن باشقا، چېرچىل ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكار رەسسام. چېرچىلنىڭ ”رەسىم سىزىش بىلەن بولغان ئالاقەم“ دېگەن ماقالىسىدىن ئۇنىڭ رەسىم سىزىشقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئۆزگىچە تەسىراتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئېينشتېيننىڭ زۇڭتۇڭ بولۇشنى خالىماسلىقى

1952-يىل 11-ئاينىڭ 8-كۈنى، ئامېرىكىنىڭ يېڭى جېرسېي شتاتىدىكى پىرىنستون داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئېينشتېين ئىسرائىلىيىگە بېرىپ زۇڭتۇڭ بولۇش ھەققىدىكى تەكلىپنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن، ئىسرائىلىيىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئېينشتېين بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ ئىشنى تىلغا ئالغانىدى. ئىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى ئىجاد قىلغان 74 ياشلىق بۇ فىزىك: ”مەن تەبىئەت ھەققىدە كۆپ بىرنەرسە بىلمەيمەن، ئادەملەر توغرىسىدا بىلىدىغىنىم تېخىمۇ ئاز“ دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. لېكىن، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا، ئىسرائىلىيىنىڭ شۇچاغدىكى زۇڭلىسى داۋىد. بان. گرىئان ئۆزى رەسمىي تەكلىپنامە ئەۋەتىدۇ، لېكىن ئېينشتېين بۇنى چىرايلىقچە رەت قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:” مەن ئۆمرۈمدە ئوبيېكتىپ ماددىلار بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن ئادەم، شۇ سەۋەبتىن، مېنىڭ توغما پاراسىتىممۇ كەم، مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئادەملەرگە لىللا مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە تەجرىبەممۇ كەم. شۇڭا ماڭا بۇنداق يۇقىرى مەنسەپ تۇتۇش لايىق كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشىنىپ قالدىم، قېرىلىق زېھنىمنى ئازايتىۋاتىدۇ.“

## ئېينىشتېين بىلەن شوپۇر

ئېينىشتېين نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى سۆزلەش ئۈچۈن مەلۇم داشۆگە بارماقچى بولۇپ، ماشىنىغا چىقىپتۇ. شوپۇر ئۇنىڭغا: ”دوكتور، مەن سىزنىڭ دەرسىڭىزنى 30 نەچچە قېتىم ئاڭلىدىم. دەرسىڭىزنى يادلاپ بېرەلەيمەن...“ دەپتۇ. ئېينىشتېين: ”مۇنداق قىلايلى، بۈگۈن مەن سىزنىڭ شەپكىڭىزنى كىيىپ شوپۇر بولاي، سىز ئېينىشتېين دېگەن مەن، دەپ دەرس سۆزلەڭ. بەربىر، بۇ مەكتەپتىكىلەر مېنى تونۇمايدۇ“ دەپتۇ. شوپۇر دەرسنى قاملاشتۇرۇپ سۆزلەپ بوپتۇ. ئۇ ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر پروفېسسور ئۇنىڭدىن بىر مۇرەككەپ مەسىلىنى سوراپ قاپتۇ، شوپۇر بىردەم ئويلىنىۋېلىپ: ”بۇ مەسىلە بەك ئاددىي ئىكەن، شوپۇرۇم سىزگە جاۋاب بەرسۇن...“ دەپتۇ.

## كيۇرى خانىمنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى قايتۇرۇشى

كيۇرى خانىم پارىژدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە تۇرمۇشى بەك قىيىنلىشىپتۇ. بىر ئايال ماتېماتىك ئۇنىڭغا ئاتاپ ئازغىنا ”ئالېكساندىر ئوقۇش مۇكاپات پۇلى“ ئىلتىماس قىپتۇ. مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئازغىنا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى كيۇرى خانىمغا بەك ئەسقېتىپتۇ. كيۇرى خانىم بۇ پۇلنى ”جاننى قۇتۇلدۇرىدىغان چەمبىرەك“ دەپ ھېسابلاپتۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، كيۇرى خانىمنىڭ تۇنجى پەن تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىپتۇ-دە، بۇنىڭغا ھەق بېرىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ پۇلنى ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئەينى يىللاردىكى ھېلىقى ”ئالېكساندىر ئوقۇش مۇكاپات پۇلى“نى قاي-تۇرۇشقا چىقىم قىپتۇ. بۇرۇن بولۇپ باقمىغان بۇ ئىش ئوقۇش مۇكاپاتى ھەيئىتىنى بەك ھەيران قالدۇرۇپتۇ، كيۇرى خانىم بۇنى ئىزاھلاپ: بۇ پۇلنى قايتۇرۇشۇم ئۇنىڭ يەنە باشقا بىر نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ”جاننى قۇتۇلدۇرۇش چەمبىرىكى“ بولۇپ قېلىشى ئۈچۈندۇر، دەپتۇ.

## ”گاھ سەمرىپ، گاھ جۇدەپ“ قالىدىغان ئالىم

ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، خانلىق ئىلمىي جەمئىيەت باشلىقى دېۋىي سىرلىق شەخس ئىكەن. ئۇنى ئانچە بىلمەيدىغانلار ئۇنىڭ بەزىدە سېمىز كۆرۈنسە، بەزىدە بىر كېچىدىلا جۇدەڭگۈ كۆرۈنىدىغانلىقىغا ھەيران قالىدىكەن، بۇ زادى قانداق ئىش؟

ئەسلىدە ھەممە يەرگە داڭقى كەتكەن دېۋىينىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى بەك كۆپ ئىكەن. ئۇ زىياپەتلەرگە، ئولتۇرۇشلار-غا بارىدىكەن، نۇتۇق سۆزلەيدىكەن، بۇنداق پائالىيەتلەرگە پاكىز

كىيىنىپ بېرىش كېرەك، بۇ سالاپەتكە لايىق بولىدۇ. لېكىن ئۇ كىيىم يەڭگۇشلەشكە كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ دەپ قاراپ، ھەر قېتىم سىرتقا چىققاندا، كىر كىيىمنىڭ ئۇستىگە پاكىز كىيىمنى كىيىۋالىدىكەن، مۇشۇنداق قىلىپ، ئىككى-ئۈچ، تۆت قات تۆ-پىلەپ كىيىۋالىدىكەن، كۆپ بولغاندا ھەتتا يەتتە-سەككىز قۇر كىيىمنى تۆپىلەپ كىيىۋالىدىكەن؛ تۆپىسىگە يەنە كىيىۋېرىشكە بولماي قالغاندا، بىراقلا سېلىۋېتىدىكەن. باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ئۇنىڭ "گاھ سەمرىپ، گاھ جۇدەپ" قالىدىغان ئالىم بولۇپ قېلىشى مانا شۇنىڭدىن ئىكەن.

## داڭلىق زاتلارنىڭ خاتىرە دەپتىرى

ئېدىسون: يېڭى تېما ۋە پىكىرنى ئويلاپ تاپسا، بۇنىڭ قانچىلىك ئەرزىمەس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەمىشە بۇنى خا-تىرە دەپتىرىگە دەرھال يېزىۋالاتتى.

گوگول: خاتىرە دەپتىرىنى "گۆھەر قامۇس" دەيتتى. ئو-قۇش تەسىراتىنى ۋە ئۆزى ئاڭلىغان قىزىق ئىشلارنى، ھېكمەت-لىك گەپلەرنى ۋە تەمسىللەرنى بىر-بىرلەپ يېزىۋېلىش ئۈچۈن، خاتىرە دەپتىرىنى يېنىدىن ئايرىمايتتى.

ماركس: مېڭىپ سەيلە قىلىدىغان چاغدىمۇ خاتىرە دەپتەرنى ئېلىۋالاتتى، ئۆزى ئويلىغان گۇمانلىق نۇقتا، مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى پات-پات خاتىرىلەپ ماڭاتتى.

لېنىن: ماتېرىيال ئوقۇغاندا، ئەستە قالدۇرۇشقا تېگىش-

لىك ئەرسىنى خاتىرە دەپتىرىگە قىسقارتىپ يېزىۋالاتتى، ئاندىن كېيىن قايتا-قايتا ئوقۇپ، چۈشەنچىسىنى ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ پىكىر قىلىشىغا ئىلھام بېرەتتى.

دارۋىن: مالتۇسنىڭ نوپۇس نەزەرىيىسىدىكى ”ئىنسانلار رىقابىتى“گە دائىر قىسىمنى ئوقۇغاندا، تۆۋەندىكىلەرنى: ”جانلىقلاردىمۇ ياشاش ئۈچۈن رىقابەتلىشىش مەۋجۇت، پايدىلىق ئۆزگىرىش ساقلىنىپ قالىدۇ، پايدىسىزلىرى شاللىنىپ كېتىدۇ“ دەپ ئويلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئويى كېيىن رەتلەش ئارقىلىق كاتتا ئەسىرى ”تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى“دىكى مۇھىم ئىدىيە بولۇپ قالغان.

مىچۇرىن: كىتاب كۆرگەندە، نەرسىلەرنى كۆزەتكەندە، مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلغاندا، تەسىراتقا ئىگە بولغان ۋە مۇھىم بىر نەرسىنى بايقىغان ھامان، ئۇنى دەرھال خاتىرە دەپتىرىگە يېزىۋالاتتى.

نوبېل: بىر كۈنى خاتىرە دەپتىرىگە مۇنداق يازغان: ”سۇيۇق نىتروگلىتسېرىن قاچىدىن يەرگە بىر تېمىم-بىر تېمىمدىن تامسا، دەرھال قېتىۋالىدىكەن“. كېيىن ئۇ پارتلىغۇچ دورا ياساش داۋامىدا، سۇيۇق نىتروگلىتسېرىننى توشۇشتا پارتلاش ۋەقەسى ئاسان يۈز بېرىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرە دەپتىرىنى ۋاراقلاپ يۇقىرىدىكى خەتلەرنى كۆرۈشى بىلەنلا، ئىختىيارسىز: ”ئاسان پارتلايدىغانلىقى ئۈچۈن توشۇش تەس بولغان نىتروگلىتسېرىننى قۇمغا كۆمسە، ئاسان

پارتلىمايدىغان بولارمۇ؟“ دېگەن پىكىرگە كەلگەن. شۇنداق قى-
لىپ، ئۇ ىنتروگلىتسېرىننى توشۇش قىيىن بولغان مەسىلىنى
مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلغان.

## داڭلىق كىشىلەرنىڭ ئۆمرىنىڭ
## ئاخىرىدىكى تۆھپىلىرى

ئۇلۇغ روسىيە يازغۇچىسى لېۋ. تولستوي 82 يېشىدا «سۇ-
كۇت قىلالمايمەن» دېگەن ئەسىرىنى يازغان.

ئىتالىيە ھەيكەلتىراشى، رەسسامى ۋە شائىرى مىكېلانجېلو
88 يېشىدا بۇۋى مەريەم چېركاۋىنى لايىھىلىگەن.

گىرمانىيە شائىرى، پروزىچىسى ۋە دراماتورگى گيوتى 81
يېشىدا «فائۇست» دېگەن كاتتا ئەسىرىنى يېزىپ پۈتتۈرگەن.

ئەنگلىيە دراماتورگى بېرنادشاۋ 93 يېشىدا «زورمۇزور
توقۇلغان مەسەل» دېگەن سەھنە ئەسىرىنى يازغان.

ئىسپانىيىنىڭ بۈيۈك رەسسامى پىكاسسو 88 يېشىدا 165
رەسىم سىزغان، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى كۈندە بىر رەسىم
سىزغان، 90 يېشىدا تېخى ھەيكەلتىراشلىق بىلەن شۇغۇللان-
غان.

ۋېنگىرىيىدە تۇغۇلغان ئامېرىكىلىق ئادولف مىكېر 91 يې-
شىدا هولليۋود لېجى كىنو ستۇدىيىسىنىڭ باش مۇدىرى
بولغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئالېكساندىر كورانسكى 83 يېشىدا «روسىيە ۋە تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى» دېگەن كىتابىنى يازغان.

ئەنگلىيىلىك ۋېنستون چېرچىل 82 يېشىدا «ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تارىخى» دېگەن تۆت توملۇق ئەسىرىنى يازغان.

ئامېرىكىلىق كومېدىيە ئارتىسى گېئورگى پېنس 80 يېشىدا «ئاپتاپ باللىرى»نى ياخشى ئېلىپ چىقىپ، تۇنجى قېتىم كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئامېرىكىلىق ئايال رەسسام موسىي 100 ياشقا كىرىپ موماي بولۇپ كەتكەن چاغدىمۇ رەسىم سىزىشنى توختاتمىغان.

## 2. ئەدەبىيات ساھەسىدىن قىزىقارلىق تەرمىلەر

### دۇنيادىكى مەشھۇر ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ مۇكاپات سوممىسى قانچە

شۋېتسىيە: نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى، 186 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى: لېنىن ئەدەبىيات مۇكاپاتى، 86 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

ئەنگلىيە: بېتتى تراسىك مۇكاپاتى 15 مىڭ 800 ئامېرىكا دوللىرى.

ئەنگلىيە: بۇك مۇكاپاتى، 19 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

فرانسىيە: لىچ—ھېمىڭۋاي مۇكاپاتى، 150 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

پاۋل موراند مۇكاپاتى، 32 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

سىنو دېل دۇكەن مۇكاپاتى، 21مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى.

ئامېرىكا: نوئىستات مۇكاپاتى، 25 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. دۆلەت كىتاب مۇكاپاتى، 25 مىڭ ئامېرد

ئويغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كا دوللىرى.

ئىسپانىيە: پلانىت مۇكاپاتى، 46 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

ئىتالىيە: فېرتلېلى مۇكاپاتى، 56 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

فىئېڑ مۇكاپاتى: 16 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى.

دانىيە: سانىڭ مۇكاپاتى، 17 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

فېدېراتىپ گېرمانىيە: گيوتى مۇكاپاتى، 16 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. ئارنوسمېت مۇكاپاتى، 16 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

فىنلاندىيە: فىنلاندىيە مۇكاپاتى، 15 مىڭ 400 ئامېرىكا دوللىرى.

## مەملىكىتىمىزدىكى بەزى ئاساسىي يەرلىك تىياتىرلار

گۇاڭدۇڭ: گۇاڭدۇڭ تىياتىرى، چاۋجۇي تىياتىرى، خەيىنەنداۋ تىياتىرى، گۇاڭدۇڭ خەنجۇي تىياتىرى.

گۇاڭشى: گۇاڭشى تىياتىرى، جۇاڭزۇ تىياتىرى، سەيدياۋ.

خۇنەن: خۇنەن تىياتىرى، خۇنەن خۇاگۇتىياتىرى.

خۇبېي: خەنجۇي تىياتىرى، چۇجۇي تىياتىرى، خۇبېي خۇاگۇ تىياتىرى.

خېنەن: خېنەن تىياتىرى، يۈدياۋ كۈيى، خېنەن ئەلنەغمە تىياتىرى.

خېبېي: خېبېي باڭزى.

شەندۇڭ: لۈيجۈي تىياتىرى، ليۇزى تىياتىرى.

سەنشى: سەنشى تىياتىرى.

جياڭشى: جياڭشى تىياتىرى، جياڭشى چاي يىغىش ئويۇنى.

شەنشى: شەنشى تىياتىرى، مېيخۇ تىياتىرى، ۋەن-ۋەنچياڭ كۈيى.

جېجياڭ: يۈجۈي تىياتىرى، شاۋجۈي تىياتىرى، ۋۇجۈي تىياتىرى.

جياڭسۇ: شىجۈي تىياتىرى، خۇەيجۈي تىياتىرى، ياڭجۈي تىياتىرى، كۇنجۈي تىياتىرى.

ئەنخۇي: خۇاڭمېي تىياتىرى، لۇلۇ تىياتىرى، سىجۇ تىياتىرى.

سىچۇەن: سىچۇەن تىياتىرى.

يۈننەن: يۈننەن تىياتىرى، يۈننەن گۈلپانۇسى.

فۇجيەن: فۇجيەن تىياتىرى، لىيۇەن تىياتىرى، گاۋجيا تىياتىرى، شياۋشيەن تىياتىرى.

گۈيجۇ: گۈيجۇ تىياتىرى.

چىڭخەي: چىڭخەي پىڭشيەن تىياتىرى.

گەنسۇ: گەنسۇ تىياتىرى.

نىڭشيا: چىنچياڭ.

شىزاڭ: زاڭزۇ تىياتىرى.
شىنجاڭ: ئۇيغۇر ئوپېراسى.
جىلىن: جىلىن تىياتىرى.
خېيلۇڭجياڭ: لۇڭجياڭ تىياتىرى.
لياۋنىڭ: پىڭجۈي تىياتىرى.
ئىچكى موڭغۇل: مانجۇ تىياتىرى.
تەيۋەن: شىياڭجۈي تىياتىرى، تەيۋەن گېزەي تىياتىرى.
بېيجىڭ: پىڭجۈي تىياتىرى، چۈيجۈي تىياتىرى.
شاڭخەي: شاڭخەي تىياتىرى.
تيەنجىن: خېبېي باڭزى.

## بەزى دۆلەتلەرنىڭ كىنو مۇكاپاتى

ئامېرىكا: ئوسكار مۇكاپاتى.
فرانسىيە: قەيسەر (kaiser) مۇكاپاتى.
ئىتالىيە: ئالتۇن شىر مۇكاپاتى.
ئەنگلىيە: سېن فېنبال ھەيكىلى مۇكاپاتى.
ھىندىستان: ئالتۇن نىلۇپەر مۇكاپاتى.
ئىسپانىيە: كولومبو ئالتۇن ھەيكىلى مۇكاپاتى.
دانىيە: ئالتۇن ساھىبجامال بېلىق مۇكاپاتى.
يوگوسلاۋىيە: ئالتۇن ماھارەت مەيدانى مۇكاپاتى.
مىسىر: نافىددى ئالتۇن ھەيكىلى مۇكاپاتى.
فېدېراتسىپ گېرمانىيە: ئالتۇن ئېيىق مۇكاپاتى.

دېموكراتىك گېرمانىيە: ئالتۇن كەپتەر مۇكاپاتى.
ئاۋستىرالىيە: ئالتۇن نەيزە مۇكاپاتى.
تۇنىس: تانى مۇكاپاتى.
بولغارىيە: ئالتۇن ئەتىرگۈل مۇكاپاتى.
ۋىنسۇئېلا: سىمون بولىۋار ئازاد قىلغۇچىلار مۇكاپاتى.
فىلىپپىن: مارىيە، كلاك ھەيكەلتىراشلىرى.

## ئىككى «غەربكە ساياھەت»

ئىككى «غەربكە ساياھەت» بار، بىرىنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن چيۇچۇجى يازغان، يەنە بىرىنى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋۇچېڭئېن يازغان. بۇ ئىككى كىتابنىڭ بىرى جۇغراپىيە كىتابى، بىرى رومان. لېكىن بۇ ئىككى كىتاب مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

چيۇچۇجى خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ)نىڭ بەييۈنگۈەن ئىبادەتخانىسىدىكى راھىب بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەيزۇ خانى قۇبلەيخان ئۇنى بەك ھۆرمەتلەيتتى. قۇبلەيخان ئوتتۇرا ئاسىياغا لەشكەر تارتقاندا، چيۇ چۇجى قوشۇن بىلەن بىللە بارغان ۋە «غەربكە ساياھەت» ناملىق سەپەر خاتىرىسىنى يازغان. بۇ سەپەر خاتىرىسى يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. لېكىن بۇ خاتىرە كىشىلەرگە تونۇشلۇق ئەمەس.

رومان «غەربكە ساياھەت» كە دەسلەپتە ۋۇچېڭئېننىڭ ئىس-

مى يېزىلمىغان، چۈنكى قەدىمكى دەۋردە رومانغا ئاپتور ئىسمى يېزىلمايتتى. كېيىن بىر كىتاب سودىگىرى كىتابقا ئاپتورنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويماقچى بولۇپ، چيۇچۇجىنى ئىسىگە ئالدۇ-دە، چيۇچۇجىنىڭ سەپەر خاتىرىسى «غەربكە ساياھەت» كە يازغان سۆز بېشىنى «غەربكە ساياھەت» دېگەن روماننىڭ باش قىسمىغا باستى. شۇڭا، كېيىنكى كىشىلەر «غەربكە ساياھەت» رومانىنى چيۇچۇجى يازغان دەپ ھېسابلىشىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىغا كەلگەندە، چيەن جۇتىڭ «نۇسرەتلىك قامۇس» دىن چيۇچۇجى يازغان «غەربكە ساياھەت» نى كۆرىدۇ. ئۇ بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىپ، بۇنىڭ ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رومان «غەربكە ساياھەت» ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ ماقالە يېزىپ، ھازىرقى "سۆز بېشى"نى چيۇ چۇجى يازمىغان دەيدۇ. لېكىن زادى كىمنىڭ يازغانلىقىنى ئۇمۇ دەپ بېرەلمەيدۇ. مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە، خۇشى «خۇەيئەن ناھىيە تەزكىرىسى» نى ئوقۇپ، 'ۋۇ چېڭئېن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تالىپ، «غەربكە ساياھەت» نى يازغان' دېگەن خاتىرىنى كۆرىدۇ. خۇشى شۇنىڭدىن كېيىن ماقالە يېزىپ، «غەربكە ساياھەت» روماننىڭ ئاپتورىنىڭ ۋۇچېڭئېن ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ.

# «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە نەچچە پېرسوناژ بار

دۇنيا بويىچە داڭلىق رومان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە زادى نەچچە پېرسوناژ يېزىلغان؟ چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ يىللىرىدا ئۆتكەن جياڭ چىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، رومانـدا جەمئىي 448 پېرسوناژ يېزىلغان. يەنە 1974-يىلىدىكى "قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تىكى پېرسوناژلار ئۈچۈن كۆرسەتـكۈچ"تىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، جەمئىي 623 پېرسوناژ يېـزىلغان. ھازىر ئالاقىدار ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللارغا ئاساسـلانغاندا، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە جەمئىي 975 پېرسوناژ يېزىلغانلىقى مەلۇم، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسىم فامىلىسى، نامى بارلار 732، ئىسىم فامىلىسى يوق، نامى بارلار 243، بۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: نىڭگو، رۇڭگو قەسىرلىرىدىكى غول جەـمەت كىشىلىرى بىلەن جيا ئائىلىسىدىكى غول جەمەت كىشىلىـرى 119، بالا مالاي 27، خان جەمەتىنىڭ كىشىلىرى 15، ئوردا دېدەكلىرى، ھەرەم ئاغىلىرى 55، ئۇنۋان بېرىلگەنلەر 51، ئەمەلدارلار 67، دوختۇر 14، يۇندىخور 12، ئارتىس 30، راھىب 17، نىسارا 84، چەت ئەللىك ئىككى، باشقا ئادەملەر 48.

www.uyghurkitap.com

# لياڭ شەنبو بىلەن جۇ يىڭتەي بىر دەۋرنىڭ ئادەملىرى ئەمەس

خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، لياڭ شەنبو مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تالىب بولۇپ، يىنشيەن ناھىيىسى (ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭبو شەھىرى) دە ئامبال بولغان، خوتۇنى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئۆيلىنىشنى خالىمىغان. ئۇ ۋەتەننىڭ، جامائەتنىڭ غېمىنى يەپ، ئىشتا لىللا بولۇپ، پۇقرا ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغاچقا، يەرلىك پۇقرا ئۇنى ”پاك تۆرە لياڭ“، ”باۋ ھەزرەتتىنمۇ ئادىل“ دەپ تەرىپلەشكەن.

جۇ يىڭتەي جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئۆتكەن ئايال بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىنىڭ خېنىمى بولماستىن، بايلارنىڭ مۈلكىنى بۇلاپ كەمبەغەللەرگە ئېلىپ بېرىدىغان پالۋان ئىدى، كېيىن خىيانەتچى ئەمەلدار ماۋېنسەي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن.

لياڭ شەنبو ئۆلگەندىن كېيىن، يەرلىك كىشىلەر مېيىتنى خۇ چياۋ بازىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلغان. يەرلىك كولاۋاتقاندا، بىر كونا يەرلىك چىقىپ قالغان، ”ئايال پالۋان جۇيىڭتەينىڭ قەبرىسى“ دېگەن خەت ئويۇلغان قەبرە تېشى تېپىلغان، پۇقرالار لياڭ شەنبو بىلەن جۇ يىڭتەينى ئادالەتپەرۋەرلەر دەپ قاراپ،

چوڭ بىر يەرلىك قىزىپ مېيىتنى قويغان، قەبرە تېشىغا ئىككى سىنىڭ ئىسمىنى ئويغان.

كېيىنكى كىشىلەر بارا-بارا بۇ ئىشنى شاخلىتىپ، ”لياڭ شەنبو بىلەن جۇ يىڭتەي“نىڭ ھېكايىسىنى توقۇپ چىققان.

## تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىر قانچە

ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىر زادى قانچە دېگەن مەسىلىدە ئەزەلدىن ئېنىق سانلىق مەلۇمات يوق. ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى گۇمانىتار پەنلەر تەتقىقات ئورنىدىكى پىڭگاڭ ۋۇفۇ ئەپەندىنىڭ باش تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن كۆرسەتكۈچتە «تاڭ سۇلالىسى ئومۇمىي شېئىرلىرى»، «تاڭ سۇلالىسى شېئىرلىرىدىن»، «پۈتۈن تاڭ سۇلالىسى ئەسەرلىرى»، «تاڭ سۇلالىسى ئەسەرلىرىدىن تەرمىلەر»، «تاڭ سۇلالىسى ئەسەرلىرىدىن تەرمىلەرنىڭ داۋامى» دىكى يازغۇچى ۋە ئەسەرلەر بىر-بىرلەپ نومۇر قويۇپ رەتلىنىپ، سانلىق مەلۇمات بېرىلگەن.

ئۇنىڭدىكى سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىر جەمئىي 49 مىڭ 475، شائىر جەمئىي 2955؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەسەر جەمئىي 22 مىڭ 896، ئاپتور جەمئىي 3516.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھەم يازغۇچى، ھەم شائىر بولغانلار 700گە، يەنى %20كە يېتمەيدىكەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# «توز ئۇچىدۇ شەرقىي جەنۇبقا» دىكى ۋەقە نەدە بولغان

«توز ئۇچىدۇ شەرقىي جەنۇبقا» ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا مەشھۇر بولغان خەن سۇلالىسىنىڭ نەزمە ئورنىدىكى داستاندۇر. بۇ داستاندا تەسۋىرلەنگەن جياۋ جۇڭچىڭ بىلەن ليۇ لەنجىننىڭ پاجىئەسى، تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، ئەنخۇي ئۆلكىسى خۇەيىنىڭ ناھىيىسىدىكى شياۋ لىگاڭ دېگەن يەردە بولغانىكەن.

شياۋ لىگاڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى شياۋ شىگاڭ (جياۋ لىگاڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، خۇەيىنىڭ ناھىيىسىنىڭ ناھىيە شەھىرىگە شىمالدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، چيەنشەن ناھىيىسى بىلەن چېگرىداش. «خۇەيىنىڭ ناھىيە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، "شياۋ لىگاڭ دېگەن نام خەن دەۋرىدىكى لۇجياڭ ئەمەلدارى جياۋ جۇڭچىڭنىڭ نامىدىن كەلگەن." بۇ يەردە ئېيتىلغان جياۋ جۇڭچىڭ «توز ئۇچىدۇ شەرقىي جەنۇبقا» دىكى باش قەھرىمانىنىڭ ئۆزى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ جاي جياۋ جۇڭچىڭنىڭ يۇرتى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ خوتۇنى ليۇ لەنجىننىڭمۇ يۇرتى ئىكەن، جياۋ جۇڭچىڭنىڭ يۇرتى شياۋ شىگاڭ دەرياسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى جياۋجيا بەندە (ھازىرقى چيەنشەن ناھىيىسىدە)، ليۇ لەنجىننىڭ يۇرتى شياۋ شىگاڭغا شەرق-

تىن يېرىم يول يىراقلىقتىكى لىۋ جياشەندە ئىكەن. فېئودال كوچلەرنىڭ ئۆلارغا قىلغان زىيانكەشلىكىگە قارشىلىقىنى بىلدۈ- رۈش ئۈچۈن، لىۋلەنجى دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالىدىكەن. جياۋ جۇڭچىڭ دەرەخكە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدىكەن. «ئەنخۇي تەز- كىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: ئۇ (لىۋلەنجى) دەرياغا سەكرى- گەن يەر هازىرقى شياۋ شىگاڭ ئىكەن. "لىۋلەنجى" ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغاندىن كېيىن، كەنتتىكىلەر جياۋجيابەندە ئۆلۈۋال- غان جياۋ جۇڭچىڭنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ كېلىپ، شياۋ شى- گاڭدا لىۋلەنجى بىلەن بىر يەرلىككە قويغانىكەن. شياۋ شىگاڭدا جياۋ جۇڭچىڭ بىلەن لىۋلەنجى بىللە دەپنە قىلىنغان يەرلىك هازىرمۇ بار ئىكەن.

يېقىنقى يىللاردا، شياۋ شىگاڭغا كېلىپ، «توز ئۇچىدۇ شەرقىي جەنۇبقا» دىكى ۋەقە بولغان جاينى سەيلە قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بۇ جاي جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى ئىزد- دىكى مەشهۇر ئاسارە-ئەتىقە جاي بولۇپ قالدى.

## «لياۋ جەي رىۋايەتلىرى» قول يازمىسىنىڭ كېيىنكى يېرىمى قانداق يوقىلىپ كەتكەن

پۇسۇڭلىڭ يازغان «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» دېگەن كىتاب مەملىكىتىمىزنىڭ كونا ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان مەشهۇر "رىۋا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەت“ تۇسىدىكى ھېكايىلەردۇر. بۇ كىتاب ”يۈز يىلدىن كۆپ تارقالغان، ئۇنى دورايدىغانلار، مەدھىيىلەيدىغانلار كۆپ بولغان.“ لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، 200 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، بازاردا ئېقىۋاتقان «لياۋ جەي رىۋايەتلىرى» نىڭ ھەممىسى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىغا ئاساسەن چىقىرىلغان بولۇپ، پۇسۇڭلىڭنىڭ قول يازمىسى ئاساسىدىكى نۇسخىلار ئەمەس. بۇ كۆچۈرۈلمە نۇسخىلىرى قولدىن-قولغا كۆچۈرۈش ئارقىسىدا تارقالغان بولغاچقا، ئۇلاردا ئۆزگەرتىلىپ كەتكەن، خاتا بولۇپ قالغان جايلار كۆپ ئىدى، قول يازمىنىڭ ئەسلى ھالىتى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. 1948-يىلىغا كەلگەندە، كىشىلەر لياۋنىڭنىڭ شىفېي دېگەن يېرىدىكى پۇۋېنشەن (پۇسۇڭلىڭنىڭ 9-ئەۋلاد نەۋرىسى) نىڭ ئۆيىدىن قول يازمىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى تاپتى، كېيىنكى يېرىمىنىڭ نەگە كەتكەنلىكى تاھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس. قول يازمىنىڭ كېيىنكى يېرىمى قانداق يوقىلىپ كەتكەن؟ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىشنىڭ جەريانى ئاساسەن مۇنداق بولغان:

پۇسۇڭلىڭ كاڭشىنىڭ 54-يىلى (1715-يىلى) ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ بالا، نەۋرىلىرى قول يازمىنى بۇ جەمەتنىڭ ئىبادەتخانىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، كىشىلەرگە كۆرسەتمەي مەخپىي ساقلىغان. تەخمىنەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ خانىنىڭ تۇنجى يىللىرىدا شەندۇڭدا قەھەتچىلىك بولغاچقا، پۇ سۇڭلىڭنىڭ 7-ئەۋلاد نەۋرىسى پۇجيېرېن ئائىلە تەۋەسىنى ۋە قول يازمىنى ئېلىپ ليۇچۇەندىن شېنياڭغا كۆچكەن. گۇاڭشۈينىڭ

دەسلەپكى يىلى (1880-يىلى) پۈجىپرىنقول يازما قىپىنىڭ كونىراپ تىتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قول يازمىنى ئىككى-گە بۆلۈپ باشقىدىن تۈپلىگەن. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى پۇ يىڭخاۋ شىنياڭدىكى شىڭجىڭ جياڭجۈنى ئىكتاڭئا ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. ئىكتاڭئا ئادەتتە «لياۋ جەي رىۋايەتلىرى»نى ئوقۇشقا ئامراق ئادەم ئىدى، ئۇ پۇ يىڭخاۋنىڭ پۇسۇڭلىڭنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇ قول يازمىنى سورىغاندا، پۇ يىڭخاۋ يوشۇرۇشقا پېتىنالماي، قول يازمىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى بې-رىپ تۇرغان، ئىكتاڭئا ئوقۇپ بولۇپ قايتۇرۇپ بەرگەن، ئان-دىن كېيىن كېيىنكى يېرىمىنى ئارىيەت ئالغان. بۇ چاغدا ئىكتاڭئا بېيجىڭغا ئىش بىلەن بارىدىغان بولۇپ قالغان، يولدا ئوقۇپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، قول يازمىنى ئېلىۋال-غان، ئەمما بېيجىڭغا كېلىپلا گېڭزى يىلىدىكى يىخېتۇەن قوز-غىلىڭىغا دۇچ كەلگەن، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭنى ئىشغال قىلغاندا، ئۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەن، قول يازمى-نىڭ كېيىنكى قىسمىمۇ شۇنىڭ بىلەن يوقىلىپ كەتكەن.

## «دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى» دېگەن ماي بوياق رەسىمنىڭ تەقدىرى

«دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى» دۇڭ شىۋېننىڭ ماي بوياق رە-سىملىرى ئىچىدە جۇڭگوچە ئۇسلۇب گەۋدىلەنگەن ۋەكىللىك

خاراكتېرىدىكى ئەسەر. كىشىلەر بۇ ئەسەرنى مەدھىيىلەيتتى، جۇڭگو تارىخىدىكى شانلىق بىر سەھىپىنى قايتا ئامايان قىلىپ بەرگەن بۇ بەدىئىي ئەسەرنى ياقتۇراتتى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي، جۇڭگودىكى سىياسىي ئېقىم بۇ ئەسەرنى ۋە رەسسامنى قايناملغا ئىتتىرىۋەتكەنىدى.

1955-يىلى گاۋ گاڭ-راۋشۇشى ۋەقەسىدىن كېيىن، «دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى» دىن گاۋ گاڭنىڭ رەسىمى چىقىرىۋېتىلدى. گاۋ گاڭنىڭ ئورنى دەل چوڭ قىزىل تۇۋرۇكنىڭ يېنىدا ئىدى، گاۋ گاڭنىڭ رەسىمى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى بىر تەشتەك گۈل ئالدى.

1972-يىلى، ليۇ شاۋچى "خائىن" "ساتقىن"، "ئىشچىلار ئاسىيسى" دېگەن بەدناملار بىلەن قارىلاندى، «دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى» دا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغىمۇ ئورۇن بولۇشى مۇمكىن ئەمەستى. شۇنداق قىلىپ، «دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى» غا ئىككىنچى قېتىم ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى، دۇڭ بىۋۇ ئارقا رەتتىن بىر قەدەم ئالدىغا چىقتى، ليۇ شاۋچىنىڭ رەسىمى «دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى» دىن ئۆچۈرۈۋېتىلدى.

ئۇ چاغدا دۇڭ شىۋېن بۇرۇن ھەلقۇمى راكىغا گىرىپتار بولغان ئاغرىق ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى جاڭ لىنيىڭ ئۇنىڭ «دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى» ناملىق سىزمىنى ئۆزگەرتىش ۋاقتىدىكى روھىي ھالىتىنى ھەممىدىن بەك چۈشىنەتتى. جاڭ لىنيىڭ: "شىۋېن شۇ چاغدا جىسمانىي ئازابقا ئۇچراپلا قالماستىن، روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ ئازاب چەكتى، ئۇ ئۆزگەرتىشنى خالى-

مايتتى، ئۆزگەرتمىسىمۇ بولمايتتى. ئەگەر ئۇ ئۆزگەرتمىسە، چوقۇم باشقىلارغا ئۆزگەرتكۈزۈلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى باشقىلارنىڭ ئۆزگەرتىشنى خالىمايتتى. ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ كېيىنكى بەكلا ئېغىرلىشىپ قالغانىدى، ئۇ مۇزېيغا مۇ-رەككەپ ھېسسىياتلار بىلەن بېرىپ، ئۆيگە ئاران-ئاران مېڭىپ ماڭ تەسلىكتە قايتىپ كەلگەنىدى“ دېدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ سەنـ-ئەت تارىخىدىكى تراگېدىيىدۇر.

3. ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، كىشىلەر ئىدىيىدە ئازاد بولدى، تارىخقا ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى، «دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى» سىزمىسى ئۆزگەرتىلىپ ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈل-دى. بىراق، دۇڭ شىۋېن بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشتى. ھازىر مۇ-زېيدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئەسلى ھالىتىدىكى «دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى“ سىزمىسى جىن شاڭيى قاتارلىق كىشىلەر دوراپ سىزغان ئەسەر بولۇپ، ئەسلىدىكى سىزما ئەمەس، ئىككى قې-تىم ئۆزگەرتىلگەن. دۇڭ شىۋېننىڭ ئەسلى سىزمىسى يەنىلا ئىنقىلابىي مۇزېيدا ساقلانماقتا، ئەمما ئۇ كۆرگەزمە بۇيۇمى بولماستىن ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ مەدەنىيەتكە سالغان بۇزغۇنچىلىقىنىڭ ماددىي ئىسپاتى سۈپىتىدىلا ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# دا. ۋېنتسىنىڭ مەشھۇر سىزمىسى قانداق ساقلىنىپ قالغان

ئىتالىيە ئۇزاق تارىخقا ۋە قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە دۆلەت، خەلق ئاممىسى قەدىمكى مەدەنىيەت-سەنئەتنى ئاسراشتا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئاڭلىقلىققا ئىگە، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئىپادىسى تېخىمۇ گەۋدىلىك. دا. ۋېنتسىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق» سىزمىسى مىلان شەھىرىدىكى بىر رېستوراننىڭ تېمىغا سىزىلغان، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا، گىتلېرنىڭ ئايروپىلانلىرى مىلان شەھىرىنى بىرنەچچە قېتىم بومباردىمان قىلىدۇ، بومباردىمان باشلانغاندا، كىشىلەر ھېلىقى رېستوراننىڭمۇ بومباردىمان قىلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، بۇ سىزمىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ناھايىتى كۆپ ياشلار ئاڭلىق ھالدا ھەرىكەتكە كېلىپ، سىزما بار تامنىڭ ئىچى-سىرتىغا قۇم خالتىسىنى يۆلەپ توسۇپ قويىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي راستلا بۇ ئىمارەتمۇ بومباردىمان قىلىنىدۇ، باشقا ئۈچ تام پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ”ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق“ سىزمىسى بار تاملا ساق قالىدۇ.

# دۇنيا بويىچە ئەڭ پىشكەللىكتە ئۈچرىغان كىنو

ئامېرىكا 1931-يىلى ئىشلىگەن «دوزاخ پەرىشتىسى» دې-
گەن كىنو ئەڭ پىشكەللىكتە ئۈچرىغان كىنو دەپ ئاتىلىدۇ.
پارتلىتىش ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان كۆرۈنۈشنى ئېلىشتا
ئىشلىتىلگەن ئايروپىلان ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوت كېتىپ، بىر
ئادەم كۆيۈپ كېتىدۇ؛ يەنە بىر ئايروپىلان يەرگە قونۇش ۋاقتى-
دا، يېقىلغۇ يېتىشمەي چۈشۈپ كېتىپ پاچاقلىنىپ، بىر ئادەم
ئۆلىدۇ؛ دەم ئېلىش ۋاقتىدا بىر تېخنىك ئايروپىلاننى سىناق
قىلىپ ھەيدەپ، يەرگە قونىدىغان چاغدا ئايروپىلان پارتلاپ كې-
تىپ ئۆلىدۇ؛ تۆتىنچى ئۆلگۈچىمۇ تېخنىك بولۇپ، ئايروپىلان
پارتلاپ كەتكەنلىكتىن ئۆلىدۇ.

# 27 دۆلەتتىن 150 نەپەر سەنئەتكار بىرلىشىپ بىر كىتاب ئىشلىدى

كولومبو ئامېرىكا قىتئەسى چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تاپقانلىقى-
نىڭ 500 يىللىقىنى (1492—1992) خاتىرىلەش، ئىسپانىيە

ۋە لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى 27 دۆلەتتىن 150 نەپەر يازغۇچى، رەسسام، ھەيكەلتىراشچى ۋە مۇزىكانت بىرلىشىپ بىر كىتاب ئىشلىدى. بۇ كىتابنىڭ ئىسمى «500 يىللىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى توپلىمى». بۇ كىتابتا ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يازغۇچىلارنىڭ ئەسەر-لىرى توپلانغاندىن باشقا، يەنە مۇشۇ دۆلەتلەردىكى يېڭى سەنئەت ئېقىملىرىمۇ تونۇشتۇرۇلغان.

## تيەنئەنمېندىكى ماۋ جۇشىنىڭ رەسىمىنى كىم سىزغان

ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېسىلغان تۇنجى ماۋ جۇشىنىڭ رەسىمىنى يەنئەندىن كەلگەن گۇزەل سەنئەتچى زوخۇي سىزغان؛ 1953-يىلدىن 1963-يىلغىچە ئېسىلغان ماۋ جۇشىنىڭ رەسىمىنى مەركىزىي ھۈنەر-سەنئەت شۆيۈەنىدىكى جاڭ جېنشى سىزغان؛ 1964-يىلدىن 1976-يىلغىچە ئېسىلغان ماۋ جۇشىنىڭ رەسىمىنى بېيجىڭ شەھەرلىك گۇزەل سەنئەت شىركىتىدىكى ۋاڭ گودۇڭ سىزغان؛ 1977-يىلدىن ھازىرغىچە ئېسىلغان ماۋ جۇشىنىڭ رەسىمىنى ۋاڭ گو-دۇڭنىڭ شاگىرتى گې شياۋگۇاڭ سىزغان.



www.uyghurkitap.com

# 3. تارىختىن تەرمىلەر

## پادىشاھ ئىسمىدىن قىزىق پاراڭ

ئېلىمىز تارىخىدا داڭلىق بولغان ئايال پادىشاھ ۋۇزېتيەن ئۆزىنىڭ ئىسمى ئۈچۈن مەخسۇس بىر خەت ئىجاد قىلغان، يەنى ئۈستىدە بىر ”كۈن“ ( 日 ) بىر ”ئاي“ ( 月 ) خېتى، ئاستىدا بىر ”ئاسمان“ ( 空 ) خېتى بولۇپ، ئۆزىنى ”ئاسماندىكى چەكسىز پارلاق نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئاي-كۈن“ دەپ قارىغان.

مىڭ سۇلالىسىنى قۇرغان پادىشاھ جۇ يۈەنجاڭ كىچىك چېغىدا پادىچى بولۇپ، كېيىن راھىب بولغان، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئەزىمەتلەر تەرەپ-تەرەپتىن قوزغىلىپ چىققاندا، ئۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى قوشۇنىغا قاتنىشىپ، ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارغاچقا، ”تەڭرىنىڭ زور ۋەزىپىنى ئۆزىگە ئاتا قىلغانلىقى“نى بارا-بارا ھېس قىلغان. ئىلگىرى خەقنىڭ ئۇنى خالىغانچە ”ئاسلان“، ”كۈچۈك“ دەپ چاقىرىشى كارايىتى چاغلىق ئىش دېيىلسىمۇ، لېكىن ئەمدى ئۇنى ”يۈەنجاڭ“ دەپ چاقىرىشقا توغرا كەلدى. خەنزۇچىدا ”يۈەن“ ( 元 ) دېگەنلىك تۇنجى دېگەنلىك بولىدىكەن؛ ”جاڭ“ ( 璋 ) دېگەنلىك قاشتېشى دېگەنلىك بولۇپ، ئادەتتە ”ئوغۇل بالا“غا ۋەكىللىك قىلىدىكەن. مەسىلەن،

ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ”قاشتېشىغا ئېرىشىش خۇشاللىقى“ دېگىنى مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنلىكىنى كۆرسىتىدىكەن. ”يۈەنجاڭ“ دېگەنلىك ”جاھاندىكى تۇنجى قاشتېشى“، ”جاھاندىكى بىرىنچى ئەزىمەت“ دېگەنلىك بولۇپ، ئوردىدىكى بىرىنچى تەختتە جۇيۈەنجاڭنىڭ ئولتۇرۇشى ئەلۋەتتە يوللۇق ئىش.

بېشىنى راسا قاتۇرغان دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇنىڭغا ئالدى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنجى خانىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى شەنخەيگۇەندىن كىرگەندە، خەنزۇلارنىڭ نارازىلىقىنى ئازلىتىش ئۈچۈن، ”جۇرجىت“، ”جىن (ئالتۇن)“ دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتمەي، سۇلالە نامىنى ”چىڭ“دەپ ئۆزگەرتكەن. شۇنجى خان مانجۇ ئىدى، ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلار ئىدى، ئۇنىڭغا خەنزۇ ۋە مانجۇ يېزىقلىرىدا ئوخشاشلا ئوبدان مەنە ئاڭلىتىدىغان نامنى تېپىش زۆرۈر بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە چاڭبەيشەن، خېيلۇڭجياڭ بويلىرىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە خوجايىن بولۇپ كىرگەندە، قانداق قىلىپ پۇقرانى قۇل بولغىنىغا تەن بېرىدىغان قىلىپ، ”تىنچ ئىدارە قىلىش“ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈنمۇ ئوبدان ئويلىنىشقا توغرا كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاڭلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باش قاتۇرۇشى بىلەن ئىسمىنى ”فۇلىن“ دەپ ئۆزگەرتكەنىدى. بۇ پۇقرالار ئالقىش ياغدۇرۇڭلار، ”بەختىڭلار كەلدى“ دېگەنلىك ئىدى.

# جۇڭگودا ئۆتكەن بالا پادىشاھلار

پادىشاھلىق ئورۇنغا بالىلىرى ۋارىسلىق قىلىش — فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بىر بەلگىسى، شۇڭا، ئېلىمىز تارىخىدا ئون ياشتىن تۆۋەن 29 بالا پادىشاھ تەختكە چىققان. بۇلاردىن ئىككى ياش، ئۈچ ياش، ئالتە ياش، يەتتە ياشلىقلارنىڭ ھەربى-رىدىن ئىككى، تۆت ياشتىكىدىن بىر، بەش ياشلىقتىن ئۈچ، سەككىز ياشلىقتىن يەتتە، توققۇز ياشلىقتىن تۆت، ئون ياشلىق-تىن بەش. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شاڭدى خان پادىشاھ بولغاندا ئاران ئۈچ ئايلىق بولغان. ئەڭ دەسلەپكى بالا پادىشاھ غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ جاۋدى خانى مىلادىدىن بۇ-رۇنقى 86-يىلى تەختكە چىققان؛ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ خانى بولۇپ، مىلادى 1909-يىلى پادى-شاھ بولغان.

بالا پادىشاھ تەختكە چىققاندا، خانىش ياكى ۋەزىر نايىبلىق قىلىدۇ. نايىب ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن كونا پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ، يېڭى پادىشاھنى تىكلەپ تۇرىدۇ. بۇنداق قىزىق ئىش شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى، بۇنداق پادىشاھلارنىڭ ئۆمرى كۆپىنچە قىسقا بولاتتى. بالا پادىشاھ چوڭ بولغاندىن كېيىن ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى، بەزىسى غەلىبە قىلاتتى، بەزىسى مەغ-لۇپ بولاتتى. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي خانى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۆت يېشىدا پادىشاھ بولغان، ئۇنىڭغا خانىش سىنشى نايىبلىق قىلغان. گۇاڭشۈي قانۇننى ئۆزگەرتىپ يېڭىلىق كىرگۈزۈش ھەرىكىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان، ئاران 103كۈن ئۆتكەندە سىنشى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان، ئۆزىمۇ سىنشى تەرىپىدىن قەستـ. لىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## زىجىنچېڭدا قانچە پادىشاھ تۇرغان

زىجىنچېڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 18-يىلى سېلىنغان، شىنخەي ئىنقىلابىغىچە بولغان 491 يىل ئىچىدە ئۇ يەردە قانچە پادىشاھ تۇرغان؟ تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، جەمئىي 24 پادىشاھ تۇرغان.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 14 پادىشاھ تۇرغان، ئۇلاردىن: مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭزۇخانى جۇدى 22 يىل تەختتە ئولتۇر. غان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ رېنزۇڭ خانى جۇ گاۋچى بىر يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خانى جۇجەنـ. جى ئون يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ يىڭزۇڭ خانى جۇ چىجېن 22 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ مىڭ سۇلالىسىـ. نىڭ دەيزۇڭ خانى جۇ چىيۈي يەتتە يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنزۇڭ خانى جۇجيەنشېن 23 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ شياۋزۇڭ خانى جۇ يوۋ چېڭ 18 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇزۇڭ خانى جۇخوۋجاۋ 16 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ شىـ.

زۇڭ خانى جۇ خوۋسۇڭ 45 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇزۇڭ خانى جۇ زەيخوۋ ئالتە يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ شېنزۇڭ خانى جۇ يىجۇن 48 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭزۇڭ خانى جۇچاڭلو بىر يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ شىزۇڭ خانى جۇيوۋشياۋ يەتتە يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ سىزۇڭ خانى جۇيوۋجيەن 17 يىل تەختتە ئولتۇرغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئون پادىشاھ تۇرغان، ئۇلاردىن: چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىزۇ خانى فۇلىن 18 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شېڭزۇخانى شۈەنيې 61 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىزۇڭ خانى يىنجېن 13 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى خۇڭلى 60 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ رېنزۇڭ خانى يۇڭيەن 25 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خانى مىنىڭ 30 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋېنزۇڭ خانى يىنىڭ 11 يىل تەختتە ئولتۇرغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇزۇڭ خانى زەيچۇن 13 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ دېزۇڭ خانى زەيتيەن 34 يىل تەختتە ئولتۇرغان؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ خانى پۇيى 3 يىل تەختتە ئولتۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شەرقىي ئوردا، غەربىي ئوردا دېگەنلىك نېمە دېگەنلىك

خې لىن ئىزاھلىغان «گۇڭشياڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا: ”غەربىي ئوردا ئىچكى ھۇجرا بولۇپ، قىزلار تۇرىدىغان جاي ئىدى“ دېيىلگەن، كېيىن كىچىك خانىش تۇرىدىغان ئوردا غەربىي ئوردا دەپ ئاتالدى. شەرقىي ئوردا شاھزادە تۇرىدىغان ئوردا بولۇپ، ۋەلىئەھدنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئېلىمىزدە چىنشىخۇاڭ پادىشاھ بولغاندىن بۇيان ”شەرقىي ئوردا خانىشى“، ”غەربىي ئوردا خانىشى“ دەيدىغان گەپ يوق ئىدى. تىياتىر ياكى رومانلاردا شۇنداق ئاتالغان بىلەن ئۇ بەردىبىر تارىخ ئەمەس. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئاندىن شەرقىي ئوردىدىكى خان ئانا، غەربىي ئوردىدىكى خان ئانا دەيدىغان گەپلەر پەيدا بولدى. 1861-يىلى شيەنفېڭ خان چېڭدې يازلىق چارگاھىنىڭ يەنبودىكى جىشۇاڭ سارىيىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن، پادىشاھنىڭ ئوغلى زەيچۇن شاھ سۇپا ئالدىدا پادىشاھلىق تەختكە ئولتۇرغان.

ئەتىسى خان يارلىقى چىقىرىلىپ، خانىش نيۇ خۇلۇ ئاغىچا پادىشاھقا ئانا بولغان، ئۇنىڭغا سىئەن دەپ نام بېرىلگەن؛ خان ئايىم يېخېنالا خانىش ئانا بولغان، ئۇنىڭغا سىشى دەپ نام بېرىلگەن. شۇ كۈندىن باشلاپ، خانىش سىئەن يەنبودىكى جى-

شۇاڭ سارىيىنىڭ شەرقىي ھۇجرىسىغا كىرگەن، خانىش سىنشى غەربىي ھۇجرىغا كۆچۈپ كىرگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئوردىدا شەرقىي ئوردا خانىشى، غەربىي ئوردا خانىشى دېگەن سۆز بارلىققا كەلگەن.

## ئېلىمىز تارىخىدىكى يىلنامە بويىچە ئەڭ

ئېلىمىز تارىخىدىكى تۇنجى يىلنامە مىلادىدىن بۇرۇنقى 140-يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 135-يىلغىچە بولغان غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى ليۇچېنىڭ "جيەنيۈەن" يىلنامىسىدۇر.

ئېلىمىز تارىخىدا يىلنامىسىنى ئەڭ كۆپ ئۆزگەرتكەن پادىشاھ—تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇزېتيەن. ئۇ 21 يىل تەختتە ئولتۇرغان، 18 قېتىمدىن كۆپ يىلنامە ئۆزگەرتكەن.

ئېلىمىز تارىخىدا ئۇدا ئەڭ ئۇزاق ئىشلىتىلگەن يىلنامە 1662-يىلدىن 1722-يىلغىچە بولغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ شېڭزۇخانى شۈەنيېنىڭ "كاڭشى" يىلنامىسى بولۇپ، 61 يىل ئىشلىتىلگەن.

ئېلىمىز تارىخىدا ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىشلىتىلگەن يىلنامە 1234-يىلىدىكى جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ۋەن يەنچېڭلىنىڭ "شېڭچاڭ" يىلنامىسى بولۇپ، ۋەن يەنچېڭلىنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى بىر كۈنگىمۇ يەتمىگەن.

ئېلىمىز تارىخىدا يىلنامىنى ئەڭ كۆپ ئىشلەتكەن سۇلالە

—تاڭ سۇلالىسى بولۇپ، جەمئىي 70 نەچچە (ۋۇزېتيەن ئىشلەتكەن يىلنامىمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە) يىلنامە ئىشلەتكەن.

ئېلىمىز تارىخىدا "جيەنشىڭ" يىلنامىسى ئەڭ كۆپ قېتىم ئىشلىتىلگەن، 11 پادىشاھ ئۇنى ئايرىم-ئايرىم ئىشلەتكەن.

## ئېلىمىز تارىخىدىكى "ئالتە دانىشمەن"

ئېلىمىز تارىخىدا غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ گۈللەنگەن تاڭ سۇلالىسىغىچە "دانىشمەن تارىخشۇناس"، "دانىشمەن پۇتۇكچى"، "دانىشمەن تېۋىپ"، "دانىشمەن خەتتات"، "دانىشمەن رەسسام" ۋە "دانىشمەن شائىر" چىققان، كېيىنكىلەر بۇلارنى "ئالتە دانىشمەن" دەپ ئاتىغان.

دانىشمەن تارىخشۇناس: خەن سۇلالىسى ۋۇدى خانى زامانىسىدا ئۆتكەن مەشھۇر تارىخشۇناس سىماچيەن كىچىك چېغىدىن تارتىپ تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇغان، 20 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ۋەتەنىنىڭ پۈتۈن داڭلىق تاغ-دەريالىرىنى كېزىپ چىققان، كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى ئاڭلىغان، نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى تارتقان، ئاخىر ئۆچمەس داڭلىق تارىخىي ئەسەر «تارىخنامە»نى يېزىپ چىققان.

دانىشمەن پۇتۇكچى: خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن جاڭ جى قول يازما (كونا خەنزۇچە خەتنىڭ يازما شەكلى)غا ئۇستا ئىدى، ئېيتىلىشىچە، ئۇ "تىرىشىپ پۇتۇكچىلىكنى ئۆگەنگەن"، زامانداشلىرى

ئۇنى ”دانىشمەن پوتوكچى“ دەپ ئاتىغان.

دانىشمەن تېۋىپ: جىيەنئەن دەۋرىدە ئۆتكەن جاڭ جوڭجىڭ قەدىمكىلەرنىڭ تەلىمىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ھەممە تەرەپتىن ئۆرنەك ئالغان، «كېزىك ۋە ھەر خىل كېسەللىكلەر توغرىسىدا»نى يازغان، بۇ كېيىنكى تېۋىپلارنىڭ ئوقۇشى زۆرۈر بولغان دەستۇر بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن جاڭ جوڭجىڭ دانىشمەن تېۋىپ دەپ ئاتالغان.

دانىشمەن خەتتات: شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ شىجى جوڭگونىڭ خەتتاتلىق تارىخىدىكى پىر ئۇستاز. ئۇنىڭ خەتلىرى ”ئۇزۇپ يۇرگەن بۇلۇتتەك لەرزان، ئەجدىھاردەك تولغانما ئىدى“، ئۇ خەتتاتلىقتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكىلەر ئۇنى ”دانىشمەن خەتتات“ دەپ ئاتىغان.

دانىشمەن رەسسام: گۇللەنگەن تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ۋۇداۋزى بۇددىستلارنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا ئۇستا ئىدى، ئۇ رەسىملەرنى ناھايىتى جانلىق سىزاتتى، ئۇ بۇتخانا تاملىرىغا سىزغان 300 نەچچە رەسىمدىكى پېرسوناژ خىلمۇخىل بولۇپ، بىر-بىرىدىن پەرقلىق، ئۇ زاماندىشلىرى تەرىپىدىن ”دانىشمەن رەسسام“ دەپ ئاتالغان.

دانىشمەن شائىر: ۋۇ داۋزى بىلەن زاماندىش بولغان ئۇلۇغ شائىر دۇ فۇنىڭ شېئىرلىرى ”قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئۇسلۇبنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن تۈرلۈك ئۇسلۇبلارنىمۇ ئىپادىلەپ بەرگەن“. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇنلىغان رېئالىزملىق ئەسەرلەر-

www.uyghurkitap.com

نى يازغان، كېيىنكىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ”دانىشمەن شائىر“ دەپ ئاتىغان.

## تارىختىكى ئالتە ”بېيجىڭ“

1. تاڭ سۇلالىسى ۋە بەش دەۋر-ئون پادىشاھلىق دەۋرىدىكى تاڭ، جىن، خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە، بۇ سۇلالىلەرنىڭ ئوچىقى تەيىيۈەن مەھكىمىسى بېيجىڭ دەپ ئاتالغان.

2. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چىڭلى يىللىرىدا رېنزۇڭ خان دامىڭ مەھكىمىسى (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى دامىڭ ناھىيە-سىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) نى بېيجىڭ دەپ ئاتىغان.

3. جىن سۇلالىسىنىڭ تيەنجۈەن بىرىنچى يىلى شىزۇڭ خان لىنخۇاڭ مەھكىمىسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ بارىن سول خوشۇنىدىكى بورخوت) نى بېيجىڭ دەپ ئۆزگەرتكەن.

4. جىن سۇلالىسىنىڭ جېنيۈەن يىللىرىنىڭ بىرىنچى يىلى داشىڭ مەھكىمىسى (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شىما-لى) بېيجىڭ دەپ ئاتالغان.

5. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى خۇڭۋۇ يىللىرىنىڭ بىرىنچى يىلى جۇيۈەنجاڭ كەيفېڭ مەھكىمىسى (ھا-زىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ كەيفېڭ شەھىرى) نى بېيجىڭ دەپ ئاتىغان.

6. مىڭ سۇلالىسى يۇڭلې يىللىرىنىڭ بىرىنچى يىلى چېڭ-زۇ خان ئۆزىنىڭ يەنۋاڭ ۋاقتىدىكى سۇيۇرغال يېرى بېيپىڭ

مەھكىمىسىنى شۇنتيەن مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتىپ، بېيجىڭ (يەنى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى) نى سالدۇرغان.

## شىشى ( 西施 ) نىڭ فامىلىسى شى ( 施 ) ئەمەس شى ( 西 )

شىشى ئەمىنىيە دەۋرىدىكى يۆ پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى گۇجيەن ۋۇ پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى فۇچەيگە تەقدىم قىلغان گۈزەل قىز ئىدى. تارىختا شىشىنىڭ فامىلىسى توغرىسىدا گەپ ھەر خىل ئىدى، ئاساسەن، شىشىنىڭ فامىـىلىـسى شـى ( 西 )، ئېتى شى ( 施 ) دەيدىغانلار كۆپرەك. شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە يېزىلغان «تىنچ جاھان» دا شىشىنىڭ فامىلىسىنىڭ شى ( 西 ) ئىكەنلىكى ئېنىق ئىنكار قىلىنىپ، ئۇنىڭ فامىلىسى توغرىسىدا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: "ئۇنىڭ فامىلىسى شى ( 施 )، ئۇ چاغدا شەرقتە بىر شـى ( 施 ) ئائىلىسى، غەربتىمۇ بىرشـى ( 施 ) ئائىلىسى بار ئىدى." بۇنىڭدا شىشىنىڭ فامىلىسىنىڭ شى ( 施 ) ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن، چۈنكى ئۇ چاغدا بۇ شى ( 施 ) فامىلىلىك قىز غەرب تەرەپتە ئولتۇرۇشلۇق ئىدى، شۇڭا ئۇ شىشى (غەربىي شى) دەپ ئاتالغان. ئوخشاشلا شەرقىي تەرەپتە ئولتۇرۇشلۇق دۇڭشى دېگەن قىزنىڭ فامىلىسىمۇ دۇڭ (شەرق) ئەمەس، شى ( 施 ).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چىنشىخۇاڭنىڭ قەبرىسىدىكى سىمابنىڭ سىرى

«تارىخنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، چىن سۇلالىسىنىڭ ئىك-كىنچى پادىشاھى خۇخەي پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كې-يىن، دادىسى شىخۇاڭنىڭ قەبرىسىگە (شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىنتوڭ دېگەن يېرىدىكى لىشەنىدە) "دەريا-دەريا سىماب قۇ-يۇش"نى ئۇستىلارغا بۇيرۇغان.

بۇ مىڭ نەچچە يۈز يىللىق سىردۇر. بەزى گېئولوگلار سىمابنىڭ پارلىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق پەرەز قىلغان: راستلا تارىخىي كىتابلاردا يېزىلغىنىدەك بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، 2000 يىلدىن كۆپ-رەك ۋاقىتتىن بۇيان، بۇ سىمابلار چوقۇم سىرتقا پارلىنىپ چىقىپ، قەبرىدىن يەر ئۇستىگىچە كۈچلۈك دەرىجىسى ئوخ-شاش بولمىغان سىماب شەكىللەندۇرۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئەگەر مىكرو سىمابنى ئۆلچەيدىغان زامانىۋى تېخنىكا قوللىنى-لىدىغان بولسا، زاراتلىقتىن سىمابنى تېپىش ئىمكانىيىتى بولاتتى.

1981-يىلى ئالاقىدار تارماقلار ئۇيۇشتۇرغان ئادەملەر چىن-شىخۇاڭ قەبرىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ چىقتى، دې-گەندەكلا، ئۇلار قەبرىنىڭ ئەتراپىدىكى يەر ئۇستىدە كۈچلۈك سىماب ھەرىكىتىنى بايقىدى. 1982-يىلى تېخىمۇ تەپسىلىي

ئۆلچەش ئارقىلىق، سىماب ھەرىكىتى بولۇۋاتقان ئورۇننى ئېـ-
نىق تېپىپ چىقتى، نەتىجىدە گۈمبەزنىڭ دائىرىلەنگەن يېرىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى 125 مىڭ كۋادرات مېتىر دائىرىدە سىماب ھەرىـ-
كىتى كۈچلۈكرەك بولغان 1200 كۋادرات مېترجاينى ئېنىقلاپ
چىقتى. گېئولوگلار سىماب ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنىڭ
مەنبەسى قەبرە دەپ ھېسابلاشتى، بۇنىڭ بىلەن تارىخىي كىتابلا-
ردىكى ئالاقىدار خاتىرە ئىسپاتلاندى.

## يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ نېمىشقا قەبرىسى يوق

ھەممە فېئوداللىق خانلىقتا، پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن قەبرە ياسالغان، پەقەت يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىنىڭلا قەبرىسى يوق، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئەسلىدە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ دەپنە مۇرا-
سىمى باشقا سۇلالىلەرنىڭ پادىشاھلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن.
يې زىچى يازغان «گىياھ ۋە دەرەخلەر» ناملىق كىتابتا خاتىرىلە-
نىشىچە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى ئۆلگەندىن كېيىن،
مېيىت گۆرنسەيگە سېلىنمايدىكەن، بۇيۇملار مېيىت بىلەن بىللە
قويۇلمايدىكەن، كىشىلەر ”ئىككى ياغاچنى ئويۇپ جۈپلەيدى-
كەن“، ئاندىن كېيىن ”سىرلاپ، ئۇنىڭغا مېيىتنى سېلىپ،
ئالتۇن چەمبەر بىلەن ئىككى ئۇچىنى ۋە ئوتتۇرىسىنى چەم-

بەرلەيدىكەن.» ئاندىن كېيىن يەنە ئۇنى ”شىمالدىكى ئارامگاھ يەرلىكى (بۇ يەر كۇرۇلۇن دەرياسى بىلەن تۇغلا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى ئارىلىقىدىكى كېنتاي تېغىدا) گە ئاپىرىدىكەن»، شۇنىڭ بىلەن يەرنى چوڭقۇر كولاپ مېيىتنى كۆمىدىكەن. يەر- لىككە توپا دۆۋىلىگەندىن كېيىن، ”ئاتقا دەسسىتىپ چىڭدايدى- كەن»، شۇنداقلا چېرىكلەرنى تەيىنلەپ بۇ جاينى ۋاقتىنچە قامال قىلىدىكەن. ئوت-چۆپ ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، بۇ يەردە يەر- لىك بارلىقى ھېچقانداق بىلىنمەيدىغان بولغان چاغدا، قامال بىكار قىلىنىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن، كېيىنكىلەر يەرلىكنى تا- پالمايدىكەن.

## خۇڭ شيۇچۈەننىڭ ئالتۇن مۆھرى قانداق يوقالغان

1864-يىلى، چىڭ سولالىسى قوشۇنلىرى نەنجىڭنى قولغا كىرگۈزىدىغان چاغدا، تەيپىڭ تيەنگو قوشۇنى بىلەن شىددەتلىك كوچا ئۇرۇشى قىلىدۇ. بىر مىڭ كىشىلىكتىن كۆپ تەيپىڭ تيەنگو قوشۇنىنىڭ قوماندان-جەڭچىلىرى خۇڭ شيۇچۈەننىڭ ئەسلىدە تيەنۋاڭ مەھكىمىسىدە ساقلىنىۋاتقان ئالتۇن مۆھرىنى ئېلىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىدۇ، لېكىن ئاخىر كۆپ دۈشمەننىڭ ئالدىدا ئاز كېلىپ قېلىپ، مۇھاسىرىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ، ئالتۇن مۆھۈر

جياڭسۇ-جياڭشى ئۆلكىلىرىنىڭ باش ۋالىيسى زېڭ گوفەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ئالتۇن مۆھۈردە "تەيپىڭ تيەنگو پادىشاھىنىڭ ئالتۇن مۆھرى" دېگەن خەتلەر ئويۇلغان بولۇپ، 100 سەردىن ئېغىر ئىدى. زېڭ گوفەن ئۇنى ئەڭ مۇھىم غەنىمەت سۈپىتىدە مەخسۇس ئادەمدىن بېيجىڭغا ئەۋەتىدۇ، ئۇ بۇ ئارقىلىق ئىككى سارايدىكى خانىشتىن ۋە تۇڭجى خاندىن سۆيۈنچە تەلەپ قىلىدۇ.

ئالتۇن مۆھۈر زىجىنچېڭغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەڭ مەخپىي ھاكىمىيەت مەركىزى—ھەربىي ئىشلار ۋازارىتىدە ساق-لىنىدۇ. لېكىن بىر يىلدىن كېيىن ئالتۇن مۆھۈر تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، گۇڭ چىنۋاڭ يىشىن بۇ ئەنزىنى ئېنىقلاشقا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ تەكشۈرىدۇ، نەتىجىدە يوشۇرۇن تەكشۈرۈش ئارقىلىق دۇڭسى زىننەت دەرۋازىسى يې-نىدىكى بىر زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى دۇكىنىدا بىر ئالتۇن مۆ-ھۈرنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ، ئۇ دەرھال دۇكاننىڭ خوجايىن، خىزمەتچىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ سوتلايدۇ، شۇندىلا سىر ئاشكارا بولىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئەنزىنى سالاپەتلىك جازا ۋازارىتى-نىڭ نازىرى سادىر قىلغانىكەن. بۇ نازىرغا ئۆلۈم جازاسى بېرى-لىدۇ. ھېلىقى ئالتۇن مۆھۈرنى بولسا زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى دۇكىنى بۇرۇنلا ئېرىتىپ زىخچە ئالتۇن قىلىۋەتكەنىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# جياڭ جيېشىنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى ئىشقا ئاشمىغان بىر سىياسىي ئۆزگىرىش

1943-يىلىنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە ئايلىرى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆستۈرۈلۈپ كوماندىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم ياش جياڭجۈنلەر جۇڭگونى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، جياڭ جيېشىنى ۋە ئۇنىڭ چىرىك يادرو ئادەملىرىنى دەرھال ئاغدۇرۇۋېتىش كېرەك دېگەن قارارغا كېلىدۇ. بۇ ياش جياڭجۈنلەر شەرقىي جۇڭگودا جۇڭگو قوشۇنىنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولغان ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ خادىمى يان بومان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئامېرىكىنىڭ قوللىشىنى سەمىمىي تەلەپ قىلىدۇ. ئامېرىكا كۆرۈنۈشتە ماقۇل بولمايدۇ، لېكىن ستراتېگىيىلىك ئاخبارات ئىدارىسى بۇ پىلانغا قىزىقىدۇ، بولۇپمۇ ئامېرىكا جاسۇسلىرىنىڭ كاتتىبېشى دونوۋان بىلەن دەي لى ئوتتۇرىسىدا قارشىلىق پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن.

سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى داۋاملىشىدۇ، جياڭ جيېشى چۇڭچىڭدىن يولغا چىقىپ قاھىرە يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلدە، يەنى 12-ئاينىڭ 12-كۈنى، باشقىچە ئېيتقاندا، شىئەن ۋەقەسىگە يەتتە يىل بولغان خاتىرە كۈنى ھەرىكەتلىنىش، جياڭ جيېشى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش پىلانلىنىدۇ. قانداق يول بىلەن بىلىنىۋالغانلىقى، دەي لى سىياسىي ئۆزگىرىش ھەققىدىكى

پىلاننى ئۇقۇپ قالىدۇ ۋە جياڭ جيېشىغا دەلىل-ئىسپاتلارنى يەتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ سىياسىي ئۆزگە-رىش قىلىش سۇيىقەستىگە قاتناشقانلىقىنى ئۇنىڭغا ئىشەندۇرگۇ-زىدۇ. دەي لى ۋە چېن فامىلىلىك ئاكا-ئۇكىلار ئۇچۇن ئېيتقان-دا، بۇ سۇڭ ئائىلىسىدىكى رەقىبلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنىڭ بەك ياخشى پۇرسىتى ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ تەستىقى ئارقى-لىق، دەي لى 600 نەچچە ئوفىتسېرنى قولغا ئالىدۇ. جياڭ جيېشى قاھىرەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەڭ ئۇمىدلىك 16 نەپەر ياش جياڭجۇن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## نېمە ئۇچۇن ئاتوم بومبىسىنى پارتلىتىشتا ياپونىيە نىشان قىلىپ تاللانغان

ئامېرىكا ياپونىيىنى ئاتوم بومبىسى تاشلاش نىشانى قىلىپ تاللاشنى 1943-يىل 5-ئاينىڭ 5-كۈنى ياپونىيە ھەربىي سىيا-سەت كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا قارار قىلغانىدى. بۇ ئاتوم بومبى-سى ياساش مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتىن خېلىلا بۇرۇن بولغان ئىش، شۇنداقلا گېرمانىيە تەسلىم بولۇشتىن بۇرۇن بولغان ئىش ئەلۋەتتە. ئامېرىكا ئاتوم بومبىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش جەھەتتە گېرمانىيىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلغانىدى، ئامېرىكا ئاتوم بومبىسىنى ئىشلىتىش جە-ھەتتە ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلىگەن تەقدىردىمۇ، گېرمانىيىنىڭ

تېزلا يېتىشىۋېلىپ ئۈچ ئېلىشىدىن قورقاتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناۋادا تاشلىغان ئاتوم بومبىسى پارتلىماي قالسا، گېرمانىيىنىڭ ئۇنى چۇۋۇۋېپ ئاتوم بومبىسىنى ياساش تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋېلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنىمۇ نەزەردە تۇتقاندى. ئەكسىچە، شۇ چاغدىكى ياپونىيە تېخنىكا جەھەتتە بۇنداق شەرتنى ھازىرلىمىغانىدى. شۇڭا ياپونىيە ئاتوم تاشلىنىدىغان بىردىنبىر نىشان قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى.

ياپونىيىنىڭ قەيەرگە بومبا تاشلاش مەسىلىسىدە، ئاساسەن، ياپونىيىگە ئەڭ زور روھىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ئورۇننى تاللاش كۆزدە تۇتۇلدى؛ ئۇنىڭدىن قالسا، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان بىر قېتىملىق كۈچ كۆرسىتىش نەزەردە تۇتۇلدى. ئاخىردا نوپۇس زىچ بولغان خىروسىما، كوكۇرا، ناگاساكى، نىگاتا قاتارلىق تۆت ئوتتۇراھال شەھەرگە تاشلاش قارار قىلىندى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن بۇرۇن خان سارىيى بىلەن كيوتومۇ پارتلىتىلىدىغان جايلارنىڭ ئىچىدە بار ئىكەندۇق.

شۇ چاغدا كوكۇرا شەھىرىنىڭ ئاسمىنى تۇتۇق بولغاچقا، ناگاساكىغا تاشلاش ۋاقتىنچە قارار قىلىنغان.

## تۇغۇلماي تۇرۇپ پادىشاھ بولغان پادىشاھ

مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىردە پېرسىيە (ھازىرقى ئىران)

پادىشاھى سابۇيە Ⅱ تۇغۇلماي تۇرۇپلا پادىشاھلىق تەختىگە چىققان.

سابۇيە Ⅱ نىڭ دادىسى شاھ ھىلمىس توساتتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، بۇ چاغدا ئىككى قات خانىش يالغۇز قالىدۇ. پادىشاھ- نىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئوغلى بولمىغاچ- قا، پادىشاھنىڭ تاغىسى سازان جەمەتى پادىشاھنىڭ پادىشاھ بولىدىغان ئىنز باسارى يوق دېگەن باھانە-سەۋەب بىلەن ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش قەستىدە بولىدۇ.

مالىمانچىلىق بولاي دەپ تۇرغان چاغدا ماجى راھىب (قە- دىمكى پېرسىيىدە دىنىي مۇراسىم، پېرىخۇنلۇق ئىشلىرىنى باش- قۇرىدىغان، مەمۇري جەھەتتە گېپى خېلى ئۆتىدىغان راھىب) : ”خانىشنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكى شەك- سىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ساغلام ئۆسىدۇ“ دەپ جاكارلايدۇ.

كىشىلەر ماجى راھىبنىڭ گېپىنى خۇدادىن كەلگەن ۋەھى دەپ قاراپ، خانىشنىڭ قورسىقىدىكى بالىغا ئاتاپ تاج كىيدۇ- رۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماجى راھىب كارد- ۋاتتا ياتقان خانىشنىڭ قورسىقىغا تاجنى قويىدۇ، يەنى تۇغۇلۇش ئالدىدىكى شاھزادىگە تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىدۇ.

ماجى راھىبنىڭ گېپى راست چىقىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي خا- نىش راستىلا ئوغۇل تۇغىدۇ، بۇ بالا پادىشاھلىققا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇزاققىچە بۇ دۆلەتنى سورايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاران بىر كۈن خانىش بولغان ئايال

كاسچىر پادىشاھلىقى (ئىسپانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى پادىشاھلىق) نىڭ پېدرو I پادىشاھى 1354-يىل 5-ئايدا ژۇئاننا كاسترو بىلەن كۆيلادا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. شۇ ئاخشىمى يېڭى تويى بولغان بۇ ئەرخوتۇن ئوتتۇرىسىدا زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھ پېدرو I تۇيۇقسىزلا ژۇئاننا بىلەن ئاجرىشىپ كېتىدۇ. بىچارە ژۇئاننا ئاران بىر كۈن خانىش بولىدۇ.

# كىشەن بىلەن خانلىق تاج كىيىش

شەرقىي رىمدىكى مېكىر II پىسېروس تۈرمىدىكى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان مەھبۇستىن بىراقلا يېرىم دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان پادىشاھ بولۇپ قالىدۇ. ئۇ شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدىكى ماجىراغا ئارىلىشىپ قېلىپ، مىلادى 820-يىلى روژدېستۋو بايرىمى كۈنى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغانىدى.

ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىدىغان كۈنى، ئۇ ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، جاللاتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى، ھايال ئۆتمەي، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئېغىر ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلىنىدۇ، بۇ

ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلىشىدۇ، ئېغىر تۆمۈر ئىشىك ئېچىلى-دۇ، ئالىي سودىنىڭ سودىيىسى قوراللىق ئەسكەرلەردىن تەش-كىللەنگەن بىر قوشۇننى باشلاپ كىرىپ كېلىدۇ، ئۆلۈم جازا-سىنى ئىجرا قىلىش ۋاقتى يېتىــپ كەپتۇ دەپ ئويلايدۇ مېكىر Ⅱ .

ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ-دە، ئەزرائىل تېپىرلاۋاتقان جېنىم-نى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلايدۇ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىركىمنىڭ گەپ قىلغىنى ئاڭلانغاندەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن نېمە دېگەنلىكى ئېنىق ئاڭلانمايدۇ، ئۇ قائىدە بويىچە ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىشنى جاكارلاۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلايدۇ. بى-راق ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا بەك هەيران قالىدۇ، چۈنكى كەلگەنلەر-نىڭ هەممىسى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغۇدەك، قوپال ئەسكەر-لەرمۇ يىغلىشىۋاتقۇدەك هەم بىرنېمىلەرنى دەپ تۇۋلىشىۋاتقۇ-دەك. مانا مۇشۇ چاغدىلا ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىشقا ئەمەس، ئۆزىنىڭ پادىشاهلىق تەختىگەچىقىشىنى قارشى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاهى لېئو ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكتىن، كۆپچىلىك مېكىرنى ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىس قىلىپ سايلىغان ئىكەن. ئۇلار تۇرمىنىڭ تۆمۈر قۇلۇپى-نى ئېچىپتۇ، لېكىن كىشەننى ئاچالايدىغان تۆمۈرچى بولمىغاچ-قا، مېكىر ئېغىر كىشەن بىلەن تاج كىيىش مۇراسىمىغا قاتنى-شىپتۇ. ئوردا ۋەزىرلىرى ۋە پۇقرالار گۇلدۇراس چاۋاك ۋە ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپ، تېخى هېلىغىچە دۇنيادا هايات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېلىشىدىن ئۈمىد بولمىغان ئەزىمەت—مېكىر Ⅱ نى قارشى ئاپ-تۇ.

## تارىختا ۋاقتى ئەڭ قىسقا بولغان ئۇرۇش

1967-يىل 6-ئايدا ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەب ئەللىرى ئوت-تۇرىسىدا بولغان ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ”ئالتە كۈنلۈك ئۇ-رۇش“ دەپ ئاتىلىپ، ۋاقتىنىڭ قىسقىلىقى بىلەن نام چىقار-غان. لېكىن دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ قىسقا ۋاقىتلىق ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن، بۇ ئۇرۇش باشلىنىپ بىر سائەتكە يەتمەيلا ئاياغلاشقان.

ئافرىقىنىڭ شەرقىدىكى ھىندى ئوكياندىكى زانزىبار ئارى-لىنى ئەنگلىيە ئۇزاققىچە ئىشغال قىلىۋالغان. 1896-يىل 8-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى، زانزىبار پورتىنىڭ سىرتىدا توختىغان ئەنگلىيە فلوتىنىڭ ماتروسلىرى ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان پالاق توپ شاللاش مۇسابىقىسى توغرىسىدا قول باغلاشماقتا ئىدى، ئۇلار قىرغاققا چىقىشقا تەمشىلىۋاتاتتى. پالۇبىدا ئوفىتسېرلار ئاق فورمىلىرى-نى كىيىشىپ پاراخوتتىن چۈشۈش سىگنالىنى كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. قىرغاقتىكى ئامما فلوتنىڭ پورتقا كىرىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن ساقلىشىپ تۇراتتى، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا تىنچ ئىدى.

بۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا فلوت قوماندانى باش بۇغC. ھېنرى روسسون ئولتۇرغان ئەلەمدار پاراخوتتىن ئەلەم ئارقىلىق بەلگە

كېلىدۇ: زانزىبار خەلىپىسى باركاشۇ ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇش
ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، جىم تۇرغان پورت دەرھال
ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ ئالتە ئۇرۇش
پاراخوتى خەلىپىنىڭ ئوردىسىنى توپقا تۇتۇشقا باشلايدۇ. ئارى-
دىن ئاران 37 مىنۇت 23 سېكۇنت ئۆتكەندە، ئوردا بىراقلا
خارابىگە ئايلىنىدۇ، زانزىبارنىڭ 500 ئەسكىرى ئۆلىدۇ ۋە
يارىدار بولىدۇ. "كۇراسىگ" ناملىق زانزىبارنىڭ بىردىنبىر
ھەربىي پاراخوتى باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقان بولسىمۇ،
لېكىن يالغۇز كېلىپ قېلىپ، بىردەمدىلا ئېغىر زەخىملىنىپ
دېڭىز يۈزىدىن جىمجىملا غايىب بولىدۇ. خەلىپە پاناھلىق ئىز-
دەپ گېرمانىيىنىڭ خوجىلىق يېرىگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ، ئۇ-
رۇش ھايت-ھويت دېگۈچە ئاخىرلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۇ-
يۇقسىز بولغان بۇ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى تارىختا ئەڭ قىسقا
ئۇرۇش رېكورتىنى قالدۇرىدۇ.

# 4. ئوقۇتۇش باغچىسى

## ئەڭ ياخشى پىكىر قىلىشنىڭ يەتتە خىل ئۇسۇلى

ئەنگلىيە كېمبرىج داشۆسىنىڭ پسىخولوگى، تىببىي پەن تەتقىقاتى پروفېسسورى بونو ئۆزىنىڭ «تەپەككۇرتەتقىقاتى كۇر-سى» دېگەن ئەسىرىدە ئەڭ ياخشى پىكىر قىلىشنىڭ يەتتە خىل ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

1) ئاۋۋال بىرخىل قاراشقا كېلىۋالماسلىق ئۇسۇلى: بۇ ئەڭ ياخشى پىكىر قىلىشتىكى ھالقىلىق بىرىنچى ئۇسۇل بو-لۇپ، كىشىلەردىن شەيئىلەرنى كۆزىتىش ۋاقتىدا، ئاۋۋال بىرخىل قاراشقا كېلىۋالماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بىرەر يېڭى چارە ياكى كۆز قاراشنى ئاڭلىغان ھامان، ياخشى كۆرۈپ ياكى ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ چۈشەن-چىسى بويىچە ئۆزىنىڭ قارىشىنى قوغدىغاندا، ناھايىتى ئاسانلا قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

2) ئىشنىڭ كىچىكىنىمۇ، چوڭىنىمۇ نەزەردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۇسۇلى: بۇ كىشىلەردىن بىرقارارغا كېلىشتىن بۇ-

روْن، ئالاقىدار جەھەتلەرنى، ئۇلارنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇ-
شىدىن قەتئىينەزەر، تولۇق نەزەرگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلى-
دۇ.

3) ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشلاپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئا-
خىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلى: بۇنىڭدا كىشىلەردىن ئۆز ھەرىكىتى-
نىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاش، ئۇسۇلى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇۋا-
پىق بولۇش، شۇ ئارقىلىق ئويىنىڭ توغرىلىقىنى زور دەرىجىدە
ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

4) ئىرادىنى بۆلۈۋەتمەسلىك ئۇسۇلى: بۇ كىشىلەردىن
ئىش قىلىشتا ئېنىق مەقسەت بولۇش ۋە مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن
تىرىشىش، قارىغۇلۇقتىن ۋە نەتىجىسىز ئىش قىلىشتىن ساقى-
لىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

5) مۇھىم نۇقتىنى ئاۋۋال ئويلاش ئۇسۇلى: بۇ كىشىلەر-
دىن بىرەر ئىشقا يولۇققاندا ھەرجەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈپلا
قالماي، بولۇپمۇ شۇ ئىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تېپىشنى ھەمدە
بۇ ھەقتە ئاۋۋال ئويلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

6) كەڭ دائىرىدە تاللاش ئۇسۇلى: "تەلۋىلەرچە ئويلاش"نى
ئۆگىنىۋېلىش، تۈرلۈك مۇمكىنچىلىكلەرنى ئويلاپ قويۇش كې-
رەك. ئويلىيالىغان ئىشلارنى ئەستايىدىل ئىدىتلاش، ئاخىردا
پەرقلەندۈرۈش، ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق ساختىلىرىنى چۆرۈپ
تاشلاپ، ھەقىقىيلىرىنى ساقلاپ قېلىش لازىم.

7) ئۆزىنى باشقا ئادەمنىڭ ئورنىغا قويۇش ئۇسۇلى: ئوخ-
شاش بولمىغان پىكىرلەر بولغاندا، ئۆزىنى باشقا ئادەمنىڭ ئور-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىغا قويۇپ ئويلاپ بېقىش كېرەك، بۇنداق قىلغاندا قاتمال ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسىنى تاپقىلى بولىدۇ.

## تىل قابىلىيىتىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى

تىل ئىقتىدارى نېمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟ بەلكىم ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى، ئاڭلاش ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇ؟ بۇنىڭدا گراماتىكا قائىدىلىرىنى ئاسان تۇتۇۋېلىش-تۇتۇۋالالماسلىقنى قاراشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ تىل قابىلىيىتىنىڭ بار-يوقلۇقىغا قانداق ھۆكۈم قىلىش كېرەك؟ ئىتالىيىدە چىقىدىغان بىر ژۇرنالدا سەككىز سىناق سوئالى چىقىرىلغان بولۇپ، ھەربىر سوئالنىڭ جاۋابىغا بېرىلىدىغان نومۇر بەلگىلەنگەن، ئومۇمىي نومۇرغا ئاساسەن، بىر ئادەمنىڭ چەت تىل قابىلىيىتىنى بىلگىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلانغان.

بۇ سەككىز سوئال مۇنداق:

1) سىز دىئالېكت بويىچە سۆزلەيدىغان ياكى گېپىنىڭ ئاھاڭى غەلىتە بولغان ئادەم بىلەن دائىم ئالاقە قىلسىڭىز، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنى دوراپ قالغانلىقىڭىزنى بايقامسىز؟ ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، بۇ سىزنىڭ ئاڭلىغاننى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىڭىزنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈ-

شەندۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ سوئالغا توغرا جاۋاب بەرسىڭىز ئىككى نومۇر ئالىسىز.

2) چەت ئەلچە بىر سۆزنى بىر كۆرۈپلا ئېسىڭىزدە قالغىنى بويىچە ئۇنى يېزىپ بېرەلەمسىز؟ توغرا يېزىپ بېرەلىسىڭىز، بۇ سىزنىڭ كۆرۈش سەزگۈڭىزنىڭ، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىڭىزنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ سوئالغا بىر نومۇر بېرىلىدۇ.

3) بىرخىل چەت ئەل تىلىنى ئۆگەنگەن بولسىڭىز، يەنە بىر خىلنى ئۆگەنمىگەن بولسىڭىز، ئۆگەنگەن چەت ئەل تىلىنى بىلىشىڭىزگە ئاساسەن، ئۆگەنمىگەن چەت ئەل تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنى ئۇقالامسىز؟—بىر نومۇر.

4) چەت ئەلچە گەپ ئاڭلىغىنىڭىزدا غەلىتە تاۋۇش سىزگە قىزىق تۇيۇلامدۇ ياكى سىزنى شۇركۇندۇرەمدۇ؟ ئەگەر سىزنى قىزىقتۇرسا بىر نومۇر ئالىسىز.

5) چەت ئەل تىلىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالسىڭىز قانداق قىلىسىز؟ جىم تۇرۇۋالامسىز ياكى قول ئىشارىتى بىلەن بولسىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىڭىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىپادىلەمسىز؟ ئەگەر سىزدە تەشەببۇسكارلىق روھى بولسا ئىككى نومۇر ئالىسىز.

6) سۇپەت بىلەن رەۋىشنىڭ پەرقىنى ئىتتىك دەپ بېرەلەمسىز؟ توغرا دەپ بېرەلىسىڭىز بىر نومۇر ئالىسىز.

7) چەت ئەلچە ناخشا ئېيتالامسىز ياكى چەت ئەلچە بىر كۇبلېت شېئىر يادلاپ بېرەلەمسىز؟ مۇشۇنداق قىلالىسىڭىز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىككى نومۇر ئالىسىز.

8) چەت ئەل تىلىنى ئازراق بىلىۋالغىنىڭىزدىن كېيىن، چەت ئەلچە كىنو كۆرۈشنى خالامسىز ياكى تەرجىمە قىلىنغان كىنو كۆرۈشنى خالامسىز؟ چەت ئەلچە كىنو كۆرۈشنى ياقتۇرسىڭىز بىر نومۇر ئالىسىز.

بۇ ژۇرنال ئىدارىسى 7—11 غىچە نومۇر ئالغانلارنىڭ تىل قابىلىيىتى ناھايىتى ياخشى، 3—6 گىچە نومۇر ئالغانلارنىڭ قابىلىيىتى ئادەتتىكىچە دەپ ھېسابلىغان.

## بىر قاراپلا يادلىۋېلىشنىڭ سىرى

بەزى ئادەملەرنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ياخشى بولۇپ، ”بىر قاراپلا يادلىۋالالايدۇ“، ھەتتا بەزى ئۇستا شاھماتچىلار شاھمات تاختىسىغا قارىمايلا ئويناۋېرىدۇ. بۇنداق كۈچلۈك تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. لېكىن بۇنداق تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى مەشق ئارقىلىق يېتىلدۈرۈش مۇمكىن. مەسىلەن، تېلېگراممىا بېرىۋاتقان چاغدىكى ئاۋاز كەسىپ ئەھلى بولمىغان ئادەملەرنىڭ قۇلىقىغا ”تىتا-تىتا“ قىلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىدۇ، كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ قۇلىقىغا بولسا، بېسىلىۋاتقان خەتنىڭ ئاۋازى بولۇپ ئاڭلىنىدۇ؛ بىر ماقالە ئەمدىلا مەكتەپكە كىرگەن بالىنىڭ كۆزىگە ئايرىم-ئايرىم خەت بولۇپ كۆرۈنىدۇ، چوڭ ئادەملەرنىڭ نەزەرىدە بولسا، ئورگانىك ھالدا بىرىككەن جۈملە-جۈملە سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇر-

مۇشتىكى كىچىك ئىشلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، كەسىپ ئەھلى بولمىغان كىشىلەر بىلەن بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇشى قىسـ-مەن ئەستە تۇتۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، كەسىپ ئەھلىلىرى بىلەن چوڭ ئادەملەرنىڭ ئەستە تۇتۇشى بولسا، پۈتۈن ئەستە تۇتۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پۈتۈن ئەستە تۇتۇش "بۆلەك" ئەستىلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەگەر بىر ماقالىدىكى خەتلەر "نۇقتا" دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، سۆز، جۈملە، ئۇقۇم قاتارلىقلار "بۆلەك" بولىدۇ. كاللىدا نۇرغۇن سۆز بىرىكمىلىرى، جۈملىلەر ۋە مەنتىقىلىق مۇناسىۋەتلەر ساقلانسىلا، بىر خەتنى كۆرۈپ، بىر سۆزنى، بىرىنچى جۈملىنى كۆرۈپ، ئىككىنچى جۈملىنى "ئالدىن بىلگىلى" بولىدۇ-دە، "بىر قاراپلا ئون قۇرنى كۆرۈش" دەرىجىسىگە يەتكىلى بولىدۇ. دېمەك، يېڭى شەيئىنى ئەستە تۇتۇشقا توغرا كەلسە، نۇرغۇن مەزمۇنلار كاللىدا ئاللىقاچان ساقلانغان بولغاچقا، باشقىدىن ئەستە ساقلاش ھاجەتسىز؛ لېكىن ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك ئازغىنا مەزمۇننى تونۇشلۇقلىرى ئارقىلىق تونۇشـ-سىزلىرىنى پەرەز قىلىش، كونىسى ئارقىلىق يېڭىسىنى باشلاش ئۇسۇلى بىلەن ئەستە قالدۇرۇشقا بولىدۇ. تەرجىمانلار چەت ئەللىك مېھمان بىر ئابزاس سۆزنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال تەرجىمە قىلىدۇ، مانا بۇ "بۆلەك" ئەستىلىكىنىڭ رولىـ-نى جارى قىلدۇرغانلىق، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سۆزنىڭ ئىزـ-چىللىقى تەرجىماننىڭ بىرمۇبىر ئەستە قالدۇرۇشىغا يول قويمايـ-دۇ، تەرجىمان جۈملىنىڭ ياكى بىر ئابزاس سۆزنىڭ ئاساسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنىسى بويىچە پۈتۈن ئۇقۇمنى ئەستە قالدۇرۇشى كېرەك. بىر ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى بۇنداق "بۆلەك"لەر قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇشى شۇنچە ئاسان، تېز، مەھكەم بولىدۇ، "بىر قاراپلا يادلىۋېلىش"نىڭ سىرى مانا شۇ.

## ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ياخشى چارىلىرى

ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق 15 نۇقتىنى ئىگەللىۋېلىش كېرەك:

1) ئۆزىنى بېسىۋېلىش كېرەك.

2) مېڭە بەك چارچاپ كەتمەسلىكى كېرەك.

3) ئۆزىگە ئىشەنچە بولۇش كېرەك.

4) ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەستە تۇتۇش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

5) تۇتۇۋېلىنىدىغان نەرسىگە قىزىقىش كېرەك.

6) كۆچلۈك مۇددىئا ئەستە قالدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

7) خۇشاللىق بېغىشلايدىغان شەيئى بىلەن باغلاش كېرەك.

8) غىدىقلاش نېرۋا ھۈجەيرىسىنى چېنىقتۇرىدۇ.

9) زەڭ قويۇپ كۆزىتىش ئەستە تۇتۇشقا پايدىلىق.

10) ئەستە قالدۇرۇلىدىغان نەرسىنىڭ ئەھمىيىتىنى تو-

لۇق چۈشىنىش كېرەك.

11) ئەستە قالدۇرۇلىدىغان نەرسىنى ئوبراز ئارقىلىق ئە-گەللىشۋېلىش كېرەك.

12) بىر تەرەپتىن پەرەز قىلىش، بىر تەرەپتىن ئەستە تۇتۇش كېرەك.

13) ئۇنۇملۇك تەكرارلاش ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئەپلىك يولى.

14) قىياس قىلىش ئەستە تۇتۇشقا پايدىلىق.

15) دەم ئېلىشنى بىلمىگەندە ئەستە ياخشى تۇتـقـىلـى بولمايدۇ.

## قايسى كۈنى مەسىلە توغرۇلۇق ئويلانغاندا ئۇنۇمى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ

ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ئىش ئىقتىدارى ھەپتىنىڭ قايسى بىر كۈنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرامدۇ؟ سابىق دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ پايتەختىدىكى بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئالىملىرى بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاشقا بەل باغلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر ھەپتە ئىچىدە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەك-شۈرگەن. بەزى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتا ناھايىتى تىرىشچان بول-سىمۇ، ھەتتا بەزىلىرى ناھايىتى ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچىلار بول-سىمۇ، ئۇلارنىڭ سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرىلا ئۆزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوقۇغانلىرىنى ياخشىراق ئۆزلەشتۈرۈۋالغانلىقى ۋە ئىگەللىۋال-
غانلىقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە مەلۇم بولغان، دۈشەنبە، پەي-
شەنبە، جۈمە كۈنلىرى ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنى ئوقۇشقا
مەركەزلەشمىگەن. ئالىملار مۇنداق دەپ ھېسابلاشقان: يەكشەنبە
كۈنىدىن كېيىنلا زېھنىي قۇۋۋەتنى دەرھال مەركەزلەشتۈرۈش
تەس، ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا ئادەم ھېرىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن
ئوقۇشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا، ئومۇمەن، سەيشەن-
بە، چارشەنبە كۈنلىرى ئىشنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ.

## مېڭىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشتە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

مېڭىنى قانداق قىلىپ مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك؟ بۇنىڭ-
دا مۇنداق ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1) مەسىلە توغرۇلۇق ئويلانغاندا، جىددىيلەشمەسلىك
كېرەك.

2) بىرمەھەل ھەقىقەتەن جاۋابىنى تاپالمىغان مەسىلىلەرگە
يولۇققاندا ئۆپكىنى بېسىۋېلىپ، ئوي-پىكىرنى رەتلەش كې-
رەك.

3) مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغاندا، ئۆزىنى تۇتالماي، كۆڭۈل-
سىزلىكلەرنى ئويلايدىغان ئىشنى قىلماسلىق كېرەك.

4) مېڭىنىڭ "ئەڭ ياخشى ئىشلەيدىغان ۋاقتى" ۋە "ئەڭ

ياخشى جايلىرى“دىن تولۇق پايدىلىنىپ، قىيىنراق مەسىلىلەرنى مېڭە ئەڭ ئوبدان ئىشلەيدىغان ۋاقىتتا ئويلاش كېرەك.

5) ئوي-پىكىرنى باشقا ئادەم ياكى ئىشلار بۆلۈۋەتكەندە، زورمۇزور بىھۇدە پىكىر يۈرگۈزۈۋەرمەسلىك كېرەك.

6) قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جاۋابىنى ئويلاپ تاپقىلى بولمايدىغان ياكى خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدىغان چوڭ ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ”بۆلۈش ئۇسۇلى“ ۋە ”سەكرەش ئۇسۇلى“ بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاۋۋال ئاسىنىنى، ئاندىن كېيىن تەسىرەكلىرىنى، ئاۋۋال ئەتراپىدىكىنى، ئاندىن كېيىن مەركىزىدىكى ئويلاش كېرەك.

7) ياخشى مەلۇماتقا ۋە خىسلەتكە ئىگە بولۇش، ئىدىيە جەھەتتە بىسىم بولغاندا، مەسىلىنى ئالدىراڭغۇلۇق ۋە يەڭگىللىك بىلەن بىر تەرەپ قىلماسلىق كېرەك.

8) مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، مەنتىقىلىق تەھلىل قىلىش، ئۇنىۋېرسال قىياس قىلىشقا ئادەتلىنىش كېرەك.

9) ئاخشىمى مېڭىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك.

10) ھەسەتخورلۇقتىن ۋە كۆڭلى غەش بولۇپ، غەمگە پېتىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# تەپەككۇر ئىقتىدارىنى قانداق ئۆستۈرۈش كېرەك

1) بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەپەككۇر مەزمۇنلىرىنى ئۇزلۇكسىز بېيىتىپ تۇرۇش كېرەك. تەپەككۇر بىلىم ۋە تەجرىبىنى ئاساس قىلىپ، ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە قىياسنى ئاساسىي شەكىل قىلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ھادىسىدىن ئۆتۈپ، شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

2) مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش كېرەك. ياشلار مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ماھىر بولۇشى، ھەم ئۆز بىلىمىنى ئىشلىتىپ، مەسىلىنى مۇستەقىل ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ بىلەن ھالقىلىق مەسىلىنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن قانۇنىيەتلىك ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك.

3) توغرا تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدۇر. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق بولۇش نۇقتىئىنەزەرى، تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى ئارقىلىق شەيئىلەرنى تەھلىل قىلىشى ۋە تەتقىق قىلىشىغا، بىر تەرەپلىمىلىكنى تۈگىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

4) ياخشى تەپەككۇر قىلىش پەزىلىتىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. ئەمەلىيەت جەريانىدا كەڭ، مۇستەقىل، جانلىق، سەزگۈر، تەنقىدىي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلىش ئادىتىنى

يېتىلدۈرۈپ، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە يۈزەلىكنى تۈگىتىش كې-
رەك.

5) تىل سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تىل— تەپەككۇر قورالى، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، تىل ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

## ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنىڭ قانداق پەرق ئېتىش كېرەك

بىر ئادەمدە تۆۋەندىكى پەزىلەتلەر كۆپرەك بولسا، بۇ شۇ ئادەمنىڭ بىرقەدەر كۈچلۈك ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

1. يىراق نىشان ۋە كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەتنى دەپ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتتىن كېچىشنى خالاش. 2. ئوخشىمىغان ئىسىملىقتىن قورقماسلىق. قاتتىق توسالغۇغا دۇچ كەلگەندىمۇ ئىگىلمەي-پۈكۈلمەي ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلەۋېرىش. 3. ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى ئوبيېكتىپ تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش ئىقتىدارى بولۇش. 4. كۈچلۈك ئالغا ئىنتىلىش روھى بولۇش، ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە شارائىتنىڭ ئاسارىتىگە تەن بەرمەسلىك، ھازىرقى ھالەتكە قانائەتلەنمەسلىك. 5. ھەۋەس-قىزىقىشلىرى كەڭ بولۇش. 6. خاتالىقنى دادىل بويىنىغا ئېلىش ھەمدە تەجرىبىلىكلەردىن ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش. 7. ھەر دائىم ئۆزىنى تېخى

ئىشلىتىپ بولالمىغان يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە دەپ ھېسابلاش. 8. ئۆزىگە قاتتىق، باشقىلارغا كەڭ بولۇش. 9. ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى ئاشكارىلاشتىن قورقماسلىق. 10. خېيىم-خەتەرنى دادىللىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىش، جاۋابكارلىقتىن قاچماسلىق، جاۋابكارلىقنى باشقىلارنى چېتىۋالماسلىق. 11. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچە كۈچلۈك بولۇش، بىر مۇنچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنى يەنىلا ئۆزى ھەل قىلىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىش. 12. سەمىمىي، تۈز بولۇش، باشقىلار بىلەن قارشىلىشىپ قېلىشتىن قورقماسلىق. 13. ئۆزىنى رىقابەت ئوبيېكتى قىلىپ، ئىگەللىگەن بىلىم ۋە ئىقتىدارىدىن مەڭگۈ قانائەتلەنمەسلىك. 14. نوپۇزلۇق كىشىلەردىن قورقماسلىق، ئۇلارغا خوراپىيلارچە ئىشىنىپ كەتمەسلىك. 15. باشقىلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرىدىن پايدىلىنىپ، شەيئىلەرنى ئەتراپلىق كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش. 16. ئۇلۇغۋار ئارزۇ-ئۈمىدكە ئىگە بولۇش، ئىچكى قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، ھاردىم-تالدىم دېمەي ئىشلەش؛ قىلغان ئىشى ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، ۋاقىت يېتىشمەيۋاتقاندەكلا ھېس قىلىش. 17. ئىجاد قىلىش پائالىيەتلىرىدىن ئەڭ زور قانائەت ھاسىل قىلىش، قىيىنچىلىقنى بويسۇندۇرۇشنىڭ چەكسىز شادلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش. 18. باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشنى خالاش، لېكىن ئۆزى ھۆكۈم قىلىشقا بەك ماھىر بولۇش.

ئوقۇيدىغان چاغدا كۆڭلى خاتىرجەم بولۇشى، تىنىقى تەكشى بولۇشى لازىم، ھودۇقۇش، تىت-تىت بولۇش ۋە جىددىيلىشىش كەيپىياتلىرىنى تۈگىتىشى كېرەك.

4) ئېنىق نىشان بولۇشى كېرەك. كىتابخان پۈتكۈل كىتاب ئوقۇش جەريانىدا ئەستىن چىقمايدىغان مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈكۈشى كېرەك.

5) مەخسۇس كۆڭۈل قويۇش كېرەك. كىتابخان كىتاب ئوقۇش ۋاقتىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتابقا بېرىلىپ، سەزگۈ ئەزاسى ۋە تەپەككۇر ئەزاسىنىڭ پائالىيىتىنى كۈچەيتىپ، چوڭ مېڭىدە ھاياجانلىنىش مەركىزىنى ھاسىل قىلىشى لازىم.

## بىلىم جۇغلاشنىڭ تۆت خىل ئۇسۇلى

پروفېسسور ۋاڭ زىكۇن بىلىم جۇغلاشنىڭ تۆت خىل ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ چىقتى: 1. لۇشۇندەك ھۇجەت-ماتېرىياللار ئىچىدىن توپلاش. لۇشۈن جۇڭگو ھېكايىچىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، مىڭلىغان ھۆجەت-ماتېرىياللاردىن لازىملىق ماتېرىيالنى ئىزدەيتتى. 2. پۇسۇڭلىڭدەك ئامىمىدىن ئېلىش. پۇسۇڭلىڭ "جىن-ئالۋاستى توغرىسىدىكى پاراڭغا قىزىقاتتى"، ئاڭلاپ بولۇپ قولىغا قەلەم ئالاتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇ مەشھۇر ئەسىرى «لياۋجەي رىۋايەتلىرى»نى يېزىپ چىققان. 3. دارۋىندەك بىۋاستە تەبىئەتتىن ئېلىش. ئۇ سىرتلاردا سەيلە قىلىپ ئوينىغان، جانلىقلارنىڭ ئۆلگەندە قالغان سۆڭەكلىرىنى تەتقىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلغان، شۇنىڭ بىلەن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «تۇرلەر-نىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسەرنى يازغان. 4. لى خېدەك ئۇدۇللۇق توپلاپ ئۇدۇللۇق خاتىرىلىگۈچىلىش. لى خې ھەركۈنى سىرتقا چىقىپ نېمىگە يولۇقسا، نېمىنى ئويلىسا دەرھال خاتىرىلىۋالاتتى، ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن تۈزىتىپ رەتلەيتتى، شۇنداق قىلىپ بۇلار ئېسىل شېئىرلاردىن بولۇپ قالاتتى.

## ئىختىساسلىقلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش

ئىختىساسلىقلارنىڭ "ئەڭ ياخشى ئىقتىدار"نى تولۇق جارى قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىقتىكى ئاچقۇچ ئۇلارنى ئىشلىتىدىغانلارنىڭ ئىلمىي ئىشلىتىش-ئىشلىتەلمەسلىكىدە. بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ جەھەتكە دىققەت قىلىش كېرەك:

1) ئىختىساسلىقلارنىڭ "ئەڭ ياخشى يېشى"نى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش لازىم. ئىختىساسلىقلار پىشىپ يېتىلىش دەۋرىگە قەدەم قويغان ھامان، ئۇلارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئۇلۇغۋار ئىرادىنى كۆڭلىگە پۈككەن پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى دادىل ئىشلىتىش، ئۇلارنى ئىقتىدارىنى تولۇق كۆرسىتىش، ئەقىل-پاراستىنى تەقدىم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىمكى، ئارىسالدا بولۇپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ "ئالتۇن دەۋرى"نى زايا قىلىۋەتمەسلىك كېرەك.

2 ) ئىختىساسلىقلارنىڭ ”ئەڭ ياخشى ئىقتىدارى“نى تاللاش ۋە جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئادەمنىڭ ئىقتىدارى ھەرخىل بولىدۇ. شۇڭا، ئىختىساسلىقلارنى ئىشقا قويغاندا، ئۇلارنى ئۆزى ئاجىزلىق قىلىدىغان ئىشقا قويۇش ئەڭ ناچار تەدبىردۇر؛ ئادەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئىشقا قويۇش ئوتتۇراھال تەدبىردۇر؛ ئۇلارنى ئەڭ زور ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئىشقا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئەڭ ياخشى تەدبىردۇر.

3 ) ئىختىساسلىقلارنىڭ ”ئەڭ ياخشى بىرىكمىسى“نى تاللىۋېلىش ۋە شەكىللەندۇرۇش لازىم. مۇۋەپپەقىيەت ياكى غەلىبە قازىنالايدىغان بىر گۇرۇھ جەزمەن ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

## ئۆگىنىش ۋە قان تىپى

قان تىپى ئادەمنىڭ مىجەزى، كەيپىياتى، پسىخىك ھەرىكىتى قاتارلىقلارغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. قان تىپىنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرىدىغان يېتىشسىزلىكتىن مۇمكىنقەدەر ساقلانغاندا، ئۆگىنىش ئۈنۈمى مۇقەررەر زور دەرىجىدە ئاشىدۇ.

قېنى A تىپلىق ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى: روھىي كەيپىياتى قاتتىق داۋالغۇپ تۇرىدۇ، پىلانلىق ئىش قىلىشقا ماھىر كېلمەيدۇ، تېز قىزىيدۇ، تېز سوۋۇيدۇ، ئىشتا پاسسىپراق كېلىدۇ، مۇتەئەسسىپرەك كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇنداقلار ئۆگىنىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـته مۇۋاپىق پىلان تۈزۈشكە دىققەت قىلىشى كېرەك ۋە ئۇنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئۆگىنىش پىلانى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، ئازراق بولۇشى، ئىمكانىيەت قالدۇرۇلۇشى لازىم، ئەينى ۋاقىتتا، ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن دەرسلىكنى ۋە خاتىرىنى ئىشلەتكەندە، ئۆگىنىش ئۈنۈمى ياخشىراق بولىدۇ.

قېنى O تىپلىق ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى: ھەرىكىتى ئاستىراق كېلىدۇ، كۆپىنچە، چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى تولۇق بىلىۋالماي تۇرۇپلا يالتىيىپ قالىدۇ. شۇڭا بۇنداقلار مەسىلىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن تەكرارلاشنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. بۇنداقـ ـلارنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ياخشىراق، تەكرارلىغاندا يادلاشـ ـنى ئاساس قىلىشى كېرەك. قېنى O تىپلىق ئادەملەر كۆچلۈك ئىرادىلىك، سوغۇققان كېلىدۇ، ئەمەلىي ئىشلەيدۇ، ئۇسۇل ۋە نىشانى توغرا بولسىلا نەتىجە قازىنالايدۇ.

قېنى B تىپلىق ئادەملەر راستچىل، ئوچۇق، ھەرىكىتى چاققان كېلىدۇ، لېكىن قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، كۆپىنچە، ئاخىرغىچە چىداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ. شۇڭا بۇنداقلار ئۆگىنـ ـىش نىشانىنى ئېنىق بەلگىلىۋېلىشى ھەمدە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆگىنىشكە بېرىلىشى، بىرنەچچە دەرسلىكنى ئۆز ئارا ئالماشتۇـ ـرۇپ ئۆگىنىشى لازىم.

قېنى AB تىپلىق ئادەملەر تېز بىر قارارغا كېلىدۇ، تېز ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۆزىنى قابىلىيەتلىك كۆرسىتىدۇ، ئۆزىگە بەك ئىشىنىدۇ، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ. لېكىن، دىققىتى مەلۇم بىر ئىشقا

مەركەزلەشكەندە، باشقا ئىشنى ئاسان ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇڭا بۇنداقلار كەيپىياتىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا دىققەت قىلىشى، 50 مىنۇت ئۆگەنسە، 10 مىنۇت دەم ئېلىشى لازىم.

## نېمە ئۈچۈن 9-ئاينىڭ 10-كۈنى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى قىلىپ بېكىتىلدى

نېمە ئۈچۈن 9-ئاينىڭ 10-كۈنى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى قىلىپ بېكىتىلگەن دېگەن سوئالغا مەملىكەتلىك مائارىپچىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بەردى: 1951-يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى بىلەن مەملىكەتلىك مائارىپچىلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەسلىھەتلىشىپ، گومىنداڭ دەۋرىدىكى "6-ئىيۇن ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى"نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى 1-ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى بىلەن قوشۇۋېتىشنى بەلگىلىگەنىدى. بۇنى ئىجرا قىلىش نەتىجىسىدە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەچكە، ئۈنۈم كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. 1957-يىلى "سول"چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى ئۈن-تىنسىز يوقاپ كەتتى. 1985-يىل 1-ئاينىڭ 21-كۈنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەر يىلى 9-ئاينىڭ 10-كۈنىنى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى قىلىپ بەلگىلىدى، بۇنداق بەلگىلەشتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنۇلار كۆزدە تۇتۇلغان: يېڭى ئوقۇش يىلى باشلانغاندا، مەكتەپلەردە يېڭى كەيپىيات، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلاردا يېڭى ھېسسىيات بولۇشى كېرەك. يېڭى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرىشى بىلەنلا، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش پائالىيىتى باشلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوبدان ئوقۇتۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوبدان ئوقۇشى ئۈچۈن، ياخشى كەيپىيات يارىتىلىدۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، 9-ئايدا مەملىكەتلىك بايرام ئاز بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ۋاقتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇشىغا ۋە كەڭدىلىك تەشۋىق، خەۋەر قىلىشىغا قولايلىق بولىدۇ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساسلىق كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئەپلىك بولىدۇ.

## مۇۋەپپەقىيەتكە ماڭغۇزىدىغان ”ئۈچ“

ئۈچ خىسلەت: چېرنىشېۋسكىي مۇنداق دەيدۇ: ”ئادەم ھەقىقىي مەلۇماتلىق بولۇش ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ خىسلەتنى ھازىرلىشى كېرەك: مول بىلىم، پىكىر قىلىش ئادىتى ۋە ئالىيجاناب پەزىلەت.“

ئۈچ خىل بىلىم: ئارىستوتىل مۇنداق دەيدۇ: ”ئىنسانغا

مۇنداق ئۈچ خىل بىلىم كېرەك: نەزەرىيە، ئەمەلىي ئىشلە-تىش، پەرق ئېتىش.»

ئۈچ ئامىل: فرانسىيىلىك بىئولوگ پاستېر مۇنداق دەيدۇ: «ئىرادە تىكلەش، ئىشلەش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئۈچ ئامىلىدۇر. ئىرادە تىكلەش ئىشنىڭ دەرۋا-زىسى، ئىشلەش ئۈيگە كىرگىچە بولغان ئارىلىق، مۇۋەپپەقىيەت بۇ ئارىلىقنىڭ چېكى.»

ئۈچ پرىنسىپ: فرانسىيە ئاسترونومى دايىلاۋگېلىن ئۆزى-نىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش تەجرىبىسىدىكى ئۈچ پرىنسىپنى يەكۈنلەپ چىققان، ئۇ بولسىمۇ كۆپ كۆرۈش، ئاڭلاش، كۆپ ئوقۇش، ھارماي تەجرىبە قىلىش.

ئۈچ قەدەم-باسقۇچ: فرانسىيىلىك ئەدىب رۇسسو كىتاب ئوقۇشنى ساقلاش، سېلىشتۇرۇش، تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش دېگەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن.

ئۈچ نېگىز بولۇش: چېن جىڭرۇن مۇنداق دەيدۇ: ئۆگى-نىشتە مۇنداق ئۈچ نېگىز بولۇشى كېرەك: بىرىنچىسى ئىشەنچ، ئىككىنچىسى ئىرادە، ئۈچىنچىسى غەيرەت.

ئۈچ ئاساس: گومورو ياشلاردا «ئۈچ ئاساس»نىڭ بولۇشى، يەنى ئىدىيىۋى ئاساس، ئىلىم-پەن جەھەتتىكى ئاساس ۋە تىل ئاساسىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى.

ئۈچ كۆپ بولۇش: ئوۋ ياڭشيۇنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش تەجرىبىسى ياخشى ماقالىلەرنى كۆپ ئوقۇش، ماقالە يېزىشنى كۆپ مەشق قىلىش، دوستلار بىلەن كۆپ مۇزاكىرە قىلىشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىبارەت.

## ياشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەككىز ئامىل

ئامېرىكىلىق بىر ئالىم تەتقىقات ئارقىلىق ئىشتا ياكى خىزمەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مۇنەۋۋەر ياشلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇنداق شەرتلەرنى ھازىرلىغانلىقىنى بايقىغان:

1) ئۆزى قىلىۋاتقان خىزمەت ياكى ئىشنى ئىنتايىن سۆيۈش ھەمدە پۈتۈن كۈچى بىلەن قىلىش.

2) كۈچلۈك ئالغا ئىنتىلىشچانلىق بولۇش، پۇختا بولۇش، باشقىلاردىن تىرىشچان ۋە سەمىمىي بولۇش.

3) ئىندىۋىدۇئاللىقى كۈچلۈك بولۇش، لېكىن داۋلى بىلەن خەقنى قايىل قىلالايدىغان بولۇش.

4) ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىش، قورقۇنچاق بولماسلىق.

5) زېھنىي قۇۋۋىتى تولۇق بولۇش، ھەرىكەت ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇش.

6) توختىماي ئالغا بېسىش جاسارىتى بولۇش، ئۆزىگە نىشان بەلگىلىۋېلىش ھەمدە ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

7) بەسلىشىش خاراكتېرى بولۇش، كونا قائىدىلەرگە يېپىشىۋالماسلىق.

8) ئادالەتنى ئەلا بىلىش، مەڭگۈ رەزىل ۋاستىلەر بىلەن ئۆزىگە نىسىپ بولمىغان مەنپەئەتكە ئېرىشمەسلىك.

شۇڭا، ياشلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىكەن، ئاۋۋال يۈكسەك ئىرادە ۋە ئېسىل خىسلەتنى يېتىشتۈرۈپ، كۈندىلىك ئۇششاق ئىشلاردىن باشلاپ ئاز-ئازدىن ئىشلىشى كېرەك.

## 40 ياشتىن بۇرۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى

سىز 40 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلامسىز؟ بۇنىڭدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان سەككىز سىر بار:

1) ئۆزىڭىز ئىنتىلگەن نىشانغا تولۇق ئىشەنچ بولسۇن، نىشانىڭىز 50٪ يۇقىرى بەلگىلەنسۇن، ھەرقانداق ئىشنى بەلگىلەشتە، چوڭ نىشانغا بويسۇنۇش كېرەك. ئىشنى بۈگۈندىن باشلاش، ھازىرقى ھالەتكە شۈكۈرى قىلىپ تۇرماسلىق كېرەك.

2) ئىجتىھات بىلەن كىتاب ئوقۇش، ھەركۈنى مەنئۇى كۆتۈبخانىنى تولۇقلاپ تۇرۇش لازىم؛ يوشۇرۇن ئاڭنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئىجادىي پىكىرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ھەمدە ئۇنى قەتئىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش لازىم.

3) مۇۋاپىق ھۆكۈم قىلىشنى مەشق قىلىش، ھەممە ئىشنى تەتقىق قىلىش، مەسىلىنىڭ مەركىزىنى تاپمىغۇچە بولدى قىلماسلىق لازىم. قارار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال سىناق

قىلىش لازىم.

4) ئۆز ھېسسىياتىڭىزنى بېسىۋېلىشنى بىلىشىڭىز، ئۆزىڭىزنى تۆۋەن چاغلاش ۋە قورقۇش روھىي ھالىتىڭىزنى تۈگىتىشىڭىز لازىم؛ داۋلى جەھەتتە توغرا دەپ ھېسابلىغاندىن كېيىن ئىشقا كىرىشىش، ئۆز تەشەببۇسىنى ئاقتۇرۇشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك.

5) ئۇقۇمۇشلۇق، ياش تىجارەتچىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەندە، ئۆزىڭىزنى ئۇزلۇكسىز ئۆزگەرتىپ تۇرۇڭ.

6) ۋاقىتتىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىڭ، ئوخشاش خىلدىكى ئىشنى بىللە قىلىڭ. ھەركۈنى ئەتىگەندە كۆڭلىڭىزنى خاتىرجەم قىلىڭ، پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇڭ.

7) كىشىلەر بىلەن كەڭ ئالاقە ئورنىتىڭ، كەسىپداشلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدا كەڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىڭ. باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشىدىغان چاغدا، ئالدى بىلەن شۇ ئادەمنى چۈشىنىڭ، گېپىنى زەڭ قويۇپ تىڭشاڭ، سوئال سوراشتىن ھېيىقماڭ، كىشىنىڭ گېپىگە، چىرايىغا زەڭ سېلىشقا ماھىر بولۇڭ.

8) تېتىك ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلىپ، ئۆزىڭىزدە پائال ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى يېتىشتۈرۈڭ. شەيئىنىڭ يورۇقلۇق تەرىپىنى كۆپرەك كۆرۈڭ، مەسىلىدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ، مۇسابىقىنى ادىل قوبۇل قىلىڭ، ئادىل تەنقىدنى قوبۇل قىلىڭ.

# 5 . تەنتەربىيە ساھەسىدىكى ئىشلار

## دۇنيادىكى تەنتەربىيە بويىچە پادىشاھلىق دۆلەتلەر

پۇتبول پادىشاھلىق دۆلىتى—برازىلىيە
چويلاتوپ پادىشاھلىق دۆلىتى—ئامېرىكا.
سۇ توپ پادىشاھلىق دۆلىتى—ۋېنگرىيە.
مۇز توپ پادىشاھلىق دۆلىتى—كانادا.
كالا بىلەن ئېلىشىش پادىشاھلىق دۆلىتى—ئىسپانىيە.
قار تېيىلىش پادىشاھلىق دۆلىتى—ئاۋستىرىيە.
قىلىچۋازلىق پادىشاھلىق دۆلىتى—ئىتالىيە.
ۋاسكېتبول پادىشاھلىق دۆلىتى—ئامېرىكا.
كالتەك توپ پادىشاھلىق دۆلىتى—ئامېرىكا.
جۇدو چېلىشىشى پادىشاھلىق دۆلىتى—ياپونىيە.
بېلىق تۇتۇش پادىشاھلىق دۆلىتى—ياپونىيە.
ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش پادىشاھلىق دۆلىتى—فىنلاندىيە.
نەيزە ئېتىش پادىشاھلىق دۆلىتى—فىنلاندىيە.
قورشاش شاھمىتى پادىشاھلىق دۆلىتى—ياپونىيە.

تىكتاك توپ پادىشاھلىق دۆلىتى—جۇڭگو.
گولف توپ پادىشاھلىق دۆلىتى—ياپونىيە.
پەي توپ پادىشاھلىق دۆلىتى—ھىندونېزىيە.
چاۋغان توپ پادىشاھلىق دۆلىتى—پاكىستان.
سۇ ئۈزۈش پادىشاھلىق دۆلىتى—ئاۋستىرالىيە.
ئېغىرلىق كۆتۈرۈش پادىشاھلىق دۆلىتى—بۇلغارىيە.
ئات توپى پادىشاھلىق دۆلىتى—پاكىستان.

## تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنىڭ خىلمۇ خىل نامى

لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى: ئومۇمەن، بىر تەنھەرىكەت تۈرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇسابىقە بولۇپ، شەخس ياكى كوللېكتىپ چېمپىيونلار تاللاپ چىقىلىدۇ، بۇ "يەككە تۈر لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى" ياكى "چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
لوڭقا تالىشىش مۇسابىقىسى: مەلۇم تۈردىكى تەقدىرنامە نامى بىلەن ئاتىلىدىغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بولۇپ، لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى خاراكتېرىنى ئالغان.
تەكلىپ مۇسابىقىسى: بىر ياكى بىرنەچچە دۆلەت (رايون) باشقا دۆلەت (رايونلار) نى تەكلىپ قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە.

قارشىلىشىش مۇسابىقىسى: تەنھەرىكەت تېخنىكا سەۋىيىسى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىككى ياكى بىرنەچچە كوماندىلار ئارا دۆلەت ياكى ئورۇن تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان مۇسابىقە.

ئايلانما مۇسابىقە: ”ئايلىنىش تۇزۇمى“ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدا مەلۇم بىرلەشتۈرۈش بويىچە، قاتناشقۇچىلار (كوماندا ياكى شەخس) ئۆزئارا نۆۋەتلىشىپ مۇسابىقە قىلىدۇ، ئەڭ ئاخىردا مۇسابىقىدە ئۇتقان-ئۇتتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ نام تەرتىپى بېكىتىلىدۇ.

شاللاش مۇسابىقىسى: ”شاللاش تۇزۇمى“ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا، مۇسابىقىدە ئۇتتۇرغانلار پەيدىنپەي شاللاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ، ئۇتقانلار ئالدىن بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە كېيىنكى نۆۋەتلىك مۇسابىقىغە قاتنىشىدۇ، ئەڭ ئاخىردا چەكلىك نام تەرتىپى بېكىتىلىدۇ.

ئۆلچەمگە يېتىش مۇسابىقىسى: ئومۇمەن، مۇسابىقىغە قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى كۆپرەك بولغان چاغدا (مەسىلەن، يېنىك ئاتلېتكا، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق تۈرلەردە)، ئاۋۋال ئۆلچەمگە يېتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئالدىن بەلگىلەنگەن نەتىجە ئۆلچىمىگە يەتكەنلەر ياكى بەلگىلەنگەن ساننىڭ ئىچىدىكىلەرلا رەسمىي مۇسابىقىغە قاتنىشالايدۇ.

تاللاش مۇسابىقىسى: بۇنىڭدا تەنھەرىكەت تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرىراق بولغان تەنھەرىكەتچىلەرنى بايقاپ ۋە تاللاپ، ۋەكىل كوماندىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ياكى تولۇقلاپ، بىردەرىجە يۇقىرى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىغا قاتنىشىشقا تەييارلىق كۆرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاساسىي مەقسەت قىلىنىدۇ.

دەرىجىلىك مۇسابىقە: تېخنىكا سەۋىيىسى ياكى يېشى تەڭ كېلىدىغان تەنھەرىكەتچىلەر (كوماندا) ئارىسىدا بولىدىغان مۇسابىقە. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ مەشق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، كۆپرەك ئەمەلىي مۇسابىقە تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.

## دۇنيا چېمپىيونى دېگەن نېمە

بەزى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى، مەسىلەن، تەكلىپ مۇسابىقىسى، ئاشكارا مۇسابىقە، مۇكاپاتلىق مۇسابىقە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئومۇملاشتۇرۇپ دۇنيا مۇسابىقىسى دېيىلىدۇ. لېكىن، ھەرقايسى كوماندىلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى تەكشى بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈنلەي خەلقئارا تەنتەربىيە تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇسابىقىدە بىرىنچى بولغانلارنى دۇنيا چېمپىيونى دېيىشكە بولمايدۇ. خەلقئارا تەنتەربىيە تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرغان بەزى مۇسابىقىلەر، مەسىلەن، دۇنيا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، خەلقئارا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قاتارلىقلاردا، مۇسابىقىغە قاتناشقان كوماندىلارنىڭ سەۋىيىسى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە يەتمىگەنلىكى، مۇسابىقىغە قاتناشقان تەنھەرىكەتچىلەر ياش چەكلىمىسى قاتارلىق ئامىللار-

مېدالنىڭ بەزىلىرى ئالتۇندىن ياسالغان (بەزىسى 22 كاراتلىق، بەزىسى 18 كاراتلىق) . دۆلەت ئىچىدىكى مۇسابىقىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئالتۇن مېدال ئومۇمەن مېتالغا بىر قەۋەت ئالتۇن ھەل يالىتىپ ياسالغان مېدالدۇر؛ كۈمۈش مېدال ئالىيۇمىن بۇيۇملارغا كۈمۈش ھەل بېرىلىپ ياسالغان مېدالدۇر؛ مىس مېدال سېرىق رەڭ بېرىلگەن مېدالدۇر.

## بوي ئۆستۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇلى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق ئېگىز گە سەكرەش تەنھەرىكەتچىسى ئەخمىتوپ تەنتەربىيە چېنىقىشى ئارقىلىق بويىنى ئۆستۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلغان. ئۇ گۆدەك چېغىدىن تارتىپلا ئېگىز گە سەكرەش بويىچە مەشھۇر تەنھەرىكەتچى بولۇشنى ئۇمىد قىلىپ كەلگەنىكەن. بىراق ئۇنىڭ بويى ئېگىز ئەمەسكەن، 14 ياشتىن 16 ياشقىچە بولغان بۇ ئىككى يىل ئىچىدە ئۇنىڭ بويى بىر سانتىمېترمۇ ئۆسمىگەنلىكتىن، ئېگىز گە سەكرەش نەتىجىسىمۇ توختاپ قالغانىكەن. ئۇ پەرىشان ھالدا مەشھۇر مائارىپچى لانسكىيدىن ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. لانسكىي ئۇنىڭغا، دائىم مەخسۇس مەشق قىلسىڭىز بويىڭىز ئۆسىدۇ دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرلىكتە بىر يۈرۈش مەخسۇس مەشقنى تەتقىق قىلىپتۇ، ئەخمىتوپ ھەركۈنى ئىككى

قېتىم—ئەتىگىنى بىر قېتىم، كەچتە بىر قېتىم مەشق قىلىپ-تۇ. بىرنەچچە ئاي مەشق قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆسۈش-كە باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ، بىرىنچى يىلى سەككىز سان-تىمېتىر ئۆسۈپتۇ؛ ئىككىنچى يىلى يەنە داۋاملىق مەشق قىلىپ، يەنە سەككىز سانتىمېتىر ئۆسۈپتۇ؛ ئۈچىنچى يىلى بەش سانتى-مېتىر ئۆسۈپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1.85 مېترگە يېتىپتۇ. كېيىنكى يىلى ئۇ بۇ بىر يۈرۈش مەشقنى توختىتىپتىكەن، ئاران ئىككى سانتىمېتىر ئۆسۈپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن بىر باش ئېگىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا بويىچە بىرىنچى قاتاردىكى ئېگىزگە سەكرەش ماھى-رى بولۇپ قاپتۇ. ھازىر ئەخمىتوپ ترېنېرلىق خىزمىتىنى ئۆتەۋاتىدۇ، ئۇ دائىم ئۆزى بويىنى ئۆستۈرۈشتە قىلغان مەشقنى مەشق پائالىيەتلىرىگە كىرگۈزمەكتە، ئەستايىدىل مەشق قىلغان ياشلار-ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تېز ئۆسكەن، تۆۋەندە ئەخمىتوپ ئىشلىگەن مەشقنى تونۇشتۇرىمىز:

1) 5—7 مىنۇت ئاستا يۈگۈرۈش؛ 18—20 مىنۇت ئەۋ-رىشىملىك ۋە بوش قويۇۋېتىش مەشقى ئىشلەش؛ تۇرلۇك پۇتنى كۆتۈرۈش مەشقى قىلىش، "تاختايدىن سەكرەش"، "پولاڭلى-تىش"، "سىلكىش" مەشقى قىلىش.

2) يالاڭ تورنىكقا ئېسىلىپ، بەدىنىنى بوش قويۇۋېتىش. 20 سېكۇنتتىن ئىككى قېتىم ئېغىرلىق يۈدمەي مەشق قىلىش، بىر قېتىم ئىككى پۇتىغا 5—10 كىلوگرام ئېغىرلىق تېڭىپ مەشق قىلىش. مەخسۇس تاسمىدا ئىككى پۇتنى بىر يەرگە ئىلىپ

قويۇپ، باشنى تۆۋەنگە ساڭگىلىتىش.

3) 60—70قېتىم سەكرەپ ئىككى قول بىلەن جىسىملىق ئېگىزلىكنى تۇتۇش. ئىككى پۇت بىلەن سەكرەپ ئېگىزلىكنى تۇتۇش مەشقىنى ئىككى گورۇپپا بويىچە ئىشلەش، ھەر بىر گۇرۇپپىدا 10 قېتىم مەشق قىلىش؛ بىر پۇت بىلەن سەكرەپ ئېگىزلىكنى تۇتۇش، ئوڭ، سول پۇتنىڭ ھەربىرى ئىككى گۇ-رۇپپا بويىچە، ھەربىر گۇرۇپپىدا ئون قېتىمدىن مەشق قىلىش. ئارىلىقتا 5 — 8 سېكۇنتقىچە ئازراق دەم ئېلىش، 4 — 5مىنۇتقىچە كۆپرەك دەم ئېلىش. ھەر ئىككى مەشقتە پۇتۇن كۈچنى سەرپ قىلىش كېرەك. ئەگەر ئېسىپ قويۇلغان جىسىم-نى ئاسان تۇتالىسا، ئېگىزلىتىش كېرەك.

4) ئېگىزلىكى 20—30 مېتىر دۆڭگە چىقىپ ئۆزىنى بوش قويۇۋېتىپ، ئاندىن تېز يۈگۈرۈپ پەسكە چۈشۈش ھەرىكىتىنى ئۈچ-تۆت قېتىم تەكرارلاش.

5) ئۇخلاشتىن بۇرۇن كارىۋاتقا باغلانغان رېزىنكىنى بەدەن-نى بىلەن تارتىش ھەرىكىتىنى ھەپتىدە ئۈچ قېتىم مەشق قى-لىش. بۇنىڭدا، بىر تال رېزىنكە ئىككى پۇتقا باغلىنىدۇ، يەنە بىر تىلى ئىككى مۈرىسىگە باغلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەدەن "تارتىشىپ" تۇرىدۇ. بۇنى مەشق قىلغانلار دەسلەپتە ئۇخلىيال-مايدۇ، ئادەتلەنگەندىن كېيىن ناھايىتى ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلايدۇ.

6) ھەپتىدە ئىككى-ئۈچ قېتىم سۇ ئۈزۈش، بۇنىڭدا نوقۇل ھالدا سۈرئەت بىلەن ئارىلىقنى قوغلاشماستىن، سۇدا سوزۇلۇش مەشقىنى ئىشلەشنى تەكىتلەش لازىم. مەسىلەن، پاقىچىلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزۈشتە قولنى تولۇق سوزۇپ، پۇتنى تېپىش لازىم. ھەپتىدە 3—4 قېتىم ۋاسكېتبول ئويناش، توپنى كۆچەپ تاللىشىپ، گارغا سەكرەپ ئېتىش لازىم.

7) كۆندە سەكرەپ تۇرۇش، ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە، ھەممە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىغا سەكرەش كېرەك. يول-دا كېتىۋاتقاندا سەكرەپ دەرەخ شاخلىرىنى تۇتۇش، ئۆيدە سەك-رەپ تورۇسنى تۇتۇش لازىم. بىر كۈن ئىچىدە پۇتۇن كۈچ بىلەن 200 قېتىم سەكرەش كېرەك، شتانكا كۆتۈرۈش مەشقىنى قالايمىقان قىلىشقا بولمايدۇ، يېنىكرەك ئېغىرلىق كۆتۈرۈش مەشقى قىلىشقا بولىدۇ.

شۇنىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدىكى، ئۇدا بىر يېرىم سائەتلىك ئوتتۇرا ھال دەرىجىدىكى تەنتەربىيە مەشقى بىلەن شۇغۇللانغاندا، بەدەندە ھاسىل بولىدىغان گورموننىڭ مىقدارى ئىككى ھەسسى-دىن كۆپ ئاشىدۇ. كۈندۈزى بەدەن چېنىقتۇرغانلارنىڭ كەچتە گورمونى يەنە ئاشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بويى ئۆسىدۇ. لېكىن بۇ 17ـ18 ياش ئارىلىقىدىلا چەكلىنىدۇ، ياش ئۇنىڭدىن (24، 25ياشتىن) ئارتىپ كەتكەندە يەنە ئۆسمەيدۇ.

ھەممە تەنتەربىيە مەشقىنىڭ بوينىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسى بولۇۋەرمەيدۇ. قىسقا ۋاقىتلىق (10—15 مىنۇت)، ئانچە كۈچلۈك بولمىغان (مەسىلەن، تېز مېڭىش، ئاستا يۈگۈرۈش، يۈرەكنىڭ ھەرىكەت سىجىللىقى مىنۇتىغا 100—120 قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەيدىغان) مەشقلەر، شۇنىڭدەك كۈچلۈك، ئۇزاق ۋاقىتلىق مەشقلەر (مەسىلەن، نەچچە سائەتلىك يۈگۈرۈپ

مېڭىش ۋە قار تېپىلىش) دە بوينى ئۆستۈرۈش گورمونىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئالدىنقىسىدا ھەرىكەت مىقدارى كەم، كېيىنكىسى كىشىنى چارچىتىۋېتىدۇ. شۇڭا، مەشق مىقدارىنى توغرا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاخىردا، ئېگىز بولۇشنى ئويلىسىڭىز، يامان ئادەتلەرنى، يەنى تاماكا چېكىدىغان، ھاراق ئىچىپ مەس بولىدىغان ئادەتلەرنى تاشلاڭ، چۈنكى مۇشۇنداق ئادەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاستا خاراكتېرلىق زەھەرلىنىش بويىنىڭ ئۆسۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 6 . قانۇنچىلىق ساھەسى

## قەدىمكى جىنايى جازالار

شىيا، شاڭ قۇللۇق جەمئىيىتىدىن تارتىپلا تۈرلۈك رەھىمسىز جىنايى جازالار بار ئىدى، بۇلاردىن دائىم قوللىنىلىدىغىنى پېشانىگە خەت ئويۇش، بۇرۇننى كېسىش، پۇت-قولىنى كېسىش، ئاختا قىلىش قاتارلىقلار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، قىيىما-چىيما قىلىش، قورۇتۇش، كۆيدۈرۈش، شىلىش، قارنىنى يېرىش، ئۆرتەش قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى، بۇلار ئادەمنى قىيام، قاق قىلىدىغان، كۆيدۈرىدىغان ۋەھشى جازالاردۇر. غەربىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، رەھىمسىزلەرچە تەن جازاسى بېرىش ئاستا-ئاستا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇرۇش (15تىن 50كىچە ئۇرۇش)، كالتەكلەش (60تىن 100گىچە ئۇرۇش)، قاماش (بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە)، پالاش (1000لىدىن 3000 لىغىچە يىراقلىققا)، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش (دارغا ئېسىش)تىن ئىبارەت بەش جازا قانۇندا بېكىتىلگەنىدى. كېيىن ئۆتكەن سۇلالىلەرمۇ مۇشۇ بويىچە ئىش قىلغان. ئەمما، كاللىسىنى ئېلىپ ئېسىپ قويۇش، بەلدىن چېپىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىش، پارە-پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈش، ئۆلتۈرۈپ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش، ئېغىر تاقاق سېلىش، ئاختا قىلىش قاتارلىقلار "پەۋقۇلئاددە جازا" ھېسابلىناتتى.

تى، ئۇنىڭدىن سىرت، سويۇش، قوشۇپ تاقاق سېلىش، سانـ
ـدۇققا سېلىش، كاللىسىنى چەمبەرلەپ قىسىش قاتارلىق "قا-
نۇندىن سىرت جازا" لارمۇ ئۆتكەندىكى سۇلالىلەر دەۋرىدە كەيـ
ـنى-كەينىدىن مەيدانغا كېلىپ تۇرغان.

## بەش جازا دېيىلگىنى قايسىلار

جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتىدە ئەڭ دەھشەتلىك بەش
خىل جازا بولۇپ، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن كەلگەن،
بۇلار مۇنۇلار:

يۈزىگە خەت چېكىش جازاسى:

بۇرۇننى كېسىۋېتىش جازاسى؛

پۇتنى كېسىۋېتىش جازاسى: پۇتنى چېپىۋېتىش جازاسى
دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدا پۇت ئۈزۈۋېتىلىدۇ (تىزدىن كېسىۋېـ
ـتىلىدىغان يەنە بىر خىل جازا قانۇنى—لېپەكنى كېسىۋېتىش
جازاسى بولۇپ، ئۇ پۇتنى ئۈزۈۋېتىدىغان پۇتنى چېپىۋېتىش
جازاسىغا ئوخشمايدۇ)؛

پىچىش جازاسى: بۇ ئەرلەرنىڭ جىنسى ئەزاسى ۋەھشىلەر-
چە كېسىۋېتىلىدىغان، ئاياللارنىڭ تۇغۇش ئىقتىدارىغا بۇزغۇنـ
ـچىلىق قىلىدىغان جىنايى جازادۇر؛

ئۆلتۈرۈش جازاسى: شاڭ، جۇ، ئەمىنىيە، يېغىلىق دەۋر-
لىرىدىكى ئۆلۈم جازاسىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇي سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە، بۇ بەش خىل جازا بارا-بارا مۇنداق ئۆزگەرگەن:

ئۇرۇش جازاسى: چىۋىق ياكى بامبۇك تاختا بىلەن ساغرىسىغا، پاچىقىغا ياكى دۈمبىسىگە ئۇرىدىغا جازا.

كالتەكلەش جازاسى: كالتەك ياكى چوڭ بامبۇك تاختا ياكى بولمىسا توقماق بىلەن كاسىسىغا، پاقالچىكىگە ياكى دۈمبىسىگە ئۇرىدىغان جازا.

قاماش جازاسى: بۇ قاماپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بولۇپ، هازىرقى جىنايەتچىنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىدىغان جىنايى جازاغا ئوخشمايدۇ.

پالاش جازاسى: چەت-يىراق جايغا سۈرگۈن قىلىپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بولۇپ، بۇ جازا چىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان، سۇي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ”بەش خىل جازا“نىڭ بىرى قىلىپ رەسمىي بەلگىلەنگەن، بۇ تا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە داۋاملاشقان؛

ئۆلۈم جازاسى: جىنايەتچىنى هاياتىدىن مەھرۇم قىلىدىغان جازادۇر.

## دۇنيادىكى قانۇن ساھەسىدىكى ئەڭ

▲قانۇن بويىچە كەشپىيات پاتېنت هوقۇقىغا ئىگە بولۇش جەھەتتىكى ئەڭ: بۇ يىل 56 ياشقا كىرگەن ياپونىيىلىك جۇڭ-

سۈك جىلىياڭ 2360 خىل پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولۇپ، 456 خىل پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ئىدسوندىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن.

▲سوتچى نىسبىتى جەھەتتىكى ئەڭ: ئەنگلىيىدە سوتچىلارنىڭ نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 مىڭ كىشىگە 5.50 تىن سوتچى توغرا كېلىدۇ، ئامېرىكىدا بولسا 6.20دىن، جۇڭگودا 76.0دىن سوتچى توغرا كېلىدۇ.

▲جاۋابكار بولۇش سانى جەھەتتىكى ئەڭ: ئاۋستىرالىيىلىك ئېدۋارد ئېبىزېل ئۆمرىدە 1433 قېتىم جاۋابكار بولغان.

▲سوت كوللېگىيىسىدىكى مۇنازىرە جەھەتتىكى ئەڭ: مۇنازىرە 1025كۈن داۋاملاشقان. بۇ ئەنگلىيىدە ئاس ئودون يالغان دەلىل ياساپ چىققان ئەنزىنى قاراپ چىقىش جەريانىدا يۈز بەرگەن، مۇنازىرە 1971-يىل 5-ئاينىڭ 11-كۈنى باشلىنىپ، 1974-يىل 2-ئاينىڭ 18-كۈنى ئاخىرلاشقان.

▲ئاقلاش سۆزى جەھەتتىكى ئەڭ: ئەنگلىيىلىك ۋىلىيام ھېنرى ئاپجوخان 1916-يىلىدىكى بىر قېتىملىق سوتتا، جاۋابكارنىڭ بايانىغا ئاساسەن ئۇدا 45 كۈن سۆزلىگەن.

▲جازا مۇددىتى جەھەتتىكى ئەڭ: ئىسپانىيە پارما. دېمار ئول ئارلىنىڭ پوچتاليونى برىئېل گلاندوس ۋەزىپىنى ئادا قىلالماسلىق جىنايىتىنى سادىر قىلىپ، توققۇز يىلدا 42 مىڭ 768 پارچە خەتنى يوتتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، شۇ دۆلەتنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بىر پارچە خەتنى يوتتۇرۇپ قويسا توققۇز

يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا جەمئىي 384 مىڭ 912 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن.

▲تۈرمىدە يېتىش جەھەتتىكى ئەڭ: ئامېرىكىلىق پاۋول گېيگى 1911-يىلى تۈرمىگە كىرىپ، 1980-يىل 5-ئاينىڭ 7-كۈنى تۈرمىدىن چىققان، جەمئىي 68 يىل سەككىز ئاي تۆت كۈن تۈرمىدە ياتقان.

## چەت ئەللەرنىڭ غەلىتە قانۇن-نىزاملىرى

▲ئافرىقا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىدىكى مالاۋىنىڭ قانۇنىدا ئەرلەر ئۇزۇن چاچ قويماسلىق بەلگىلەنگەن. ئەگەر ئۇزۇن چاچ قويغانلار بايقالسا شۇ يەردىلا چېچى كېسىۋېتىلىدىكەن. خەلقئارا ئايرودروم، ۋوگزاللاردا چەت ئەللەردىن كەلگەن ئۇزۇن چاچلىق ئەرلەرنىڭ چېچىنى كېسىش ئۈچۈن مەخسۇس قايچىلار تەييارلىنىدىكەن.

▲مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىنىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئالدىدا قوپال گەپ قىلماسلىق، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلارنى بىر ھەپتە تۈرمىگە سولاش كېرەك دەپ ئوچۇق بەلگىلىگەن. ئەگەر بىر يىل ئىچىدە تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر بولسا، يېرىم يىل تۈرمىگە سولىنىدىكەن ھەمدە

جەرىمانە قويۇلىدىكەن.

▲ئىرلاندىيىنىڭ قانۇنىدا، قىز-ئوغۇللار رەسمىي توي قىلغاندىن كېيىن مەڭگۈ بىللە ياشايدۇ، ئاجرىشىپ كېتىشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا ئىرلاندىيىلىكلەر نىكاھ ئىشلىرىدا بەكمۇ ئېھتىياتچان كېلىدۇ، چوڭراق بولغاندا توي قىلىدۇ.

▲ئېكۋادوردىكى ئاندېس تېغىنىڭ يەرلىك قانۇنىدا، بىرىنچى قېتىم نىكاھدىن ئاجراشقان ئاياللار بەش يىل تەنها ئۆتكەندىن كېيىن قايتا نىكاھلانسا بولىدۇ؛ ئىككىنچى قېتىم ئاجراشقان ئاياللار سەككىز يىل تۇل ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن يەنە توي قىلسا بولىدۇ، ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق ئاجراشقانلار ئۆمۈر-ۋايەت توي قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن

▲ئامېرىكا كانزاس شتاتىدا يەكشەنبە كۈنى يىلان گۆشى يېيىش چەكلەنگەن؛ ماسساچۇسېتىس شتاتىنىڭ قانۇنىدا بوۋاقلارغا قەھۋە ئىچكۈزۈش چەكلەنگەن؛ ئىندىئانا شتاتىدىكى گاردا سامساق يەپ تۆت سائەتكىچە ترالليبوسقا ئولتۇرۇشقا، كىنو تىياتىرخانىلارغا بېرىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

## ئەنزە ئېنىقلاشنىڭ بىر نەچچە خىل يېڭى ئۇسۇلى

لازېر نۇرى بىلەن ئەنزە ئېنىقلاش ئۇسۇلى: جىنايەتچى

بايلىقنى كۆزلەپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتسە، چەت ئەللىك تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغۇچى خادىم جىنايەتچى نەق مەيداندا قالدۇر- غان نۇرلىنىش ئىسسىقلىقىدىن پايدىلىنىپ، لازىر نۇرلۇق گو- لوگرافىيە بىلەن سۈرەتكە تارتىش ئارقىلىق جىنايەتچىنىڭ قىيا- پىتىنىڭ ئىزناسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جىنايىتى بار دەپ گۇمان قىلىنغۇچىنى گۇماندىن ساقىت قىلىپ، ئەنزىنى ئېنىق- لاش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىدىكەن.

پۇراق ئارقىلىق ئەنزە پاش قىلىش ئۇسۇلى: يېقىندىن بۇيان، ئامېرىكا ئادەمنىڭ پۇرىقىنىڭ ھەرگىز ئوخشىمايدىغان- لىقىدىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، پۇراق ئارقى- لىق ئەنزە پاش قىلىش ئۇسۇلىنى قانات يايدۇرۇپتۇ، ئەنزىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغۇچى خادىم ئۆي ئىچىدىكى نەق مەيداندىن بىر تۇڭ ھاۋا قاچىلاپ ئەپكېتىپ، ئۇنى تېخنىكا ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىپ، سىناق بۇيۇمى قىلىدىكەن. ئاندىن كېيىن ئاب- شاركا ئارقىلىق سىناق بۇيۇمى بىلەن جىنايىتى بار دەپ گۇمان قىلىنغۇچىنىڭ پۇرىقىنىڭ ئوخشايدىغان ياكى ئوخشىمايدىغان- لىقىنى ئايرىپ چىقىدىكەن، ئۇچ ئابشاركا "كوللېكتىپ تەك- شۈرگەن"دىن كېيىن، ئومۇمەن جىنايەتچى ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدىكەن.

ئاۋاز يوللىرى ئارقىلىق ئەنزە پاش قىلىش ئۇسۇلى: ياپو- نىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەنزىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغۇچى خادىملىرى تۇرلۇك ئۇسۇللار ئارقىلىق قېچىپ كەتكەن جىنايەت- چىنىڭ ئاۋازىنى تېپىپ، ئاۋاز يوللىرى تېخنىكىسىنى قوللى-

نىش ئارقىلىق بۇ ئاۋازنى خەرىتىلەشتۈرۈۋالىدىكەن، بۇنىڭغا ئاساسەن جىنايەتچىنىڭ يېشى، يۇرتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋەھاكازالارنى مۆلچەرلەيدىكەن، جۈملىدىن قوغلاپ تۇتۇش لايى-ھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن جىنايەتچىنى ئاسانلا تۇتۇپ كەلگىلى بولىدىكەن.

كۆز سىزىقلىرى ئارقىلىق ئەنزە پاش قىلىش ئۇسۇلى: كۆز سىزىقلىرى — ئادەمنىڭ كۆز ئالمىسىنىڭ كەينىدىكى قان تومۇرلارنىڭ جايلىشىش ھالىتى. ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئەنزە پاش قىلغۇچى خادىملىرى كۆز سىزىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتىدىن پايدىلىنىپ كۆز سىزىقلىرىنىڭ شەكلى-نى چۈشۈرۈۋېلىش ئارقىلىق، جىنايەتچىنىڭ قىياپىتى، ئالاھى-دىلىكى ئۈستىدە تېز ھەم توغرا ھۆكۈم قىلالايدىكەن، ھېلىگەر جىنايەتچىلەر ياسىنىپ-تارىنىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىسكەتىنى تۈزىگەن ھالەتتىمۇ ئەسلى قىياپىتىنى بىلىۋالالايدىكەن.

## ئەڭ غەلىتە جىنايى جازا

مۇنداق جايمۇ باركى، ئۇيەردە كىمكى سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆ-لەي دەپ قالغان ئاياللارنى قۇتقۇزسا، شۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلى-نىدىكەن.

ھازىر ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان غەربىي كالىمانتان ئارىلى دېڭىز ياقىسىدىكى پونتىئاناك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى ئارالدىكى ئاياللارغا ھېچقانداق كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن. لېكىن ئۇلار دۇنيادا شۇ ئىرقتىكى ئاياللاردىنمۇ بەك سۇ ئۈزەلەيدىغان ئاياللارنى تاپقىلى بولمايدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىكەن، ئۇلار ئولىمپىك مۇسابىقىسىدا سۇ ئۈزۈش تۈرىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇقمايدىغان ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇلارمۇ تەلەپ قىلىپ قاتنىشىپ، ھەممە ئالتۇن مېدالنى ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئۇلار دەل ئۆزلىرىنىڭ سۇ ئۈزۈش تېخنىكىسىدىن ئىنتايىن پەخىرلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن، بۇ ئارالدا كىمكى سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلەي دەپ قالغان ئايالنى قۇتقۇزۇپ چىقىدىغان بولسا، ئۇ دەرھال ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەيدىغان قانۇنىي بەلگىلىمە بار ئىكەن. ھازىرغىچە بىرەرمۇ ئايال سۇغا چۆكۈپ كەتمىگەچكە، بۇ قانۇن بىرەر قېتىممۇ ئىشلىتىلمەپتۇ.

## ئۆلگەندىن كېيىن سوتلاش

رىم پاپاسى ستېفېن Ⅶ (1896—1897-يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاللىقاچان ئۆلگەن سابىق پاپا فورمۇساسنى قايتىدىن سوتلىغان، مېيىتنى يەرلىكتىن كولاپ چىقىپ، پاپا كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، ئۇنى جاۋابكار تۇرىدىغان ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، خۇددى تىرىك ئادەمنى سوتلىغاندىكىدەك سوتلاپلا قالماستىن، بەلكى سوتچى،

تەپتىشلەرنى تەيىنلىگەن، ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتنىمۇ چاقىرىپ كەلگەن، سوت ئېچىش نەتىجىسىدە، سابىق پاپا فورمۇساسقا جىنايەت ئارتىلىپ، ئۆلۈككە كىيدۈرۈلگەن پاپا كىيىملىرى سالدۇرۇلغان، مېيىت پارە-پارە قىلىنىپ دىبېر ئار دەرياسىدىغا تاشلانغان.

## نىكاھتىن ئاجرىشىش شەرتلىرى

بۇرۇن ياپونىيىدە: "ئۈچ يىلغىچە بالا تۇغمىسا ھەيدىلىدۇ" دەيدىغان گەپلەر بار ئىكەن. ئاياللار توي قىلىپ ئۈچ يىلغىچە پەرزەنت كۆرەلمىسە، دەرھال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تولۇق سەۋەب بولىدىكەن.

ئەمما ئافرىقىدىكى بابىرا مىللىتى ئارىسىدا مۇنداق ئادەت بار ئىكەن؛ ئەگەر ئەرلەر ئايالى بىلەن ئاجراشماقچى بولسا، بىر كىچىك كۆبكە ماي تولدۇرۇپ قويسا ھەمدە بىر تال ھاسا قويۇپ قويسىلا بولىدىكەن. ئەر بۇ ئىككى خىل نەرسىنى بىرەر ئاخشىمى ئايالى ياتىدىغان ھۇجرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويىدىكەن؛ ئەتىسى ئەتىگەندە ئايالى بۇ نەرسىلەرنى كۆرسىلا، ئىككىيلەن ئاجرىشىپ بولىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 7. كىشىلىك تۇرمۇشتا

## كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك 11 ئىش

1) ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ناچار مۇھىت ۋە ئەسكى ئاغىنە-ئاداشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش. بۇنداقلار يېتىلگەندە ئۆزگەرتىشكە دىققەت قىلمىسا، بىرەر ئىش قىلغاندا بۇ يامان تەسىر ئادەت سۈپىتىدە ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ.

2) قەتئىي ئىرادە كەم بولۇش. بۇنداقلار ئىش قىلغاندا، ھەممىشە ئىشنى ئوبدان ”باشلايدۇ“، لېكىن ئوبدان ”ئاخىرلاشتۇرمايدۇ“، ئۇلارنىڭ غەيرىتى شۇئاردىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

3) ئىشنى ئارقىغا سۆرەپ كۆتۈشكە ئادەتلىنىپ قېلىش. ئۇنداقلار ئەڭ ياخشى پەيتنى كۈتۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن زىيادە ئېھتىياتچان كىشى باشقىلار تەرىپىدىن تاللاپ ئېلىنىپ قالغان پۇرسەتنىلا تۇتالايدۇ.

4) ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى كەم بولۇش. ئادەم ئۆزىدىكى پاسسىپ ئامىللارنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ئەگەر، سەن ئۆزەڭنى باشقۇرالمىساڭ، باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ كېتىسەن-دە، ئىش تەۋرىتەلەيدىغان ئادەم بولالمايسەن.

5) زېھىنىنى يىغىۋېلىش كەم بولۇش. ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى مۇھىم نىشانغا مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن خالىغانچە شاخ-تىن-شاخقا قونماسلىق كېرەك.

6) باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشالماسلىق. بەزى ئادەملەرنىڭ تەبىئىي تالانتى ناھايىتى ياخشى، ئىقتىدارىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، لېكىن ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلىقتىن، باشقىلار بىلەن بىردەك ھەمكارلىشالمايدۇ، نەتىجىدە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ.

7) ئۆزى تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي تۇرۇپلا ئېرىشكەن ھوقۇق ۋە تەسىر كۈچتىن بەھرىمەن بولۇش. ۋارىسلىق قىلىش كىشىلەرنى قورساق تويغۇزۇشنىلا بىلىپ، باشقا ئىش بىلەن كارى بولمايدىغان، بىكار تەلەت قىلىپ قويىدۇ، بۇ ھال ئالغا بېسىش يولىدىكى يوك بولۇپ قالىدۇ.

8) كەسىپتە ھەمكارلاشقۇچىنى خاتا تاللاش. بۇنىڭ نەتىجىسى ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىش بولماستىن، بەلكى ئادەمنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان "ئىچكى ئۇپراش"تىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

9) كەسىپنى خاتا تاللاش. ھېچقانداق ئادەم ئۆزى قىزىقمايدىغان خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەمەس. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ بىرىنچى قەدەمدىكى ئىشى —— ئۆزى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىشنى خالايدىغان كەسىپنى توغرا تاللاش.

10) تۇرمۇش قۇرۇشتا لايىقنى خاتا تاللاش. ماسلاشقانلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ تويى ئىشلاردا زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئىشلارغا پۇتلىكاشاڭ بولۇشى مۇمكىن.

11) سالامەتلىك ئەھۋالى ياخشى بولماسلىق. زېھنىي كۈچ قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى، بۇ ئاساسنى ھەممىمىز مۇستەھكەملەيلى.

## تىل ئالاقىسىدىكى ئۈچ پرىنسىپ

1) ھەمكارلىق پرىنسىپى. ① مىقدار پرىنسىپى: ئىمكان-قەدەر قارشى تەرەپكە زۆرۈر بولغان ئۇچۇرنى يەتكۈزۈش، زۆرۈ-رىيىتى يوق ئۇچۇرلارنى يەتكۈزمەسلىك. ② سۈپەت پرىنسىپى: گەپ-سۆزنىڭ راست بولۇشىغا تىرىشىش. ③ مۇناسىۋەت پرىن-سىپى: گەپ-سۆزلەر دېيىشىۋاتقان گەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بو-لۇشقا تىرىشىش. ④ ئۇسۇل پرىنسىپى: گەپ-سۆزلەر چۈشى-نىشلىك بولۇشقا تىرىشىش، گەپ-سۆزنىڭ ئېنىق بولماي قېلى-شىدىن، پەلىپەتىش گەپ قىلىپ قويۇشتىن ۋە باشقىچە چۈشەنچە بېرىپ قويۇشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش كېرەك.

2) ئەدەبلىك بولۇش پرىنسىپى. ① ستراتېگىيە پرىنسى-پى: باشقىلارغا ئازار بېرىدىغان پىكىر ياكى پوزىتسىيىنى ئىم-كانقەدەر ئازراق بىلدۇرۇش؛ باشقىلارغا مەنپەئەتلىك بولغان پى-كىر ياكى پوزىتسىيىنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك ئىپادىلەش لازىم. ② مەردلىك پرىنسىپى: ئۆزىگە مەنپەئەتلىك ئىشلارنى ئىمكانقە-دەر ئازايتىش كېرەك، ئۆزى بېرىشكە تېگىشلىك بەدەلنى ئىم-

كانقەدەر كۆپەيتىش لازىم. ③ ئالقىشلاش پرىنسىپى: ئىمكانقە-دەر باشقىلارنى ئازراق چۈشۈرۈش؛ ئىمكانقەدەر باشقىلانى كۆپ-رەك ماختاش كېرەك. ④ بىردەكلىك پرىنسىپى: ئىمكانقەدەر باشقىلار بىلەن بىردەك بولماسلىقنى ئازايتىپ، ئىمكانقەدەر بىر-دەكلىكنى كۆپەيتىش كېرەك. ⑤ ھېسداشلىق قىلىش پرىنسى-پى: ئىمكانقەدەر باشقىلارنى سەت كۆرمەي، باشقىلارغا بولغان ھېسداشلىقنى ئاشۇرۇش كېرەك.

3) رېئاللىق پرىنسىپى. كىشىلەرنىڭ تىل ئالاقىسى جەر-يانىدا، ئەگەر رېئال ئەھۋالغا قارىماي، خالىغانچە ئۇ يەر-بۇ يەردىن نەقىل كەلتۈرگەندە، نۇرغۇن سۆزلەر ئىككى خىل ھەتتا كۆپ خىل چۈشىنىلىشى مۇمكىن، بۇنىڭ ئىچىدە گەپ قىلغان كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىدىن باشقىچە چۈشىنىشلەرنىڭ ھەممىسى رېئال ئەمەس، ھەتتا بولمىغۇر چۈشىنىش بولىدۇ. سۆزلىگۈچى-نىڭ ئۆزى دەۋاتقان پاكىت، ئەھۋال، ھالەت قاتارلىقلارغا ئاڭ-لىغۇچىنىڭ ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىلىشى چۈشىنىشلىك ئەھۋال، قائىدىگە سىغىدۇ. بۇخىل پرىنسىپ ”رېئاللىق پرىنسىپى“ بو-لۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# گەپ-سۆز ۋە ھەرىكەت ھالىتى جەھەتتىكى تۆت پەرھىز

ھەرىكەت ھالىتى بىرخىل ئاۋازسىز تىل. ياخشى ھەرىكەت ھالىتى گەپ-سۆزنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، گەپ قىلغاندا ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇتۇق سۆزلىگەندە مەلۇم ئاكتىپ رول ئوينايدۇ؛ ناچار ھەرىكەت ھالىتى ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىشۈېرىدىغان بولسا، دائىم ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ”قوللىنىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ“، شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئاسان يامان ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم ئۇتۇقنىڭ ئۇنۇمىنى زور دەرىجىدە كېمەيتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گەپ-سۆزدە چوقۇم شۇنىڭغا ھەرۋاقىت دىققەت قىلىش كېرەككى، ھەرىكەت ھالىتىنىڭمۇ بەزى ”تەھقىقلەش ئىزامى“ بولىدۇ.

1) گەدەن قاشلاشقا بولمايدۇ. گەپ قىلىۋاتقاندا گەدەن قاشلاش ئوڭايسىزلانغانلىقنى، ئۆزىنى تەبىئىي تۇتالمىغانلىقنى ئىپادىلەيدىغان سۇنئىي ھەرىكەتتۇر، ئۇ تارتىنىپ ھودۇققانلىقنىڭ ئىپادىسى. ئۇ باشقىلارنىڭ سىزنى گەپ قىلىشقا ئۇستا ئەمەسكەن، ياكى بولمىسا، سىزنى نەزەردائىرىسى تار، ئىجتىمائىي ئالاقە قىلىش تەجرىبىسى كەم ئىكەن دەپ ھېسابلاپ، سىزنى كۆزگە ئىلماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

2) ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قويۇش سۇپەتنى چۈشۈرىدۇ. باشقىلار بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، ئىككى قول ھەمىشە ئارتۇقچە تۇيۇلىدۇ. ئۇنى يوشۇرىمەن دەپ تەبىئىي ھالەت يوقىتىپ قويۇلىدۇ، ئىككى قول دائىم ئارقىسىغا قىلىۋېلىنسا، قارشى تەرەپكە سەت كۆرۈنۈپ قالىدۇ.

3 . پۇتنى مىدىرلىتىش مەدەنىيەتسىزلىك. ئولتۇرۇپ گەپ قىلغاندا ياكى ئۆرە تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىگەندە، بىر پاقالچىكىنى (بەزىلەر ئىككى پاقالچىكىنى مىدىرلىتىشقا ئامراق) توختىماي

مىدىرلىتىپ تۇرغاندا، ھەرقانچە چۈشىنىشلىك، جاراڭلىق سۆزلىگەن بىلەنمۇ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بىزار بولۇشىدىن ساقلان-غىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ پۇقرالارغا سۆزلــىــگەنــدە شۇنداق بولىدۇ.

4) بۇرۇننى دائىم ئۇۋۇلاش زىيانلىق. بارماق بىلەن پات-پات بۇرۇننى كوچىلاش، تۇرۇپ-تۇرۇپ بۇرۇننىڭ ئۇچىنى ئۇۋۇلاش بىرخىل ناچار ئادەت. سۆزلەۋاتقاندا مۇشۇنداق قىلىش گەرچە ئاممىنى بىزار قىلىشى ناتايىن بولسىمۇ، لېكىن، بەزى ئاڭلاۋاتقان ئاممىنىڭ بۇرۇن نېرۋىسىنى غىدىقلىمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇرۇن تۈشۈكى، بۇرنىنىڭ ئۇچى قىپ-تىشقانلىقنى بىلىنەر-بىلىنمەس ھېس قىلىدۇ-دە، ئۇۋۇلاشقا، كوچىلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

## ۋاقىتنى تۇتۇشنىڭ سەككىز خىل ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى

1) جانلىقلىققا ئىگە بولۇش كېرەك. كۈندە ئىككى-ئۈچ سائەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋاقىت چىقىرىپ، مەخسۇس مەلۇم ئىشىڭىزنى بىرتەرەپ قىلىۋالسىڭىز، بۇ ۋاقىتنى ئىگەللىشى-ڭىزدىكى بىر خىل ناھايىتى ياخشى ئادىتىڭىز بولۇپ قالىدۇ.

2) بۇگۈنى قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان ئىشنى ئەتىسى قىلىش كېرەك. سىز شۇ كۈنلۈك ئىشلارنى تىزىپ قويۇپ، ئەڭ

مۇھىم ئىشنى پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئىشلىمەكچى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىڭىزدا سىزگە تېخىمۇ مۇھىم بىر ئىش تاپشۇرۇلىدۇ. دېمەك بەزىدە بۇگۈنى ئورۇنلىيالمىغان ئىشنى ئەتىسى چوقۇم قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

3) "ئىش رەسمىيىتى جەدۋىلى"دىن پايدىلىنىش: بىر "ئىش رەسمىيىتى جەدۋىلى" تۈزۈپ، بۇ جەدۋەلنى بىر ۋاراق قەغەزگە ياكى كارتىن قەغەزگە يېزىپ، كالېندارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى بېتىگە، يا بولمىسا، ئايلىق كالېندارنىڭ كەينىگە چاپلاپ قويۇش كېرەك، مۇھىم ئىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى ھەپتىدە ئاز دېگەندە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قاراپ قويۇش كېرەك.

4) مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتىن بىر قېتىمدا بىرنىلا قىلىش كېرەك. دۇۋىلىنىپ قالغان بىرمۇنچە ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، ئۆزىڭىزنىڭ ئويلىرىنى تاسقاپ كۆرسىڭىز زەرۇرى يوق. ھەر قېتىم تاسقىسىڭىز بىر ئوچۇملا "قۇم" قالىدۇ، بۇ بىر ئوچۇم "قۇم" ئەڭ بۇرۇن قىلىشىڭىزغا تېگىشلىك بولغان ئىشتۇر، قالغانلىرى بولسا كېيىن نۆۋەت بىلەن تاسقاپ قىلىنىدىغان ئىشلاردۇر.

5) ئىككىنچى كۈنى ھەممىدىن ئاۋۋال قىلىنىدىغان ئىشنى جوزىغا ئېلىپ قويۇش كېرەك. ئىشتىن چۈشۈشنىڭ ئالدىدا جوزىنى چوقۇم رەتلەپ، ئەڭ ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى جوزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويۇپ قويسىڭىز، ئەتىسى سەھەردىلا ئۇ ئېسىڭىزگە كېلىدۇ.

6) تۇرلۇك خىزمەتلەرنى ئىشلەشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاقىتنى بېكىتىپ قويۇش لازىم. بىر كۈنلۈك ۋاقتىڭىزنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى قايسى؟ ئەگەر ئەتىگەن ئەڭ ياخشى پەيتىڭىز بولسا، پىلاندىكى ئىشنى مۇشۇ چاغدا قىلسىڭىز زەرىرى يوق. پىلاندىكى ئىش كېچىكتۈرۈشىڭىزگە مۇتلەق بولمايدىغان ئىشتۇر.

7) مۇددەتكە قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك. مۇددەت تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەڭ ئالدىدا قىلىنىدىغان خىزمەتكە مۇددەت بەلگىلەپ قويۇش لازىم، تەرتىپ بويىچە ئەڭ ئاخىردا قىلىنىدىغان خىزمەتكە مۇددەت بەلگىلەپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

8) خىزمەتتە مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇشنىڭ يامىنى يوق. ناۋادا سىز بىر ئىشتا كۆڭلىڭىزدىكىدەك ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىسىڭىز، ئۇنى قويۇپ تۇرۇپ، ھەممىدىن ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك باشقا ئىشنى قىلغىنىڭىز ياخشى.

## تەنقىد قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك

ئەگەر تەنقىد ئارقىلىق كۆڭلىڭىزگە پۈككەن ئۇنۇمگە ئېرىشىشنى ھەم ھەر ئىككى تەرەپتە كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلماي قويماسلىقنى ئويلىسىڭىز، تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈك.

1) تەدرىجىي ئىلگىرىلەش شەكلىدىكى تەنقىد. شۆھرەتپەرەسلىكى كۈچلۈكرەك يولداشقا يولۇققاندا، ئۇنىڭ خاتالىق، كەمچىلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئوتتۇرىغا قويماسلىق كېرەك. بۇنىڭدا بىرقەدەر ياخشى ئۇسۇل — ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى باسقۇچ-قاتلاملارغا بۆلۈپ كۆرسىتىپ بېرىش، سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلەش، پەيدىنپەي ھەل قىلىش.

2) مەسلىھەت ۋە مۇھاكىمە تەرىقىسىدىكى تەنقىد. بۇنىڭدا مەسلىھەت بېرىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يولى بىلەن تەنقىدنى تەنقىد قىلىنغۇچىغا بىلدۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇنداق ئۇسۇل مىجەزى ئىتتىك، ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋالىدىغانلىقى ئېنىق بولغانلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

3) سوئال قويۇش تەرىقىسىدىكى تەنقىد. بۇ تەنقىد قىلماقچى بولغان ئىشنى سوئال قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەش دېگەنلىك، بۇنىڭدا، تەنقىد قىلىنغۇچىدا دەرھال ئىنكاس قوزغىلىدۇ ھەمدە پىكىر قىلىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى تونۇۋالالايدۇ ۋە تۈزىتىۋالالايدۇ.

4) پايدىلىنىش خاراكتېرىدىكى تەنقىد. يەنى باشقىلارنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تەنقىدنىڭ مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈرۈش، بۇ تەنقىدلەنگۈچىگە ئوبيېكتىپ جەھەتتە مەلۇم بېسىم بولغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى تونۇۋېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

5) بىۋاستە تەنقىد. بۇ خىل تەنقىد ئۇسۇلىنى، ئومۇمەن، مۇنداق ئۈچ خىل ئادەمگە قوللىنىشقا بولىدۇ. بىرى، ئادەتتە ئىدىيىۋى ئاساسى ياخشى، تەنقىد ۋە تەقدىرلەشكە توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغانلار؛ ئىككىنچىسى، ئۆگىنىشكە بېرىلىدىغان، باشقىلارغا ۋە ئۆزىگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە مۇئامىلە قىلالايدىغانلار؛ ئۈچىنچىسى، ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى ئاسانلىقچە ئېتىراپ قىلىشقا ئۇنمايدىغان، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى يا باشقىلارغا ئىتتىرىدىغان، ياكى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلار. ئالدىنقى ئىككى خىل كىشىگە نىسبەتەن، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇدۇللا نېمە بولسا شۇنى دېيىشىش كېرەك. ئۈچىنچى خىلدىكىلەرگە نىسبەتەن، تەنقىد قىلىغاندا پاكىت قويۇش، دەلىل-ئىسپات كۆرسىتىپ سۆزلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىڭىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

## ئالاقە داۋامىدىكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى

ئالاقە داۋامىدا سۆدەك سۆزلەيدىغان، تېز ئىنكاس قايتۇرىدىغان، يۇمۇرلۇق سۆزلەيدىغان كىشىلەر ھەمىشە ئالقىشقا ئىگە بولىدۇ. قانداق قىلغاندا مۇشۇنداقلاردىن بولغىلى بولىدۇ؟ مۇشۇنداق ئادەملەردىن بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت

بېرىش كېرەك.

1) پائال قوزغىتىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش. تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ، كۆپچىلىكنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاش كېرەك.

2) گەپتىن گەپ چىقىرىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش. كۆپچىلىكنى بەدىئىي سىرلىق ئورۇنغا باشلاپ كىرىش لازىم.

3) ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىنى بېسىپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىش كېرەك.

4) ئويلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قىزىقسىنىشىدىن پايدىلىنىپ، سوئال سوراش ياكى سىرلىق گەپلەر بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنى جەلپ قىلىش لازىم.

5) بىلىملىك كىشى كەمتەر كېلىدۇ دېگەندىكىدەك ئىقتىدارنى چېنىقتۇرۇش. بىلىملىك كىشىنىڭ ئۆزىنى كەمتەر كۆرسىتىش چارىسىنى رەددىيە بېرىش ماھارىتى ھېسابىدا قوللىنىشمۇ ئەينەك قىلىشقا بولىدىغان چارىدۇر.

6) ئەھۋالغا قاراپ قايتۇرۇپ سوراش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش. ئاۋۋال قارشى تەرەپكە رەددىيە بەرمەسلىك كېرەك. بەلكى ئۇنىڭ توغرىسىنى ئېتىراپ قىلىپ، قارشى تەرەپنى سۆزلىتىش لازىم، ئۇنىڭدىن كېيىن، قارشى تەرەپنىڭ سۆز ئورامىغا ئاساسەن، زىددىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇپ، رەددىيە بېرىشكە ئۆتۈش لازىم، تۇيۇقسىزلا قايتۇرۇپ سورىغاندا، قارشى تەرەپنىڭ

سۆز ئورامىدىن بىمەنە يەكۈن چىقىرىلىپ قالىدۇ-دە، قارشى تەرەپ گەپ قىلماي تۇرۇۋالىدۇ.

7) ئۆز لايىقىدا بولۇش ئىقتىدارىنى چىنىقتۇرۇش. ئۆزىڭىزنىڭ يۇمۇرىستىك ھېسسىياتىڭىز تولۇق ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، بىرچەتكە بىرىپ جىم ئولتۇرسىڭىزمۇ، ئوخشاشلا، كۆپچىلىكنى ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىڭىزغا قايىل قىلدۇرالايسىز.

بۇنىڭدىن باشقا، ئالدىنقىسى بىلەن كېيىنكىسىنى باغلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى، مالىمانچىلىقتا ئۇچرىغاندا چۆچۈپ كەتمەسلىك ئىقتىدارىنى، تەشكىلىي جەھەتتىن باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىقتىدارلارنى ئالاقە داۋامىدا چېنىقتۇرۇش زۆرۈر.

## قورقۇنچاقلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى

1) باشقىلارنىڭ ئالدىدىن ئۇدۇل ئۆتۈڭ.

2) قارشى تەرەپنىڭ قاڭشىرىغا تىكىلىپ قاراشنى مەشىق قىلىپ، باشقىلارغا ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلدۇرۇڭ.

3) گەپنى باشلىغاندا ئاۋازنى جاراڭلىق چىقىرىڭ، تۈگەتكەندىمۇ كۈچلۈك چىقىرىڭ؛ ئەكسىچە، گەپنى باشلىغاندا ئاۋازىڭىزنى بوش چىقارسىڭىز، تۈگەتكەندىمۇ بوش بولىدۇ.

4) بەزىدە، ۋاراڭ-چۇرۇڭدا باشقىلارنىڭ ئاڭلىيالىشى ئۇ-

چۈن قۇلىقىغا ئاستا سۆزلەش زۆرۈر.

5) قارشى تەرەپنى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن، پەيتى كەلگەندە ئۇن چىقارماي تۇرۇۋېلىڭ.

6) ناتونۇش ئادەم بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئاۋۋال، دىمەكچى بولغىنىڭىزنى تىزىۋېلىڭ.

7) دىمەكچى بولغىنىڭىزنى باشتىن ئاخىر ئېسىڭىزدە قالدۇرۇۋېلىڭ، شۇنداق قىلغاندا، باشتىن-ئاخىر راۋان سۆزلىيەلەيسىز.

8) بىر ئامالارنى قىلىپ، ئۇلۇغ زاتلار بىلەن ئۇچرىشىڭ. ئۆزىڭىزدىن قابىللار بىلەن ئالاقە قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز بىلىم ئۆگىنىسىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۆزىڭىزدىن قابىللارنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى كۆرەلەيسىز، بۇنىڭ بىلەن ئىشەنچىڭىز ئاشىدۇ.

9) ئۆزىگە داۋاملىق قىيىن سوئاللارنى قويۇش قورقۇنچاقلىقنى ئۈزلۈكسىز تۈگىتىشنىڭ ئۇسۇلىدۇر.

10) دىققەت قىلىڭكى، بۇلار ئىشنىڭ يولى ۋە ئېپىدىنلا ئىبارەت. ئالدى بىلەن يەنىلا ئۆز كەسپىي خىزمىتىڭىزگە پۇختا بولۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئىقتىدارغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئىشەنچكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى قىممەتكە ئىگە بىر ئادەم بولغىلى بولىدۇ.

# تىنچلىق سوراشقاندا ۋاقىت ۋە سورۇنغا قاراش كېرەك

”تاماق يېدىڭىزمۇ؟“* دېگەن گەپ تونۇشلار كۆرۈشكەندە، كۆپ كىشىلەر دېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان تەكەللۇپ سۆزىدۇر.

”كېلىپ تۇرۇڭ-ھە!“ بۇ بەزىلەر تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولغاندا ياكى پاراڭلىرى تۈگىگەندە دەيدىغان ئادەت سۆزىدۇر.

ئومۇمەن، تونۇشلار، دوستلار يۈز كۆرۈشكەندە دەل جايىدا ئۆزئارا تىنچلىق سوراشقىنىغۇ توغرا. لېكىن، سورۇن، ۋاقىتقا قارىماي، تاماق يېدىڭىزمۇ ياكى كېلىپ تۇرۇڭ دەپ ھەممىنى بىر قېلىپقا سېلىۋالسا، نازاكەتلىك يوقايدۇ، چاكىنا بىلىنىدۇ ھەتتا قارشى تەرەپنى بىزار قىلىدۇ. مەسىلەن، سائەت توققۇز بولۇپ بولغاندا كىشىلەردىن ئەتىگەنلىك تاماق يېدىڭىزمۇ؟ دەپ سوراش، روشەنكى، بىر قۇرۇق گەپ. يەنە مەسىلەن، باشقىلار ئالدىراش ئىشلەۋاتقاندا، ”كېلىپ كېتىڭ“ دەپ تەكلىپ قىلىش تەكەللۇپ سۆزى بولغان تەقدىردىمۇ، قارشى تەرەپنى بىئارام قىلىپ قويۇشى مۇقەررەر.

مىللىتىمىز ئۇلۇغ مىللەت، مەملىكىتىمىز پۈتۈن دۇنياغا داڭلىق قائىدە-يوسۇنلۇق، مەدەنىيەتلىك قەدىمىي مەملىكەت، ئەدەبلىك بولۇش، مەدەنىيەتلىك بولۇش ئېلىمىز خەلقىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى. ئاددىي، قىزغىن، تەسىرلىك سۆزلەر نېمىدېگەن جىق-ھە؟ جۇڭگودا تەكەللۇپ سۆز ھەرگىزمۇ كەم ئەمەس،

* خەنزۇلارنىڭ ئادىتىدە شۇنداق دېيىلىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە ناشتا قىلدىڭىزمۇ دېيىلىدۇ — ت.

ئالاقىدار تارماقلار يەكۈنلەپ ئېلان قىلغان "ياخشىمۇ سىز"، "ئەپۇ قىلىڭ"، "رەھمەت"، "ھېچقىسى يوق" دېگەنگە ئوخشاش مەدەنىي ئەدەب سۆزلىرىنى ئىشلىتىش نېمىدېگەن ياخشى-ھە! شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا "تاماق يېدىڭىزمۇ"، "كېلىپ ئويناپ كېتىڭ" دېگەندەك سۆزلەرنى دەۋېرىمىز؟

# يۈزى قىزىرىش، قورقۇنچاقلىق قىلىش كېسىلىنى قانداق داۋالاش كېرەك

بەزىلەر، بولۇپمۇ يېشى كىچىكلەر ئادەم كۆپ سورۇنلاردا، دۇدۇقلاپ، قورۇنۇپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىدۇ، پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمۈلىدۇ: تېببىي ئىلىمدا بۇ ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى يۈزى قىزىرىپ قورقۇش كېسىلى دېيىلىدۇ.

بۇ كېسەل ئاساسەن، قورقۇنچاق ئادەمنىڭ ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەيدىغان دەرىجىدە قورقۇنچاقلىق قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ، مەسىلەن، كىشىنى كۆرگەندە يەرگە قارىۋالىدۇ، ئىگىلىۋالىدۇ، ئادەمگە تىكىلىپ قارىيالمايدۇ. ئادەمگە قارىسىلا تەمتىرەپ قالىدۇ، قورقۇنچاقلىق كەيپىياتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، بۇنداق كېسەللەرنىڭ روھىي ھالىتى سۇنئىي بولىدۇ، يۈزى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىدۇ، تەرگە چۆمۈلىدۇ، شۇڭا، بۇنداق كېسەللىكلەر ھەمىشە ئىجتىمائىي سورۇنلاردىن قاچىدۇ، ناتونۇش ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىش-

نى خالىمايدۇ. قورقۇنچاقلىق كېسىلى كۆپىنچە، ياشلار، ئۆس-مۈرلەردە بولىدىغان تېز قوزغىلىشچان كېسەل بولۇپ، ئادەتتە مەلۇم بىر نەرسە ياكى بىرەر ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ تەشۋىشلەن-گەندە قوزغىلىدۇ، ھېلىقى نەرسە ياكى ئەھۋال قورقۇشنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. ئىجتىمائىي قورقۇنچاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر قىسىم كىشىلەر ياشلىق دەۋرىگە كىرگەن-دە، فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن، دەسلەپتە يات جىنىسلىقا نىسبەتەن سەزگۈر بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندا قورۇنىدۇ، نەتىجىدە ئادەم قورقۇنچاقلىقنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قورقۇنچاقلىق كېسىلى پەيدا بولىدۇ.

ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى قورقۇنچاقلىق كېسىلى چۈشەندۈ-رۈش خاراكتېرىدىكى روھىي ھالەت جەھەتتىن داۋالاش ئۇسۇلى ۋە ھەرىكەت جەھەتتىن داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق داۋالىنىدۇ. ئاۋۋال كېسەلگە ئوچۇق چۈشەندۈرۈلىدۇ: بۇنداق قورقۇنچاقلىق بىرخىل كېسەللىك روھىي ھالىتىدىنلا ئىبارەت، مەلۇم ئەزادى-كى كېسەللىك ئەمەس، ئەگەر قورقۇپ كېتىشنىڭ سەۋەبى تې-پىلسا، ئۇ پىششىق روھىي ھالەتنى تىكلەشكە تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرىكەت جەھەتتىن داۋالاش ئۇسۇلى-مۇ بىرخىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر، بۇنىڭدا قورقۇنچاقلىق كې-سىلى بولغان كىشى كۈندە ئۈچ قېتىم كوچىغا چىقىرىلىپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە ھەر قېتىمدا 20 مىنۇت قارىتىلىدۇ، دەس-لەپتە ئۇ توختىماي قورقۇشى مۇمكىن، ئەمما داۋاملاشتۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېرەك. بىر باسقۇچلۇق ھەرىكەت جەھەتتىن داۋالاش ئارقى-لىق، ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ماسلىشىدۇ-دە، قورقمايدىغان بولىدۇ، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگى-شىپ، ئىجتىمائىي قورقۇش كېسىلى تۈگەيدۇ.

## بىرەر ئىشقا يولۇقۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغاندا قانداق قىلىش كېرەك

1) بىرەر ئىشقا يولۇققاندا قايتا-قايتا ئويلىنىپ ئىش قى-لىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق كەيپىياتى كۆپىنچە شەيئىلەر ۋە ئۇنىڭ پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىگە توقۇنۇشۇپ قالىدى-غان ئەھۋالغا يولۇققاندا، ئاۋۋال ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئوبدان ئويلىنىپ، ئالدىراپ كەتمىسىلا، كەيپىياتىمۇ پەسكويغا چۈ-شىدۇ.

2) ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش لازىم. ئاسانلا چېچىلىش كەيپىياتى كېلىپ چىقىشتىكى مۇھىم سەۋەب-لەرنىڭ بىرى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىنىڭ كەملىكىدە، ئۆزىنى ئۆزى كونترول قىلالماسلىق كەيپىياتى خۇددى ئوتقا يولۇقسىلا يېنىپ كېتىدىغان ”يېقىلغۇ“غا ئوخشايدۇ. شۇڭا، كەيپىياتى چۇسراق بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىغاندا، ئۆزىنى تۇتۇ-

ۋېلىشنى ئۆگىنىش كېرەك، بۇمۇ كىشىلەر دائىم دەيدىغان ”قىزدۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش“نى ”سوۋۇتۇپ بىرتەرەپ قىلىش“قا ئۆزگەرتكەنگە ئوخشايدۇ.

3) كۆڭلىنى كەڭ تۇتۇش كېرەك. ئۆزىنى تۇتالماسلىق كەيپىياتىنىڭ كېلىپ چىقىشى كۆپىنچە ئىچىنىڭ كەڭ-تارلىقى ۋە روھىي ھالىتىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق. ئەگەر بىزدە ئۆزىمىزنى چۈشۈرىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرگە نىسبەتەن سەۋر-تاقەت قىلىدىغان، خاتا ھالدا قىلىنغان تەنقىد ھەتتا ناھەقلىقلارغا چىدايدىغان، ئومۇم ئىشى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىدىغان روھ بولىدىغان بولسا، چىچىلىش كەيپىياتىمۇ ئۇنچە ئاسان پەيدا بولمايدۇ.

4) نەسىھەتنى ئاڭلاش لازىم. كاللىسى قوداڭشىپ چىچىلىپ قالغاندا، ئەتراپتىكىلەرنىڭ نەسىھىتى ”مۇشكۈل ئەھۋال“دىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىتتىكلىك كەيپىياتىنى پەسەيتىش رولىنى ئوينايدۇ.

5) بىلىمنى ئاشۇرۇش لازىم. كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىك بولۇشى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. كۆرگەنلىرى، بىلگەنلىرى كۆپ بولسا، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا چىچىلمايدۇ، ئاچچىقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىم يېتىلدۈرگەن بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# جىددىيلىشىپ كېتىش كەيپىياتىنى قانداق تۈگىتىش كېرەك

1) ھەركۈنى ئاخشىمى ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا، ئەسلەش ئارقىلىق، ئۆزىڭىزنىڭ شۇ كۈنلۈك ھاياتىڭىزدا سىزگە جىددىيلىك ھېس قىلدۇرغان ئاساسىي ئىشنى ۋە بۇ جىددىيلىككە بولغان ئاساسىي ئاغرىنىشىڭىز ۋە كۆڭۈلسىزلىكىڭىزنى تېپىپ چىقىسىڭىز، يەنە مۇشۇنداق جىددىيلەشكەندە تىرىشىپ تۈگىتىسىز.
2) مۇشكۈل، مۇرەككەپ، قىيىن خىزمەتكە يولۇققاندا، جاپا-مۇشەققەتلىك ئەمگەك سىڭدۈرۈش لازىملىقىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، تولۇق ئىشەنچ بولۇش لازىم. "بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندىيالايمەن" دېيىش "قىلىپ باقاي قېنى"دېگەندىن كۆپ ياخشى. مۇنداق قىلغاندا، سىزنىڭ بۇ ئىجابىي قەلب سۆزىڭىز ئىدىيىڭىز ۋە كەيپىياتىڭىزنى ئۈنۈملۈك ھالدا ياخشىلايدۇ.
3) بىر دوستىڭىز تۇيۇقسىز سىزدىن يىراقلاشقاندا، ئىچىڭىزنى تىتىلدىتىپ، ئۇنى قاچان رەنجىتىپ قويغاندىمەن، دەپ ئويلىماڭ، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭدىن ئاغرىنماڭ ياكى دەپ يۈرمەڭ، يا بولمىسا، ھاراق ئىچىپ، ئاچچىقىڭىزنى چىقارماڭ، ئەڭ ياخشىسى ھېلىقى دوستىڭىزنى ئىزدەپ بېرىپ سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان جايلىرىڭىزنى دەپ بېرىشىنى سوراڭ.
4) ئۇتتۇق قازىنالماي جىددىيلىشىپ قالغان چېغىڭىزدا،

مەسىلەن، ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئېلان قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغى-نىڭىزدا، تىرىشىپ دىققەت-ئېتىبارىڭىزنى چېچىڭ، پۈتۈن ۋۇ-جۇدىڭىز بىلەن دىققەتتە بولۇپ، ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەڭ. ياكى ئىمكانقەدەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىڭىز جەھەتتىن ئويلاڭ.

5) تۇرلۇك شەيئىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ئىقتىدارى-ڭىزنى يېتىلدۈرۈڭ. بەزەن ئىشلار، مەسىلەن: يامغۇر يېغىش، ئاپتوبۇس كېچىكىپ كېلىش، رەھبەرلىك تەنقىد قىلىش قاتار-لىقلار تۇرمۇشتا دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلاردۇر، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، سىز بۇلارنى توغرا تونۇسىڭىز ۋە يۇمۇرستىك تۇيغۇدا بولسىڭىز جىددىيلىك كەيپىياتىڭىزنى تۈگىتىشىڭىزگە ياردىمى بولىدۇ.

## باشقىلارنى قانداق كۆزىتىش كېرەك

ئايرودروم پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ روھىي كەيپىياتىنى كۆزى-تىشتىكى ئەڭ ياخشى سورۇندۇر. يولۇچىلار يېتىپ كەلگەندە ۋە چېگرىدىن چىققاندا، ئايروپىلاندىن غەم قىلىدىغان ئاياللارنىڭ گويا ئۆزىگە ئۆزى ”ۋەقە چىقماس“ دەپ تەسەللى بېرىۋاتقاندەك قوللىرىنى توختىماي ئۇۋۇلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. چېگرى-دىن چىقىشنى كۈتۈپ تۇرغاندا، بىر ئەركىشىنىڭ پۈتلىرىنى

ئالماپ، ئىككى قولىنى گىرەلەشتۇرۇپ تۇگۇپ، تۆپىسىدىكى چوڭ بارمىقىنى ئاستىدىكى بارمىقىغا رىتىملىق ئۇرۇپ تۇپتۇز ئولتۇرغانلىقىنىمۇ كۆرىشىڭىز مۇمكىن. مانا بۇ ھەرىكەتلەر جىددىيلەشكەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

سىز يەنە تېلېفون بوتكىسىدىكى ئۈچ ئەركىشىنى كۆزىتىپ باقسىڭىز بولىدۇ. ئۇلاردىن بىرى پۇتۇن دىققەت-ئېتىبارى بى-لەن ئۆرە تۇرىدۇ، پەلتوسىنىڭ تۇگمىلىرى رەتلىك ئېتىلگەن، ئۇنىڭ قارشى تەرەپنى ناھايىتى قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىرقاراپلا بىلگىلى بولىدۇ. ئۇ سودا-سېتىقچىلىق خادىمى بولسا كېرەك. ئۇ تېلېفوندا بىر خېرىدار سودىگەر بىلەن خۇددى يۈز-تۇرانە سۆزلىشىۋاتقاندەك، چىن ئېتىبار بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ. تېلې-فون بېرىۋاتقان يەنە بىر كىشى ئەركىن-ئازادە تۇرىدۇ. ئۇ بېشى-نى ئېگىپ، بەدەن ئېغىرلىقىنى بىردەم ئۇ پۇتىغا، بىردەم بۇ پۇتىغا چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ دەۋاتقان گەپلىرىنى تېتىقسىز ھېس قىلىسىز، بىراق ئۇ بۇ پاكىتنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتى-دۇ. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقان كىشى تونۇش ئادەم بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئائىلە ياكى قەدىناس دوستى بولسا كېرەك. ئۈچىنچى ئادەمنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدۇق، ئۇ دولىسىنى يۆگەش-تۈرۈپ يۈزىنى توسۇۋالغان ھەمدە يولغا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرۇپ، پۇتۇن بەدىنىنى كېرىپ تۇرغانىدى. بىز كېسىپ ئېيتا-لايمىزكى، ئۇ مۇھەببىتى بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ. ئۇ بېشىنى بىرتەرەپكە قىيسايتقان بولۇپ، قولىدىكى تېلېفون تۇرۇپكىسى گويا ئۇنىڭ مۇھەببىتىدەك بىلىنەتتى.

ئايرودرومدىكى قىسقىغىنە كۆزىتىش داۋامىدا، بىز ئاستا-ئاستا كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلدۇق. تۇرلۇك ھالەتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزەتكەندىلا، كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىسى، مۇناسىۋىتى ۋە تېگىنى پەرەز قىلالايمىز. ھەتتا تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان يەنە بىر تەرەپتىكى كىشىنىڭ قىياپە-تىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بىزنىڭ كۆزىتىشىمىز رېئال دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ۋە ئىنكاسىدىن كېلىدۇ، دې-مەك، بىرەر كىتابنى ئوقۇپ چىققانغا ئوخشاش، باشقىلارنى تامامەن كۆزىتىپ چىقالايمىز.

## ئەپۇ قىلىشنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك

بىراۋ سىزگە زىيان يەتكۈزسە، تۇنۇگۇن بولسۇن، ياكى ناھايىتى بۇرۇن بولسۇن، سىز ھامان ئۇنتۇيالمايسىز، ئەكسىچە، دەرد تارتىسىز.

پەيلاسوپ ئاللېنت، بىرەر كىشى كەڭ قورساق بولالىسىلا، بۇنداق قايغۇ بىلەن ئەسلەشنى توختىتالايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما ئادەتتىكى ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەپۇ قىلىش ئۇنچىلا ئاسان ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. ئېرى تاشلى-ۋەتكەن ئايال ھامان ئېرىنىڭ كېيىن ئالغان خوتۇنى بىلەن ياخشى ئۆتمەسلىكىنى تىلەيدۇ. بىر ئەر ھامان ئۆزىگە خائىنلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلغان دوستىنىڭ خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۆچمەنلىك، مەيلى سەلبىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئىجابىي جەھەتتىن بولسۇن، ھەممىسىدە خۇشاللىقنى يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئۆچمەنلىك قىلغۇچىغا بولغان زىيىنى ئۆچمەنلىك قىلىنغۇچىغا بولغان زىيىنىدىن چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆچمەنلىكنى بىراقلا تۈگىتىشىمىز كېرەك.

قانداق قىلغاندا بۇنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، خۇددى كىچىك بالىلار قولىدىكى كېپىنەكنى قويۇپ بەرگەنگە ئوخشاش، ئۆچمەنلىكنى تاشلاش كېرەك.

ئەلۋەتتە، ئۆزىمىزنىڭ ئۆچمەنلىككە جىددىي قارىشىمىز لازىم. ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىمىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى، بىزە ياخشىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، كۆپرەك ئويلىشىمىز كېرەك، كەلگۈسىگە كۆپرەك نەزەر سېلىپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىمىزدىن چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك. ئىدىشەنچ بىلەن تىرىشىپ ئەپۇ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. گۈزەل، غايىۋى بالىلار چۆچەكلىرىنى يازغان ئەنگلىيىلىك يازغۇچى C. S. لۇئىس كىچىك چېغىدا دائىم قەبىھ ئۇستازىنىڭ ھاقارەتلىشىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، كۆڭلى ئازار يېگەنىكەن. ئۇ ھېلىقى ئۇستازىنى بىر ئۆمۈر كەچۈرمەسلىككە تاس-تاس قاپتىكەن. لېكىن، ئۇ جان ئۈزۈشتىن سەل بۇرۇن، ئۆزىنىڭ بىر دوستىغا: "ئىككى-ئۈچ ھەپتىنىڭ ئالدىدا مەن تۇيۇقسىز ئويغان-

دىم، بالىلىق چېغىمدا ماڭا دەشنەم بەرگەن ھېلىقى ئۇستازىمنى كەچۈردۈم“ دەپ خەت يازغان.

## ئاچچىقنى بېسىشنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاچچىقلىنىدىغان مىجەزىڭىزنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىسىڭىز، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ھە دېگەندىلا ئاچچىقلىنىدىغانلىقىڭىزنى بىلىۋېلىش-تۇر. تۆۋەندە ئاچچىقلىنىشتىكى پسىخىك مۇددىئانى تونۇش-تۇرىمىز.

سىز ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان چاغدا، ھېسسىياتىڭىزنى بېسىۋېلىشىڭىز تەس بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز غەزەپلىنىپ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز. شۇنداق قىلغاندا بىر ئاز ئارام تاپقاندەك بولىسىز.

سىز غەزەپتىن پايدىلىنىپ مۇشكۇل ئەھۋالدىن ساقلىنالاي-سىز. سىز غەزەپلىنىش ئارقىلىق سىزدىن قورقىدىغانلارنى، بولۇپمۇ ياشراقلارنى ياكى دەرىجىسى سىزدىن تۆۋەنلەرنى قور-قۇتىسىز، ئۇلار سىزگە بويسۇنىدىغان بولىدۇ. دېمەك سىز غەزەپلىنىشتىن پايدىلىنىپ، باشقىلاردا ”مەن زادى ئۇ شۇنچىلا ئاچچىقلاپ كەتكۈدەك نېمە ئىش قىلغاندىمەن؟“ دېگەن شۇبھە پەيدا قىلىسىز، شۇنىڭ بىلەن باشقىلاردا خىجىلچىلىق ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۇناھكارلىق ھېسسى پەيدا بولىدۇ.

غەزەپلىنىشتىن ھېچقانداق روھىي تولۇقلىمىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئۇ كىشىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، خالاس. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، غەزەپ ئامراقلىق مۇناسىۋىتىنى بۇزىدۇ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشقا توسالغۇ بولىدۇ، جىنايەت تۇيغۇسى ۋە مەيۇسلۇكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئىستىقبالىڭىزغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر غەزەپلىنىش ئادىتىنى تاللىۋالىدۇ، بۇ بالىلىق چېغىدا باشلىنىدۇ. بالىلىقتىن چوڭ بولۇپ يېتىلگەندە، غەزەپلىنىش ئادىتىمۇ ھەمىشە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شەكىللىنىپ قالىدۇ.

سىز باشقىلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىگە غەزەپلىنىش ئىنكاسىنى قايتۇرسىڭىز، ئۇ ھالدا، سىز قارشى تەرەپنىڭ ئەركىن تاللاش ھوقۇقىنى بوغۇپ قويغان بولىسىز. سىز ھەمىشە غەزەپلىنىش ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆزىڭىزنىڭ مۇددىئايىڭىز بويىچە ئىش قىلدۇرۇشنى ئويلىسىڭىز، نەتىجىدە، مۇقەررەر ھالدا سىز بىلەن قارشى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچىيىپ كېتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، غەزەپلىنىشنى تۈگىتىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئۆگىنىش ئارقىلىق يېڭى ئۇسۇل بويىچە پىكىر قىلىشتىن ئىبارەت. ئالايلۇق، قارشى تەرەپ ھەقىقەتەن خاتالىقى بار تۇرۇپمۇ، سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلاشنى خالىمىغان چاغدا، سىز: بۇنداق ئەخمەقلەرچە ئىش قىلغان مەن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزى دەپ پىكىر قىلسىڭىز بولىدۇ. دېمەك باشقىلارنىڭ سۆز-

ھەرىكەتلىرى، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى شۇنىڭدەك ئىدىيىسى ئۆز-ئىمىزنىڭ روھىي كەيپىياتىمىزنى كونترول قىلىشۋالمىسۇن، شۇن-داق بولغاندىلا، پسىخىك مۇۋازىنەت ھالىتىگە يېتەلەيسىز-دە، غەزەپلىنىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى پاراكەندە قىلمايدىغان بو-لىسىز.

## روھىي بېسىمنى قانداق كونترول قىلىش كېرەك

بىر ئادەم ساغلام پسىخىك قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى روھىي بېسىمنى كونترول قىلالايدىغان بولۇشى لازىم، چۈنكى، روھىي بېسىمنى كونترول قىلىش بىلەن پسىخىك ساغ-لاملىقنى ساقلاشنىڭ ناھايىتى زىچ مۇناسىۋىتى بار.

روھىي بېسىمنى كونترول قىلىشنىڭ ئاساسەن مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلى بار: بىرىنچى خىل ئۇسۇلى "بېسىمغا قارشى تۇرۇش" ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش. ھەرقانداق ئادەم ھېس قىلغان روھىي بېسىمنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ئەمەلىيەت-تە، ئۆزىنىڭ بېسىمغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. ئوخشاش بىر سىرتقى بېسىم ئالدىدا، ئۆزىنىڭ بېسىمغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى قانچە چوڭ بولسا، سېزىلگەن روھىي بېسىم شۇنچە كىچىك بولىدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ بې-سىمغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى قانچە ئاجىز بولسا، سېزىلگەن روھىي بېسىم شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

"بېسىمغا قارشى تۇرۇش" ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ:

1) قىيىنچىلىقنى تۇرمۇشنىڭ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر قىسمى دەپ قاراش. كىشىلىك ھاياتنىڭ قائىدىسى مۇنداق: سىز قىيىنچىلىقنى تۇرمۇشنىڭ بەختسىزلىك ئاسارىتى دەپ قارىغان چېغىڭىزدا، ئەرزىمەس ئىشلار سىزنى كىشىلىك ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلىرىدا ھەسرەت چەكتۈرۈشى مۇمكىن. لېكىن، سىزنىڭ تۇرمۇش سىمفونىيىڭىزگە قىيىنچىلىقتىن قورقماسلىق مېلودىيىسى كىرسە، ئاسمان-پەلەك قات-قات چوققىلارمۇ سىزنىڭ چوققىغا چىقىش يولىدا تاشلىغان قەدىمىڭىزنى توختىتالمايدۇ.

2) ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئۆزى ئىنتىلگەن سەۋىيىنى بەلگىلەش. ئىنتىلگەن سەۋىيە دېگىنىمىز بىر كىشىنىڭ ئۆزى يەتمەكچى بولغان نىشانى ئۇچۇن بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ئىبارەت. مەسىلەن، بىر كىشى ئۆزى ئىنتىلگەن سەۋىيىنى بەك يۇقىرى بەلگىلىۋەتسە، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىپ يەتمىكى ناھايىتى تەس بولۇشى مۇقەررەر. بىرنەچچە قېتىم يېتەلمىگەندىن كېيىن روھىي جەھەتتىن بېسىم بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئەگەر ئىنتىلگەن سەۋىيە تۆۋەن بەلگىلىنىپ قالسا، يەتمەك ئاسان. ئەمما مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، كىشىلىك ھاياتىكى ئالغا بېسىش لەززىتىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ تۈگەيدۇ. شۇڭا، ئەڭ ئىجابىي ئۇسۇل يەنىلا ئۆزى ئىنتىلگەن سەۋىيىنى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا بەلگىلەش ھەمدە ئۆزىنىڭ

تىرىشچانلىقىغا ئەگىشىپ، ئىنتىلگەن سەۋىيىنىمۇ پىلانلىق
هالدا قەدەممۇقەدەم ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

3) ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش. بىتخوۋىن مۇنداق
دېگەن: "مەشهۇر ئادەملەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى،
ئۇلار پايدىسىز، مۇشكۈل قىسمەتتە ئېگىلمەيدۇ". ئىرادە كىشى-
لەرنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ۋە ھەرىكىتىدىكى بارلىق زېھىن
كۈچىنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئىرادىسى كۈچلۈك ئادەملەر، كۆپىنچە،
روھىي بېسىمنى ئۇنۇملۇك هالدا كونترول قىلالايدۇ.

خوش، روھىي بېسىمغا ئۇچرىغان تەقدىردە، ئۇنى قانداق
تۈگىتىش كېرەك؟ مانا بۇ بىز دېمەكچى بولغان روھىي بېسىمنى
كونترول قىلىشنىڭ ئىككىنچى خىل ئۇسۇلى: روھىي بېسىمنى
ئازايتىش. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەكىلنى قوللىنىش-
قا بولىدۇ: بىرى، ئۆزىنىڭ دەرد-ئەلىمىنى ئۆزى چىقىرىش.
مەسىلەن، بەزىلەر مۇھەببىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ
دەردلىرىنى تۆكۈپ يازىدۇ. ئۇ ھېچقانداق ئادەمگە كۆرسەتمەيدى-
غان بۇ نەرسىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن يەلكىسىدىن تاغ غۇلاپ
چۈشكەندەك بولىدۇ-دە، يېنىكلىك ھېس قىلىدۇ. دەرۋەقە،
ئۆزىنىڭ دەردىنى ئۆزى چىقىرىشتا، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدى-
كى ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئىككىنچىسى، باشقىلارنىڭ
تەسەللىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، بۇمۇ ناھايىتى ئۇنۇملۇك بول-
غان "بېسىمنى تۈگىتىش" ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ
ئاخىرقى بىر خىل "بېسىمنى تۈگىتىش" شەكلى "كومپېنساتسى-
يىلىك يۆتكەش" ئۇسۇلىدۇر. كومپېنساتسىيىلىك يۆتكەش ئۇ-

سۈلى دېگىنىمىز باشقا بىرخىل پائالىيەت ئارقىلىق يەنە بىرخىل مەنزىرە يارىتىپ، ئۆزىنىڭ مەلۇم ئارزۇسىغا يېتەلمىگەنلىكى ياكى ئوڭۇشسىزلىقتا، مەغلۇبىيەتكە، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغانلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان روھىي بېسىمنى يۆتكەشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق قىلغاندا، بارلىق روھىي ئازاب ۋە روھىي بېسىم زور دەرىجىدە يەڭگىللەيدۇ، ھەرقانچە چوڭ ئازابمۇ ئۇنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ روھىي-ھالىتى مەڭگۇ ساغلام بولىدۇ.

## ئەپۇ سوراش سەنئىتى

ئادەم ھاياتىدا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن خالىي بولالمايدۇ. سەۋەنلىك بولىدىكەن، شۇ تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغانلاردىن ئەپۇ سوراش ئارقىلىق، قارشى تەرەپنىڭ چۈشىنىشى ۋە كەچۈرۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. خوش، قانداق ئەپۇ سوراش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ئاندىن ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ؟

"كەچۈرۈڭ" دېيىش ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئەپۇ سوراش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، لېكىن، مۇنداق بىر نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەككى، سىز گەپ قىلغاندا، چىن كۆڭلىڭىزدىن ئەپۇ سوراۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈڭ. ئەپۇ سوراشنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۇچۇن گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇل دېيىش

كېرەك، يالغاندىن باشقا ئىش قىلىشۋاتقان بولۇۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئەپۇ سوراشنىڭ ئۇنۇملۈك بولۇش-بولماسلىقىدىكى ئەڭ ھالقىلىق بىر ئامىل —— خاتالىقىنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالاش-خالىماسلىقتا. سىز ئەگەر باھانە-سەۋەب كۆرسىتىپ، كەچۈرۈم سوراشنى بوشاشتۇرۇپ قويسىڭىز، قارشى تەرەپنىڭ سىزنى كەچۈرۈش پۇرسىتىنىمۇ كەتكۈزۈپ قويىسىز.

كۆپ ئەھۋاللاردا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ سەۋەنلىكىدىن باشقىلارنى ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان، ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، باشقا بىر نەرسىنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدىغان زىيانغا ئۇچراتقان بولسىڭىز (سىياسىي، ئىقتىسادىي، روھىي، ماددىي جەھەتلەردىن)، ئۇنداقتا، يالغۇز چىن كۆڭۈلدىن ئەپۇ سوراش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، ماددىي جەھەتتىن زىيان سېلىنغان بولسا، ئامال بار تۆلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەمما ئاددىي ھالدا قارشى تەرەپتىن "ھە، دەڭ، قانچىلىك تۆلەپ بېرىمەن؟" دەپ سورايدىغان بولسىڭىز، ئىگىسى ئازار يەپ قالىدۇ. بەزى زىياننى پۇل بىلەن ھېسابلاشقا بولمايدۇ، سىزمۇ تۆلەپ بېرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

ۋاقتىدا ئەپۇ سوراش كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم، قويۇق مۇناسىۋەت قىلىدىغانلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. تۆۋەندە ئىناقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن، ئەپۇ سوراش زۆرۈر بولغان ئەھۋالنى تونۇشتۇرىمەن:

1) ئۆزىڭىزدىن يۇقىرىدىكىلەر بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇنى قاپاقباش دەپ سالغاندا؛

2) خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئادەم سىزنىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ قالغاندا (گەرچە دېگىنىڭىزنىڭ ھەممىسى پاكىت بولسىمۇ)؛

3) ۋاقىتدا ئەپۇ سوراشقا ماھىر كىشىلەر قىلچە ئىككىلەنمەي بىر ئېغىز "كەچۈرگەيسىز" دەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن بېسىقتۇرغىلى بولمايدىغان جېدەل-ماجىرانىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئوخشاشلا، ئەپۇ قىلىشمۇ خۇددى باشقىلاردىن ئەپۇ سورىغانغا ئوخشاش مۇھىم ئىجتىمائىي ئالاقە ماھارىتىدۇر. زور كۆپچىلىك كىشىلەر ئەپۇ سورىماقچى بولغاندا ئېغىز ئېچىشقا خىجىل بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەپۇ قىلىدىغانلارمۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى ئاكتىپ تونۇشتەك باتۇرلۇقىغا ناھايىتى قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

ھەربىر دوستنىڭ ئەپۇ سوراشنى بىلىشىنى ۋە باشقىلارنىمۇ ئەپۇ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

## سىرداش دوست تۇتۇش يولى

دوستلىشىشتا بىر-بىرىنى چۈشىنىش ھەممىدىن ئەۋزەل. قانچىلىك چۈشەنسە، دوستلۇقمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ. بىر-بىرىنى چۈشىنىدىغانلار دېگىنىمىز ئادەتتە ئېيتىدىغان سىرداش دوستلاردۇر.

قانداق قىلغاندا سىرداش دوست تۇتقىلى بولىدۇ؟ كونىلار-دا: ”بىر-بىرىنى چۈشىنىشنىڭ تۆرلۈك خىللىرى بار، شاپائەت-سەۋەبىدىن دوستلاشقانلار بىر-بىرىنى بىلگۈچىلەر دېيىلىدۇ؛ بىر-بىرىدىن سىر ساقلىمايدىغانلار سىرداشلار دېيىلىدۇ؛ ھەمەھەۋەسلەر قەلبداش دېيىلىدۇ. بۇلار بىر-بىرىنى چۈشىنىش جۈملىسىدىندۇر“ دېگەن گەپ بار.

شاپائەت سەۋەبىدىن دوستلىشىش، بىر-بىرىدىن سىر ساقلىماسلىق، ھەمھەۋەس بولۇش كونىلارنىڭ ”بىر-بىرىنى چۈشىنىش“نى تۆرگە ئايرىشى، شۇنداقلا ”بىر-بىرىنى چۈشىنىش“-نىڭ ئۈچ يولىنىڭ يەكۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈن-دىمۇ بۇ خېلى يولى بار گەپ بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

1) شاپائەت سەۋەبىدىن دوستلىشىش. جان دوستلارنىڭ ھەممىسى ”شاپائەت سەۋەبىدىن دوستلىشىش“ تارىخىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. روسىيىلىك كاتتا ئەدىب پوشكىن بىلەن گوگول-نىڭ بىر-بىرىنى چۈشىنىشى، ئېلىمىزدە قەدىمكى زاماندا ئۆت-كەن ئەدىب جېڭ شۇەن بىلەن فۇزىشېننىڭ بىر-بىرىنى بىلە-شى، شۇنىڭدەك جۇڭگودىكى ۋە چەت ئەللەردىكى قەدىمكى ۋە ھازىرقى دوستلۇق توغرىسىدىكى نۇرغۇنلىغان تەسىرلىك ھېكا-يىلەردىن شاپائەت سەۋەبىدىن دوستلىشىش كۆيى ياڭراپ تۇرى-دۇ. ئوخشۇشلۇق شارائىتتىكى چۈشىنىش ۋە ياردەم دوستلۇق ئۇرۇقىنى چاچىدۇ؛ ئوخشىمىسىز شارائىتتىكى ئىشەنچ ۋە قوللاش دوستلۇق يولىنى تېخىمۇ ئاچىدۇ. بولۇپمۇ بىر ئادەم مۇشكۈل ئەھۋالدا قېلىپ، ياردەمگە جىددىي موھتاج بولغان چاغدا، ئۇ-

نىڭغا ياردەم قولىمىزنى كۆپرەك سۇنۇشىمىز لازىم، مانا بۇ دوستلۇق گۈلىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى.

2) بىر-بىرىدىن سىرساقلىماسلىق. دوستلۇقنىڭ رىشتىسى "بىر-بىرىدىن سىر ساقلىماسلىق"، يەنى ئورتاق ئىستەك ۋە غايىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت. كونىلاردا: يولداش بولمىساڭ، پىكىرداش بولالمايسەن. يولداش بولساڭ، پىكىرداش بولىسەن، دېگەن گەپ بار. ئادەمنى بىلىشتە كۆڭلىنى بىلىش ھەممىدىن مۇھىم. قەلبداشلار جان دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ. ئورتاق غايە ئادەملەردە ئوخشاش پىكىر پەيدا قىلىدۇ؛ ئارزۇ-ئىستەكنىڭ بىردەكلىكى قەلبداشلىقنى ھاسىل قىلىدۇ. پىكىر ئوخشاشلىقى سەلتەنەتلىك دوستلۇق كۆۋرۈكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. دەرۋەقە، ئادەمنىڭ غايىسى ۋە ئارزۇ-ئىستىكىنىڭ قاتلىمى بولىدۇ. غايىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئىنسان ھاياتىدىكى چوڭ نىشان بىرخىل غايە ھېسابلىنىدۇ؛ كۆز ئالدىدىكى كونكرېت ئۈمىدمۇ بىرخىل غايە ھېسابلىنىدۇ. غايە ۋە ئارزۇنىڭ بىردەكلىكى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ بىردەكلىكى بولۇپ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن، مەلۇم ئۈمىد ياكى پوزىتسىيىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمۇ مۇمكىن. كىشىلىك ھاياتىدا چوڭ نىشانى ئوخشاش بولمىغانلارنىڭ دوستلۇقى بەزىدە ناھايىتى چىڭ بولىدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ، بۇنىڭغا نۇرغۇن كونكرېت ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ئوي-پىكىر، قاراش-نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ ئوخشاش بولغانلىقى سەۋەب بولغان. بىراق، كىشىلىك ھاياتتىكى نىشانلىرى تامامەن ئوخشاش بولمىغان، نىيەت-ئىرادىسىمۇ، يولى؛

باشقا-باشقا بولغان ئادەملەرنىڭ دوستلۇقى ئۇلارنىڭ قاراشلىرى بەزى كونكرېت مەسىلىلەردە بىردەك بولغان ھالەتتىمۇ كۆپ بولغاندا قىسمەن ۋە ۋاقىتلىقلا بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ سىرداش دوستلاردىن بولالىشى بەك تەس بولسا كېرەك.

3) ھەمھەۋەس بولۇش. ھەمھەۋەس بولۇش دېگەنلىك ھەۋەس، ئارزۇ، نىيەت ئوخشاش بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئېيىتىشتىن: ھەۋەس — ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى، دېگەنىدى. كونىلاردا: ئۇستازداشلار دوست بولۇر، دېگەن گەپ بار. ئورتاق ئوقۇتقۇچى ھەۋەسنىڭ بىرلەشتۈرۈشى ئارقىسىدا ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئارزۇسى قوزغىلىدۇ، ئورتاق تىلى بولغانلارنىڭ ئالاقىلىشىشى مۇقەررەر بولىدۇ. ھېسسىيات ئالاقە داۋامىدا چوڭقۇرلىشىدۇ، چۈشەنچە ئۆزئارا باردى-كەلدى قىلىش داۋامىدا ئاشىدۇ. ھەۋەس ۋە قىزىقىشتىن ئىبارەت رىشتە ئاددىي ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا ھېسسىيات ئۆتۈشتۈرىدىغان كەڭ دەريا ھاسىل قىلىدۇ. ھېسسىياتنىڭ ئۆتۈشۈشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى ئارقىسىدا، كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى چۈشىنىشى چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. ھەۋەسنىڭ يېقىنلىشىپ قېلىشى قەلبداشلىققا يول ھازىرلايدۇ، دوستلۇق دەرىخى ھەمھەۋەسلىك تۇپرىقىدا نوتىلاپ، سىرداشلاردىن بولۇش جەھەتتە مول مېۋىلەرنى بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مېھمان كۈتۈش سەنئىتىگە ئەھمىيەت بېرىش

. كىشلەرنىڭ باردى-كەلدى قىلىپ تۇرۇشى ئىجتىمائىي تۇر-مۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىش. شۇنداق ئىكەن، مېھمانغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، قانداق قىلىپ مېھماندا ئوبدان تەسىر قالدۇرۇش، بەزى ئەھۋاللارغا يولۇققاندا ئۇنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. پايدىلىنىشىڭىز ئۈچۈن بىرنەچ-چە خىل ماھارەتنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەيلى.

1) ئادەمنى بەك ئوسال قىلىدىغىنى شۇكى، (ئۆي ئىشلى-رى بىلەن) تازا ئالدىراش بولۇپ تۇرغىنىڭىزدا تۇيۇقسىز چاقى-رىلمىغان مېھمان كېلىپ قالسا، نېمە قىلىشىڭىزنى بىلمەي قالىسىز. ئەمەلىيەتتە، ھودۇقۇپ كېتىشىڭىز ھاجىتى يوق، بۇ چاغدا ئاۋۋال قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى قويۇپ تۇرۇپ، مېھماننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىڭ. ئاندىن دەرھال بىكار بولۇپ مېھ-ماننى كۈتۈڭ. مېھماننى كۈتۈشكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى، چاققان بولۇپ ئۆزىڭىزنى تۈزەشتۈرۈۋېلىڭ، ئاندىن بىمالال چى-قىپ مېھمانغا كۆرۈنۈڭ ۋە مېھماندىن ئوبدان ئەپۇ سوراڭ. مېھماننى ئىشىك تۈۋىدە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، قىيىن ئەھۋالدا قويسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ، بۇنداق قىلسىڭىز بەك ھۆرمەت-سىزلىك بولىدۇ.

2) كەلگەن مېھمان بىلەن بۇرۇنلا پۈتۈشۈپ قويغان بولسى-

ڭىز، ئەمما سىرتقا چىقىپ بىجىرىدىغان مۇھىم ئىشىڭىز چىـ
قىپ قالسا، سىرتقا چىقىشىنىڭ سەۋەبىنى راستى بىلەن ۋە
چىرايلىقچە ئېيتىڭ، بۇنداق قىلسىڭىز مېھمان سىزنى چۈشىنىد-
دۇ. بۇنداق قىلىش دۇدۇقلاپ، خاتىرجەم بولالماي، مېھمانغا
سۇس مۇئامىلە قىلغاندىن ياخشى. بۇ ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن
كېيىن ياخشىسى ھېلىقى مېھمانغا تېلېفون بېرىپ ياكى خەت
يېزىپ ناماقۇل بولۇڭ، مېھماننى يوقلاپ بارسىڭىز تېخىمۇ ياخ-
شى بولغىنى.

3) مېھمان كۇتۇش ۋاقتىدا ياخشىسى قەنت-گېزەك، تاما-
كا، چاي قاتارلىقلارنى تەييارلاپ قويۇڭ. ھاۋا سوغۇق كۈنلەردە
كەلگەن مېھمانغا بىرپىيالە ئىسسىق چاي، ھاۋا ئىسسىق تومۇز
كۈنلىرىدە كەلگەن مېھمانغا بىر چىنە سوغۇق ئىچىملىك، لۆڭگە
بېرىش مېھماننى چىن كۆڭۈل بىلەن كۇتۇۋېلىۋاتقانلىقىڭىزنى
بىلدۈرىدۇ.

4) مېھمان بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ جىم بولۇۋېلىش
ئەڭ يارىماس ئىش، سىز ساھىبخان بولغاندىكىن، ھەرخىل
گەپلەرنى چىقىرىپ، مېھمان قىزىقىدىغان ئىشلار توغرۇلۇق
پاراڭ سېلىڭ. ئەمما، مېھمان مۇھىم بىر ئىش توغرۇلۇق سىز
بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن كەلگەن بولسا، مېھماننى تېلېۋىزور
كۆرۈشكە ياكى مۇزىكا ئاڭلاشقا ھەرگىز زورلىماڭ.

5) تېلېۋىزورنى راسا قىزىقىپ كۆرۈۋاتقىنىڭىزدا مېھمان
كېلىپ قالسا، تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ، تېلېۋىزوردىن مېھ-
رىڭىزنى ئۈزەلمەي، كۆزىڭىزنى ئالالماي، مېھماننى كۇتۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇش ياقمىغاندەك پوزىتسىيە تۇتسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ. كۆزىڭىزنى تېلېۋىزور ئېكرانىدىن ئالماي تۇرۇپ خالار-خالىماستىنلا ”مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ!“ دەپ قويسىڭىز زادىلا قاملاشمايدۇ، بۇنداق قىلىش ئەدەبسىزلىك بولىدۇ.

6) مېھمان بىلەن ئۆيىڭىزدە ئۇزاققىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق ۋاقتى بولۇپ قالسا، مېھماننى ئۆيىڭىزدە تاماق يېيىشكە چىن كۆڭلىڭىزدىن تەكلىپ قىلىڭ. تاماقنى مۇمكىنقەدەر ئىتتىك ئېتىڭ، مېھمان بەك ئۇزاق ساقلاپ كەتمىسۇن، تاماق ئىتتىك پىشسا، مېھمان سىزنىڭ چىن كۆڭۈلدىن كۈتكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلىدۇ.

7) مېھماننى ئۆيىڭىزگە تەكلىپ قىلىپ قويغان بولسىڭىز، پۈتۈشكەن ۋاقىتتىن يېرىم سائەت بۇرۇن ھەممە تەييارلىقلىرىڭىزنى پۈتتۈرۈپ قويۇپ، مېھماننىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرۇڭ. بۇنداق قىلسىڭىز، مېھمان مېنى مۇھىم بىلىپتۇ دەپ ئويلايدۇ.

## ئادەمنى قايىل قىلىشنىڭ ئالتە ئېپى

1) ”ئورۇن ئەۋزەللىكى“نى جارى قىلدۇرۇش. ئادەم ئۆزى ياشايدىغان شارائىتتا ياكى ئۆزىگە تونۇش مۇھىتتا باشقىلارنىڭ مۇھىتىدىكىدىن ئوبدانراق قايىل بولىدۇ. شۇڭا ئورۇن ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك، ئۆيىڭىزدە ياكى

ئىشخانىڭىزدا بىرەر ئىشنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئىمكان بولماي قالسا، مۇھاكىمىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ”نېيترال“ مۇھىتتا ئېلىپ بېرىش كېرەك، بۇنداق قىلغاندا سۆھبەتدىشىڭىزدىمۇ ”ئورۇن“ ئەۋزەللىكى تۇيغۇسى يوقايدۇ.

2) ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇش. كىشىلەر ئادەتتە باشقىلارنىڭ سۆزىنىڭ تەسىرى تاشقى قىياپىتىنىڭكىدىن كۆپ چوڭ بولىدۇ، دەپ ھېسابلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداقمۇ ئەمەس. كىشىلەر ئاڭ-سىز ھالدا ئادەمنىڭ كىيىنىشىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ.

3) ئۆزىنى باشقا ئادەم بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇش. سىز مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز، شۇ ئادەم بىلەن ئۆزىڭىزنى تەڭ كۆرگەنسېرى، ئۇنى شۇنچە قايىل قىلالايسىز.

4) باشقىلارنىڭ تۇيغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش. يارىماس نەسىھەتچى ھامان تەلىپىنى ھە دېگەندىلا پوسوققىدە دەۋېتىدۇ، نەتىجىدە دەتالاش چىقىپ، پاراڭ چەك باسمايدۇ؛ مۇنەۋۋەر نەسىھەتچى ئالدى بىلەن ئىشەنچ ۋە ھېسداشلىق كەيپىياتىنى بەرپا قىلىدۇ. نەسىھەت ئاڭلىغۇچى مەلۇم بىر ئىش تۇپەيلىدىن خاتىرجەمسىزلەنسە، سىز: ”كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسام مەنمۇ شۇنداق بولاتتىم“ دەڭ. بۇ سىزنىڭ ھېلىقى كىشىنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ، كېيىن سۆزلەشكەندە، ھېلىقى كىشىمۇ سىزگە ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

5) پايدىلىق ئىسپات-ئاساس كۆرسىتىش. گېپىڭىزنى ئاڭلاۋاتقانلارغا ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي قارىشىنى ئەمەس، بەلكى ئىشەنچلىك ماتېرىيالنى سۆزلەپ بەرسىڭىز، سۆزىڭىزنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ئاشىدۇ.

6) كونكرېت سۈرەت ۋە مىساللاردىن پايدىلىنىش. يىغىنچاقلانغان دەلىل ۋە ئومۇمىي پرىنسىپتىن كۆرە ئايرىم كونكرېتلاشقان مىسال ۋە تەجرىبىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىگە تېخىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇنەۋۋەر نەسىھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئوبدان بىلىدۇ.

دېمەك، باشقىلار ياقلايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش سىرلىق تۇغما تالانتقا تايىنىش بىلەنلا پۈتىدىغان ئىش ئەمەس، سۆزىڭىزنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى بەزى ئىجتىمائىي ئالاقە ماھارىتىنى ئۆگىنىش يولى بىلەن ئاشۇرالايسىز.

## كەيپىڭىز ئۈچسا قانداق قىلىشىڭىز كېرەك

ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدا پسىخولوگلار: ئىنساننىڭ پىكرى ۋە كەيپىياتى ئۆزگەرمىگىچە ئىنساننىڭ ھەرىكىتى ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ ھېسابلاشقانىدى. لېكىن ھازىر كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا بەزى پەۋقۇلئاددە ھەرىكەتلەرنىڭ ئىنساننىڭ

كەيپىياتىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقى ئايان بولدى. پسىخولوگ پا-
ئۇل ئېكمانىنىڭ تەتقىقاتى بۇنى ئىسپاتلىدى. ئۇ بىر قىسىم
ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا ھەيران قېلىش، نەپرەتلى-
نىش، غەمگە پېتىش، ئاچچىقلىنىش، قورقۇش ۋە شادلىنىش
چىراي ئىپادىلىرىنى قىلدۇرغان. بۇ تەجرىبىنىڭ نەتىجىسى شۇ-
نى كۆرسەتكەنكى، بۇ كىشىلەر قورقۇش ھەرىكىتىنى قىلغاندا،
ئۇلارنىڭ بەدىنىدە خۇددى راستلا قورققاندەك ئىنكاس پەيدا بو-
لۇپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئىتتىك سوققان، تېرىسىنىڭ تېمپېرا-
تۇرىسى تۆۋەنلىگەن. باشقا ھەرىكەتلەرنى قىلغاندىمۇ ئۇلارنىڭ
بەدىنىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ھەرخىل ئىنكاسلار پەيدا
بولغان.

كەيپىڭىز ئۇچقاندا قىلىپ بېقىشىڭىز ئۈچۈن مۇنداق ئىك-
كى خىل ئەڭ ئاددىي ئىشنى تونۇشتۇردۇق:

1. كۈلۈش. كۈلگەندە مۇمكىنقەدەر راست كۈلۈشكە دىق-
قەت قىلىڭ، دەسلەپتە كۈلۈمسىرەڭ، ئاندىن بارغانسېرى چىڭ
كۈلۈپ، ئاخىر قاقاقلاپ كۈلۈڭ. بۇنداق قىلىش سىزنىڭ غەم-
سىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرمەيدۇ، بۇنىڭدىكى مۇھىم مەسىلە
بۇ ھۇنەر ئارقىلىق روھىڭىزنى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

2. بەدەننى بوشاشتۇرۇش. بەدەننى بوشاشتۇرۇشنىڭ تى-
پىك ماھارىتى ئاۋۋال مۇسكۇلنى چىڭىتىپ، ئاندىن بوشاشتۇ-
رۇشتىن ئىبارەت. ئاۋۋال قول بارماقلىرىڭىزنىڭ مۇسكۇلىنى
چىڭىتىڭ، ئاندىن ئاستا-ئاستا بوشاشتۇرۇڭ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن
بىلىكىڭىزنىڭ مۇسكۇلىنى چىڭىتىڭ، ئاندىن ئاستا-ئاستا بو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاشتۇرۇك؛ ئۇنىڭدىن كېيىن بويىنىڭىزنىڭ، يۈزىڭىزنىڭ... مۇشۇنداق قىلىپ ھەربىر ئەزانى چىڭىتىپ-بوشاشتۇرۇپ چىدىقىڭ، ئاخىرىدا پۇتىڭىزنىڭ بارماقلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىڭ. بۇنداق قىلىش غەزەپلىنىش ۋە قورقۇشنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتەلەيدۇ.

بەدىنىمىز ۋە ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق كەيپىياتىمىزنى ۋە ھېسسىياتىمىزنى ئۆزگەرتىش ئىنتايىن ئەسقاتىدىغان چارە بولۇپ، ئۇ كەيپىمىز ئۇچقان مەزگىلنى تېز رەك ئۆتكۈزۈۋېتىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. بۇنداق قىلىشنى ئېسىڭىزدە تۇتسىڭىز ھەمدە ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلسىڭىز، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىسىز.

## ئۆزىڭىزگە قانداق قىلىپ ئىشەنچ قىلىشىڭىز كېرەك

كيۇرى خانىم: ئۆزىگە ئىشىنىش — بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئۇلى، دېگەنىدى. دېمىسىمۇ، قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئۆزىڭىزمۇ ئىشەنچ قىلالمىغان ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىڭىز بەك تەس.

ئادەمدە ئۆزىگە ئىشەنچ بولمىسا بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلىشى بىلەن كۆپ مۇناسىۋەتلىك. ياشلار ئۆزىنى بالىلىق دەۋرىدىكىدىن خېلى

جىق بىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى ياشلار ئۆزىنى ئانچە توغرا، ئەتراپلىق بىلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە ئىشەنچ باغلاپ يۈرەكلىك ئىش قىلىدىغان يەردىمۇ تەمتىرەپ قالىدۇ.

ئادەم ئۆزىنى توغرا بىلگەندىلا، ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالايدۇ.

دەرۋەقە، ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلىشىگە بىر جەريان كېرەك. نۇرغۇن ئىشنى چوقۇم قىلالايدىغانلىقىڭىزغا كۆزىڭىز يەتكەندىن كېيىن قىلمايسىز، بەلكى كۆپىنچە قىلىش داۋامىدا شۇ ئىشنى قىلالايدىغانلىقىڭىزنى بىلىسىز، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز بارا-بارا ئاشىدۇ. بۇ يەردە شۇ ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىش مۇھىم رول ئوينايدۇ. جۈرئەت بولمىسا، ھەرقانداق ئىشەنچتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالايدىغان بولۇش بىردەملىك ئىش ئەمەس. ئۆزىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىشتا، ئۆزىڭىزگە توغرا قاراش، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى دادىل قىلىشتىن باشقا، د. كاناگ «ئادەم تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىق» دېگەن كىتابىدا ئېيتقان يەنە بىر ئۇنۇملۇك يولمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ "ئۆزىڭىز قورقىدىغان ئىشنى دادىل قىلىڭ ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت خاتىرىسى قالدۇرۇشقا تىرىشىڭ" دېگەندىن ئىبارەت. ئۆزىڭىز قورقىدىغان مۇشۇنداق ئىشنىمۇ دادىل قىلسىڭىز ھەمدە ئىشىڭىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازانسىڭىز، ئانچە قورقمايدىغان ئىشنى تېخىمۇ دادىل قىلالايسىز. كاناگ بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق نۇرغۇن ئادەمنى ئۆزىنى پەس كۆرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد قىلدى، تەبىئىيكى، تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاشتى.

## ئاچچىق يۇتۇشنىڭ ئون زىيىنى

1) نەپەس سىستېمىسىغا زىيان كەلتۈرىدۇ. نەپەس قىيىنلىشىش، كۆكرەك قىسىلىش، ئۆپكە يوغىناش، يەل تۇرۇپ قېلىپ يۆتەل تۇتۇش، ھاسىراش قاتارلىق كېسەللەر كېلىپ چىقىدۇ.

2) جىگەرگە زىيان كەلتۈرىدۇ. ئاسانلا جىگەردە نورماللىسىزلىق پەيدا قىلىدۇ، جىگەر بىلەن ئۆتنىڭ خىزمىتى ماسلاشمايدۇ.

3) ھەزىم قىلىش سىستېمىسىغا زىيان كەلتۈرىدۇ. ئاچچىق مەيدىدە تۇرۇۋالىدۇ، ئادەمنىڭ قورسىقى ئاچماس، سۇ ئىچكۈسى كەلمەس بولۇپ قالىدۇ، ئاچچىق ئاشقازاندا توختىۋېلىپ، ئاشقازاننىڭ ھەرىكىتىنى توختىتىپ قويىدۇ.

4) يۈرەككە زىيان كەلتۈرىدۇ. بەدەندە ئۇزاق تۇرۇپ قالغان ئاچچىق سىرتقا چىقىپ كېتەلمەي يۈرەككە ئۆتىدۇ-دە، يۈرەكنىڭ سوقۇشىنى تېزلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

5) نېرۋا سىستېمىسىغا زىيان كەلتۈرىدۇ. ئاچچىق نېرۋىنى ئارام تاپقۇزماي، ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

6) بۆرەككە زىيان كەلتۈرىدۇ. ئاچچىق بۆرەككە زەربە بېرىپ، بۆرەكنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئادەمنىڭ بەل، تىزلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىدۇ.

7) سۈيدۈك چىقىرىش سىستېمىسىغا زىيان كەلتۈرىدۇ. ئادەم كۆپ سىيىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

8) تېرىگە زىيان كەلتۈرىدۇ. سانجىق، ئىششىق ۋە نېرۋا خاراكتېرلىك تېرە ياللۇغىنى پەيدا قىلىدۇ.

9) ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسىغا زىيان كەلتۈرىدۇ. قال-قان بەزنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ.

10) سالامەت ياشاپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە زىيان كەلتۈرىدۇ.

## ئالاقىدا قانداق ئادەملەر ئالقىشلانمايدۇ

مەنمەنلەر: بۇنداقلار ئۆزىنىڭ مەلۇم بىگىسىنى دەستەك قىلىپ خەقنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئىشقا يولۇقسا، ئۆزىنىڭ پىك-رىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالىدۇ، كىشىلەر بۇنداقلاردىن نېرى تۇرىدۇ.

قورسىقى تارلار: بۇنداقلار يېپىدىن يىگنىسىغىچە ھېسابلى-شىپ كېتىدۇ، ئىچىدە خاپا بولۇپلا تۇرىدۇ، ھەممە خاتىرجەم-سىزلىك ۋە قىيىنچىلىقلارنى خەق ماڭا قەستەن پەيدا قىلغان، بۇ شۇلارنىڭ ماڭا قۇرغان قاپقىنى، دەپلا قارايدۇ.

ھەسەتخورلار: خەقنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۆزىنى جاھاندا بىر سانايدۇ، ئۆزى تىرىشاي دېمەيدۇ، تۇرلۇك ئاماللار بىلەن خەقتىن قۇسۇر چىقىرىدۇ.

شۆھرەتپەرەسلەر: بۇنداقلار يۈز-ئابرۇينى بىرىنچى ئورۇنغا، ئىشنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا زىيان تارتسام مەيلى، يۈزۈم چۈشمىسە بولاتتى، دەپ ھېسابلايدۇ.

مەرتىۋە ۋە بايلىققا قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغانلار: بۇنداقلارنىڭ جاھاندارچىلىق يولى ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىش، ئۆزىدىن يۇقىرىلارغا خۇشامەت قىلىشتىن ئىبارەت.

رەھىمسىزلەر: گەپ قىلسىلا خەقنى چىشلەپ تارتىش، خەقنىڭ دىلىغا ئازار بېرىش، قىزىم ساڭا ئېيتتىم، كېلىنىم سەن ئاڭلا دېگەندەك گەپنى دارىتمىلاش بۇنداقلارنىڭ ھۈنىرى.

جاھانسازلار: بۇنداقلار ئۆزىنى ئالاقىغا ئۇستىمەن دەۋالىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ئالاقە قىلىشتىكى مەقسىتى شەخسىي مەنپەئەت ئۈندۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئادەمگە ئارىلاشمايدىغانلار: بۇنداقلار ئۆزىگە ئانچە ئىشىنىپ كېتەلمەيدۇ، ئەل-جامائەت بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان جەھەتلەردە خەققە يەتمەيدۇ، بۇلار يەنە ئويلاشقا ماھىر بولۇپ، ئادەم دېگەن ئالاقە قىلىپ ئۆتىدىغان نەرسە ئەمەس دېگەن خاتا تونۇشقا كېلىپ قالغان.

# رەھبەرلەر قانداق ”ئىش جۆندەش“ ئېپىنى بىلىشى لازىم

يېتىلگەن رەھبەر ”ئادەمگە مۇئامىلە قىلىش“ يولىنىمۇ بىلىشى، ”ئىش جۆندەش“نىڭ ئېپىنىمۇ بىلىشى كېرەك.

1) پۇرسەتنى تۇتۇش مەسىلىسىدە، ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىش لازىم. قانداق ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا بولسۇن، پەيتنى ياخشى پەملەپ، ئوبدان پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاز كۈچ چىقىرىپ كۆپ نەتىجە قازىنىش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

2) تەدبىر كۆرۈشتە كەسكىن بولۇش لازىم. سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن جاڭ يۇڭ دېگەن ئادەم مۇنداق دېگەن: ”ئادەم ئىشتا ئۈچ قىيىنچىلىققا يولۇقىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى كۆرۈش؛ ئىككىنچىسى، كۆرگەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش؛ ئۈچىنچىسى، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان چاغدا جەزمەن كەسكىن قارار قىلىش.“

3) نىشان بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش لازىم. سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن ئەدىب سۇشى: ”چوڭ ئىش تەۋەرەتكۈچىلەرنىڭ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئالاھىدە قابىلىيىتى بولۇشىلا تەلەپ قىلىنىپ قال-

www.uyghurkitap.com

ماستىن، قەتئىي ئىرادىگە ئىگە بولۇشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ»
دېگەندى.

4) ھوقۇق يۈرگۈزۈشتە شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەس-لىك لازىم. كونىلاردا: «چوڭ ئىش تەۋرەتكۈچىلەرنىڭ شەخ-سىي غەرەزنى تاشلىشى ھاجەتتۇر» دېگەن گەپ بار.

5) دىققەتنى يىغىش جەھەتتە، كۆڭۈلنى بىر ئىشقىلا قو-يۇش لازىم. بىر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، ئۇنى رەسمىي بىر ئىش بىلىپ قىلىش كېرەك. بىپەرۋالىق قىلغاندا، ئىش جەز-مەن بىر باشقا چىقمايدۇ.

6) ھەق-ناھەققە مۇئامىلە قىلىشتا، ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم. سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن لۇجيۇيۈەن دېگەن ئادەم مۇنداق دېگەن: «ئىشتا داۋلى بار-يوقلۇقىغىلا قا-راش ھاجەتكى، ئادەمنىڭ كىملىكىگە نەزەر سالماسلىق كې-رەك».

7) قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە قورقماسلىق لازىم. مال-تون مۇنداق دېگەن: «قورقماس ئادەم قىيىن شارائىتتا بولغان-سېرى دادىللىشىپ كېتىدۇ. تىترىمەي، ئارىسالدى بولماي كۆكرىكىنى كېرىپ، قىيىنچىلىققا قارشى قەتئىي نىيەت بىلەن كۆرەش قىلىدۇ.»

8) سۆز-ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان بولۇش لازىم. رەھبەرلەر سۆز-ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان بولۇشى لازىم. رەھبەرلەر سۆز-ھە-رىكەتلىرىگە «دىققەت قىلىشى» ۋە ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

بولمىسا، خىزمەتكە زىيان بولىدۇ.

9) ئىشتا قىزغىن بولۇش لازىم. بىلدىن: ”ئىشتا مۇۋەپ-پەقىيەت قازىنىش تولاراق قىزغىنلىققا، قىسمەن ئىقتىدارغا باغلىق ئىكەنلىكىنى تەجرىبىلەر بىزگە ئۇقتۇردى. غالىبلار پۇت-كۇل روھى ۋە تېنىنى ئىشقا ئاتىۋەتكەنلەردۇر“ دېگەن.

10) باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىگە مۇئامىلە قىلىشتا كەڭ قورساقلىق بولۇش لازىم. ھېسداشلىق قىلغاندا، ئادەمدىن پاي-دىلانغىلى بولىدۇ. ئەپۇچان بولغاندا، كىشىلەر بىلەن چىقىشقى-لى بولىدۇ. سەۋرچان بولغاندا، ئادەم دېگۈدەك ئادەم بولغىلى بولىدۇ.

## قانداق قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان ئادەم بولغىلى بولىدۇ

ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدىكى مەشھۇر بىر ئىش تو-نۇشتۇرغۇچى ئورۇننىڭ مەسئۇلى روبېرت كۆپ يىللىق تەجرى-بىلىرىگە ئاساسەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلار ھازىرلاشقا تې-گىشلىك يەتتە خىل پەزىلەتنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1) ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىش. ئىشىڭىزنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويسىڭىز، مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايسىز. ئىشتىمۇ، ئۆيدىمۇ ئادەمنىڭ كەيپى ياخشى بولىدىغان چاغلارمۇ

بولىدۇ، ناچار بولىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازى-نىمەن دېسىڭىز، كەيپىڭىز ناچار چاغلاردا قەيسەرلىك بىلەن قەتئىي بەل باغلاپ، ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ.

2) ئۆزگىچىلىك. ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقىڭىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جارى قىلدۇرۇڭ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىڭ. ئۇيۇشتۇرۇش، پىلانلاش جەھەتلەردە ئارتۇقچىلىقىڭىز بولسا، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويىسىڭىز بولىدۇ؛ ھېسابلاش جەھەتتە ئارتۇقچىلىقىڭىز بولسا، ئۆي ئىشلىرىدا ئائىلىڭىزنىڭ ئىقتىسادىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرسىڭىز بولىدۇ.

3) لەۋزىدە تۇرۇش. ئىشەنچلىك ئىناۋەت تىكلەش لازىم، تاپشۇرۇلغان ئىشنى پىلان بويىچە ئورۇنداش كېرەك. ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش كېرەك.

4) ھەمكارلىشىش. باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان، ھەتتا قارىمۇقارشى بولغان پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىڭ. خىزمەتداشلىرىڭىز ياكى ھەمراھلىرىڭىزنىڭ ئۆز نىشانىغا يېتىشىگە ياردەملىشىڭ؛ ئۆيىڭىزدە ئۆيىنىڭ ئىش-كۈشلىرىدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ.

5) قىزغىن بولۇش. بىر ئىشتا چەتتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرىدىغان، سوغۇق ئادەملەرگە كىشىلەر يېقىنلاشمايدۇ. ئادەملەرگە، ئىشقا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلسىڭىز، كۆڭۈل بۆلسىڭىز، كىشىلەر سىزنى ئىشەنچلىك،

تايانغىلى بولىدىغان ئادەم دەپ ھېسابلايدۇ.

6) زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرۇش. زېھنىي قۇۋۋىتىڭىز ھەرۋاقىت ئۇرغۇپ تۇرسۇن، شۇنداق بولغاندىلا ئىشنى راسا ياخشى قىلالايسىز. سىزدىكى سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراش ئارقىسىدا پەيدا بولغان تولۇق زېھنىي قۇۋۋەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىشانىغا يېتىشتە چوقۇم بىر كۈچ بولۇپ قالىدۇ.

7) ئوچۇق-يورۇق بولۇش. نورمالسىز ۋاسىتە ۋە سۇيىقەست ئىشلىتىپ قازانغان مۇۋەپپەقىيەت تارتقان زىياننى چوقۇم قاپلىيالمايدۇ. مەلۇم ۋاسىتىلەر بىلەن باشقىلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالغان بولسىڭىز، كۆڭلىڭىز تىنىم تاپالمايدۇ.

# ئامىمىۋى ئالاقە سورۇنلىرىدا سۆز قىلغاندا ھەزەر ئەيلەشكە تېگىشلىك توققۇز ئىش

1) سۆزنىڭ بەك مەخسۇسلىشىپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. ئامىمىۋى ئالاقە سورۇنلىرىدىكى دوستلىرىڭىز داشۆدىكى ساۋاقداشلىرىڭىزغا، تەتقىقاتخانىدىكى خىزمەتداشلىرىڭىزغا ئوخشىمايدۇ، ھەربىرىنىڭ ئىلىم جەھەتتىكى سەۋىيەسى، بىلىم قۇرۇلمىسى كۆپىنچە تەكشى بولمايدۇ.

2) ياسالمىلىقتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. پاساھەتلىك

سۆزلەر دەرۋەقە گۈزەل ئىبارىلەردىن تۈزۈلىدۇ، لېكىن ئەڭ تۈپ نەرسە شۇكى، سۆز مەقسەتنى ئىپادىلەپ بېرىشى، ئامما-باب-چۈشىنىشلىك بولۇشى لازىم.

3) مۇقام تۆۋەن بولۇشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. سۆز-نىڭ قاتلىمى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە ئەپلەشمەيدۇ، بەك تۆۋەن بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ.

4) ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئادەت بويىچە سۆزلەشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. نۇرغۇن ئادەملەردە سۆزلىگەندە ھە دې-سىلا "ئاۋۇ —"، "ھېلىقى —"، "ئۆزى —" دېگەندەك سۆز-لەرنى قوشۇپ قويىدىغان ناچار ئادەت بار. ئۆزى كىچىككىنە بولسىمۇ، سۆزدە مەقسەتنى ئىپادىلەشكە خېلى تەسىر يەتكۈزىد-غان بۇنداق ئىللەتتىن خالىي بولالىسىڭىز، سۆز قابىلىيىتىڭىز-نىڭ ياخشىلىنىپ كېتىدىغانلىقىدا گەپ يوق.

5) ماختانچاقلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. سىز-دە مۇنداق تەسىرات بولغانمۇ؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرغاندا، بۇ نەتىجىلەر باشقىلارغا نەپ كەلتۈرمىسە، سىز تەرلەپ-پىشىپ، زوق-شوق بىلەن سۆزلەۋەرسىڭىزمۇ سۆزىڭىز ئاڭلىغۇچىلارغا تېتىقسىز تۇيۇلىدۇ. بۇنداق بولۇشنى ئاڭلىغۇ-چىلاردىن كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئادەم دېگەن ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشقا قىزىقمايدۇ، بۇ ئادەتتىكى ئىش.

6) بىلجىرلاپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. سىزگە زادىلا خۇش ياقمىسىمۇ گېپىنى سوزۇۋېرىپ ئىچىڭىزنى پۇشۇر-

غان ئادەمدىن سىز ھەممىدىن بەك بىزار بولسىڭىز كېرەك.

7) كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىشنى تىلغا ئېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. كىشىلەر ئالاقە سورۇنلىرىغا شادلىنىش، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن كېلىدۇ. شۇڭا، ئىشىڭىز-نىڭ ئالدىراشلىقى، ئاغرىق-سىلاق، ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ يې-تىشمەيۋاتقانلىقى ۋە باشقا بەختسىزلىكلەر توغرىسىدا ھەددىدىن ئارتۇق گەپ قىلىپ كەتسىڭىز، مۇۋاپىق بولمايدۇ.

8) خەققە زەھەرخەندىلىك قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كې-رەك. ئاچچىق، زەھەرلىك گەپ قىلىدىغان ئادەم ئاسانلا خەقنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىپ قويىدۇ. زەھىرى بار، قەھرى بار، ئۆتكۈر-زېرەك ئادەمگە كىشىلەر ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارايدۇ، لېكىن بۇنداقلاردىن قاچىدىغان ئىشمۇ بار.

9) كىشىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تىلغا ئېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. دوست-بۇرادەرلەرنىڭ كەمچىلىك ۋە سەۋەنلى-كىنى مۇۋاپىق سورۇنلاردا كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك، ئەل جامائەتنىڭ ئالدىدا يېتەرسىزلىكىنى دەپ ئولتۇرۇشتىن ساقلى-نىش لازىم، ناتونۇشلارنىڭ ئالدىدا بۇنىڭغا تېخىمۇ دىققەت قى-لىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 8 . ئائىلە مەسلىھەتچىسى

## ئائىلىنى بەختلىك، كۆڭۈللۈك قىلىشنىڭ چارىلىرى

قىز-يىگىتلەر تۇرمۇش قۇرۇپ ئۆي تۇتقاندىن كېيىن ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك، كۆڭۈللۈك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. قانداق قىلغاندا بۇ گۈزەل ئارزۇغا يەتكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاساسەن، ئەر-خوتۇن ئورتاق تىرىشىشى كېرەك.

بىرىنچى، ئەر-خوتۇن يېتىلگەن مۇھەببەت قارىشىغا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك. مۇھەببەت قارىشى كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ مەسىلىسىگە بولغان تۈپ قارىشى ۋە نۇقتىئىنەزەرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەر-خوتۇننىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ مەسىلىسىگە زادى قانداق قارايدىغانلىقى، قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقى كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ نىكاھتىن كېيىنكى تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەر-خوتۇننىڭ مۇھەببەت قارىشى بىر قەدەر ئىلمىي ۋە مۇكەممەل بولسا، ئۇ ھالدا، ئەر-خوتۇننىڭ

نۇرغۇن تۇپ مەسىلىلەردىكى قارىشى بىردەك بولىدۇ-دە، زىددى-يەت پەيدا بولۇش پۇرسىتىمۇ بەك ئاز بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئەر-خوتۇن قەلبداش بولۇشى كېرەك. نىكاھ مۇھەببەتنىڭ گۈزى بولۇپ قالماسلىقى، نىكاھتىن كېيىنكى مۇھەببەتمۇ ھەر ۋاقىت يېڭى مەزمۇن ئېلىپ تۇرۇشى لازىم. ئائىلىدە مۇھەببەت ئازلاپ كەتسە، تۇرلۇك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئەڭ ئاساسىي ئورتاق تىلمۇ ئازلاپ كېتىدۇ. ئائىلە-نى بەختلىك، كۆڭۈللۈك قىلىش ئۈچۈن، ئەر-خوتۇن ھېسسى-يات، تۇرمۇش، كەسىپ جەھەتلەردە بىر-بىرىنى چۈشىنىشى لازىم. قەلبداش، ساداقەتمەن بولغاندىلا، قەلب ۋە پىكىر بىرلى-كى ھاسىل بولىدۇ-دە، مۇھەببەت چېچىكى سولماي ئېچىلىپلا تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۆزئارا يول قويۇش ۋە ئەپۇ قىلىش كېرەك. كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە بەك قاتتىق تەلەپ قويۇپ كەتمەسلىكى، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش، مۇلايىم بولۇش سەنئىتىنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. مەسىلىگە يولۇققاندا ياكى ئىختىلاپ پەيدا بولغاندا، تاكاللاشماي، ئۆز ئارا ئەپۇچان بو-لۇش، يول قويۇش لازىم. ئۆزئارا جاۋابكارلىقنى كۆپرەك ئۈس-تىگە ئېلىپ، بىر-بىرىنى چۈشەنگەندە، ئىختىلاپنى تۈگىتىپ، قىيىنچىلىقنى بىللە يەڭگىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئەرمۇ، خوتۇنمۇ يىراقنى نەزەر تاشلايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنىسى ئايدىڭ بولسۇنكى، ئىككىيلەن تۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇش قۇرغاندىن كېيىن ئۆمۈرۋايەت بىللە ئۆتىدىغان گەپ، تۇرمۇشتا يولۇققان شادلىنارلىق ئىشتىن ئىككىيلەن تەڭ بەھرە-مەن بولۇشى، دەرد-ئەلەمنى تەڭ تارتىشى لازىم. ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن يىراققىراق نەزەر سالغاندىلا، سۆز-ھەرىكەتتە چوڭ نىشانغا، يۆنىلىشكە ئىگە بولىدۇ-دە، كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ كەلگۈسى مەنپەئەتتىن قۇرۇق قالىدىغان ئىش سادىر بولمايدۇ.

دېمەك، ئائىلىنىڭ بەختلىك، كۆڭۈللۈك بولۇشى ئەر-خو-تۇن ئىككىيلەننىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا باغلىق، ئائىلە ئىناقلى-قىنىڭ مۇھىملىقىنى ئەرمۇ، خوتۇنمۇ تونۇپ يېتىدىغان ھەمدە ئەمەلىي ھەرىكىتىدە مۇناسىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلا بول-سا، ئائىلە بارغانسېرى بەختلىك ۋە كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

## ئائىلىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى قانداق چۈشىنىش كېرەك

بەزىلەر: كاستۇم-بۇرۇلكا، ئېسىل ئاياغ كىيسە، ئېگىز بىنادا ئۆيى بولسا، ئۆيىدە مۇزلاتقۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور قاتار-لىق يېڭى تۈت خىل بۇيۇم تولۇق بولسا، مۇشۇنداق ئائىلە ”زامانىۋىلاشقان“ ئائىلە بولىدۇ، دەپ ھېسابلىشىدۇ. بۇ ئەت-راپلىق بولمىغان چۈشەنچىدۇر.

ئائىلىنىڭ زامانىۋىلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈشتە ماددىي جەھەت-تىكى بەلگىدىن باشقا، ھېچ بولمىغاندا مۇنداق تەرەپلەر بولۇشى كېرەك:

1. ئاڭ زامانىۋىلىشىشى كېرەك. ھازىرقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، بىرمۇنچە كونا ئاڭ-پىكىر بەزىلەرنىڭ كاللىسىدا ھېلىھەم ھۆكۈمران ئورۇندا بولۇپ، بۇ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئالايلۇق، ئەرلىك ھوقۇ-قى ئىدىيىسى، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ ئىشىغا چات كېرىۋېلىش، ئورۇنسىز ئارىلىشىش، زامان ئېڭى بولماسلىق، ۋەھاكازالار. بۇلارنى ئۆزگەرتمىگەندە، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ قەدىمىگە قانداقمۇ يېتىشىۋالغىلى بولسۇن؟

2. بىلىمنى زامانىۋىلاشتۇرۇش كېرەك. زامانىمىزدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئائىلە تۇرمۇشىدا بىلىم بولمىسا "بىر غېرىچمۇ ماڭغىلى بولمايدۇ" دېيىشكە بولىدۇ؛ تاماق ئېتىش بىلىمىنى بىلمىسىڭىز، ئاغزىڭىزغا تېتىغۇدەك تاماق يېيەلمەي-سىز؛ بالىنى ساغلام تۇغۇپ، ياخشى تەربىيىلەش بىلىملىرىنى بىلمىسىڭىز، دەلدۈش بالىدىن بىرنى تۇغۇشىڭىز مۇمكىن؛ بالا تەربىيىلەش بىلىملىرىنى بىلمىسىڭىز، بالىڭىز جىنايەت ئۆتكۈ-زۈش يولىغا مېڭىپ كېتىشى مۇمكىن، ۋەھاكازا.

3. تەربىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش كېرەك. ئۇقۇمۇشلۇق ئائىلىدىكىلەر بىر-بىرى بىلەن يېقىن، ئىناق، تەڭ-باراۋەر ئۆت-تىدۇ؛ بۇنداق ئائىلىدە پەس ئارزۇ-ھەۋەس بولمايدۇ، بەلكى

پائال تۇردە ئالغا ئىنتىلىش، ئورتاق ئالغا بېسىش كەيپىياتى تولۇپ تاشقان بولىدۇ.

4. باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش كېرەك. ئادەمنى ئوبدان باشقۇرۇش لازىم، يەنى بىر ئائىلىدىكى ئادەملەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، يۈرۈش-تۇرۇشنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ ئائىلىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ تۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتىدىغان قىلىش لازىم؛ ئائىلىدىكىلەرگە بولغان ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت تەربىيىسىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت، تەنتەربىيە تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش لازىم. مالىيىنى ئوبدان باشقۇرۇش لازىم، يەنى ئۆينى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇش، پىلانلىق چىقىم قىلىش، ھەمدە ئىستېمالنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

## نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئەڭ ياخشى ھالەتتە ساقلاش سەنئىتى

بىللە ئۆتۈۋاتقان ئەر-خوتۇن نىكاھ مۇناسىۋىتىنى قانداق قىلىپ ئۇزاققىچە ئەڭ ياخشى ھالەتتە ساقلاپ قالالايدۇ؟ تەجرىبىلىك ئەربابلار مۇنداق ئۇسۇللارنى تونۇشتۇردى، ھەرقايسى-

ئىنىزلارنىڭ پايدىلىنىشىغىزلار ئۈچۈن، تۆۋەندە تونۇشتۇرىمىز:

1. ئەر-خوتۇن ئارىسىدا مېھرى-مۇھەببەت تولۇپ تۇرۇشى كېرەك. كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ مۇھىم رىشتىسى مېھرى دۇر. شۇڭا، ئەر-خوتۇن ئۆزىنىڭ ھېس-سىياتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، دائىم سۆيۈشۈپ تۇرۇشى، قۇچاقلىشىپ تۇرۇشى لازىم. بەزىلەر ئېيتقاندەك، مۇھەببەتنىڭ ئېھتىياجىغا سۆزلىشىشتىن قۇچاقلىشىش بەكرەك ئۇيغۇن كېلىدۇ.

2. جىنسىي تۇرمۇش قېنىقارلىق، قىزىقارلىق بولۇشى كېرەك. جىنسىي تۇرمۇشنىڭ ماس بولۇشى نىكاھنىڭ بەختلىك بولۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. يېڭى ئۆي تۇتقان ئەر-خوتۇنلاردا تەجرىبىسىزلىكتىن جىنسىي تۇرمۇش ماس بولماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، لېكىن ئەرمۇ، خوتۇنمۇ بۇ ئىشقا جىددىي قارىسا، تەجرىبىلەرنىڭ توپلىنىپ بېرىشى ئارقىسىدا، جىنسىي تۇرمۇش تېزلا ماس-تەڭكەش بولۇپ كېتىدۇ. بىلىش كېرەككى، ماسلاشقان جىنسىي تۇرمۇش ئەرگىمۇ، خوتۇنغىمۇ ھېسسىيات جەھەتتە، ھەتتا تۇرمۇش جەھەتتە قانائەت بەخش ئېتىدۇ.

3. كۆپرەك بىللە بولۇش كېرەك. مۇھەببەتنى يېتىلدۇرۇشكە ۋاقىت ۋە شارائىت كېرەك. شۇڭا، ئەر-خوتۇن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ بىللە بولۇشى، مۇڭدىشىشى، ھېسسىياتلىرىنى ئالماشتۇرۇشى لازىم، بۇ مۇھەببەتنىڭ ئۇلغىيىشىنى ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ بەك ئىلگىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇرەلەيدۇ.

4. ئۆزئارا مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك. ئەر-نىڭمۇ، خوتۇننىڭمۇ بەزى مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشى نىكاھنىڭ ئۆزاققىچە داۋاملىشىشى ۋە ئەر-خوتۇننىڭ بەختلىك ئۆتۈشىنىڭ ئاساسى. ئەرمۇ، خوتۇنمۇ مەيلى تۇرمۇش جەھەتتە بولسۇن، ياكى كەسىپ جەھەتتە بولسۇن، قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشقا يولۇقىدۇ، بولۇپمۇ تۇرمۇش جەھەتتە، ئۆزئارا كۆپرەك مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، كۆپرەك ئىش قىلىش، بىر-بىرىگە باشقا ئىشلارنى قىلىدىغان كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ بېرىش لازىم، بۇنداق قىلغاندا، ئەر-خوتۇننىڭ بىر-بىرىگە بولغان ھېس-سىياتى كۈچىيىپ بارىدۇ.

5. ئۆزىنى تەڭشەپ تۇرۇش ۋە بىر-بىرىگە ماسلىشىش كېرەك. ئەر-خوتۇننىڭ مىجەز، ھەۋەس جەھەتلەردە تامامەن بىردەك بولۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، بەزى پەرقلەرنىڭ بولىدىغانلىقى مۇقەررەر، بۇنداق شارائىتتا، ئەرمۇ، خوتۇنمۇ ئۆزىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا دىققەت قىلىشى، بىر-بىرىنىڭ مىجەز-خۇلقىغا ماسلىشىشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم، بۇمۇ ئەر-خوتۇنچىلىق ھېسسىياتىنى كۈچەيتىپ، نىكاھ تۇرمۇشىنى بەختلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇھىم بىر يولى.

6. ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ۋە بىر-بىرىنى ئەپۇ قىلىش كېرەك. بەختىيار ئەر-خوتۇنلارمۇ ئۆزلۈكسىز مۇ-كەممەللىشىپ بېرىشقا موھتاج، ئۇلار بىر-بىرىنى كەچۈرۈشى،

بىر-بىرىگە ياخشىلىق قىلىشى، كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم، بىر-بىرىنى كۆرەلمەيدىغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك.

7. ھالاۋەتتىمۇ، مۇشەققەتتىمۇ بىللە بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. ئەر-خوتۇن دەرد-ئەلەمنى تەڭ تارتىشى، بەخت ۋە شادلىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى لازىم. بىرەيلەن شان-شەرەپ قازانسا، يەنە بىرەيلەن ئۇنى ۋاقتىدا تەبرىكلىشى كېرەك؛ بىرەيلەن قىيىنچىلىق تارتسا، يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭغا كۆپرەك تەسەللى بېرىشى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشى كېرەك. جاپالىق سىناقلاردىن ئۆتكەن ئەر-خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىلا تېخىمۇ پۇختا، مۇستەھكەم بولىدۇ.

8. ئەرمۇ، خوتۇنمۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئەر-خوتۇن ئۆز مۇھەببىتىنى سۆزگە بېرىش يولى بىلەن داۋاملىق ئىزھار قىلىپ تۇرۇشى لازىم، مەسىلەن، سىرتقا چىققان بىرەيلەن يەنە بىرەيلەنگە ئازتولا مۇۋاپىق سوۋغا ئالغاچ كېلىشى لازىم، ئالغان نەرسە كىچىك بولسىمۇ، سوۋغىنى قوبۇل قىلغۇچى بۇ سوۋغا ئارقىلىق سوۋغا بەرگۈچىنىڭ مۇھەببىتىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىرەيلەن قىيىنچىلىققا يولۇقسا ياكى ئاغرىپ قالسا، يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشى كېرەك، بۇنداق بولغاندا، ئەرمۇ، خوتۇنمۇ قىيىن كۈنلەردە ئۆزىنى بەختىيار سېزىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قەلبى يېقىنلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئەر-خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى "سىلىقلاشتۇرغۇچى"

بىللە ئۆتۈۋاتقان ئەر-خوتۇن ئارىسىدا بەزەندە زىددىيەتنىڭ تۇغۇلۇشى ھەتتا ئۇرۇش-تالاشنىڭ بولۇشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. ئۆمۈرۋايەت قىزىرىشىپ قالمايدىغان ئەر-خوتۇنلار بەك ئاز. جاڭجاللىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئەرنىڭمۇ، خوتۇنىنىڭمۇ كەيپىياتى بۇزۇلىدۇ، ئىككىيلەن بىر-بىرىگە ھومىيىشىپ قالىدۇ، ھەتتا بىر-بىرىگە گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، بەزىدە مۇناسىۋەت بارغانسېرى يىرىكلىشىپ، ھېسسىيات جەھەتتىن ئۇزاققىچە ئازار يەيدىغان ۋە ئازاب چېكىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.

ئومۇمەن، ئەر-خوتۇننىڭ جاڭجاللىششى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۈپ زىددىيەت مەۋجۇتلۇقىدىن بولمايدۇ. ئەر-خوتۇن جاڭجاللىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئەپلىشىپ قالساق، دېگەن ئارزۇدا بولىدۇ. ئەمىسە، قانداق قىلغاندا ئەپلىشىپ قالغىلى بولىدۇ؟ چەت ئەللەردىكى بەزى پسىخولوگلار ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتى مۇتەخەسسىسلىرى ئەر-خوتۇننىڭ جاڭجاللىشىپ قېلىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ، يارىشىپ قېلىشنىڭ بەزى پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغان ئەر-خوتۇن

تېزلا يارىشىپ قالىدۇ. بۇنى ئەر-خوتۇن مۇناسىۋىتىنى ”سىلىق-لاشتۇرغۇچى“ دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

1. بىر-بىرىلەننىڭ ئاچچىقى كەلسە، يەنە بىر-بىرىلەن سەۋر قىلىپ جىم تۇرۇشى، ئاچچىقى بېسىلغاندا، ئاندىن سۆزلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇشى كېرەك، بۇنداق قىلغاندا، جاڭجال كۆپ يەسىيىدۇ.

2. گەپ تالىشىپ قالغاندا، ئەرمۇ، خوتۇنمۇ نېمە ئىش بولسا، شۇ ئىش توغرىسىدىلا گەپ قىلىشى، چەكتىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك، كونا خاماننى سورۇۋېرىشكە بولمايدۇ، ياكى بولمىسا، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ”ئاجرىشىپ كېتىمەن“ دەپ ھەيۋە قىلىشقا بولمايدۇ.

3. ئەرمۇ، ئايالمۇ بىر-بىرىنىڭ ياخشى جايلىرىنى كۆپرەك ئويلىشى، بولۇپمۇ قىيىنچىلىق تارتقان مەزگىلدە بىر-بىرىگە ياردەم بەرگەنلىكلىرى ۋە مەدەت بەرگەنلىكلىرىنى كۆپرەك ئوي-لىشى كېرەك.

4. ئەر-خوتۇن ئارىسىدىكى جاڭجالغا باشقا ئادەمنىڭ ئارى-لىشىشىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلىنىش لازىم، باشقىلار-دىن خەيرىخاھلىق، مەدەت، تەسەللى ئىزدەشكە تېخىمۇ بول-مايدۇ.

5. بالىنىڭ ئالدىدا جاڭجاللىشىشقا بولمايدۇ. بالىنىڭ ئالدىدا جاڭجاللاشقاندا، بالا بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى يوقىتىپ، روھىي جەھەتتىن جاراھەتلىنىدۇ. ئەرمۇ، خوتۇنمۇ بالىنى ئۆزى

www.uyghurkitap.com

تەرەپتە تۇرىدىغان قىلىشقا ئۇرۇنماسلىقى كېرەك، ئاچچىقىنى بالىدىن ئېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

6. خىزمەت ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆڭۈلسىز-لىك بولسا، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئۆيدىكى بالا-ۋاقىغا ئاچچىق-لاشقا بولمايدۇ.

بۇ يەردە ھەرقانداق ئەھۋالدا ئەر-خوتۇنلار ئارىسىدا تالاش-تارتىش بولمىسۇن دېمەكچى ئەمەسمىز، توغرا پرىنسىپنى ئىگەل-لىۋالغاندا، بەزى جاڭجاللار ئائىلە مۇناسىۋىتىگە بەختسىزلىك كەلتۈرۈش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، زىددىيەتنى ئۆزلۈكسىز ھەل قىلىش جەريانىدا ئەر-خوتۇن مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئىناق-لاشتۇرىدۇ. ئەر-خوتۇنلار بۇ "سىلىقلاشتۇرغۇچى"نى ئىشلى-تىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك.

## ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە بەك سوغۇق مۇئامىلە قىلماسلىقى لازىم

زامانىمىزدا تۇرمۇش رىتىمى تېز بولغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئىشى ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەر-خوتۇنچىلىق مۇناسىۋى-تىنىڭ تەڭكەش، كۆڭۈللۈك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەر-خو-تۇن ئارىسىدا بىر خىل پۇتۇم بارلىققا كېلىشى كېرەك، ئۇ بولسىمۇ: ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەر-خوتۇن مەلۇم

ۋاقىت چىقىرىپ سىردىشىش، سىردىشىش ئارقىلىق بىر-بىرىگە بولغان چۈشەنچىنى كۆپەيتىش.

1. ئەر-خوتۇن قىلغىلى گەپ تاپالمايدىغان ئەھۋالنى ئۆز-گەرتىش لازىم. ئەر-خوتۇن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، مەقسەتلىك ھالدا بۈگۈن نېمە قىلغانلىقىنى، ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئورۇندا نېمە ئىش بولغانلىقىنى، سىرتتا نېمە گەپ ئاڭلىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ نېمە شادلىق، ھەسرەتلىرى بارلىقىنى سۆزلىشى كېرەك. دېمەك، بۇ سۆزلەرنى ھاياتتىكى بېزەك ۋە تېتىتقۇ بىلىپ، بۇلار ئارقىلىق ئەر-خوتۇن ئارىسىدىكى جىم-جىتلىقنى بۇزۇش كېرەك، بۇ ھاياتنى تەڭشەش، پىكىرنى ئۆ-تۇشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

2. ئەر-خوتۇن ئارىسىدا سوغۇقچىلىق پەيدا بولۇشنىڭ ئال-دىنى ئېلىشتىكى يەنە بىر چارە ئەر-خوتۇننىڭ بىر-بىرىگە كۆ-ڭۈل بۆلۈشىنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت. ئالايلۇق، ئېرى خوتۇنىغا: ”چېچىڭىزنى ياسىتىۋالسىڭىز بولغۇدەك“دېسە، خو-تۇنى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئېرىنىڭ بۇ غەمخورلۇقىدىن چوقۇم رازى بولىدۇ؛ ئېرى يېرىم كېچىگىچە ئىشلەپ كەتكەندە، خوتۇ-نى ئېرىگە چاپان يېپىپ قويسا، ئاندىن: ”بالدۇرراق ئارام ئېلىڭ، بەك چارچاپ كەتمەڭ“ دېسە، ئېرى خوتۇنىنىڭ بۇ غەمخورلۇقىدىن مىننەتدار بولىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بۇ غەمخورلۇقلار ۋە يېقىنچىلىقلار ئارقىسىدا، ئەر-خوتۇن مۇھەب-بىتى بىر-بىرىگە ئۆتىدۇ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەر-خوتۇننىڭ ھەقد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىي يولداش ئىكەنلىكىنى، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقى ۋە بىر-بىرىگە كۆيۈنىدىغانلىقىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا ئەر-خوتۇن ئارىسىدىكى سوغۇقچىلىق يوقىلىپ، مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

## پەرزەنتلەر ئائىلە زىددىيىتىنىڭ پەسىيىشىگە ياردەمدە بولۇشى لازىم

ئاتا-ئانا ياشىنىپ قالغاندىن كېيىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، جاھىل-كاج بولۇپ قالىدۇ، بەزىلىرىنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ چىچىلغاق بولۇپ قالىدۇ؛ بەزى قېرى ئەر-خوتۇنلارمۇ جاڭجاللىشىپ قېلىشى مۇمكىن، ۋەھاكازا. دېمەك، پەرزەنتلەر ئائىلە زىددىيىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ياردەملىشىش، ياراشتۇرۇش ئىشلىرىنى قىلىشى كېرەك.

1. نەسىھەت قىلىش.

ئاتا-ئانا جاڭجاللىشىپ قالغاندا، بالىلار نەسىھەت قىلىپ ئايرىۋېتىشى، ئاتا-ئانا جىمىققاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ، جاڭجاللىشىشنىڭ قاملاشمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئاتا-ئانىنى قايىل قىلىپ خۇش قىلىشى لازىم. لېكىن، بىرىگە يان بېسىپ، يەنە بىرىنى ئەيىبلەشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

2. سەۋر-تاقەت قىلىش.

ئاتا-ئانا بىلەن بالىلار ئارىسىدا زىددىيەت تۇغۇلسا، بالىلار سەۋر قىلىشى ھەمدە ئۆزلۈكىدىن ئاتا-ئانا ئالدىدا خاتالىقىنى بويىنىغا ئېلىشى، شۇنىڭدەك ھېسسىياتنى ئالماشتۇرۇشقا مۇمكىن بولىدىغانراق باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاتا-ئانىنىڭ ئاچچىقىدىن يېنىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك؛ سەۋەنلىك ئاتا-ئانىدىن ئۆتكەن بولسا، ئاتا-ئانىنىڭ غۇرۇرىنىمۇ ئېتىبارغا ئېلىش، مۇۋاپىقراق ئۇسۇل ئارقىلىق ئاتا-ئانىنىڭ ئۆز سەۋەنلىكىنى تونۇۋېلىشىغىمۇ ياردەم بېرىش لازىم. ئاتا-ئانىغا تەنبىھ بېرىش، ئاتا-ئانىنى سۆكۈش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

3. ئوتقا ماي چاچماسلىق.

ئاتا-ئانا ئاچچىقلانغان ۋە زىددىيەتلىشىپ قالغان چاغدا، بالىلار ئوتقا ماي چاچىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى لازىم، ئاتا-ئانا ئارىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، بالىلار ئاتا-ئانىسى بىلەن زىتلىشىپ قېلىپ، زىددىيەتنى كېڭەيتىۋېتىشتىنمۇ ساقلىنىشى كېرەك.

4. ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىق.

ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغاندا، بالا ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ئۇسۇلى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىقى كېرەك. پرىنسىپال مەسىلە بولمىسا، ئەپۇ قىلىۋېتىش لازىم؛ پرىنسىپال مەسىلە بولغاندىمۇ، ئاتا-ئانا بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، پوزىتسىيە، شەكىل ۋە ئۇسۇلغا دىققەت قى-

www.uyghurkitap.com

لىش، بۇ ئارقىلىق يېڭى زىددىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئال-دىنى ئېلىش لازىم. ئەينى ۋاقىتتا، بالىلار شۇنداق قىياپەتتە كۆرۈنسۇنكى، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەت قى-لىۋاتقانلىقىنى كۆرسۇن، شۇنداق بولغاندىلا زىددىيەت پە-سىيىدۇ.

## ئاتىلىق مېھرى كەملىك قىلىش يىغىندا كېسىلىدىن ھوشيار بولۇش كېرەك

جورج مانسىر ئىسىملىك ئامېرىكىلىق دېڭىزچى ئوغلى تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يىراقتا سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇ ئۈچ يىلدىن كېيىن ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ ھاڭ-تاڭ قاپتۇ. بالىسى-نىڭ ھەرىكەتلىرى غەلىتە، مىجەزى جىمغۇر، ئۆزىنى پەس كۆرۈش ھېسسىياتى بەك كۈچلۈك ئىكەن، ئەسلىدە تېتىك، ئوماق بولۇشقا تېگىشلىك ئوغۇل بالا تارتىنچاق قىز بالىدەك بولۇپ قالغانىكەن.

بوۋاق ۋە گۆدەك بالا ئۇزاققىچە ئانىسىنىڭ بېقىشى بىلەن چوڭ بولسا، بالىغا ئاتا مېھرى كەملىك قىلسا، ھېلىقىدەك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدىكەن. كلىنىكا دوختۇرلىرى بۇنداق ئەھۋالنى ”ئاتىلىق مېھرى كەملىك قىلىش يىغىندا كې-سىلى“ دەپمۇ ئاتىشىدۇ. بەزى بالىلاردا قورقۇنچاقلىق قىلىش،

ئىچى تىتىلداش، يىغلاپ غىڭشىلىق قىلىش، غەمكىن بولۇپ قېلىش، تاۋى نازۇك بولۇپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەرمۇ كۆرۈلىدۇ.

بۇرۇن كىشىلەر بالىغا قاراش دادا بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشتەك، ئۇنى ئانىنىڭ «ئىشى» دەپ ھېسابلاپ كەلگەنىدى. بىلىش كېرەككى، بۇ بىرخىل بىرتەرەپلىمە قاراشتۇر. فىزىئولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بوۋاق تۇغۇلغان كۈنىلا ئاتىلىق مېھرىگە موھتاج ئىكەن. ماتېرىيالدا كۆرسىتىلىشىچە، بوۋاق تۇغۇلۇپ ئىككىنچى ھەپتىسىلا دادىسىنىڭ ھەرىكىتىنى دوراشقا باشلايدىكەن، ئالايلۇق، دادىسى قولىنى كۆتۈرسە، بالىمۇ ئىختىيارسىز قولىنى سوزۇدىكەن. ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولدىكى، دادىدا بالىنى جەلپ قىلىدىغان ئالاھىدە كۈچ بولىدىكەن، دادا بالىنى ئويناتقاندا بالىنىڭ پۇت-قولىنى تەۋرىتىش، بالىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئىختىيارسىز ئۇسۇل ئويناش قاتارلىق كۈچلۈك ھەرىكەتلەرنى قىلىسىمۇ، بالا بۇنىڭدىن بىزار بولماقتا يوق، تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، دادىنىڭ بالىغا بولغان مېھرىنىڭ ئورنىنى ئانىنىڭ مېھرى ھەرگىز ئالالمايدۇ.

«ئاتىلىق مېھرى كەملىك قىلىش يىغىندا كېسەللى»نىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئاساسىي تەدبىرى شۇكى، دادا بالىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە بالا بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇشى كېرەك، مەسىلەن، ئىشقا مېڭىشتىن بۇرۇن ۋە ئىشتىن كەلگەندە بالىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈپ قويۇش، بالىنىڭ زاكىسىنى يەڭگۈشلەپ قويۇش، بالىغا ناخشا ئېيتىپ بېرىش... بۇ ھەرىكەتلەر بالىنى يايرىتىدۇ-دە، بالىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەردىن ساغلام ئۆسۈشىگە كۆپ پايدىلىق بولىدۇ.

## ئائىلە تەربىيىسىدىكى ئون ئۇسۇل

1. ئۇچۇردىن پايدىلىنىش. كىنو، تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىت، ژۇرنال قاتارلىق بالىغا تەربىيە بېرىشكە پايدىلىق ئۇچۇرلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش لازىم. بۇ زامانىۋى تەربىيە ۋاستىسى بولۇپ، بۇ ۋاستىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلسا، ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆپ نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

2. مەكتەپكە بېرىپ تۇرۇش. ئاتا-ئانىلار مەكتەپكە پات-پات بېرىپ تۇرسا، بالىنىڭ ئۆيدە ئاسان ئاشكارا بولمايدىغان يېتەرسىزلىك-كەمچىلىكىنى بىلىۋېلىپ، ئائىلە تەربىيىسىدە ئەڭ ياخشى ئۇسۇلنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا تاللىۋېلىشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى.

3. نىشانغا ئىنتىلدۈرۈش. بالىنىڭ ئۆسۈش باسقۇچلىرىغا ئاساسەن، بالىنىڭ ئىنتىلىدىغان نىشانىنى بەلگىلەپ بېرىش بالىنىڭ ئۆسۈشىدە خېلى مۇھىم.

4. ماھارەت يېتىلدۈرۈش. بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلىش ئىقتىدارى باسقۇچىغا ئاساسەن، بالىدا ئەمگەك ماھارىتىنى پىلانلىق چېنىقتۇرۇپ، بالىنى ئىش-چان ۋە قولى ئەپچىل قىلىپ تەربىيىلەش لازىم.

5. گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنى پەرق ئەتتۈرۈش. ئاتا-ئانى-نىڭ بالىغا كۆيۈنۈشى تەبىئىي ئىش، ئەمما بالىنىڭ ئارتۇقچى-لىقلىرىنى ياخشى كۆرۈش، كەمچىلىكلىرىنى تۈگىتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، بالىنى گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنى پەرق ئېتەلەيدى-غان، غۇرۇرى ۋە نومۇسنى بىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش لازىم.

6. ئۈلگە ئارقىلىق باشلاش. جەمئىيەتتىكى قەھرىمانلار ۋە مەكتەپتىكى نەمۇنىچىلەرنىڭ ئۈلگىلىك ئىشلىرى ئارقىلىق بالىنى تەربىيىلەشكە ماھىر بولۇش، بالىدا ئۈلۈغۋار ئىستەكنى كىچىكىدىنلا يېتىلدۈرۈش لازىم.

7. پۇرسەتنى تۇتۇش. بالىغا تەربىيە بېرىشكە پايدىلىق ھەر بىر پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇش لازىم.

8. بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىش. ئائىلىنىڭ ھەربىر ئەزاسى بالىغا تەربىيە بېرىشتە بىرنىيەتتە ھەمكارلىشىشى، بالىغا بىللە تەربىيە بېرىشى لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، بالا ماسلىشالماي قالىدۇ ھەمدە بالىدا ناچار ئادەتنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

9. ۋاقتىدا تەقدىرلەش. بالا نەتىجە قازانسا ۋە ئالغا باسسا، ئۇنى ۋاقتىدا تەقدىرلەش لازىم، بولۇپمۇ ئارقىدا قالغان بالىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىچىككىنە ئارتۇقچىلىقىنىمۇ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنى تېخىمۇ ۋاقـ-تىدا تەقدىرلەش لازىم، بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ۋە غەلىبە قازىنىش ئىرادىسىنى چىڭىتىش كېرەك.

10. ئىلھاملاندۇرۇش. بالىنى كاللا ئىشلىتىشكە ئىلھامـ-لاندۇرۇش لازىم، ئاتا-ئانا بىرسوئال سوراپ، بالىدىن جاۋاب ئېلىش، ئاندىن بالا سوئال سوراپ، ئاتا-ئانا جاۋاب بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. ئەمەلىيەت بۇنىڭ ئىنتايىن ياخـ-شى ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

## تۇرمۇشنىڭ بالىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

بالا تۇرمۇشتا رىغبەتلەندۇرۇپ تۇرۇلسا، ئۆزىگە ئىشىنىشـ-نى ئۆگىنىدۇ؛

بالا تۇرمۇشتا ئۇچۇرۇلسا، مەنمەنلىكنى ئۆگىنىدۇ؛

بالا تۇرمۇشتا مۇۋاپىق تەقدىرلەنسە، ئۆزىنى ئىززەتلەشنى ئۆگىنىدۇ؛

بالا تۇرمۇشتا ھاقارەتلىنىپ تۇرسا، ئۆزىنى پەس كۆرۈشنى ئۆگىنىدۇ؛

بالا تۇرمۇشتا باراۋەر مۇئامىلىدە ياشىسا، ئادىللىقنى ئۆگىنىدۇ؛

بالا سەۋر-تاقەتچان ياشىسا، سەۋر قىلىش، يول قويۇشنى ئۆگىنىدۇ؛

بالا ئۇرۇش-تالاش ئىچىدە ياشىسا، كاززاپلىقنى ئۆگىنىدۇ؛

بالا ئاغرىنىش ئىچىدە ياشىسا، خەقنى ئەيىبلەشنى ئۆگىنىدۇ؛

بالا بەك ئەركىلىتىپ چوڭ قىلىنسا، كۆرەلمەسلىكنى ئۆگىنىدۇ؛

بالا مېھىر-شەپقەت كەم شارائىتتا ياشىسا، توڭلۇق قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

## بالىنىڭ ئەسكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ 16خىل ئالامىتى

يېقىنداق، ئەنگلىيىدە چىقىدىغان پسىخىكا-مېدىتسىناغا دائىر بىر ژۇرنال بىر ماقالە باستى، ماقالىدا ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئەسكىرەپ كەتسە، ئۇلاردا 16 خىل ئالامەتتىن بىرقانچىسى كۆرۈلىدىغانلىقى، ئاتا-ئانىلار زەڭ قويۇپ كۆزەتسىلا بىلىپ قالىدىغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

1. سومكا: كىتاب، دەپتەر-قەلەم سېلىنغان سومكىسىنى ئېسىش تۈرق-قىياپىتى باشقىلارغا ئوخشاش بولمايدۇ، ياكى سومكا ئاسماي، باشقا نەرسىنى سومكا ئورنىدا ئىشلىتىدۇ، ۋە ياكى سومكىسىغا بەزى بەلگىلەرنى چاپلىۋالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. چاچ: چېچىنى بويايدۇ، چېچىنى پوسۇن چىقىرىپ تارايدۇ، ياكى ئالاھىدە قىلىپ ياسىتىۋالىدۇ، قىز بالا تالاغا چىقماقچى بولسا چوقۇم چېچىنى يۇيىدۇ.

3. دوست-ئاغىنە: دوستلىشىدىغان ئادەملىرى كۆپ ئۆز-گىرىدۇ، ئۆزىدىن چوڭ (ياكى كىچىك) دوستلىرى بىلەن قو-يۇق ئالاقە قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، دوستلىرى كەلسە، ئىشىك تۈۋىدىلا سۆزلىشىدۇ؛ كۆڭلى ئۆيدە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە گەپتىن گەپ يوقلا باشقا بىراۋغا ئاچچىقلىنىدىغان بولۇپ قالى-دۇ؛ كونا دوستلىرىدىن بارا-بارا يىراقلىشىپ كېتىدۇ.

4. تېلېفون جىرىڭلىسىلا، تېلېفوننىڭ قېشىغا يۈگرەيدى-غان بولۇپ قالىدۇ؛ تېلېفوندا قەستەن پەس ئاۋازدا سۆزلىشى-دۇ؛ دوستلىرىدىن كېلىدىغان تېلېفون تۇيۇقسىز كۆپىيىپ كې-تىدۇ؛ تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولۇپلا تالاغا ماڭىدۇ.

5. سىرتقا چىقىش ياكى سىرتتا قونۇپ قېلىش: دائىم مۇقىم ۋاقىتتا سىرتقا چىقىدۇ؛ دائىم تاماق ۋاقتىدىن كېيىن ئۆيگە يېنىپ كېلىدۇ؛ دائىم دوست-ئاغىنىلىرىنىڭكىگە بېرىپ دەرس تەكرارلايدۇ؛ نەگە بارىدىغانلىقىنى ياكى دوستىنىڭ تېلې-فون نومۇرىنى ئۆيدىكىلەرگە دەپ بەرمەيدۇ؛ مەكتەپتە پائالىيەت قىلدۇق دەپ باھانە قىلىپ دائىم سىرتتا قونىدۇ ياكى كېيىن كېلىدۇ؛ مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى ھەركۈنى ئوخشاشمايدۇ.

6. ئۆزى ئۇخلايدىغان ئۆيگە قۇلۇپ ئورنىتىپ، ئۆيىنى

تاقاپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، دائىم ئۆيدە يالغۇز تۇرىدۇ؛ سىرتتا ئايرىم ئۆيۈم بولسىكەن دەيدۇ؛ دەرس تەكرارلايمەن دەپ باھانە قىلىپلا تۇرىدۇيۇ دەرسنى ئوبدان ئۆزلەشتۇرمەيدۇ، ئىلگىرلىشى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ.

7. يېنىدا پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەر: دائىم قەھۋىخانىنىڭ سەرەڭگە قاپلىرى، چاقماقلىرى پەيدا بولۇپ قالىدۇ؛ ئالاقە دەپتىرىدە ساۋاقداشلىرىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ ماتېرىيالى پەيدا بولىدۇ.

8. دەپتەر-قەلەم: دائىم دەپتەر-قەلەم سېتىۋالىدۇ، ھېلىلا ئالغان دەپتەر-قەلەم يوقاپ كېتىدۇ، ياكى ئاتا-ئانىسى ئېلىپ بەرمىگەن دەپتەر-قەلەم دائىم پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

9. كىتاب ئوقۇش: كىتاب ئوقۇغاندا تالاغا چىقىپ ساپ ھاۋا يەپ كىرەي دېگەن باھانە بىلەن دائىم تالاغا چاپىدۇ، ئوقۇش نەتىجىسى تۆۋەنلەپ يامانلىشىپ كېتىدۇ؛ ئوقۇشتىن قاچىدىغان، مەكتەپكە بارمايدىغان بولۇۋالىدۇ؛ ئوقۇشقا تۇيۇقسىز كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

10. گەپ-سۆز: قوپاللىق قىلىدىغان ياكى ئىما-ئىشارەت بىلەن مەقسىتىنى ئۇقتۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، دائىم يالغانچىلىق، پوچىلىق قىلىدۇ.

11. كىيىم: بەلباغنى قەستەن بوش باغلايدۇ، مەكتەپ فورمىسىنى ئالاھىدە ئۆزگەرتىدۇ، ياكى مەكتەپ فورمىسىنى كىيگۈسى كەلمەيدۇ؛ دوستلىرى بىلەن كىيىم ئالماشتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىدۇ؛ تۇيۇقسىزلا چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشكە ئامراق بولۇپ قالىدۇ.

12. پۇل: سەۋەبسىزلا پۇلنى كۆپرەك بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئاتا-ئانىسى پۇل بەرمىگەن بولسىمۇ، نەدىنىدۇر پۇل تاپىدۇ؛ دائىم پۇلۇم يۇتۇپ كەتتى دەپ، ياكى ئۆتنە بېرىپ تۇردۇم دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ، مېھمان چاقىرىشقا ئامراق بولۇپ قالىدۇ؛ ئىشلەپ پۇل تاپسا، ئۆيدىكىلەرگە ئۇقتۇرمايدۇ.

13. پاتىپاراقچىلىق: ۋەھىملىك خەت يازىدۇ، پاتىپاراقچىلىق تۇغدۇرىدىغان تېلېفون بېرىدۇ، خەتەرلىك ئويۇنلارنى ئويناشقا ئامراق بولۇپ قالىدۇ، يالغاندىن ئۆلۈۋالىدىغان بولۇۋېلىپ، ئۆيدىكىلەرنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ، ھەتتا ئۆيدىن قېچىپ كېتىدۇ.

14. تاماق يېيىش: تاماقنى بەك تاللايدۇ، ياكى بەك جىق يەپ ئىچىدۇ، دائىم قورسىقى ئاغرىيدۇ ياكى ئىچى سۈرىدۇ.

15. پوزىتسىيە: كۆرۈنۈشتە ئاتا-ئانىسىغا بەك بوي سۇنىدىغاندەك بولۇۋالىدۇ؛ ئاتا-ئانىسىغا سەۋەبسىزلا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

16. كۆز: باشقىلارغا تىك قاريىالمايدۇ، ئاتا-ئانىسىغا دائىم كۆزىنىڭ قىرىدا ئوغرىلىقچە سەپسالىدۇ؛ ئاتا-ئانىسىغا زادىلا ئۇدۇل قاراپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدۇ.

# بالىغا ھەرگىز بىلجىرلاۋەرمەڭ

بەزى ئاتا-ئانىلار: ”بولدى، ئوينىما ئەمدى!“ ”ئويۇنچۇق-لىرىڭنى يىغىشتۇر!“، ”ئورنۇڭدىن چاپسان تۇر!“ دەپ بالى-سىغا ھەدەپ بىلجىرلايدۇ ۋە تەنبىھ بېرىدۇ. بۇنداق ئاتا-ئانىلار: مۇشۇنداق قىلساق، بالا گەپ ئاڭلايدىغان بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. بالىغا مۇشۇنداق بىلجىر-لاۋەرسە، بالا ئەكسىچە ھورزۇن بولۇپ قالىدۇ. ئاتا-ئانا قىلما دېگەن گەپنىڭ نوپۇزىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى، گەپنى تەكرارلاۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، بالا ئاتا-ئانىنىڭ تەلىپىگە پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق تەلەپ بالىنىڭ يۈ-رەك تارىنى چېكەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار كۆزلى--گەن ئۈنۈم كۆرۈلمەيدۇ.

بالا تەربىيىلەشنىڭ ۋاسىتىلىرى ناھايىتى كۆپ، سۆز بى-لەن تەربىيە بېرىش بۇلارنىڭ بىرخىلىدىنلا ئىبارەت، خالاس. پسىخولوگىيە تەتقىقاتى شۇنى كۆرسەتتىكى، تىل بىلەن تەسىر كۆرسىتىش ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسىنىڭ بىرخىل رولى بولۇپ، بالىنىڭ چوڭ مېڭە نېرۋىسىنى قوزغاشتا ۋە پەسەيتىشتە رول ئوينايدۇ. ئەمما، بالا تەربىيىلەشتە تىل بىلەن تەسىر كۆرسىتىش بىلەنلا بولدى قىلىش كۆپ يېتەرسىزلىك قىلىدۇ. شۇڭا، بىر تەرەپتىن، ئاتا-ئانىلار توۋرلۇك تىل مەزمۇنلىرى،

تىل شارائىتى، ئىنتوناتسىيە قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تىلنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئالايلۇق، بالىنى ئورنىدىن تۇرۇشقا سۈيلىگەندە، "ياخشى بالا ئورنىدىن ئەتىگەن تۇرىدۇ" (ئۈلگە كۆرسىتىش)، "ئانىڭىز ئورنىدىن بالدۇر تۇرغان بالىغا بەك ئامراق" (پوزىتسىيە بىلدۈرۈش) دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاتا-ئانا كۆز، چىراي، ھەرىكەت قاتارلىق ئاۋازسىز تىل تەربىيە ئۇسۇلىنى ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ، بۇنداق قىلغاندا بەزىدە ئاۋازىنى چىقىرىپ گەپ قىلغاندىنمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل بولىدۇ. ئاتا-ئانا بالىغا تەربىيە بېرىشتە سەۋرچان بولۇشى كېرەك. ئورنىدىن تۇرۇش، ئورۇنغا كىرىپ يېتىش، تاماق يېيىش، قول يۇيۇش، كىيىنىش قاتارلىق بىرقاتار تۇرمۇش ئادەتلىرىگە كۆنۈش ھەرگىز بىر-ئىككى كۈنلۈك ئىش ئەمەس. شۇڭا، ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ تۇرلۇك مەزگىللەردىكى ھەرخىل ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن، تەدرىجىي تەلەپ قويۇشى، بالىدا نورمال تۇرمۇش رىتىمىنى بارا-بارا يېتىلدۈرۈشى، بالىغا تۈرلۈك تۇرمۇش ماھارەتلىرىنى بارا-بارا ئىگەللىتىشى، بالىدا بارا-بارا ئۆبدان قىلىق قىلىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

# بالىنى ھەرگىز قورقۇتماڭ

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىسى يىغلىسا، غىڭشىلىق قىلسا، ئەيىتاۋۇر بەزى ھەرىكەتلەرنى قىلسا، بالىنى بۇ ھەرىكەتتىن توختىتىش ئۈچۈن، دائىم جىن-شەيتاننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىپ، غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ بالىسىنى قورقىتىدۇ، بۇنداق قىلغاندا، كىچىك بالىنىڭ كۆڭلىنى بىرخىل تۇمان قاپلىۋالىدۇ-دە، بالا قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ، بۇ ھال بالىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەردىن ساغلام ئۆسۈشىگە ئىنتايىن پايدىسىز. پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدىن مەلۇمكى، بالا كۆڭۈل ئازادىلىكى بولغان شارائىتتا ۋە خۇشال تۇرغان ئەھۋالدىلا ساغلام ئۆسەلەيدۇ، بالا دائىم جىددىي ھالەتتە، قورقۇمسىراپ تۇرسا، بالا ساغلام مىجەزلىك چوڭ بولالماي، ھەرىكىتى غەلىتە بولۇپ قالىدۇ، بالىنىڭ ئەقلىنىڭ يېتىلىشىمۇ ناچار تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بەزىلەرنىڭ تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىشىچە، بالىلارنىڭ كۆڭلى ئازادە، ئۆزى خۇشال شارائىتتىكى ئوقۇش ئۈنۈمى جىددىي، مىسكىن شارائىتتىكىدىن كۆپ ياخشى بولىدىكەن. ئالدىنقىدەك ئەھۋالدا بالىلار ئوقۇغىنىنى تېز چۈشىنىدىكەن، ئېسىدە چىڭ ساقلايدىكەن؛ كېيىنكىدەك ئەھۋالدا، بالىلار ئوقۇغىنىنى ئاستا چۈشىنىدىكەن، ئېسىدە ئاز ساقلايدىكەن. چۈنكى، بالىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىنكىدەك ئەھۋالدا ئوقۇسا، قورقۇنچىنىڭ تەسىرى ۋە كاشى-لىسىغا ئۇچرايدىكەن.

شۇڭا، ئاتا-ئانىلار بالىغا تەربىيە بېرىشتە سەۋرچانلىق بى-لەن قايىل قىلىش، يېتەكلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم، بالىنى مەلۇم ئىشتىن توختاتماقچى بولسا، باشقا ئاكتىپ چارى-لەرنى قوللانسا بولىدۇ، ئالايلۇق، بالىنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئارقىلىق بالىنى قىلىۋاتقان ئىشتىن ۋاقتىنچە ۋاز كەچتۈرۈش؛ ياكى بالىنىڭ بەزى ئورۇنلۇق تەلەپلىرىنى مۇۋاپىق قاندۇرۇش ۋەھاكازا. بالا بەزى تەبىئەت ھادىسىلىرى (مەسىلەن، ھاۋا گۈل-دۈرلەش، يامغۇر يېغىش) دىن قورققان تەقدىردىمۇ، ئاتا-ئانا بۇ ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چۈشەندۈ-رۈپ، بالىنى قورقۇنچتىن ئازاد قىلىش، ئازادە، خۇشال كەيپى-ياتتا ساغلام ئۆسۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

## مۇزىكا ئاڭلاپ تۇرغان بالا تېخىمۇ ئەقىللىق بولىدۇ

بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسەت-تىكى، بالىلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ھېسسىي بىلىدىغان ئەزا-لىرى ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن ۋە ھەممىدىن كۆپ رول ئوينايـ-دىغان ئەزا ئاڭلاش ئەزاسى ئىكەن.

ئامېل تەھلىلى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بالىنىڭ ئەقلى-

نىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولىدىغان تۈنجى ئامىل تىل قابىلىيىتى (ئاساسەن بىلىدىغان سۆز مىقدارى) ئىكەن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مۇزىكىمۇ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك قورال. مۇزىكا ئومۇمەن ناخشا تېكىستى بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا، ئوبدان يېزىلغان بىر كۇپلېت ناخشا تېكىستىنىڭ نۇرغۇن ئوبدان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدا گەپ يوق. بۇ سۆزلەر قاپىيەلەشتۈرۈلۈش، رىتىملاشتۇرۇلۇش قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق بالىلارغا تېخىمۇ لايىق بولۇپ كېتىدۇ. بەزىلەرنىڭ تەجرىبە قىلىشى ۋە ستاتىستىكا قىلىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇزىكا ئارقىلىق بالىغا سۆز ئۆگەتكەندە، بۇنىڭ ئۈنۈمى سۆزلىشىش قاتارلىق ساپ تىل ۋاستىسىنى قوللانغاندىكىدىن ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، مۇزىكا مېڭىنىڭ خىزمىتىنى تەڭشەپ، تەپەككۇر ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. ئۆگىنىش، تەپەككۇر قىلىش پائالىيەتلىرىدە بالىلارغا مۇزىكا مۇۋاپىق تۈردە قوشۇمچە قىلىنسا، مېڭىنىڭ ئوڭ يېرىمىنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، سول يېرىمىنىڭ چارچاپ قېلىش ئەھۋالىنى يېنىكلىتىپ، ئىككى تەرەپنىڭ رولىنىڭ تەڭكەش جارى قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ-دە، بالىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بالىڭىزنىڭ كەلگۈسىدە قانچىلىك ئېگىز ئادەم بولىدىغانلىقىنى قانداق بىلەلەيسىز

ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ ئېگىز، تەمبەل، قامەتلىك چوڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمىسە، بالا زادى كېيىن قانچىلىك ئېگىز بولىدۇ؟

1. ئاتا-ئانىنىڭ ئېگىزلىكى بويىچە ھېسابلاش: سابىق چېخوسلوۋاكىيىلىك خافلىلىك بالا بىلەن ئاتا-ئانىنىڭ ئېگىزلىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق فورمۇلا تۈزگەن:

ئوغۇل بالىنىڭ ئېگىزلىكى = (ئاتىنىڭ ئېگىزلىكى + ئانىنىڭ ئېگىزلىكى) × 2/1.08؛ قىزبالىنىڭ ئېگىزلىكى = (ئاتىنىڭ ئېگىزلىكى × 0.923 + ئانىنىڭ ئېگىزلىكى) /2.

چېخوسلوۋاكىيىلىكنىڭ فورمۇلىسىنى ئېلىمىزگە بابلاشتۇرۇش ئۈچۈن، خۇبېي ئۆلكىلىك تەنتەربىيە تەتقىقات ئورنى «بەدەن ئېگىزلىكىنى مۆلچەرلەش تېما گۇرۇپپىسى» تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تۈزىتىلگەن مۇنداق فورمۇلا تۈزۈپ چىقتى:

ئوغۇل بالىنىڭ ئېگىزلىكى = (56.699 + 0.419× ئاتىنىڭ ئېگىزلىكى + 0.265× ئانىنىڭ ئېگىزلىكى) ±3 (س م)

قىزبالىنىڭ ئېگىزلىكى = (40.089 + 0.306× ئاتىنىڭ

ئېگىزلىكى + 0.431 × ئانىنىڭ ئېگىزلىكى) ± 3 (س م)

2. بەدەن ئېگىزلىكىنى پۇتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ مۆلچەرلەش.

باللار-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈش، چوڭ بولۇش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ پۇتىنىڭ ئۆسۈش، چوڭ بولۇشى بەدىنىنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن بالدۇر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىزلىكى ھەرخىل ئادەملەرنىڭ پۇتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن بەدىنىنىڭ ئېگىزلىكىنىڭ نىسبەت پەرقى بەك كىچىك بولىدۇ. ئادەمنىڭ پۇتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 13 ياشلاردا ئاساسەن مۇقىملىشىدۇ، بۇ چاغدا "پۇت ئۆلچىگۈچ" ئارقىلىق پۇتنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەپ، كېيىن قانچىلىك ئېگىزلىكتىكى ئادەم بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. بۇنىڭ فورمۇلىسى مۇنداق:

كەلگۈسىدىكى ئېگىزلىك دائىرىسى (س م) = 13 ياش ۋاقتىدىكى پۇت ئۇزۇنلۇقى (س م) × 7 ± 3

بەدەن ئېگىزلىكىنى مۆلچەرلەشتە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇسۇلدىن باشقا، "چېمپىرىن بىلەن تانىنا"لارنىڭ ئۇسۇلىنى ۋە "سۆڭەك يېشى"نى مۆلچەرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. ئالدىنقىسىنى قوللانغاندا، سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن "ئېگىزلىك نىسبىتى جەدۋىلى" بولۇشى كېرەك، كېيىنكى ئۇسۇل ئىلمىيرەك، توغرىراق بولسىمۇ، لېكىن تېخنىكا شەرتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرىراق، شۇڭا ئىككىلىسىنى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىش تەسكە چۈشىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرمىدۇق.

بۇلاردىن باشقا، قانۇن مېدىتسىناسىدا ئېگىزلىككە ھۆكۈم قىلىشتا سۆڭەككە قاراپ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىمۇ بار، بۇنىڭ فورمۇلىسى مۇنداق:

ئېگىزلىك =بىلەك سۆڭىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (س م) × 5+5س م. ياكى ئېگىزلىك =يوتا سۆڭىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (س م) × 7.3+5 س م.

بۇنىڭدىكى 5 س م باش تېرىسى بىلەن پۇتنىڭ ئۆلتىگىنىڭ كۆمۈرچەك توقۇلمىسىنىڭ قېلىنلىقىنىڭ يىغىندىسىدۇر.

## بالىنىڭ بويىنىڭ ئۆسۈشىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى ئۈنۈملىك جارى قىلدۇرۇش لازىم

بالىڭىزنىڭ بويىنىڭ ئۆسۈشىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى تولۇق ئىشقا سېلىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، مېدىتسىنا ساھەسىدىكى زاتلار سىزگە مۇنداق تەكلىپ بېرىدۇ:

1. بالىڭىزنىڭ قانغۇچە ئۇخلىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

2. بالىڭىزنىڭ قەرەللىك تۈردە بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرۇشىغا دائىم ھەيدەكچىلىك قىلىڭ.

3. بالىڭىزنىڭ يېمەك-ئىچمىكى تەكشى بولسۇن — بولۇپمۇ يېمەكلىك تەركىبىدە يېتەرلىك ئاقسىلنىڭ بولۇشىغا

ئەھمىيەت بېرىڭ. چۈنكى ئاقسىل ئادەمنىڭ مۇسكۇل، تېرىلىرىنىڭ ئۆسۈشىدە كەم بولسا بولمايدىغان ماددا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. بالىڭىز دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان كەيپىيات جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا بىرتەرەپ قىلىۋېتىڭ. چۈنكى، ھەددىدىن ئارتۇق روھىي بېسىم بالىنىڭ تېنىنىڭ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

## بالىنىڭ ئېگىز ياكى پاكار، سېمىز ياكى ئورۇق بولۇشى

بالىنىڭ ئېگىز ياكى پاكار، سېمىز ياكى ئورۇق بولۇشى ئۇنىڭ نورمال ئۆسكەن-ئۆسمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ.

بوينىڭ ئېگىز ياكى پاكار بولۇشى سۆڭەككە باغلىق، بۇنىڭ ئىچىدە بوينىڭ ئېگىز بولۇشىغا تەسىرى ئەڭ چوڭ بولىدىغىنى پۇت سۆڭىكى بىلەن ئومۇرتقا سۆڭىكى. كىچىك بالا ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى نورمال ئۆسكەن بالىدىن 30% پاكار بولسا، بۇ بالا پاكار ھېسابلىنىدۇ. بوينىڭ ئېگىز ياكى پاكار بولۇشى ئىرسىيەت، ئىرق، جىنس، ئىچكى ئاجرالما قاتارلىقلارنىڭ

تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بەدەندىكى ئوزۇقلۇق بىلەنمۇ مۇناسىۋەت-لىك. ئادەم ئۇستىخىنىنىڭ ئۆسۈشىدە ئۈچ دولقۇن بولىدۇ: 1. تۇغۇلۇپ بىر ئايدىن ئالتە ئايغىچە بولغان ۋاقىت، بۇ ئارى-لىقتا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئېيىغا تەخمىنەن 2.5 س م ئۆسى-دۇ؛ 2. بىر ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولغان ۋاقىتتا تەخمىنەن 20 س م ئۆسىدۇ؛ 3. ياشلىق ۋاقتى. مۇشۇ بىرنەچچە باسقۇچتا بالىنىڭ ئوزۇقلۇقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىلىش كېرەك.

ئومۇمەن، بوينىڭ ئېگىز ياكى پاكار بولۇشى بالىنىڭ سالا-مەتلىكىگە ئانچە تەسىر قىلالمايدۇ، ۋەھالەنكى بالىنىڭ سېمىز ياكى ئورۇق بولۇشى سالامەتلىكى بىلەن كۆپ مۇناسىۋەتلىك. قانداق بولسا بەك سېمىز ياكى بەك ئورۇق ھېسابلىنىدۇ؟ قارى-ماققا سېمىزرەك كۆرۈنگەن بالىنىڭ ئەمەلىي ئېغىرلىقى ئۆل-چەملىك ئېغىرلىقتىن 20% ئېشىپ كەتمىسە، بەك سېمىز ھېسابلانمايدۇ. قارىماققا ئورۇقراق كۆرۈنگەن بالىنىڭ ئەمەلىي ئېغىرلىقى ئۆلچەملىك ئېغىرلىقتىن 15% ئاز بولمىسا، بۇمۇ بەك ئورۇق ھېسابلانمايدۇ. بىر ياشلىق بالىنىڭ ئېغىرلىقى 7 كىلوگرام كەلسە، بۇ بالا ئورۇق بالا قاتارىغا كىرىدۇ، بۇ تىبابەتچىلىكتە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېسىلى دېيىلىدۇ. با-لىدا ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكى ئۈچ ياشقىچە تولاراق يېمەكلىك بېرىشنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشى ياكى كېسەللىك تۈپەيلىدىن بولى-دۇ؛ چوڭراق بالىلاردا بولسا كۆپىنچە بەڭباشلىق قىلىپ تاماق تاللىغانلىق، يېمەكلىكنىڭ مۇۋاپىق تورده ماسلاشتۇرۇپ بېرىل-مەسلىكى، بېلىق گۆشى، ھايۋانات گۆشى ۋە تۇخۇمنىڭ بەك

ئاز بىرىلگەنلىكى سەۋەبىدىن بولىدۇ. خوراشچان سوزۇلما كېـ-
سەلى بار بالىلارمۇ ئورۇق-جۇدەڭگۇ كېلىدۇ. بالا كېسەل
بولۇپ قالسا، ۋاقتىدا داۋالىتىش، بالىغا ئوزۇقلۇق يېتىشمە-
سە، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش لازىم.

ئۆلچەملىك ئېغىرلىقتىن % 20 ئېشىپ كەتكەن بالا بەك
سېمىزلەر قاتارىغا كىرىدۇ، تىبابەتچىلىكتە بۇ سېمىزلىك كېـ-
سەلى دېيىلىدۇ. بالىدا سېمىزلىك كېسىلىنىڭ بولۇشى كۆپىنـ-
چە يېمەكلىكنى بەك كۆپ يەۋېتىش، ئوزۇقلۇق ئارتۇق كېتىش
بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇ نوقۇل سېمىزلىك بولىدۇ. سېمىز
بالىنىڭ يېتىلىشى ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى بالىلارنىڭكىدىن
ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئەقلىي قۇۋۋىتى ياخشى بولسا، تېرە
ئاستى ژىر يېغى قېلىن بولسىمۇ، لېكىن بىرقەدەر تەكشى
بولسا، بۇ نوقۇل سېمىزلىك بولىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ ئېغىرلىقى
ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى بالىلارنىڭكىدىن ئېغىر بولسا، ئەمما
مۇسكۇللىرى يېتىلگەن، ھەرىكىتى نورمال بولسا، بۇ سېمىز-
لىك ئەمەس، بەلكى ساغلاملىقنىڭ ئىپادىسى. مېڭە ئاستى بېزى
زەخىمە يېگەن بالا سەمىرىپ كېتىدۇ، كوشىنگس يىغىندا كېسەل-
لىكى بولغان، ئۆسمە ئۆسكەن، ئۇزاققىچە گورمون ئىشلەتكەن
بالا سەمىرىپ كېتىشى مۇمكىن. بالا كېسەل سەۋەبىدىن سەمىرىپ
كەتسە، ئەسلى كېسەلنى داۋالاش كېرەك، نوقۇل سېمىز بالا
ئېغىرلىقىنى ئاساسەن يېمەك-ئىچمەكنى تەڭشەش ۋە تەنتەربىيە
ھەرىكەتلىرىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئاستا-ئاستا كېمەيتىشى
كېرەك.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# بالىنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتى ۋە پۇت-قولى

چوڭ مېڭە خىزمىتىنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاش نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، ئادەم بەدىنىدىكى قول، پۇت قاتارلىق ھەرقايسى ئەزالاردىكى ھەربىر مۇسكۇلنىڭ چوڭ مېڭە پوستلىقىدا مۇناسىپ "تۇرغۇچ نۇقتىسى" ۋە "تۇرغۇچ ئورگىنى" بار. قول، پۇت قاتارلىق ئەزالاردىكى مۇسكۇللارنىڭ ھەرىكىتى قانچە كۆپ، قانچە مول، قانچە خىل بولسا، ئۇلار ئۆزىگە مۇناسىپ "نۇقتا"-لارنى شۇنچە قوزغاپ، "نۇقتا"نىڭ چوڭ مېڭە پوستلىقىدىكى دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ-دە، چوڭ مېڭىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى شۇنچە زورايتىپ، ئادەمنىڭ ئەقلىنى يېتىشتۈرىدۇ. ئادەمنىڭ قولى نۇرغۇنلىغان چوڭ-كىچىك مۇسكۇللاردىن تەركىب تاپقان، ئۇ نەچچە مىليارد خىل ھەرىكەتنى قىلالايدۇ. سۇخوملىنىسكى مۇنداق دېگەن: قول — تەپەككۇرنىڭ ئەينىكى، ئەقلىي قابىلىيەتنى يېتىشتۈرۈشتە قۇدرەتلىك قوزغاتقۇچ، "ئاڭنىڭ بۈيۈك يېتىشتۈرگۈچىسى، پاراسەتنىڭ ياراتقۇچىسى." ئەمما، بەزى ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بۇ داۋلىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار بالىلارنىڭ تەبىئىتى بولغان ھەرىكەتچانلىقىنى باسىدۇ؛ بەزىلەر بالىنىڭ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىمۇ "ھۆددىگە" ئېلىۋالىدۇ، بۇ ماھىيەتتە بالىنى چوڭ مېڭىنى تولۇق جانلاندۇرۇش، ئەقلىنى يېتىلدۈرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغانلىقتۇر.

# ئائىلە ئارخىپى بولۇشى كېرەك

مەملىكىتىمىزدە ئائىلىۋى تارىخىي ماتېرىياللار ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ كەلمەكتە، مەسىلەن، ئائىلە نەسەبنامىسىنى ئەۋزۇلدۇرمەي يېزىپ تۇرۇش، ئەمەلىيەتتە، مەزمۇنى ئاددىي بولغان بىر خىل ئائىلە ئارخىپى ھېسابلىنىدۇ. تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرى ئارخىپ-ماتېرىياللارنى ئىلمىي باشقۇرۇشقا ئەزەلدىن بىر قەدەر ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، بولۇپمۇ ھازىر ئۇچۇر جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئارقىسىدا، بۇنىڭغا ھەربىر ئائىلە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى.

تەجرىبىلىك زاتلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئائىلە ئارخىپىنى مۇنۇ جەھەتلەردىن تۆرگە ئايرىسا بولىدىكەن: (1) ئائىلە نەسەبنامىسى: مەسىلەن، ۋەسىيەتنامە، سۈرەت، تۇغۇلغان ۋە ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقىت، شەرەپ گۇۋاھنامىسى، نەسەب تارىخى قاتارلىقلار؛ (2) تەربىيە ئېلىش ئەھۋالى: مەسىلەن، ئوقۇش تارىخى، ئۇنۋان گۇۋاھنامىسى، ئوقۇش نەتىجىسى رويىخېتى، ئىلمىي ماقالە، ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىلىرى، ئوقۇش مۇكاپات گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلار؛ (3) سالامەتلىك ئەھۋالى: مەسىلەن، كېسەل تارىخى، داۋالىنىش كىنىشكىسى، كېسەللىك سۈرىتى، سالامەتلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى، دەم ئېلىش خاتىرىسى قاتارلىقلار؛ (4) ئىقتىسادىي ئەھۋال: مەسىلەن، كىرىم-چىقىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆندىلىك ھېساباتى، پۇل ئامانەت كىنىشكىسى، جىسمانىي ۋە مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى گۇۋاھنامىسى، ھۆددىگەرلىك توختامى، پۇتۇم-ھۆججەت قاتارلىقلار؛ (5) ھۆججەتلەر: مەسلەن، سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن چاغدىكى ھۆججەت، قانۇن ھۆججەتلىرى، تەكلىپنامە، كۈندىلىك خاتىرە، ئەسلەتمە، ئىسىم كارتوچكىسى قاتارلىقلار؛ (6) ئۇن-سىن بۇيۇملىرى: مەسىلەن، سۈرەت، ئۈنئالغۇ لېنتىسى، سىنئالغۇ لېنتىسى قاتارلىقلار.

## ئائىلە ئىستېمالى ھەققىدە بىلىم

1. قارىسىغا ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. پىلاندىن سىرت چىقىم قىلىشتا ئېھتىياتچان بولماسلىق، مەلۇم بىر نەرسىنى ئەزانىكەن دەپ ئاڭلاپلا كاللىسى قىزىپ كېتىپ سېتىۋېلىش، سېتىۋالغاندىن كېيىن بۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلىپ "ئاپلا" دېيىش مۇشۇنداق ئىستېمال قاتارىغا كىرىدۇ.

2. بېسىپ قويۇش خاراكتېرىدىكى ئىستېمالنى چەكلەش كېرەك. تالىشىپ بەس-بەستە سېتىۋېلىش، مودا قوغلىشىش، شۇنىڭ بىلەن نەرسە-كېرەك كۆپىيىپ بېسىلىپ قېلىش، بۇنداق قىلىش زادىلا ھاجەتسىز.

3. زىيانلىق ئىستېمالنى تۈگىتىش كېرەك. تۇرمۇشتا

بەزى ئىستېماللارنىڭ زىيىنى باركى، پايدىسى يوق، مەسىلەن، تاماكا چېكىش، هاراق ئىچىش قاتارلىقلار، بۇلار سالامەتلىككە پايدىسىز، شۇنداقلا ئىسراپچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4. بىخەستەلىك بىلەن قىلىنىدىغان ئىستېمالنى ئازايتىش كېرەك. مەسىلەن، بالىغا كىيىم ئالغاندا ئىمكانىيەت قالدۇر-ماسلىق، بىر يىلدىن كېيىنلا بالىغا كىچىك كېلىپ قېلىش مۇشۇنداق ئىستېمال جۈملىسىدىندۇر.

5. زەربىدارلىق بىلەن ئىستېمال قىلىشنى تۈگىتىش، هېيت-بايراملاردا زىيادە كۆپ يېمەسلىك-ئىچمەسلىك، توي-تۆ-كۈننى چوڭ قىلماسلىق لازىم.

6. بىرخىللا قىلىۋېتىدىغان ئىستېمالنى چەكلەش لازىم. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ئويۇنچۇق ۋە ئۆي جاهازلىرى جەھەتتە مەلۇم بىر جەھەتكە ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىش يارىمايدۇ. بۇنداقتا، ئادەمنىڭ فىزىئولوگىك ۋە پسىخىك تەلىپى تەڭپۇڭ ھالەتتە قاندۇرۇلماي قالىدۇ-دە، ئادەمنىڭ نورمال يې-تىلىشىگە ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئىجىل بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

7. تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمالىدىن پايدىلىنىش كې-رەك. تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، كۆپرەك پۇلنى ئۆي ئىشلىرىغا لازىملىق سايمانلارنى ياخشىلاشقا خەجلەش لازىم. مەسىلەن، كىرئالغۇ قاتارلىقلارنى سېتىۋالسا، ۋاقىتنى تېجەپ، ئائىلە تۇرمۇشىنى مول قىلغىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۆ-گىنىشكە كېرەكلىك سايمان-جاھاز سېتىۋالسا، مەدەنىيەت،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

## ئۆي ئىشلىرىنى ئۈچكە بۆلۈپ قىلىش

سىز قىلماقچى بولغان ئۆي ئىشلىرىنى 1، 2، 3 دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىسىڭىز بولىدۇ، بۇلاردىن 1-تۈردىكىسى مەزمۇنى ئەڭ مۇھىم، سىزنىڭ چوقۇم قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار-دۇر. مەسىلەن، گاز تۈگىگەن تۈڭنى ئالماشتۇرۇپ كېلىش، ئاشلىق تۈگىسە ئېلىش قاتارلىقلار. 2-تۈردىكىسى 1-تۈردىكى-سىدىن كېيىن تۇرسىمۇ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر. مە-سىلەن، كىر يۇيۇش، تازىلىق قىلىش قاتارلىقلار. 3-تۈردىكى-سىنى قىلىش ئىمكانىيىتى بولسا قىلىۋەتسىڭىزغۇ ياخشى، قى-لىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، چولىڭىز تەگكەندە قىلسىڭىز، ھا-زىرچە قويۇپ تۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، 1-ۋە 2- تۈر-دىكى ئۆي ئىشلىرىنى قانائەتلىنەرلىك قىلىۋالسىڭىز، دەم ئې-لىش كۈنى قىلىدىغان ئۆي ئىشلىرىنىڭ 80، 90 پىرسەنتىنى قىلىپ بولغان بولىسىز. ئەلۋەتتە، 3-تۈردىكى ئۆي ئىشىنى بۈگۈن قىلىۋېتىش راستلا زۆرۈر بولۇپ قالسا، بۇ ئىشلارنى مەيلىڭىزچە 1-ياكى 2- تۈرگە كىرگۈزسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشتا

مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنداقتا ئاساسىي ئىش بىلەن ئاساسىي بولمىغانلىرىنى، مۇھىملىرى بىلەن مۇھىم ئەمەسلىرىنى ئايرىماي، ھەممىگە تەڭ يۈگۈرۈپ، يېتىشەلمەي پايپېتەك بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋالدىن خالىي بولغىلى بولىدۇ، ئۆي ئىشىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

## ئۆي جاھازلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇڭ

ئۆيىڭىزنى پاكىز، كۆركەم، ئازادە تۇتاي دېسىڭىز، ئۆي جاھازلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇڭ، بۇ بەك مۇھىم.

بىرىنچىدىن، ئۆيدىكى جاھازلارنى چوڭ ۋە مۇكەممەل قىلىمەن دېمەسلىك، ئۆيگە جاھازلارنى لىق تولدۇرۇۋەتمەسلىك، جاھازلارنى ئەمەلىي ئېھتىياجغا ۋە ئۆينىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، شالاڭراق قويۇلىدىغانلىرى بىلەن زىچ قويۇلىدىغانلىرىنى مۇۋاپىق قويۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇمكىنقەدەر جاھازلارنىڭ ئېگىزلىرى بىلەن پاكارلىرىنى ئايرىش، چوڭلىرى بىلەن كىچىكلىرىنى ماسلاشتۇرۇش كېرەك. سىغىمى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىككى جاھازنى بىر يەرگە قاتار قويماسلىق لازىم، بولمىسا ئادەمدە بىر خىللىق، جانسىزلىق، دىمىقىتىلىق تۇيغۇسى ئاسانلا پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۆرە ئىشكاپ، كىتاب ئىشكاپى قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېگىز جاھازلارنى تام تۈۋىگە ياكى بۇلۇڭغا قويۇش لازىم، ئىد-شنىڭ، دېرىزىنىڭ يېنىغا قويماسلىق كېرەك، بولمىسا، بۇ جاھازلار يورۇقنى توسۇۋېلىپ، ئۆينى قاراڭغۇ قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كارىۋاتنى ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا قويماسلىق لازىم. ئومۇمەن، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا پاكار، چاققان جاھازلار-نى قويغان ياخشى. ئەينەكلىك جاھازلارنىمۇ دېرىزىگە قارىتىپ قويماسلىق لازىم، بولمىسا، جاھاز پارقىراپ كېتىدۇ. يوغان ئەينەكلىك جاھازنى كارىۋاتقا ئۇدۇل قارىتىپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

## ئائىلىۋى پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ ئەپچىل چارىسى

قەرەللىك ئامانەت بىلەن قەرەلسىز ئامانەتنىڭ ئارتۇقچىلىق-لىرىنى ئۆزىگە جۇغلىغان، شۇنداقلا ئاۋارىگەرچىلىكى يوق بىر خىل پۇل ئامانەت قويۇش ئۇسۇلى بار، بۇنى ”قەرەللىك ئايلانما ئامانەت ئۇسۇلى“ دېيىشكە بولىدۇ. بۇ پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ شۇنداق بىر ئۇسۇلىكى، بۇنىڭدا بىر يىل ئوبوروت ۋاقتى بولىد-دۇ، پۇل ھەر ئايدا قويۇلۇپ تۇرىدۇ، (ئۆسۈم) ھەر ئايدا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. قەرەللىك ئايلانما ئامانەت جەريانىدا، ئاۋۋال ئايلانما ئاساسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئاندىن بارا-بارا يىلدا بىر ئايلىنىپ تۇرىدىغان، ھەرئايدا پۇل ئېلىنىدىغان ”تەبىئىي ئايلد-

نىش ۋاستىسى“نى شەكىللەندۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: بىر يىلغىچە ھەر ئايدا ۋاقتى بىر يىللىق پۇتۇن پۇلنى، مەسىلەن، 100 يۈەن ياكى 200 يۈەننى، بۇنى ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك، ۋاقتى-قەرەلىدە بانكىغا قويىمىز. مۇشۇنداق قويۇۋېرىپ 12 ئاي بولغاندا، قەرەللىك ئايلىنىش ئاساسى بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن، قەرەللىك ئايلانما ئامانەت شەكىللىنىدۇ. ھەر ئايدا ئۆتكەن يىلى ئامانەت قويۇلغان پۇلنى ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ ئالغىلى بولىدۇ. ھەر ئايدا ئۆسۈمنى ئېلىپ، يېڭى پۇل قوشۇپ، ئۆسۈم بىلەن بىللە بىر يىللىق ئامانەت قويۇلسا، تەكرار ئايلانما بارلىققا كېلىدۇ. بىرىنچى يىلى ئېيىغا 100 يۈەن قويۇلسا، بىر يىلدىن كېيىن 1200 يۈەن بولىدۇ. ھەر ئايدا قويۇلغان پۇل مىقدارى ئۆزگەرمىسە، بىرنەچچە يىل ئايلىنىش ئارقىلىقلا، قويۇلغان پۇل بىلەن ئۆسۈمنىڭ مىقدارى ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ.

قەرەللىك ئايلانما ئامانەتنىڭ بەش پايدىسى بار: 1) ھەر ئايدا قەرەللىك ئۆسۈم ئالغىلى بولىدۇ؛ 2) ئامانەتنىڭ ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ، ھەر ئايدا پۇل ئامانەت قويۇلۇپ تۇرغاچقا دىردىمۇ، ئۆسۈممۇ ئايمۇئاي كۆپىيىپ تۇرىدۇ، نەق پايدا دېگەن مۇشۇ؛ 3) پۇل ئامانەت قويغۇچىنىڭ پۇل قويۇشى ۋە پۇل ئېلىشى قولايلىق بولۇپ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك؛ 4) ئائىلىۋى ئامانەت بولغاندىكىن، پىلانچانلىق كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇنىڭدا قەرەللىك ئامانەتنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ، قەرەلسىز ئامانەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جانلىقلىقىمۇ ھازىرلانغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەر ئايدا كېلىدىغان ئۆسۈمنى پىلانلىق چىقىم قىلىشقىمۇ بولىدۇ؛ 5 ) جانلىق بولۇش ۋە مۇقىم بولۇش ئالاھىدىلىكى بار، پۇل جىددىي لازىم بولۇپ قېلىپ خەجلىنىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بىر، ئىككى "ھالقا" كەم بولۇپ قالسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق، كېيىن تولۇقلىۋېلىشقا بولىدۇ.

## تامغا ھۆسن خەت، رەسىم ئېسىشتىكى بىلىم

يېڭى يىل كىرەي دېگەندە كىشىلەر ئۆيىنى زىننەتلەش ئۈچۈن بەزى مەشھۇر زاتلارنىڭ ھۆسن خەتلىرىنى، رەسىملىرىنى ياكى ئاسما كالېندارنى تاملىرىغا ئېسىشقا ئامراق. بۇ خەت ۋە رەسىملەرنى ئېستېتىكا تەلىپى بويىچە ئېسىش زۆرۈر.

1. ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن. ئۆيدە خەت، رەسىملەر بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، قارىغان ئادەمنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كېتىدۇ-دە، ئەكسىچە، كۆزى تېلىپ ئىچى پۇشىدۇ ۋە بىزار بولۇپ كېتىدۇ. ئۆيگە ياخشىسى ئۆزىڭىزنىڭ مىجەز-خۇلقىڭىزغا ۋە ھەۋەس-قىزىقىشىڭىزغا مۇۋاپىقراق كېلىدىغان خەت، رەسىمدىن ئوبدان تاللاپ بىرنەچچىنىلا ئاسقىنىڭىز تۈزۈك.

2. تىكلىرى بىلەن ئەنلىكلىرىنى كىرىشتۈرۈپ ئېسىش

لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئادەمگە پەيزى كۆرۈنىدۇ. توغرىسىغا (ئەنلىك) سىزىلغان رەسىم ئومۇمەن كەڭرەك كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلەيدۇ، تىك سىزىلغان رەسىم بولسا ئۇزۇنراق كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا بۇ ئىككى خىل رەسىمنى كىرىشتۈرۈپ ئاسقاندا، ئادەمگە ھەم كەڭ مەنزىرىنى، ھەم ئۇزۇن كۆرۈنۈشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ-دە، ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ.

3. ئېگىز-پەسلىكى مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. خەت، رەسىملەرنى ئومۇمەن تامنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ھېسابلىغاندا بەشتىن ئىككى قىسىم جايغا ئېسىش مۇۋاپىقراق بولىدۇ. مۇشۇنچىلىك ئېگىزلىككە ئېسىلسا، قارىغان ئادەمگىمۇ ھۇزۇر بولىدۇ. خەت، رەسىملەرنى رامكىغا ئېلىپ ئېسىش توغرا كەلسە، رامكا بىلەن تام ئارىلىقىدىكى بۇلۇڭ گرادۇسى ياخشىسى 30 گرادۇسچە بولسا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 9 . تۇرمۇش دوستى

## تۇرمۇشتىكى ئەڭ ياخشى تېمپېراتۇرا

▲ئادەم بەدىنىگە ئەڭ ئوبدان بىلىنىدىغان تېمپېراتۇرا 18C° — 20C°.

▲چاينى ساقلاشتا تېمپېراتۇرا 10C°تىن تۆۋەن بولسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ.

▲چاي دەملەشتە، قايناقسۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 70 C° — 80C° بولسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ.

▲ئاشلىق ساقلاشتا تېمپېراتۇرا 8C° — 15C° بولسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ.

▲توڭلىتىلغان بېلىقنى ساقلاشتا تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 3C° بولسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ.

▲توڭلاپ قالغان گۆشنى ئېرىتىشتە ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا 10C° — 15C°.

▲شىپەن قايناتماقچى بولغاندا، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 50C° — 60C° بولغاندا گۇرۇچ سالسا ئەڭ ئوبدان بولىدۇ.

▲قەنت، شېكەرگە قۇيۇلىدىغان قايناقسۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 50C° بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.

# مەملىكىتىمىزنىڭ كىيىم-كېچەك نومۇرىغا خاس ئۆلچىمى

مەملىكىتىمىزدە 1982-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ كىيىم-كېچەكلەر نومۇر، تىپ ئۆلچىمى بويىچە تىكىلىدىغان بولدى. نومۇر دېگەنلىك كىيىمنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكىگە ئاساسەن ھېسابلىنىدۇ؛ تىپ دېگەنلىك كىيىمنىڭ كەڭ-تارلىقى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ كۆك-رەك ۋە بېلىنىڭ ئايلانمىسىغا ئاساسەن ھېسابلىنىدۇ. چاپان ياكى كۆڭلەككە 85/165 دېگەن بەلگە سېلىنغان بولسا، 165 نومۇرنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئېگىزلىكى بىر مېتىر 65 سانتىمېتىر ئادەمگە لايىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ 85 تىپنى كۆرسىتىدۇ، بۇ كۆكرەك ئايلانمىسى 85 سانتىمېتىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شىمنىڭ 72/165 دېگەن بەلگىسى بولسا، 165 نومۇر بولۇپ، شىمنىڭ 1.65 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئادەمگە لايىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ 72 تىپنى كۆرسىتىدۇ، بۇ بەل ئايلانمىسى 72 سانتىمېتىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بەش-تۆت گۇرۇپپىلىق نومۇر ۋە تىپتىكى كىيىمنى مىسالغا ئالساق، ئەرلەرنىڭ چاپىنىنىڭ نومۇرى ئومۇمەن ھەر بەش سانتىمېتىردا بىر دەرىجە بولۇپ، 150 سانتىمېتىردىن باشلاپ سەككىز دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، تىپى ئومۇمەن ھەر تۆت سانتىمېتىردا بىر دەرىجە بولۇپ، 80 سانتىمېتىردىن باشلاپ يەتتە دەرىجىگە

www.uyghurkitap.com

بۆلىدۇ. ئاياللارنىڭ چاپىنىنىڭ نومۇرى 140 سانتىمېتىردىن باشلاپ ئومۇمەن ھەر بەش سانتىمېتىردا بىر دەرىجە بولىدۇ، جەمئىي سەككىز دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ؛ تىپى 76 سانتىمېتىردىن باشلاپ ئومۇمەن ھەر تۆت سانتىمېتىردا بىر دەرىجە بولىدۇ، جەمئىي يەتتە دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ ئېگىزلىكى، كۆكرەك ئايلانمىسى ۋە بەل ئايلانمىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇۋېلىپ، كىيىمنىڭ نومۇرى ۋە تىپىنىڭ دەرىجىسىگە يېقىنلاشتۇرالىسىڭىزلا، ئۆزىڭىزگە لايىق كىيىم سېتىۋالالايسىز. قانداق قىلغاندا دەرىجىگە ئوبدان يېقىنلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟ مۇنۇلارنى ئېسىڭىزدە تۇتۇۋېلىڭ:

بالىلارنىڭ كىيىمى قىسقا بولۇپ قالمىسۇن؛ ياشلارنىڭ كىيىمى چوڭ بولۇپ قالمىسۇن؛ ياشانغانلارنىڭ كىيىمى كىچىك بولۇپ قالمىسۇن؛ بويى ئېگىز ئورۇقلارنىڭ كىيىمى كەڭرەك بولسۇن؛ دوغىلاقلارنىڭ كىيىمى تارراق بولسۇن.

## قانداق كىيىملەرنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇش مۇۋاپىق ئەمەس

كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىيىدىغان كىيىملەر ئاساسەن تەبىئىي تالالىق ۋە خىمىيىۋى تالالىق دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئاپتاپقا سېلىنغاندا بىنەپشە نۇرنى قوبۇل قىلىش دەرىجىسى ۋە بىنەپشەنۇرنىڭ تالاغا زىيان كەلتۈرۈش

دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، كىيىمنى ئاپتاپقا يايغاندا، ئۇ-لارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

1. يۇڭ رەخت، جىڭلۇن (نىترىلون)، لۇلۇن (خلورد-لون) رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى يۇيغاندىن كېيىن ئاپ-تاپتا قۇرۇتسا بولىدۇ.

2. پاختا رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى ۋە ئارىلاشما يۇڭ توقۇلمىلارنى يۇيغاندىن كېيىن ئاپتاپقا يايسا بولىدۇ، ئەمما ۋاقتىدا يىغىۋېلىش كېرەك، بۇنداق كىيىملەر ئاپتاپتا بەك ئۇ-زاق تۇرسا، رەخت تالالىرى زەخىمە يەيدۇ.

3. ئېمەن پىلىسى يىپىكى، دىلۇن (تېرىلىن)، بىڭلۇن (پولىياكرىلات) لاردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى يۇيغاندىن كېيىن 60%—50% قۇرۇغىچە ئاپتاپقا سېلىپ، ئاندىن سالقىن، شا-ماللىق يەردە قۇرۇتۇش كېرەك.

4. مەشۇت، جىنلۇن (كاپرون)، يىلىملىق تالالىق رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى يۇيغاندىن كېيىن ئاپتاپقا سېلىشقا بولمايدۇ، سالقىن، شامالّلىق يەردە قۇرۇتقان ياخشى.

## كىيىمنى دەزماللىغاندا ساغرىپ قالسا ئوڭلاش چارىلىرى

▲پاختا رەختتىن تىكىلگەن كىيىم دەزماللىغاندا سارغى-يىپ قالسا، سارغايغان جايغا تۇز سېپىپ، بوش ئۇۋۇلاڭ،

ئاندىن ئاپتاپقا بىردەم سېلىپ، پاكىز سۇدا يۇيۇۋېتىڭ، مۇشۇن-داق قىلغاندا، سارغايغان يەردىكى سېرىق داغ سۇسلىشىدۇ ياكى يوقايدۇ.

▲يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كىيىم دەزماللىغاندا سارغى-يىپ قالسا، ئازراق سوداغا سۇ قۇيۇپ ئۇماچ ھالىتىگە كەلتۈ-رۈپ، سارغايغان يەرگە سۈركەيسىز، سۇ پارغا ئايلىنىپ بولغان-دا، سارغايغان يەرگە ھۆل رەختنى قويۇپ تۆپىسىدىن دەزماللى-سىڭىز، سېرىق داغ يوقايدۇ.

▲سوكنو كىيىم دەزماللىغاندا سارغىيىپ قالسا، ئاۋۋال چوتكىلاپ يۇيۇپ، سارغايغان يەردىكى تىۋىتنى تۇگىتىڭ، ئاندىن يىڭنىنىڭ ئۇچىدا تىۋىتسىز يەرنى يېڭى تىۋىت چىققۇچە ئاستاغى-نا ئىلىڭ. شۇنىڭدىن كېيىن سارغايغان يەرگە ھۆل رەخت قويۇپ، كىيىمنىڭ تىۋىتىنىڭ تەتۈر يۆنىلىشى بويىچە بىرنەچچە قېتىم دەزمال سېلىڭ، مۇشۇنداق قىلسىڭىز ئەسلىگە كېلىدۇ.

▲خىمىيىۋى تالالىق رەخت دەزماللىغاندا سارغىيىپ قال-سا، سارغايغان يەرگە دەرھال ھۆل لۆڭگە قويۇپ، تۆپىسىدىن دەزماللىۋەتسىڭىز، بوشراق سارغايغان يەر ئەسلى ھالىتىگە كې-لىدۇ، بەكرەك سارغايغان بولسا، ئوخشاش رەڭلىك رەخت بى-لەن ياماشقا توغرا كېلىدۇ.

## پىۋىنىڭ ياخشى-ناچىرىنى پەرق ئېتىش ئۇسۇلى

كۆرۈش: شېشىنى دوم قىلىپ، شېشىنىڭ ئاغزىدىن ھاۋا ئۆتىدىغان-ئۆتمەيدىغانلىقىغا قارايمىز، ئاندىن شېشىنى يورۇق يەرگە تۇتۇپ، پىۋا شېشىسىدە لەيلەپ قالغان نەرسىنىڭ بار-يوقلۇقىغا قارايمىز. پىۋا سۈزۈك بولسا ۋە شېشىدە كۆزگە چېلىقىدىغان لەيلىمە نەرسە بولمىسا، بۇنداق پىۋا لاياقەتلىك بولىدۇ. لاياقەتلىك پىۋىنى پاكىز ئىستاكانغا قۇيسا، دەرھال كۆپۈك چىقىدۇ، كۆپۈك ئاپئاق ۋە نەپىس بولۇپ، ئىستاكاندا ئۇزاققىچە تۇرىدۇ (3—5 مىنۇتقىچە). كۆپۈك ئىستاكاننىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

پۇراش: پىۋىنى پۇرىغاندا، لاياقەتلىك پىۋا بولسا، ئۇنىڭدىن قۇلماقنىڭ خۇش ھىدى پۇرايدۇ.

تېتىش: لاياقەتلىك پىۋا بولسا، ساپ، سۈزۈك، قىرتاق تەمى بوشراق بولۇپ، ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ، شۇنىڭدەك CO گازى كۆچلۈك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## خۇرۇم ئاياغنى ساقلاشنىڭ چارىسى

ياز كىرگەندە بەزى يولداشلار كىيمەيدىغان خۇرۇم ئاياغنى راسا مايلاپ، ئاندىن بىر جايغا قويۇپ ساقلاشقا ئامراق، ئەمەلىيەتتە، بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس. ئاياغ مېيى قۇرۇق ماي بولغاچقا، خۇرۇم ئاياغنى قىسقا ۋاقىتلا يۇمشاق ساقلايدۇ، ئاياغقا مايىنى بەك كۆپ سۈركىسە، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى خۇرۇم قېتىۋالىدۇ، قورۇلۇپ قالىدۇ، يېرىلىپ كېتىدۇ. خۇرۇم ئاياغنى ساقلاشنىڭ ياخشى چارىسى مۇنداق: خۇرۇمغا خام توخۇ يېغى ياكى باشقا هايۋاننىڭ يېغىنى تەكشى سۈركەپ، قېلىپ (ئەسكى لاتا، قەغەزمۇ بولىدۇ) سېلىپ قويۇش كېرەك، بۇنداق قىلغاندا ئاياغنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ، ئىچىدە يۇڭ، تۈۈتى بار ئاياغقا مۇۋاپىق نافتالىن سېلىپ قويسا، قۇرت چۈشمەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاياغنى سالقىن، قۇرۇق يەردە ساقلاش كېرەك.

## ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ياخشىلايدىغان يېمەكلىكلەر

ئوزۇقلۇقشۇناسلار بەزى يېمەكلىكلەر ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ياخشىلاپ، ئادەمنىڭ روهىي باتارىيىسىگە

توك قاچىلايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. يېڭى مېۋە شىرنىسى، كۆك-تات ۋە تەركىبىدە ئاقسىل كۆپ يېمەكلىكلەر سالامەتلىككە پايدى-لىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنىمۇ ئاشۇرى-دۇ. ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشقا پايدى-لىق يېمەكلىكلەر مۇنۇلار:

▲ئۆرۈك: تەركىبىدە ۋىتامىن A بىلەن C مول، قاننىڭ ئايلىنىشىنى ياخشىلايدۇ، يۇقۇملىنىشقا قارشى تۇرىدۇ، مىس-كىنلىك ۋە ئۇيقۇسىزلىقنى يەڭگىللىتىشكە پايدىلىق.

▲بانان: تەركىبىدە مىنېرال ماددىلار كۆپ، بولۇپمۇ كا-لىي كۆپ، روھىي چارچاشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق.

▲كاللەكبەسەي: قاندىكى ناپاك تەركىبنى تازىلاشقا ياردى-مى بار، مېڭىدىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى تېزلىتىدۇ، تەركىبىدە ۋىتامىن B تۈركۈمى مول بولۇپ، خاتىرىسى چارچاشنىڭ ئالدى-نى ئالىدۇ.

▲تاتلىق بامبۇك: تەركىبىدە ۋىتامىن A كۆپ، تومۇر قېتىشىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، تومۇر قېتىشىۋالسا، ئادەم-نىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

▲ئۈزۈم: تەركىبىدە ۋىتامىن A، C ۋە ۋىتامىن B تۈركۈمى مول، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشقا پاي-دىلىق.

▲تۇخۇم سېرىقى: تەركىبىدە تۇخۇم سېرىقى ماددىسى ۋە خولىن بار، ئەستە قالدۇرۇش بانكىسىغا يېڭى هايات بەخش ئېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

▲قۇلۇلىخور بىلىق: تەركىبىدە خولىن ۋە ۋىتامىن C كۆپ، مېڭىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق.

▲ئاپېلسىن: تەركىبىدە ۋىتامىن C مول، مېڭىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق.

▲دېڭىز يوسۇنى: تەركىبىدە ۋىتامىن C كۆپ.

▲دادۇر: تەركىبىدە تۇخۇم سېرىقى ماددىسى بار ۋە ئاقسىل ماددىسى كۆپ.

## مېۋىنى قانداق ساقلاش كېرەك

مېۋىنى ئوبدان ساقلاش ئۈچۈن ئومۇمەن تېمپېراتۇرا، هاۋا، نەملىك جەھەتلەردىن ئويلىنىش كېرەك. ئومۇمەن تېمپېراتۇرا تۆۋەنرەك بولسا، نەپەسلىنىش رولى تۆۋەنلەيدۇ، بۇ هال مېۋە ساقلاشقا پايدىلىق. مېۋىنى گەمىدە ساقلاشنىڭ داۋلىسى يەر ئاستىدىكى تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. هاۋانىڭ نەملىكىمۇ مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. هاۋا بەك قۇرغاق بولۇپ كەتسە بولمايدىغانلىقىدىغۇ گەپ يوق، هاۋا بەك نەم بولۇپ كەتسىمۇ مېۋە ”تەرلەپ“ كېتىدۇ، بۇمۇ مېۋە ساقلاشقا پايدىسىز. هاۋادىكى كاربون IV ئوكسىدىنى كۆپەيتكەندە، ياكى هاۋادىكى ئوكسىگېننى ئازايتقاندا، ئوخشاشلا نەپەسلىنىش رولىنى كېمەيتكىلى بولىدۇ. مېۋىنى يىراققا ئاپىرىش توغرا كەلسە،

كۆپىنچە ھەربىر مېۋىنى موم قەغەزدە (پارقىراق قەغەزدە) ئوراي-
دىغان ئەھۋال بار، بۇنداق قىلغاندا مېۋىنىڭ سوقۇلۇپ زەخىم-
لىنىشىدىن ساقلانغىلى، مېۋىنىڭ سۇيىنىڭ پارغا ئايلىنىپ كې-
تىشىنى ئازلاتقىلى بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا مېۋىنىڭ ئۆزىدىن
چىققان كاربون IV ئوكسىدىنى قاچۇرۇۋەتمەي ساقلاپ قالغىلىمۇ
بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ كاھىش ئىدىشتا مېۋە ساقلىشىنىڭ داۋالى-
سى مانا مۇشۇ.

## كونسېرۋانى قانداق تاللاش كېرەك

1. ساقلاش ۋاقتىغا قاراش كېرەك. يېڭى ئاپېلسىن شىر-
نىسى، شېكەر سۇيىگە چىلانغان يېڭى قۇلۇبنىك ۋە يۇزى (ئاق
تۇرۇش) شىرنىسى كونسېرۋالىرىنى سەككىز ئاي ساقلىسا بولى-
دۇ. شېكەر سۇيىگە چىلانغان لىجى، ئاناناس شىرنىسى، قۇيۇل-
دۇرۇلغان لىمون شىرنىسى كونسېرۋاسىنى بىر يىل ساقلاشقا
بولىدۇ، شېكەر سۇيىگە چىلانغان دولانا كونسېرۋاسى، ھوردال-
غان كالا گۆشى كونسېرۋاسى، ياغدا پىشۇرۇلغان توخۇ، ئوردەك
قاتارلىقلارنىڭ كونسېرۋاسىنى بىر يېرىم يىلدىن ئىككى يىلغىچە
ساقلاشقا بولىدۇ.

2. كونسېرۋانىڭ سىرتقى شەكلىگە قاراش كېرەك. قاڭال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىر قۇتىلىق كونسېرۋانىڭ قۇتىسى پاكىز بولىدۇ، داتلاشمىغان بولىدۇ، قۇتىنىڭ ئاستى ۋە ئاغزى (ياپقۇچى) سەل ئويمان بولىدۇ، كەپشەرلەنگەن جايلىرى ۋە ئاستى قىرلىرى نۇقسانسىز بولىدۇ، ئاغزى ھىم ئېتىلگەن ۋە شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمىگەن بولىدۇ. شېشىلىك كونسېرۋانىڭ ئاغزى ئىچىگە سەل ئويمان بولۇپ كىرگەن بولىدۇ، شېشىدىكى نەرسە دۇغ بولمايدۇ.

## تۇخۇمىدىن خوراز ياكى مېكىيان چىقىدىغانلىقىنى بىلىش ئۇسۇلى

توخۇ تۇخۇمى شەكلىدىن قارىغاندا ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بىرى، ئۇزۇنچاقراق كەلگەن ئېللىپس شەكىلدىكى تۇخۇم، يەنە بىرى، يۇمىلاقراق كەلگەن شار شەكلىدىكى تۇخۇم، يەنە بىرى بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەكىلدىكىلىرى. ئۇنداقتا، ئېللىپس شەكلىدىكى تۇخۇمنى باسۇرسىڭىز، بۇنداق تۇخۇمدىن خوراز چىقىدۇ، يۇمىلاقراقىدىن مېكىيان چىقىدۇ. بۇنىڭغا قىزىقىدىغانلار ۋە كەسپىي توخۇ باققۇچىلار بىر سىناپ كۆرسە بولىدۇ.

# ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى يېمەك-ئىچمەك ئارقىلىق ئارقىغا سوزۇش

بۇرۇن بەزىلەر ياشانغانلارنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى مۇقەررەر يۈزلىنىش دەپ قاراپ، بۇنداق بولۇشنى تىزگىنلىگىلى بولمايدۇ دېيىشەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىش ۋاقتىنى يېمەك-ئىچمەك، ئوزۇقلۇقنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئارقىغا سوزغىلى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردا ئامېرىكا ماسساچۇسېتس تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى يېمەكلىككە بەلگىلىمە بويىچە خولىننىڭ ئارىلاشتۇرغاندا، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ساقلاشتا ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى ئېلىزابېت دوختۇرخانىسىنىڭ تەجرىبىسى قىسقا مۇددەتتە ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى ئاجىزلىغان بەزى قېرىلار خولىننى يېسە، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، خولىننىڭ مېڭىنىڭ نېرۋا سىگنالىنى يەتكۈزۈش رولىغا ئىگە مۇھىم خىمىيۋى ماددا — ئاتسېتىل خولىننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياساش ئىقتىدارىنى تېز ئاشۇرۇش رولى بار؛ ۋەھالەنكى، ئاتسې-تىل خولىنلىق بۇنداق نېرۋا ھۆجەيرىسىنىڭ ئىنساننىڭ خاتىرى-سىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زىچ بولىدۇ.

خولىن ئوزۇقلۇق ماددا بولۇپ، تۇخۇم سېرىقى، ئورۇق گۆش ۋە بېلىقلاردا كۆپلەپ ساقلانغان. قىسقا مۇددەتتە ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزلىغان ۋە ياشانغان يولداشلار ئادەتتە تۇخۇم سېرىقى، ئورۇق گۆش ۋە بېلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا يەپ تۇرسا، تېنى ساغلام بولىدۇ.

## جياگىيۇ ئىستېمال قىلىشنىڭ قانداق پايدىسى بار

جياگىيۇ ئىستېمال قىلىش ئاساسەن بەدەندىكى ئوزۇقلۇقنى كۆپەيتىپ، ئىشتىھانى ئېچىشقا پايدىلىق. ھەممىگە مەلۇمكى، ئاقسىل جانلىقلارنىڭ ھاياتلىق ماددىسىنى ھاسىل قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىم، ھاياتلىقنىڭ ئاساسى. ھالبۇكى، بارلىق ئاقسىل 20 نەچچە خىل ئامىنو كىسلاتاسىدىن تەركىب تاپقان. ئۆلچەشلەردىن قارىغاندا، جياگىيۇنىڭ تەركىبىدە 17 خىل ئامىنو كىسلاتاسى بار ئىكەن. دېمەك، جياگىيۇنىڭ ئوزۇق-

لۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە تولىمۇ پايدىلىق.

جىياڭيۇنىڭ تەركىبىدە گلۇتامىك كىسلاتا بىلەن مارچۇبە كىسلاتاسى بار، شۇڭا جىياڭيۇنىڭ تەمى ياخشى. جىياڭيۇنىڭ تەركىبىدە گلىتسىن، ئالانىن، ترېئونىن، پرولىن قاتارلىقلارمۇ بار، شۇڭا جىياڭيۇ سەل تاتلىق. بۇ كىسلاتالار ناترىيلىق تۇز بىلەن بىرىكسە، قورۇلغان سەي يېپىشلىك بولۇپلا قالماستىن، پۇرىقىمۇ ياخشى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم بۇ يېپىشلىك سەي بوپتۇ دەپ ھېس قىلىپ، ئىشتىھاسى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

## ئاچچىقسۇنىڭ ئادەمگە قانداق پايدىسى بار

ئاچچىقسۇنىڭ تەم كىرگۈزۈش رولى ياخشى بولۇپلا قالماستىن، ھەزىم قىلىشقا ياردەملىشىش رولىمۇ بار. بەزى سەيلەرگە ئاز-پاز ئاچچىقسۇ قۇيۇۋەتسە، سەينىڭ تەمى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ۋىتامىن Cنى قوغداپ قالىدۇ، چۈنكى ۋىتامىن C ئاچچىق نەرسىنىڭ ئارىسىدا ئاسان بۇزۇلمايدۇ. سەيگە ئۇستىخانلىق گۆش ئىشلەتكەندە ياكى بېلىق پىشۇرغاندا، شېكەرلىك ئاچچىقسۇ قۇيسا، ئۇستىخاندىكى كالتسىي بىلەن فوسفور شورپىغا كۆپلەپ ئېرىپ چىقىدۇ، ھەتتا بېلىقنىڭ

قىلىدىغان ئىسسىقلىق مۇشۇ ئىككى خىل ئېنېرگىيىنىڭ كۆپ قىسمى بېرىلىدىغان قىممىتى تۆۋەن بولىدۇ.

قىلىرىقى يۇمشاپ كېتىدۇ، بۇنداق تائامنى يېگەندە، بەدەنگە كالتسىي بىلەن فوسفورنىڭ قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى كۆپىيىدۇ. تۆۋەن كىسلاتالىق ئاشقازان كېسىلى بار كىشىلەر (ئاشقازىنىدىن كىسلاتا بەك ئاز ئاجرىلىپ چىقىدىغان كىشىلەر، مەسىلەن، يىگىلەپ كېتىش خاراكتېرلىك ئاشقازان ياللۇغى بار كىشىلەر) تامىقىغا دائىم ئاز-ئازدىن ئاچچىقسۇ قۇيۇپ يېسە، ئىشتىھاسىنى ئېچىش بىلەنلا قالماي، كېسىلىمۇ ساقىيىپ قالىدۇ.

ئۆز نۆۋىتىدە ئاچچىقسۇ مىكروب ئۆلتۈرۈش دورىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. كونىراپ قالغانراق بېلىقنى سېتىۋالغان بولسىڭىز، بېلىقنى پىشۇرغاندا ئازراق ئاچچىقسۇ قۇيۇۋەتسىڭىز، بېلىقنىڭ قاڭسىق پۇرىقى يوقاپلا قالماي، زىيانلىق مىكروبمۇ ئۆلىدۇ. ئاچچىقسۇنى ئىچى سۈرۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ياخشى دورا ھېسابىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

## دۇڭگۇا يېسە نېمە ئۈچۈن سەمىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ

دۇڭگۇا (تەكى كاۋا) تاتلىق، سوغۇق بولۇپ، سۈيدۈكنى ھەيدەش، ئىسسىقلىقنى قايتۇرۇش، ئاشقازاننى سوۋۇتۇش ۋە

خەپرۈكنى يوقىتىش رولى بار. سۈيدۈكنى ھەيدىگەچكە، ئادەم-نىڭ بەدىنىدىكى ھەددىدىن زىيادە سۇ سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ-دە، ئادەم جانلىق-تېتىك بولۇپ قالىدۇ، بۇ ھال ئادەمنىڭ سەمرىپ كەتمەسلىكىگە پايدىلىق. ئاشقازاننىڭ ھارارىتى ئۆرلەپ كەتسە، ئادەم ئاسان سەمرىپ كېتىدۇ، شۇڭا، ئاشقازاننى سو-ۋۇتقاندا، نەرسە-كېرەكنى ئارتۇقچە يەۋېتىش ئەھۋالىنى ئازايت-قىلى بولىدۇ.

دۇڭگۇا ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە ئەڭ كۆپ، شۇنداقلا ئەڭ ئەرزان، دۇڭگۇانى پىشۇرۇش ئۇسۇلىمۇ كۆپ، دۇڭگۇانىڭ تە-مىمۇ ياخشى، دۇڭگۇانىڭ تەركىبىدىكى ئاقسىل، كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، كالتسىي، فوسفور، ۋىتامىن C قاتارلىق ئوزۇق-لۇقلار ئورۇقلاشقا پايدىلىق. دۇڭگۇانى ئازراق قىزىل ماش بىلەن بىللە پىشۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇزنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز قۇيسا، ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەينى ۋاقىتتا سەمرىپ كەتكەنلەر نەپسىنى يىغىشى كېرەك، بۇنداقتا ئورۇقلاش ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جياڭيۇ ۋە ئاچچىقسۇنىڭ پاختىلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

جياڭيۇ ۋە ئاچچىقسۇ قاچىسى پاكىز بولۇشى، قاچىدا سۇ بولماسلىقى لازىم؛ جياڭيۇ ياكى ئاچچىقسۇ قاچىسىغا ئازراق كۇنجۇت مېيى قۇيۇۋەتسە، جياڭيۇ ياكى ئاچچىقسۇنىڭ يۈزى نېپىز بىر قەۋەت ماي بىلەن يېپىلىدۇ-دە، جياڭيۇ ياكى ئاچچىقسۇنىڭ پاختىلىشىپ، سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. قاچىغا كىچىككىنە سۇغپىياز، بىرنەچچە مىدىق سامساق سېلىۋەتسە، ياكى ئازراق هاراق قۇيۇۋەتسىمۇ، پاختىلىشىپ قېلىش ئەھۋالىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، جياڭيۇنى قىزىتقاندىن كېيىن قاچىغا قۇيۇپ، قاچىنىڭ ئاغزىنى ھىم ئېتىۋەتسىمۇ، جياڭيۇ ئۇزاققىچە پاختىلىشىپ قالمايدۇ.

# هاراقتىن ئەپچىل پايدىلىنىش

ئادەم هاراقنى ئىچىشتىن باشقا، مۇنداق ئىشلاردا پايدىلانسىمۇ بولىدۇ:

1. جياڭيۇ قاچىسىغا ئازراق ھاراق قۇيۇۋەتسە، جياڭيۇ پاختىلىشىپ قالمايدۇ.

2. ئاچچىقسۇغا ئازراق ھاراق ۋە تۇز قۇيۇۋەتسە، ئاچچىق-سۇنىڭ پۇرىقى كۈچىيىدۇ، ئاچچىقسۇ ئۇزاققىچە بۇزۇلمايدۇ.

3. سويماقچى بولغان توخۇغا ئازراق ھاراق ئىچۈرۈۋەتسە، توخۇنى بوغۇزلاپ بولغاندىن كېيىن تۈكىنى تېز ھەم پاكىز يۇڭدىغىلى بولىدۇ.

4. بېلىق پىشۇرغاندا ئازراق ھاراق قۇيۇۋەتسە، بېلىقنىڭ پۇرىقى يوقايدۇ، بۇنىڭ بىلەن بېلىق تېخىمۇ يېيىشلىك بولىدۇ.

5. ئۈجمە يوپۇرمىقىغا ئازراق ھاراق چېچىۋەتسە، پىلە قۇرتىنىڭ بوش زەھەرلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

6. يېڭى رېزىنكە ئاياغنى كىيىشتىن بۇرۇن، ئاياغقا ئاز-راق ھاراق قۇيۇپ قۇرۇغاندىن كېيىن كىيسە، ئادەمنىڭ پۇتى سېسىق پۇرىمايدىغان بولىدۇ.

7. تۇخۇم قورۇغاندا ئازراق ھاراق قۇيۇۋەتسە، تۇخۇم يۇمشاق، پۇراقلىق قورۇلىدۇ.

8. پۇرچاق قاچىلانغان سۇلياۋ خالتىغا ئازراق ھاراق چې-چىۋەتسە، پۇرچاق قۇرتلىمايدۇ.

9. قۇرۇق بامبۇككا ئازراق ئاق ھاراق قۇيۇپ ئۇۋۇلىسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇمشاپ يۇمرانلىشىدۇ.

## تۇزدىن ئەپچىل پايدىلىنىش

ئاش-تاماقتا تەم كىرگۈزۈشتە تۇز بولمىسا بولمايدۇ. تۇز-نىڭ بۇنىڭدىن باشقا جىق رولى بار بولۇپ، بۇنى كىشىلەر ئانچە بىلمەيدۇ، تۆۋەندە بۇلاردىن بىرنەچچىسىنى تونۇشتۇرىمىز:

تېگى رېزىنكە بىرېزىنت ئاياغقا ۋە باشقا بىرېزىنت ئاياغلارغا تۇز چېچىۋەتسە، تەر پۇرىقى يوقايدۇ.

تەشتەكتىكى سۇغا بىر چىمدىم تۇز چېچىۋەتسە، تەشتەكتىكى گۈل ئۇزاققىچە تېخىمۇ چىرايلىق ئۆسىدۇ.

تۇز بىلەن زەيتۇن يېغىنى تەڭ مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ، يۇزگە سۇرتۇپ بەش مىنۇتقىچە سىلاپ، ئاندىن يۇزنى يۇيۇپ تۇرسا، ھۆسننى گۈزەللەشتۈرىدۇ.

تۇز بىلەن ناترىي بى كاربوناتنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، سىرىق پاختا رەختنى شۇ سۇدا بىر سائەت قايناتسا، رەخت تېخىمۇ ئېچىلىدۇ.

يېڭى سۇپۇرگىنى ئىشلەتمەي تۇرۇپ تۇزلۇق ئىسسىق سۇغا چىلاپ قويسا، سۇپۇرگە ئۇزاق چىدايدۇ.

لىمون شىرنىسىگە تۇز سېلىپ، رايال توپچىسى ياكى

مەر-مەر تاشنى سۈرتسە، ئىنتايىن پاكىز بولۇپ كېتىدۇ.

ئىسسىق سۇغا تۇت قوشۇق تۇز سېلىپ، كىيىمدىكى تەر شورىنى خەيمىيەندە سۈرتسە، تەر شورى يوقايدۇ.

ئاشخانىدىكى يۇندا تۆشۈكىگە تۇزلۇق سۇ قۇيۇۋەتسە، يۇندا تۆشۈكى پاكىز تۇرىدۇ، سېسىق پۇرىمايدىغان ۋە مايلىشىپ كەتمەيدىغان بولىدۇ.

# جۇۋاۋىغا قىيما قىلىدىغان كۆكتاتنىڭ سۈيىنى سىقىپ چىقىرىۋەتمەسلىكنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى

كىشىلەر جۇۋاۋىغا قىيما تەييارلاشتا، كۆكتاتتىكى سۇ تەر-كىبىنى سىقىپ چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن كۆكتاتنى گۆشكە ئارىلا-شتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن، بۇنداق قىلىش ھەم قول تۇتىدۇ، ھەم نۇرغۇن ئوزۇقلۇق ماددىلارنى زايا قىلىۋېتىدۇ. مۇنۇ چارە بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ: كۆكتاتنى ئۇششاق توغراپ قازانغا تۆكۈپ، ئۈستىگە ماي قۇيۇپ ئارىلاشتۇرىسىز، ئاندىن تەييار بولغان گۆش قىيمىغا تۇز ۋە تېتىتقۇلارنى سېلىپ ئارىلا-شتۇرىسىز. بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب شۇكى، كۆكتاتنى ئۇش-

شاق توغراپ تۆپىسىگە ماي قۇيسا، كۆكتاتنى بىرقەۋەت ماي قاپلىۋالىدۇ-دە، تۇز قۇيغاندىن كېيىن كۆكتاتتىن سۇ چىقماي-دۇ. قىيمىنى مۇشۇنداق تەييارلاپ تۇگكەن جۇۋاۋا يېيىشلىك بولىدۇ، قىيمىدىكى كۆكتات يۇمشاق پىشىدۇ، قىيما سۇلۇق بولىدۇ.

## ئۆيدىكى پۇراقلارنى يوقىتىش چارىلىرى

سىر پۇرىقىنى يوقىتىش چارىسى: جاھازنى سىرلىسىڭىز، سىرنىڭ پۇرىقى ئۆينى بىر ئالىدۇ، بۇ چاغدا يەرگە بىرنەچچە داس تۇزلۇق سوغۇق سۇ قويۇپ قويسىڭىز، سىر پۇرىقى يوقايدۇ.

ئېچىپ قالغان نەرسىنىڭ پۇرىقىنى يوقىتىش چارىسى: كەنتىر-سىرتما، ئىشكاپ-جاۋەن، ساندۇقلارنى ئۇزاققىچە ئاچ-مىسىڭىز، بىرخىل ئاچچىق پۇرايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا شۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە كىر سوپۇنى ياكى يۇز سوپۇنى قويۇپ قويسىڭىز، بۇ ئاچچىق پۇراق تېزلا يوقايدۇ.

گۈلگە قۇيۇلغان ئوغۇتنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىش چا-رىسى: ئۆيدە گۈل ئۆستۈرسىڭىز، گۈلگە ئېچىتقۇ ئوغۇت بې-رىشكە توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتسە، بۇ ئوغۇت-نىڭ سېسىق پۇرىقىغا چىداپ تۇرغىلى بولماي قالىدۇ. بۇ چاغدا يېڭى ئاپېلسىننىڭ پوستىنى ئۇششاق توغراپ سۇيۇق ئوغۇتقا

ئارىلاشتۇرۇپ گۆلگە قۇيسا، سېسىق پۇراق ئازلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپپىلسىن پوستى ئوبدان ئوغۇت بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

كاربونات كىسلاتاسى پۇرىقىنى يوقىتىش چارىسى: ئۆيگە شامال ۋە ئاپتاپ كىرىپ تۇرمىسا، ئۆي ئاممونىي ھىدرو كاربو-ناتنىڭكىدەك سېسىق پۇراپ قالىدۇ. بۇ چاغدا لامپۇچكىغا ئەتىر سېپىپ، چىراغنى ياندۇرسا، لامپۇچكا ئىسسىغاندىن كېيىن ئەتىر پۇرىقى ئۆيگە تارقىلىدۇ-دە، ئۆيدىكى سېسىق پۇراق يوقايدۇ.

تاماكا ئىسىنىڭ پۇرىقىنى يوقىتىش چارىسى: ئۆيدە تاماكا چەكسە، ئىس-تۈتەن ئۆينى بىر ئالىدۇ، بۇ ھال سالامەتلىككە زىيانلىق. ئاچچىقسۇغا چىلانغان لۆڭگىنى ياكى تۇزلىق لاتىنى ئۆيدە قويۇپ قۇرۇتسا، ياكى كۆجە كۆيدۈرسە ئۆيدىكى تاماكا پۇرىقى يوقايدۇ.

## يېمەكلىكتىكى ئەسكى پۇراقنى چىقىرىۋېتىش چارىلىرى

قوي گۆشىنىڭ پۇرىقىنى چىقىرىۋېتىش چارىسى: قوي گۆ-شى پىشۇرغاندا، ئاچچىقسۇ قۇيۇۋېتىش ياكى بىرەر باش سەۋزە توغراپ قازانغا سېلىۋېتىش ئارقىلىق پۇراقنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

بېلىقتىكى لاي پۇرىقىنى چىقىرىۋېتىش چارىسى: كۆل، ئۆستەڭلەردىكى بېلىق لاي پۇرايدۇ، بۇنداق جايلاردىن تۇتۇلغان بېلىقنى پىشۇرۇشتىن ئىلگىرى بېلىقنى تۇزلۇق سۇغا چىلاپ

قويسا پۇراق يوقايدۇ، ئۆلۈك بىلىقنى ئىككى سائەت تۇزلۇق سۇغا (ئىككى جىڭ سۇغا بىر سەر تۇز سېلىپ) باسسا، لاي پۇرىقى يوقايدۇ.

قىچا يېغىنىڭ پۇرىقىنى يوقىتىش چارىسى: قىچا يېغىدا خاسىڭ قورۇپ، خاسىڭ قورۇغان ياغدا سەي قورۇسا، ياغنىڭ سېسىق پۇرىقى چىقمايدۇ، يەنە كېلىپ سەي تەملىك، يېيىشلىك بولىدۇ. ناۋادا بۇنداق خاسىڭ قورۇغان ياغنى خام سەيگە ئارىلاشتۇرسا، كۈنجۈت يېغىدەك تەمى بولىدۇ.

## مېۋىنى بالدۇر پىشۇرغۇزۇش چارىسى

پىشمىغان بىر يەششىك مېۋىگە پىشقىنىدىن بىر-ئىككىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويسا، ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا، بىر يەششىك مېۋىنىڭ سېھىرلەپ قويغاندەك پىشىپ قالغىنىنى كىشىلەر كۆزدىلىك تۇرمۇشتا ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ. بۇنداقتا، قاتتىق مېۋە يۇمشاپ، چۈچۈمەللىرى تاتلىق بولۇپ، خۇش ھىد پۇرايدىغان بولىدۇ. مېۋە پىشقان چاغدا ئېتىلىن دەيدىغان مىكرو گاز چىقىرىدۇ، بۇ گاز مېۋىدىكى تۈرلۈك ئاجراتمىلارنى كۈچلۈك ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پىشمىغان مېۋىدە بىرقاتار ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ: خلوروفىل تېز پارچىلىنىپ، مېۋە يۇمشايدۇ؛ كراخمال شېكەرگە ئايلىنىپ، مېۋىگە تاتلىق تەم كىرىدۇ. مېۋىنى يىراققا توشۇيدىغان بولۇپ قېلىپ، پىشىپ كەتمىسە دېگەن ئۈمىدىڭىز بولسا، بۇنىڭمۇ ئامالى بار: مېۋە ئارىلىرى-

غا مارگانسوۋكا سۇيىگە چىلانغان خىشلارنى قويۇپ قويسىلا بولىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، مارگانسوۋكا ئېتىلېن-نىڭ ”رەقىبى“، ئېتىلېن ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ قالسا دەرھال ئوكسىدلىنىپ، بۇزۇلىدۇ.

## بېلىق تاللاشنىڭ ئېپى

بېلىق تاللىسىڭىز، ئاۋۋال بېلىقنى ئۆرۈپ، ئوڭدىسىغا قىلىڭ، ئاندىن مەقەتكە قاراڭ. مەقەت (پۇرۇك) ئاقىرىپ كەت-كەن ۋە قورساق تەرەپكە تارتىلغان بولسا، بۇ ئەڭ يېڭى بېلىق بولىدۇ. بۇنداق بېلىقنىڭ ئاغزى پاكىز، ساقىقى قىزىل، ساقى-قى چىڭ يېپىلغان بولىدۇ، كۆز قارىچۇقى تۆۋەنگە تاتىلىپ كەتمەيدۇ، ئېقى ئاق، قارىسى قارا بولۇپ، ئېنىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ، قاسراقلىرى تېنىگە چىڭ يېپىشقان بولۇپ، ئاسان ئايرىلمايدۇ، تېنى قاتتىق بولۇپ، گۆشى چىڭ ۋە ئېلاستىكىلى-قى كۈچلۈك بولىدۇ، بېلىقنىڭ قورسىقىدا ھاۋا بولمايدۇ، شۇڭا قورسىقى تومپىيىپ قالمىغان بولىدۇ، ۋەھاكازالار. بېلىقنىڭ مەقەتى قىزىرىپراق قالغان بولسا، بۇنداق بېلىق ئانچە يېڭى ئەمەس بولسىمۇ، يېسە بولىۋېرىدۇ. مەقەتى كۆكىرىپ قالغان، سىرتقا تومپىيىپ چىقىپ قالغان بولسا، بۇ ھال بېلىقنىڭ سېسىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنداق بېلىقنى يېسە، ئا-دەم ئاسانلا زەھەرلىنىپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىللە قويسا بولمايدىغان بۇيۇملار

كۈندىلىك تۇرمۇشتا بەزى بۇيۇملارنى بىللە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، بىللە قويسا، بىھۇدە زىيان بولىدۇ.

يېڭى تۇخۇم بىلەن زەنجىۋىل، پىيازنى بىللە قويسا بولمايدۇ: تۇخۇمنىڭ پوستىدا نۇرغۇن تۆشۈكلەر بار، زەنجىۋىل بىلەن پىيازنىڭ غىدىقلىغۇچى پۇرىقى كۈچلۈك بولغاچقا، بۇ پۇراق تۇخۇمنىڭ تۆشۈكلىرى ئارقىلىق تۇخۇمنىڭ ئىچىگە ئۆتىدۇ-دە، تۇخۇمنى بۇزۇپ، سېسىتىۋېتىدۇ.

چاي بىلەن ئەتىر سوپۇنىنى بىر يەرگە قويسا بولمايدۇ: چاي باشقا پۇراقنى قوبۇل قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئەتىر سوپۇنىمۇ، كىر سوپۇنىمۇ ئۈزلۈكسىز خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرىدۇ، شۇڭا، چاي سوپۇننىڭ پۇرىقىنى شۈمۈرۈۋالسا، چاينىڭ تەمى ئۆزگىرىپ، سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

چاي بىلەن شېكەر، قەنت-گېزەكلەرنى بىر يەرگە قويسا بولمايدۇ: شېكەرمۇ، قەنت-گېزەكمۇ چاي شۈمۈرۈۋالمىدىغان نەملىك چىقىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چاي پاختىلىشىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاي بۇلاردىكى پۇراقنى قوبۇل قىلىۋالغاچقا، تەمى ياخشى بولماي قالىدۇ.

مېۋە بىلەن شۇلتىنى بىر يەرگە قويسا بولمايدۇ: شۇلتا ئاسان ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مېۋە ئىسسىقتا تېز سېسىپ كېتىدۇ.

شېكەر بىلەن سېمونتنى بىر يەرگە قويسا بولمايدۇ: سې-
مونت ئۇن مىڭدىن بىر شېكەرگە يېقىن بولۇپ قالسا، قاتۇرۇش
رولىنى يوقىتىدۇ.

ئەينەك بىلەن شۇلتىنى بىر يەرگە قويسا بولمايدۇ: ئەينەك-
كە شۇلتا چاپلىشىپ قالسا، ئەينەكنىڭ يۈزى بۇزۇلىدۇ.

پاختا بىلەن كىسلاتانى بىر يەرگە قويسا بولمايدۇ: پاختا
كىسلاتادىن قورقىدۇ، پاختا كىسلاتاغا يېقىن بولۇپ قالسا،
پاختا پارچىلىنىدۇ ياكى پاختىنىڭ تالالىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

رېزىنكە بىلەن مايىنى بىر يەرگە قويسا بولمايدۇ: رېزىنكە
بۇيۇملار مايغا يولىسا، رېزىنكىنىڭ يۈزى ئالىچىپار بولۇپ قالى-
دۇ، ئاسان ئېرىپ، چىرىپ كېتىدۇ، بەلكى كۆپۈپ كېتىدۇ-
دە، رېزىنكە بۇيۇملار ئېلاستىكلىقىنى يوقىتىدۇ.

يېمەكلىك بىلەن سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان زەمچىنى بىر
يەرگە قويسا بولمايدۇ: سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان زەمچە تەركى-
بىدە سۈرمە بار، يېمەكلىككە سۈرمە ئارىلىشىپ قالسا، سۈرمە
ئادەمنى زەھەرلەيدۇ.

نىلون بۇيۇم بىلەن نافتالىننى بىر يەرگە قويسا بولمايدۇ:
نافتالىن نىلون بۇيۇملار بىلەن بىرىكىپ، تالا مالېكۇلىلىرى
ئارىسىدىكى تەسىر كۈچىنى ئاجىزلىتىدۇ، تالانىڭ فىزىكىلىق
خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىدۇ، چىداملىق بولۇشىغا تەسىر يەت-
كۈزىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گاز باكىدىن گاز چىقىپ كەتسە قانداق قىلىش كېرەك

1. گاز باكىدىن گاز چىقىپ كەتسە، ئۆينىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىنى ئېچىپ، ئۆيگە يېڭى ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك، بولمىسا، ئادەم بۇ خىل گازدا نەپەس ئالسا، بېشى قايىدۇ ۋە بىئارام بولىدۇ؛

2. ئېلېكترلىك ئەسۋابلارنى ئاچماسلىق كېرەك، شۇنداقلا ئۆيدە سەرەڭگە ياقماسلىق، تاماكا چەكمەسلىك كېرەك؛

3. باكىنىڭ تۇتاشقۇچى جايلىرىنى سوپۇن ماغزىپى بىلەن تەكشۈرۈش كېرەك، گاز چىقىپ كەتكەن بولسا، كۆپۈك پەيدا بولىدۇ. دىتاللار بوشاپ قېلىپ گاز چىقىپ كەتكەن بولسا، دەرھال چىڭىتىپ قويۇش كېرەك؛ دىتاللار بۇزۇلۇپ كېتىپ گاز چىقىپ كەتكەن بولسا، دەرھال ئوڭلاش كېرەك؛

4. سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى ھاۋادىن بىر يېرىم ھەسسىچە ئېغىر، بۇنداق گاز باكتىن چىقىپ كەتسە ھامان يەر يۈزىگە يىغىلىۋالىدۇ، ئاسان تارقاپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۆي سۈپۈرگەن پەيتىدە، چىقىپ كەتكەن گازنى تالاغا چىقىرىۋېتىش لازىم.

# چايداننىڭ ئاستىغا ئولتۇرۇپ قالغان داشقالنى چىقىرىۋېتىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى

1. يېرىم جىڭ ئاچچىقسۇنى ئىسسىتىپ چايدانغا قۇيۇپ بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن چايداننى سىلكىسە، داشقال دەرھال چۈشىدۇ.

2. 200 مىللىلىتىر سۇيۇق تۇز كىسلاتاسىنى چايدانغا قۇيۇپ بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندە چايداننى سىلكىسە، داشقال چىقىپ كېتىدۇ.

3. بىر سەر ناترىي بى كاربوناتنى بىر چىنە سۇغا سېلىپ ئېرىتىپ، چايدانغا قۇيغاندىن كېيىن چايقىسا، داشقال دەرھال چىقىدۇ.

4. تۆت-بەش تۇخۇمنى چېقىپ، تۇخۇم شاكىلىنى ئېزىپ چايدانغا سالغاندىن كېيىن يېرىم چىنە سۇ قۇيۇپ، بىردەم ئۆتكەندە چايداننى سىلكىسە، داشقال چىقىپ كېتىدۇ.

# كىر سوپۇندىن ئەپچىل پايدىلىنىش

1. يېڭى ئارغامچا بەك قاتتىق بولغاچقا ئىشلەتمەك ئەپسىز بولىدۇ، يېڭى ئارغامچىنى سوپۇن سۈيىگە بەش مىنۇت چىلاپ قويسا، يۇمشاق بولۇپ كېتىدۇ-دە، ئىشلەتمەك ئەپلىك بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

2 . قازاننىڭ تۈۋىدىكى قارىنى چىقىرىۋەتمەك تەس، ئەمما قازاننى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن قازاننىڭ تۈۋىگە بىر قەۋەت سوپۇن سۇركۈۋېتىپ ئاندىن يۇسىڭىز، قازان تۈۋىدىكى قارا ئىتتىك چىقىپ كېتىدۇ.

3 . كەنتىر، جاۋەن، ئىشكاپلارغا بىر تال سوپۇن سېلىپ قويسىڭىز، سېسىق نەم پۇراقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

4 . تامغا تام قەغىزى چاپلىغاندا، يېلىمغا ئازراق سوپۇن ئارىلاشتۇرسا، چاپلاش ئاسان بولۇش بىلەنلا قالماي، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېلىم قېتىۋېلىپ قەغەز ئاجراپ چۈشۈپ كېتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ.

5 . ئىشىك-دېرىزىنى سىرلىغاندا، تۇتقۇچلارغا سىر يۇقۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، سوپۇن سۈركەپ قويۇش لازىم، سوپۇن سۈركىگەندە سىر يۇقۇپ قالسىمۇ، سۈرتۈۋەتسىلا چىقىپ كېتىدۇ.

## كىتاب، ژۇرناللاردىكى داغنى چىقىرىۋېتىش ئۇسۇللىرى

كىتاب، ژۇرناللارغا سۇ يېغى، بېنزىن، كىرسىن قاتارلىقلار يۇقۇپ قالسا، بىر ۋاراق قەغەزنى مايلىق يەرگە قويۇپ، تىبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان تۈزلۈق سۇ شىشىسىگە قايناقسۇنى تولدۇرۇپ، شىشىنى قەغەزنىڭ ئۈستىدە قايتا-قايتا يۇمى-

لاتسا، ماي يوقايدۇ.

كىتاب، ژۇرناللارغا پاسكىنا بارماق ئىزى چىقىپ قالسا، پاختىنى سوپۇن سۇيىگە چىلاپ، ئاندىن بۇ پاختىدا بىر-ئىككى قېتىم ئاستا سۈرتۈش كېرەك. بارماق ئىزى پۈتۈنلەي يوقالغاندىن كېيىن، نەملىك تارتىدىغان قەغەزنى قويۇپ، ژۇرنالدىكى سۇنى شۈمۈرتۈۋېتىش لازىم.

سىياھنى يوقىتىشتا، نەملىك تارتىدىغان قەغەزنى سىياھ تۆكۈلگەن كىتاب، ژۇرنال بېتىنىڭ كېيىنكى بېتىگە قويۇپ، تىبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ئىككى ئوكسىگېنلىق سۇغا چىلانغان پاختا بىلەن ئاستا سۈرتۈش لازىم. ئاندىن ئۈستىگە نەملىك تارتىدىغان بىر ۋاراق قەغەز قويۇپ، تۆپىسىدىن بىرنەچچە كىتابنى باستۇرۇپ قويۇش كېرەك، قۇرۇغاندا سىياھ يوقىغان بولىدۇ.

كىتاب، ژۇرنال پاختىلىشىپ قالسا، زەمچە سۇيۇقلىقىغا چىلانغان پاختا بىلەن سۈرتۈپ، ئاندىن نەملىك تارتىدىغان قەغەز بىلەن بېسىپ قۇرۇتسا، پاختىسىمان نەرسە يوقايدۇ.

## پويىز بېلىتىنى يېڭىلىشىپ ساتقان-ئالغاندا ۋە پويىزغا خاتا چىقىپ قالغاندا قانداق قىلىش كېرەك

پويىز بېلىتىنى يېڭىلىشىپ ساتقان ۋە ئالغاندا، بۇ بېلەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ باھاسى بىلەن ھەقىقىي بېلەت باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنى تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە تولۇقلاپ ئېلىش ياكى قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك:

1. باش بېكەتتە بولسا، يېڭى بېلەت ئالماشتۇرۇپ بېرىش لازىم.

2. ئارىلىقتىكى بېكەتتە بولسا، ئەسلىدىكى بېلەتكە يېزىلغان بارماقچى بولغان بېكەتكە كەلگەندە ياكى پويىزدا بېلەت باھاسىنى تولۇقلاشقا توغرا كەلگەندە، ئەسلى بېلەتنى قايتۇرۇۋېلىپ، ۋەكالەتلىك بىلەت بېرىش لازىم؛ بېلەت پۇلىنى قايتۇرۇش زۆرۈر بولسا، خاتىرە يېزىپ، ئەسلى بېلەت بىلەن بىللە يولۇچىغا بېرىش لازىم، بۇنى يولۇچى ھەقىقىي بارىدىغان بېكەتكە بارغاندا بېلەت باھاسىدىكى پەرقنى قايتۇرىدىغان ئىسپات سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ.

يولۇچى پويىزغا خاتا چىقىپ قالغان بولسا ياكى بېكەتتىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بىلەتنى يېتىپ بارىدىغان بېكەتكە تاپشۇرۇش لازىم. بۇ بېكەت يولۇچىنىڭ بىلەتنىنىڭ كەينىگە ”خاتا چىقىپ قالغان“ دېگەن خەتنى يېزىپ قويۇشى ھەمدە بېكەتنىڭ تامغىسىنى بېسىشى، يولۇچىنى ئەڭ يېقىن پويىزغا چىقىرىپ، ئۆز ئورنىغا ھەقسىز ئاپىرىپ قويۇشى لازىم. يولۇچى يېرىم يولدا پويىزدىن چۈشمەكچى بولسا، بۇ يولۇچى ماڭمىدىغان ئارىلىقنىڭ بىرىپ كېلىش مۇساپىسىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھېسابلاپ، بۇ يولۇچىنى بېلەتسىز يولۇچى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن بېلەت تولۇقلاش ھەققى بىر قېتىم ئېلىنىدۇ.

## بىلەتنى قانداق قايتۇرۇش كېرەك

يولۇچى بىلەت قايتۇرماقچى بولسا، بىلەت قايتۇرۇش رەسمىيتى مۇنداق بەلگىلىمىلەر بويىچە بىجىرىلىدۇ:

1. باش بېكەتتە، پويىز مېڭىشتىن بۇرۇن قايتۇرسا، بىلەت باھاسى بويىچە پۇل قايتۇرۇلىدۇ، بىلەت قايتۇرۇش ھەققى ئېلىنىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋالدا، پويىز مېڭىپ ئىككى سائەتكىچە قايتۇرۇلىدۇ. 60 تىن كۆپ يولۇچى بىر كوللېكتىپ بولغان بولسا، پويىز مېڭىشتىن ئالتە سائەت بۇرۇن بىلەت قايتۇرۇش رەسمىيىتىنى ئۆتىشى كېرەك.

2. كېسەل سەۋەبىدىن (جۇملىدىن سەپەرداشلىرى)، بىلەت كۆچكە ئىگە (ئىناۋەتلىك) مەزگىلدە بىلەت قايتۇرماقچى بولغاندا، داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ ئىسپاتى بولسا، ياكى ۋوگزال دەلىللىسە، باش بېكەتتە بىلەت باھاسى بويىچە پۇل قايتۇرۇلىدۇ، ئوتتۇرىدىكى بېكەتتە بىلەت باھاسى بىلەن پويىزدا ماڭىدىغان ئارىلىق بىلىتىنىڭ باھاسىنىڭ پەرقى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

3. يېرىم يولدا بىلەت قايتۇرۇلمايدۇ. ئەمما، ئالاھىدە ئەھۋالدا، يولۇچىلار بىلىتى، تېز پويىزغا چۈشۈش بىلىتى ئىناۋەتلىك مەزگىلدە ۋوگزالغا بارالايدىغان بولسا، ئىسپاتى بولغان شارائىتتا ۋوگزالنىڭ ماقۇللۇقى ئارقىلىق، بىلەت باھاسى بىلەن ئۆزى چۈشكەن پويىز بېكىتى ئارىلىقىنىڭ باھاسىنىڭ پەر-

www.uyghurkitap.com

قى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، بىلەت قايتۇرۇش ھەققى ئېلىنىدۇ. ياتقۇ بىلىتى قايتۇرۇلمايدۇ.

# 10 . سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش

## ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى

1 . زېھنى تولۇق بولۇش، كۈندىلىك ئېغىر خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن بىمالال چىقىش، شۇنداقلا بەك جىددىيلىشىپ ۋە چارچاپ كەتمەسلىك.

2 . ئىشقا يولۇققاندا ئۈمىدۋار بولۇش، ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇش، جاۋابكارلىقنى خۇشاللىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىش، قىلىدىغان ئىشىدىن قۇسۇر ئىزدىمەسلىك.

3 . ئارام ئېلىشقا ماھىر بولۇش، ئوبدان ئۇخلاش.

4 . بەدىنىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزگىرىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇش، تاشقى مۇھىتتىكى ئۆزگىرىشكە ماسلىشالايدىغان بولۇش.

5 . ئادەتتىكى زۇكامغا ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەرگە تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇش.

6 . بەدەن ئېغىرلىقى مۇۋاپىق بولۇش، تېنى يارىشىملىق بولۇش، تىك تۇرغاندا باش، مۈرە، بىلەكلىرىنىڭ ئورنى بىر-بىرىگە ماسلاشقان بولۇش.

7 . چىشى پاكىز بولۇش، چىشىنى قۇرت يېمىگەن بولۇش، چىشى ئاغرىماسلىق، چىش تۈۋىنىڭ رەڭگى نورمال بو-

لۇش، چىشى قانىماسلىق.

8. كۆزى روشەن، ئۆتكۈر بولۇش، كۆزى بىلەن يۈزى ياللۇغلانماسلىق.

9. چېچى پارقىراپ تۇرۇش، باشتا كېپەك بولماسلىق.

10. مۇسكۇللىرى تولغان بولۇش، تېرىسى ئىلاستىكىلىق بولۇش.

# قولدا كېسەل داۋالاشنىڭ سەككىز ئۇسۇلى

1. بارماق بىلەن باش بارماق پەللىسىنى بېسىپ ھېق تۇتۇشنى داۋالاش. ھېق تۇتسا، باش بارماق پەللىسىنى بارماق بىلەن باسقاندا، ھېق توختايدۇ. باش بارماق پەللىسى باش بارماقنىڭ يان تەرىپىدە، تىرناقتىن بىر فۇڭ يىراقتا. ھېق تۇتقاندا، باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماقتا باش بارماق پەللىسىنى تېلىپ ئاغرىغۇچە چىڭ باسسا، ھېق يېرىم مىنۇتتىن بىرمىنۇتقا قەدەر توختايدۇ.

2. بارماق بىلەن بىلەزۈك بوغۇمىنىڭ ئالقان پەللىسىنى بېسىپ قەي قىلىشنى توختىتىش. ئۇششاق ئاغرىق تۇيەيلىدىن قەي قىلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلسە، ئوتتۇرا بارماق بىلەن ئالقان پەللىسىنى باسسا، قەي قىلمايدىغان بولىدۇ. ئالقان پەللىسى بىلەزۈك بوغۇمىنىڭ ئالقان تەرىپىدە، كۆندىلەڭ قورۇقنىڭ دەل

ئوتتۇرىسىدىن ئىككى سۈڭ يۇقىرى جايدىكى ئىككى سىڭىرنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، بۇ پەللىنى تالغان تۇيغۇغا كەلگۈچە بىر مىنۇتتەك باسسا، قەي قىلىش توختايدۇ.

3. بۇرۇن قانىسا، تاپاننى چىمداش ئارقىلىق قاننى توختىتىش. بۇرۇن قانىسا، دەرھال تاپاننى چىمداش (تاپاندىكى ئويمان جايىنى)، بۇرۇننىڭ سول تۆشۈكى قانىسا، ئوڭ پۇتىنىڭ تاپىنىنى، ئوڭ تۆشۈكى قانىسا، سول پۇتىنىڭ تاپىنىنى چىمداش لازىم، مۇشۇنداق قىلسا، قان توختايدۇ.

4. باش ئاغرىقىنى چېكىنى بېسىش ئارقىلىق داۋالاش. ئادەتتىكى باش ئاغرىقىنى بېشى ئاغرىغۇچى ئىككى چېكىسىنى ئاغرىغۇچە بېسىش بىلەن توختاتسا بولىدۇ، بۇنداق بېسىشنى چېكە ئاغرىغۇچە ھەمدە سائەت سترېلكىسىنىڭ مېڭىش يۆنىلىشى بويىچە بىر مىنۇت داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، مۇشۇنداق قىلسا، باش ئاغرىقى پەسىيىدۇ.

5. ئاشقازان ئاغرىقىنى لېپەك پەللىسىنى ئۇۋۇلاش ئارقىلىق توختىتىش. ئاشقازان ئاغرىغاندا، ئىككى باش بارماق بىلەن بىمارنىڭ ئىككى پۇتىدىكى لېپەك پەللىسىنى ئۇۋۇلاش كېرەك. لېپەك پەللىسى تىزدىن ئۈچ سۈڭ تۆۋەندە، پاقالچاق سۆڭىكىدىن بىرلىك سىرتتا، ئۇۋۇلىغاندا بىمار تېلىپ ئاغرىغان ھېسقا كەلگەندىن كېيىن 3 —— 5 مىنۇت ئۇۋۇلىسا، ئاشقازان ئاغرىقى كۆپ يېنىكلەيدۇ ھەتتا يوقايدۇ.

6. يۇرەك سانجىقىنى ئوتتۇرا بارماقنىڭ تىرناق تۈۋىنى

چىمداپ پەسەيتىش. يۇرەك سانجىقى قوزغىلىپ، دەماللىققا ئىنتى-
روگلىتسېرىن تېپىلماي قالسا، باشقىلار بىمارنىڭ ئوتتۇرا بار-
مىقىنىڭ تىرنىقىنىڭ تۈۋىنى چىمدىسا بولىدۇ، چىمدىغاندا چىڭ
چىمداپ ئاغرىتىش كېرەك، بىر سىقىپ، بىر قويۇپ بېرىپ
تەكرارلىسىمۇ بولىدۇ، مۇشۇنداق قىلىشنى 3 —— 5 مىنۇت
داۋاملاشتۇرسا، ئاغرىق پەسىيىدۇ.

7. هوشسىزلانغانلارنى ئالقان پەللىسىنى بېسىپ هوشىغا
كەلتۈرۈش. هوشسىزلانغان ئادەم تاتىرىپ كېتىدۇ، كۆڭلى
ئېلىشىپ، قەي قىلغۇسى كېلىدۇ، سوغۇق تەرلەيدۇ ھەتتا ئې-
سىنى يوقىتىدۇ. بۇ چاغدا باشقىلار هوشسىزلانغۇچىنىڭ ئالقان
پەللىسىنى باش بارماق ۋە بىگىز بارمىقى بىلەن قىسىپ تۇرۇپ
ئون نەچچە قېتىم باسسا، هوشسىزلانغۇچى ئومۇمەن ئويغىنىدۇ.

8. ئىچى قېتىپ قېلىشنى قورساق پەللىسىنى بېسىپ داۋا-
لاش. ئىچى قېتىپ قالغانلار تاھارەتكە ئولتۇرغاندا سول قول-
نىڭ ئوتتۇرا بارمىقىدا سول قورساق پەللىسىنى قورسىقى تې-
لىپ ئاغرىغانغا قەدەر نوقۇپ بېسىپ، ئاندىن بىرمىنۇتقىچە جىم
تۇرسا، تاھارەت قىلغۇسى كېلىدۇ، ئاندىن دەم ئالماي قورساقنى
كۆپتۈرۈپ بىردەم تۇرسا، تاھارەت كېلىدۇ. قورساق پەللىسى
كىندىكتىن ئۈچ سانتىمېتر نېرىدىكى يەردىن ئۇدۇل بىر سانتى-
مېتر پەستە.

# دوختۇرغا كۆرسەتمەيمۇ كېسەل ساقايتىشنىڭ رېتسىپلىرى

1. پاراڭلىشىپ داۋالاش: دەرد تارتقانلار ۋە پەرىشان بولۇپ يۈرگەنلەر، ھايات سەپىرىدە روھىي جەھەتتىن زور تەسىرگە ئۇچرىغانلار ئۆزىنىڭ دەرد-ئەلىمىنى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرىگە ياكى سىرداش ئاغىنىلىرىگە مۇمكىنقەدەر تولۇق تۆكۈش كېرەك.

2. تىياتىر، كىنو كۆرۈپ داۋالاش: كومېدىيىلىك فىلىم كۆرسە، باش ئاغرىقى، بەدەن قىچىشىش، قورساق بىئارام بولۇش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان يېنىك بىتاپلىقلارنى فىلىمدىكى قىزىقچىلىقتىن كۈلۈپ ساقايتقىلى بولىدۇ، جىددىيچىلىكتىن بولىدىغان يىغىندا كېسەلنى يوقاتقىلىمۇ بولىدۇ.

3. مۇزىكا ئاڭلاپ داۋالاش: ئىتالىيىدە نېرۋىسى ئاجىز بىر قىز كۆپ داۋالانسىمۇ ئۈنۈمى بولماپتۇ، بىركۈنى كېسىلىنى كۆرسەتكىلى بارسا، دوختۇر ئۇنىڭغا لەرزان مۇزىكا تەخسىسىدىن ئۈچ تەخسە مۇزىكا ئاڭلاشنى رېتسىپ قىلىپ يېزىپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر ھەپتىگىچە ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ئاڭلاشنى تاپىلاپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن، بۇ قىز شۇنچە كۆپ يىللاردىن بۇيان ساقايمىغان كېسىلىنى ساقايتىپ قويغان بۇ دوختۇرغا چىن دىلىدىن رەھمەت ئېيتىپتۇ.

4. كۈچەپ نەپەسلىنىش ئارقىلىق داۋالاش: كۈچەپ نەپەس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالغاندا، جىددىيلىك تۇگەيدۇ، ئادەم جىسمانىي جەھەتتىنمۇ، روھىي جەھەتتىنمۇ يېنىكلەپ قالىدۇ، بۇ ساغلاملىققا ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق نەپەس ئالغاندا، ئىككى مۇرىڭىزنى پۇتۇنلەي بوشاشتۇرسىڭىز، ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

5. سۇكۇت قىلىپ، ئوي ئويلاش ئۇسۇلى بىلەن داۋالاش: بەزى ئەھۋاللاردا سۇكۇت قىلىشىڭىزغا ۋە ئويغا پېتىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ، بولۇپمۇ قان بېسىمى يۇقىرىلار ۋە يۇرەك قان تومۇردا چاتاق بارلار ھاياجانلانغاندا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ گەپ قىلسا، باشقىلار بىلەن مۇنازىرلەشسە ھەرگىز بولمايدۇ، ئاچچىقلانسا تېخىمۇ بولمايدۇ.

# قىزىل تومۇر قېتىشنى بىلىش چارىلىرى

1. باش قايىدۇ، ئاغرىيدۇ، بۇ قېيىش ۋە ئاغرىش بەزىدە يېنىك، بەزىدە ئېغىر بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋال دائىم بولۇپ تۇرىدۇ.

2. تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، بولۇپمۇ ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى، رەقەمنى، ۋاقىتنى ناھايىتى تېز ئۇنتۇپ قالىدۇ، قىلماقچى بولغان ئىشنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

3. بارماقلار تىترەيدۇ. چۈكىدا تاماق يېگەندە ياكى خەت يازغاندا بارماقلارنىڭ ئازراق تىترەۋاتقانلىقى ئوچۇق سېزىلىدۇ، بۇ كېسەلنىڭ تىپىك ئالامەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

4. مىجەز ئۆزگىرىدۇ. بىرەر ئىشقا يولۇققاندا ئاسانلا هاياجانلىنىدۇ، كەيپىيات تۇراقسىزلىشىدۇ، شادلىنىش، ئاچچىقلىنىش، قايغۇرۇش، خۇشاللىنىش تېز ئۆزگىرىدۇ ۋە ئېپىنىق بولىدۇ، پەلىپەتىش سۆزلەش، تاغدىن-باغدىن سۆزلەش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

5. چۈمۈلە ماڭغاندەك سېزىم هاسىل بولىدۇ. بەزىدە بەدەنىنىڭ مەلۇم قىسىملىرىدا چۈمۈلە مېڭىۋاتقاندەك سېزىم هاسىل بولىدۇ.

6. ھەرىكەت ئاستىلايدۇ، پىكىر قىلىش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇش ئاستا بولىدۇ.

## بەش ئەزادا بولىدىغان ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن سەزگۈر بولۇڭ

1. كۆز تۇيۇقسىز كۆرمەس بولۇپ قېلىشى جىگەرنىڭ رولى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى.

2. پۇراش سېزىمىنىڭ بارغانسېرى سۇسلىشىپ كېتىشى ئۆپكىنىڭ رولى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

3. كالپۇك سېزىمىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ ۋە ئىچكى ئەزالارنىڭ رولى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى. ئاشقازان زىيانغا ئۇچرىسا، كالپۇك قۇرۇپ كېتىدۇ ھەتتا يېرىلىپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

4. قۇلاقنىڭ ئاغرىماس بولۇپ قېلىشى بۆرەكنىڭ رولى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۆرەك رولى توسالغۇغا ئۇچرىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغانلاردۇر.

5. تەم سەزگۈسى ئاجىزلاپ، تەم تېتالمايدىغان بولۇپ قېلىش يۈرەكنىڭ رولى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى.

## ناھايىتى خەتەرلىك كېسەللەردە بولىدىغان سەككىز خىل نەپەس سىگنالى

جان تۇمشۇققا كېلىپ قالغاندا، ئادەم بەدىنىنىڭ فىزىئولو-گىيىلىك ھەرىكىتىدە روشەن ھالدا بىر قاتار غەلىتە ھادىسە يۈز بېرىدۇ، نەپەسلىنىشتە كۆرۈلىدىغان پەۋقۇلئاددە ھادىسە ئۇنىڭ بىرسىدۇر. نەپەسلىنىشتە كۆرۈلىدىغان پەۋقۇلئاددە ھادىسىنىڭ ئادەتتە ئوخشاش بولمىغان سەككىز خىل ئىپادىسى بولىدۇ، بۇ خۇددى خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقنى مەلۇم قىلىدىغان سەككىز خىل سىگنالغا ئوخشايدۇ، بۇ چاغدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەپسى-لىي تەكشۈرۈش كېرەك.

1. دولقۇنسىمان نەپەس: نەپەس يېنىك، ئاستا بولۇشتىن بارا-بارا ئېغىر-ئىتتىك بولۇشقا ئۆزگىرىدۇ، ئېغىر، ئىتتىك بولۇشتىن يەنە پەيدىنپەي يېنىك، ئاستا بولۇشقا ئۆزگىرى-دۇ، ئاخىردا نەپەس بىرمەزگىل ۋاقىتلىق توختايدۇ، بۇ خۇددى كۆل سۈيىنىڭ ئۆرلەپ-پەسىيىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، تەكرار-

لىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق نەپەس كۆپىنچە مېڭە ياللۇغى، مېڭە
پەردە ياللۇغى، شېكەر سىيىش كېسىلى قاتارلىق ئىنتايىن خە-
تەرلىك كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلاردا كۆرۈلىدۇ، نەپەس
ئالدىن مەلۇمات بەرگەن چاغدا، ئاساسىي نېرۋا ئاللىقاچان ئا-
جىزلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

2. تۇرۇپ-تۇرۇپ نەپەس ئېلىش: بىمار بىرمەزگىل نە-
پەس ئالغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز نەپەسلىنىشتىن توختاپ قالى-
دۇ، بىردەمدىن كېيىن يەنە نەپەس ئېلىشقا باشلايدۇ، مۇشۇ
تەرىقىدە تەكرارلىنىدۇ. بۇنداق نەپەس كۆپىنچە مېڭىسى قاتتىق
ئاغرىيدىغانلاردا كۆرۈلىدۇ، بۇ نەپەسنىڭ پۈتۈنلەي توختايدىغان-
لىقىدىن بېشارەت بەرگەنلىكتۇر.

3. باش لىڭشىتىپ نەپەس ئېلىش: بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى
شۇكى، بىمارنىڭ بېشى نەپەسلىنىشكە ئەگىشىپ ئۈستۈن-تۆ-
ۋەنگە لىڭشىيدۇ، بۇ چاغدا بىمار كۆپىنچە بىھوش ھالەتتە بولى-
دۇ، بۇ، بىمار جان ئۈزۈش ئالدىدا كۆرۈلىدىغان بىرخىل
ئالاھىدە نەپەس شەكلىدۇر.

4. ئېڭەكتە نەپەس ئېلىش: بىمار نەپەسلەنگەندە ئېڭىكىلا
مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بۇنىڭدا كۆپىنچە، جاۋ-
غاينىڭ تەسىرىدە تۆۋەنكى كالپۇك مىدىرلاش ھادىسىلىرى كۆرۈ-
لىدۇ. بۇنداق نەپەس بىمارنىڭ ئۆلۈمگە يېقىنلاشقانلىقىدىن دې-
رەك بېرىدۇ.

5. ئۆھ تارتىپ نەپەسلىنىش: بىمار تېز-تېز نەپەس ئېلىش
داۋامىدا تۇرۇپلا بىر ئۆھ تارتىدۇ، بۇ ”ئۆھ تارتىپ نەپەسلى-

نىش» دېيىلىدۇ. بۇنداق نەپەسلىنىش ئادەتتە بىمار بىھوش ھالەتتە ياتقان چاغدا كۆرۈلىدۇ. بۇ ئاساسىي نەپەس نېرۋىسىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنىڭ سىگنالىدۇر.

6. قوش نەپەس ئېلىش: بىمار ھەر قېتىم نەپەس ئالغاندا ئۇدا ئىككى قېتىمدىن نەپەس ئالىدۇ، بۇمۇ ئاساسىي نەپەس نېرۋىسىنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

7. خورەك تارتىپ نەپەس ئېلىش: بىمار نەپەس ئېلىش داۋامىدا ھەممە ۋاقىت گۈلدۈرمامىدەك خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، بۇ ئاۋاز نورمال ئادەمنىڭ خورەك تارتقىنىغا ئوخشىمايدۇ، بۇ ئۆلۈم سىگنالىدۇر.

8. كۇسماۋۇلچە نەپەسلىنىش: بۇنداق نەپەسلىنىشنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، نەپەسلىنىش ئېغىر ھەم ئاستا بولىدۇ، بۇ بەدەن كېسەلاتادا زەھەرلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇنداق نەپەسلىنىش كۆپىنچە سۈيدۈكتىن زەھەرلەنگەن ياكى شېكەر سىيىش كېسەلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سىگنالدۇر.

## چىش چۇشۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى

چىش چۇشۇپ كېتىش ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلارنى ئازابلايدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى، ئۇ ھۆسن-چىرايغا بىۋاستە

تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى بەزىدە خىزمەت ۋە تۇرمۇش-قىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، غەربىي گېرمانىيە شىمالىي رېيىن چىش دوختۇرلىرى بىرلەشمىسى ئۇزاق مۇددەت تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىرنەچچە خىل يېمەكلىك چىش چۈ-شۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقىنى بايقىغان.

مەسىلەن، سامساقنى پاكىز يۇيۇپ ئېزىپ، ئازراق سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ شىلىمشىق ھالەتكە كەلتۈرۈپ، چىشقا سۈرۈپ ھەر قېتىمدا ئون مىنۇت تۇرغۇزسا، ئۈنۈمى ئوبدان بولىدىكەن. دائىم سۈرۈپ بەرسە چىش ئەتراپى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن. سامساق پۇرىقىنى ياقتۇرمايدىغانلار سامساقنىڭ ئورنىغا ئاچچىقى بار يېڭى لوبۇنى ئىشلەتسىمۇ بولى-دۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، دېڭىز تۇزىنى يانچىپ، ئۈستىگە بىرنەچچە تېمىم زەيتۇن يېغى تېمىتىپ ئارىلاشتۇرۇپ چىشقا سۈرۈپ بەر-سىمۇ ئوخشاش ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىكەن.

بۇ بىرلەشمە يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلارنىڭ چىشى چۈشۈپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدى-غان ئاساسىي سەۋەب چىش مىلىكى كېسىلىدۇر. يۇقىرىدا ئېيت-ىلغان يېمەكلىك مىكروبنى ئۆلتۈرۈپ دېزىنفېكسىيىلەش، چىش مىلىكىنى ئاسراش ۋە چىش ئەتراپى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنىلا ئويناپ قالماستىن، بەلكى سوزۇلما خاراكتېر-لىك كېسەل چىشنىڭ ئورنىغا قايتا چىش چىقىشىنى تېزلىتىدۇ. ئۇ چىشنىڭ ياخشى "ئوزۇقلاندۇرۇش دورىسى"دۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ياخشىلاش ئۇسۇللىرى

1. كۆزنى يېرىم يۇمۇپ ئالقان بىلەن توسۇش: بۇنىڭدا، ئىككى قولنىڭ ئالقىنىنى سۈركەپ ئىسسىتقاندىن كېيىن ئالقاننىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئىككى كۆز توسۇلىدۇ، ئالقاننىڭ ئاستى قىسمى مەڭزىگە قويۇلىدۇ، بارماقلار پىشانىگە قويۇلىدۇ. بۇ چاغدا كۆز ئالدىدا تۇرلۇك ئازادە-هوزۇرلۇق كۆز سېزىمى ئايان بولىدۇ-دە، تېلىپ كەتكەن كۆزنىڭ دەم ئېلىشىغا ياردىمى بولىدۇ.

2. دېرىزىنىڭ بۇرجەكلىرىگە قاراش: ئادەم دېرىزىدىن تۆت مېتر يىراقتا تۇرۇپ، نۆۋەت بىلەن دېرىزىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە قارايدۇ، بىرىنچى بۇرجەككە قارىغاندا بىر قېتىم كىرپىك قاقىدۇ، ئىككىنچى بۇرجەككە قارىغاندا ئىككى قېتىم كىرپىك قاقىدۇ،...، مۇشۇ تەرتىپ بويىچە داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە ئۇدا بەش قېتىم قايتىلايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىرنەچچە سېكۇنت دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن يەنە تەتۈر يۆنىلىش بويىچە ئالدىنقى ھەرىكەتنى قايتا ئېلىپ بارىدۇ.

3. يىراققا تىكىلىپ قاراش: بىر-ئىككى سائەت كىتاب كۆرگەندىن كېيىن، مەقسەتلىك ھالدا كۆرۈش سىزىقىنى يۆتكەش كېرەك، يىراققا تىكىلىپ قارىغاندا كۆزنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئارىلىققا نىسبەتەن بولغان سېزىم جەھەتتىكى ماسلى-

شىشچانلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

4. دائىم كىرپىك قېقىش: بۇنداق قىلىش مۇداپىئە مۇس-كۇلىنى جانلاندۇرىدۇ، بوش سۇركىلىش ئارقىلىق كۆزنىڭ نەم-لىكىنى ئاشۇرىدۇ. كۆزنى يۇمغاندا، قاپاقنى سوزۇپ قاشنى كۆتۈرۈش، كۆزلەرنى چىڭ يۇمۇش لازىم، بۇ چاغدا چېكىدىن قۇلاقىچە بولغان تېرە مۇسكۇلى قىسقىرايدۇ، مۇڭگۈز پەردىمۇ يېنىك دەرىجىدە بېسىمغا ئۇچرايدۇ، بىرىكتۈرگۈچى پەردە نەملىنىشىدۇ.

5. شەيئىلەرنى دائىم مەقسەتلىك ھالدا كۆزىتىپ تۇرۇش.

## ھېقنى قانداق توختىتىش كېرەك

ھېق تۇتۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار بەك كۆپ، مەسى-لەن، يېمەكلىكنى بەك تېز يېيىش، زىيادە قۇرۇق نەرسىنى يېيىش، بەك كۆپ يېيىش، ئىچىگە سوغۇق ھاۋا كىرىپ كې-تىش، قاقاقلاپ كۈلۈش قاتارلىقلار. ئەمما، بۇنداقتا كېلىپ چىققان ھېق كۆپىنچە ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ. بەزىلەرنى دائىم ياكى ئۇزاق ھېق تۇتۇۋېلىشى ئاشقازان ياللۇغى، ئاشقازاننىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، كاناي ياللۇغى، كۆكرەك پەردىسى ياللۇ-غى، قورساقنىڭ يۇقۇملىنىشى قاتارلىق كېسەللىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ھېق تۇتسا، تۆۋەندىكى ھېق توختىتىش چارىلىرىنى ۋاقتىنچە قوللانسا بولىدۇ:

1. بۇرۇننى ئېتىۋېلىپ، ياكى لىپاپ، سۇلياۋ قاپ بىلەن

ـغىز، بۇرۇننى ئېتىۋېلىپ نەپەسلىنىش كېرەك، بۇنىڭدا هاۋا ـىرتتىن كىرمىسۇن، نەپەس ئېلىپ چىقارغان كاربون (IV) ئوكسىد قايتىدىن نەپەس ئارقىلىق ئۆپكىگە بارسا، ھېق توختايدۇ.

2. قوللارنى بېغىش پەللىسىگە قويۇپ 2ـ3 مىنۇت باسسا، ھېق توختايدۇ.

بۇلاردىن باشقا، ھېق تۇتقاندا ھېقنى توختىتىمەن دەپ سۇ ئىچىپ سالماسلىق لازىم، سۇ ئىچكەندە سۇ ئاسانلا ئۆپكىگە كېتىپ، يۆتەل تۇتىدۇ.

## راكنىڭ سىگناللىرى

گېرمانىيە مۇتەخەسسىسلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن راكنىڭ ئالامەتلىرىنى مۇنداق يىغىنچاقلىدى:

چاچ: سۇپىتى ۋە كۆرۈنۈشى بىردىنلا بەك ناچارلىشىپ كېتىدۇ؛

كۆز: كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ، بىر نەرسىدە توختاپ قالىدىغان ۋە بىرنەرسىنى ئۈچۈق كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

تېتىش سەزگۈسى: تېتىش سېزىمى تەسىرگە ئۇچراپ، ھەممە يېمەكلىكنىڭ تەمى ئوخشاشلا بىلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

تېرە: تېرە پارقىراماس بولۇپ قالىدۇ.

كۆكرەك: ئىششىق پەيدا بولىدۇ، تۇتسا ئاغرىيدۇ.

ئاشقازان: بىر نەرسە يېگەن-ئىچكەندىن كېيىن ئاشقازان غەيرىي نورمال بولىدۇ، بۇرۇن ئامراق نەرسىگىمۇ ئىشتەي بولمايدۇ.

ئۈچەي: تاھارەت قىلىش ئادىتى ئۆزگىرىپ قالىدۇ، مەسىلەن، ئىچى قېتىپ قالىدۇ ياكى قان كېلىدۇ، ۋەھاكازالار.

قول: دائىم سوغۇق تۇرىدۇ.

تىرناق: يېرىلىدۇ، چۇشىدۇ.

## كەيپىيات ياخشى بولماسلىقنى تەڭشەش ئۇسۇللىرى

مۇزىكا ئاڭلاش: بۇ كەيپىيات ناچار ھالەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ شىپالىق دورىسى.

كىتاب كۆرۈش: كىتاب سىزنى باشقا بىر دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ-دە، سىزنى غەمدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

خۇش پۇراقلىق نەرسە پۇراش: بۇنداق قىلسىڭىز، خۇش پۇراق چوڭ مېڭىگە تەسىر قىلىدۇ-دە، كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئەسلەپ كېتىسىز، بۇنىڭ بىلەن كۆڭلىڭىز ئېچىلىدۇ ۋە قانائەتلىنىسىز.

كۇلۇش: سوغۇق چىراي ئادەم سىزنىڭ كەيپىياتىڭىزغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ماگزىندا مال ساتقۇچى سىزگە سوغۇق مۇئامىلە قىلسا، كۆڭلىڭىز باشقىچە بولۇپ، چىۋىن يەۋالغاندەك

بولۇپ قالىسىز، شۇڭا، كەيپىياتىم ياخشى بولسۇن دېسىڭىز، ئاۋۋال سىز باشقىلارغا كۆلۈپ-ئېچىلىپ مۇئامىلە قىلىڭ، باشقىلارمۇ سىزگە ئوبدان مۇئامىلە قىلىدۇ.

سۆزلىشىش: مۆلچەرلەپ بولمايدىغان مۇرەككەپچىلىك سىزنى ھارغۇزۇپ قويسا ۋە سىزنىڭ سەۋر-تاقىتىڭىزنى تۈگەتسە، يېقىن دوستىڭىزغا دەرد-ئەھۋالىڭىزنى تۆكۈڭ، بۇنداق بولغاندا، ئىچىڭىز بوشاپ، ئۆزىڭىز يېنىكلەپ قالىسىز.

## روھىي بېسىم ۋە كېسەللىك

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر خىل "يېڭى ئۇقۇم" تۇغرىسىدا، يەنى روھىي ئامىلنىڭ، روھىي بېسىمنىڭمۇ ئوخشاشلا كېسەللىككە مۇپتىلا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭ قىلىدىغان دوختۇرلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

نېمە ئۈچۈن روھىي بېسىم بەدەندە كېسەل پەيدا قىلىدۇ؟

چەت ئەللەردىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە، كەيپىياتنىڭ ئۆزگىرىشى مېڭىدىمۇ ۋە ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسىدىمۇ زەنجىرسىمان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئىچكى ئاجراتما ئىنكاسىنىڭ نېرۋىغا بېرىشى ھاياتنى ساقلاپ قېلىشتا تەبىئىي ۋە زۆرۈر، ئەمما زىيادە ئېغىر تەسىر بەدەنگە تەسىر قىلىپ، كېسەللىك پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بىرمۇنچە كىشىلەردە مۇنداق تەسىرات بولۇشى مۇمكىن، يەنى كەيپىياتىڭىز ياخشى بولۇپ، ھاياجانغا چۆمسىڭىز، يۈرىكىڭىز تېز ۋە كۈچلۈك سوقۇپ كېتىدۇ، نە-

پەس ئىتتىكلىشىدۇ؛ غەم يەپ، پەرىشان يۈرگىنىمىزدە، ھەزىم سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشى ئازلاپ كېتىدۇ-دە، ئىشتىيىمىزمۇ ياخشى بولمايدۇ. بۇ، مەلۇم پەۋقۇلئاددە كەيپىيات چوقۇم كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ دېگەنلىك ئەمەس ئەلۋەتتە، بىراق كەيپىياتنىڭ ناچار بولۇشى كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ، تاسادىپىي زىيانغا ياكى تەھدىتكە دۇچ كېلىدۇ، نېمە ئۈچۈن بەزىلەر قىيىن ھالەتتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىدۇ يۇ، يەنە بەزى كىشىلەر تۇگىشىپ كېتىدۇ؛ چەت ئەلدە بەزىلەر مۇنداق دەپ ھېسابلاشتى: ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى بىلىش بىر ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەردىن ساغلام بولۇشىنىڭ مۇھىم ئامىلى. بىر كىشى ئۈمىدسىزلەنسە ياكى ھاياتنى مەنىسىز ھېس قىلسا، نېرۋا ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسى بەك چارچاپ كېتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا كېسەللىك پەيدا بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن. نيۇئېنگىندىكى بىر چوڭ ياشانغانلار ساناتورىيىسىدە مۇنداق تەجرىبە ئېلىپ بېرىلغان: ساناتورىيىدىكىلەر بىر قەۋەتتە تۇرىدىغان ئەر-ئايال 47 ئاغرىققا تولۇق ئەركىنلىك بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ھەربىر ئادەم قانداق ئادەمنى دوست تۇتۇشنى، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىنى قانداق بېزەشنى، قايسى كۈنى كەچتە كىنو كۆرۈشنى ۋەھاكازالارنى ئۆزى بەلگىلىگەن. يەنە بىر قەۋەتتىكى 44 ئاغرىققا بولسا غەمخورلۇق قىلغان، خىزمەتچىلەر ئۇلارغا: ”ھېچ ئىش قىلمايسىلەر، نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لازىم بولسا، بىزگە دەڭلار، بىز تەييار قىلىپ بېرىمىز» دېگەن. بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇپ ئەركىن ياشىغانلار تولىمۇ خۇشال-خۇرام ئۆتۇشكەن، شۇڭا، كۆپ ساغلاملىشىپ، تېتىكلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن. 18 ئايدىن كېيىن، ئۇلاردىن ئاران يەتتە كىشى ئۆلگەن، ھېلىقى ھەممە ئىشنى خىزمەتچىلەر قىلىپ بەرگەن ئاغرىقلاردىن بولسا 13 ئادەم ئۆلگەن.

شۇڭا، روھىي بېسىم ياكى ناچار كەيپىياتنىڭ كېسەللىك كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بەدىنىڭىزنى ئاسرىغانغا ئوخشاشلا روھىي جەھەتتىن ساغلام، ئازادە، ئۈمىدۋار بولۇشىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئىستىقبالغا تولۇق ئىشەنچ بىلەن قاراش.

## مىجەز ۋە تاجىسمان قان تومۇرلۇق يۈرەك كېسىلى

ئالىملار تاجىسمان قان تومۇرلۇق يۈرەك كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئادەمنىڭ مىجەزىنى A تىپلىق ۋە Bتىپلىق دەپ ئىككىگە بۆلدى. A تىپلىق مىجەزنىڭ ئالاھىدىلىكى ئالدىراقسان بولۇش، كەيپى مۇقىم بولماسلىق، ئاچچىقلانغاق بولۇش، باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى تالىشىش، ھەزەر

ئەلىگەك بولۇش ياكى باشقىلارغا رەقىبلەردەك قاراش، ئىش بىلەنلا بولۇش، ھەرىكىتى تېز بولۇش، ئىش ئۈنۈمى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇش، سەۋرچان بولماسلىق، ۋاقىت يەتمەي قالمىغدى دەپ ئەندىشە قىلىپلا يۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. B تىپلىق مىجەزنىڭ ئالاھىدىلىكى لاغايلاپ يۈرۈش، تېز ھەرىكەتلىنىشنى ياقتۇرماسلىق، ئومۇمەن ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان قاراشتا بولماسلىق، باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى ياقتۇرماسلىق، سەۋرچان بولۇش، كەڭ قورساق بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. نۇرغۇنلىغان تەكشۈرۈش، ستاتىستىكا قىلىش، تەھلىل قىلىش ئىشلىرىنى ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇلار A تىپلىق مىجەزى بار كىشىلەرنىڭ تاجىسمان قان تومۇرلۇق يۈرەك كېسەللىكى بىلەن ئاغرىش نىسبىتىنىڭ B تىپلىقلارنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغانلىقىنى، يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى كېسەللىكى قايتىدىن گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنىڭ بولسا بەش ھەسسە كۆپ بولىدىغانلىقىنى بايقىغان.

ئىلىمىز ئالىملىرىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ”مىجەز تىپىنى سوئال سوراش ئارقىلىق بىلىش“ شەكلىنى قوللىنىپ، ياش-قۇرامى، جىنسى، كەسپى ئوخشاش بولمىغان تاجىسمان قان تومۇرلۇق يۈرەك كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان تۇمەنلىگەن بىمارلارنىڭ كېسەل بولۇشتىن بۇرۇنقى ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى ۋە بۇلار ھەققىدە سانلىق مەلۇمات ئالدى، نەتىجىدە، ئۇلارمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان خۇلاسىگە كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قانداق مىجەزلىك ئادەملەر ئاسان راك كېسىلى بولىدۇ

ئامېرىكىنىڭ تېكساس شتاتىدىكى ۋېيۇتسبۇرگلىق دوختۇر مونتون مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "راك بولۇشقا سەۋەبچى مىجەز" مۇنۇلار: كىشىگە كەڭ قورساق بولماسلىق، ھە دېسىلا ئاچچىق يۈتۈش؛ ئۆزىنى كەم سىندۇرۇش، ئىشتا ئۆزىنى مەركەز قىلىش؛ باشقىلار بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولالماسلىق؛ ئۆزىگە توغرا باھا بەرمەسلىك، ھەمىشە ئۆزىنى ئەيىبلىك ساناش.

ئومۇمەن، راك پەيدا بولۇشتىن 6 — 18 ئايغىچە سۆيگىنىدىن ئايرىلىپ كېتىش، ئىشسىز قېلىش، ئۇرۇق-تۇغقىنى ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىق تاشقى بوھران مەۋجۇت بولىدۇ-دە، ئادەمنىڭ كەيپىياتى تۆۋەنلەيدۇ. "راك بولۇشقا سەۋەبچى مىجەز"لىك ئادەملەر ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، قورساق كۆپىكى ۋە دەردىنى ئىپادىلەپ قىلمايدۇ. مۇشۇ ئۇزاق مۇددەتلىك كەيپىيات بېسىمى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى ئارقىلىق بىۋاسىتە ياكى ئىچكى ئاجرالما ئارقىلىق ۋاستىلىك ھالدا گورمون بىللە بىللەن ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن راك بولۇش مۇمكىنچىلىكى كۆپىيىدۇ.

مونتون مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ئەنئەنىۋى داۋالاش تېخ-

نىكىسىنى قوللانغاندىن باشقا، بىمارنى روھىي جەھەتتىن ئۈچ باسقۇچ بويىچە داۋالاش كېرەك. بىرىنچى باسقۇچتا، بىمار يې- قىنقى مەزگىلدە ئۆزىنى قىينىغان ئىشتىن بەشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەمدە دوختۇرغا بۇنىڭ سەۋەب-نەتىجىلىرىنى تەھلىل قىلىپ بېرىشى كېرەك. ئىككىنچى باسقۇچتا، بىمار روھىي جەھەتتىن كۆللېكتىپ داۋالاش پائالىيىتىگە قاتنىشىشى كې- رەك، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۆزىنى قايتىدىن توغرا تونۇش ۋە باشقىلارنىڭ مەدىتىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت. ئۈچىنچى باسقۇچ- تا، دوختۇر بىمارنى بىمارنىڭ تېنىدىكى ئاق قان دانچىلىرىنىڭ راك ھۈجەيرىلىرىنى ئۆزلۈكسىز يوقىتىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ كەس- كىن جەڭدەك ئىش ئىكەنلىكىنى، بۇ جەڭدىن كېيىن ئاق قان دانچىلىرىنىڭ ئاخىر شانلىق غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلىشى كېرەك.

## 14 خىل ناچار قىلىق يۈزىڭىزدىكى قورۇقنى كۆپەيتىۋېتىدۇ

مۇنداق 14خىل ناچار قىلىق يۈزىڭىزدىكى قورۇقنى كۆپەي- تىۋېتىدۇ: تاماكا چېكىش، ئېڭەكنى تىرەپ ئولتۇرۇش، يۈزنى تۇتۇش، تاتىلاش، ئۇۋۇلاش، سىلاش، بۇرۇننى كوچىلاش ياكى چىشنى كوچىلاش، بارماقنى چىشلەش، قۇلاقنى تارتىش ياكى چاچنى تارتىش، قەلەمنى چىشلەش، ئېغىزنى ئېچىپلا تۇرۇش،

www.uyghurkitap.com

كالپۇكنى چىشلەش، بىرقاشنى كۆتۈرۈش، ئىسقىرتىش، نەيچە بىلەن ئىچىملىك ئىچىش، قاپاقنى تۈرۈش ياكى ئېغىزنى ئۈچلاش، يۈزنى كارىۋات، ياستۇققا يېقىپ ئۇخلاش.

يۈزىڭىزدىكى مۇسكۇلنى ئىلاستىكىلىقتا باي بولسۇن دېسىڭىز ۋە يۈزۈم پارقىراپ تۇرسۇن دېسىڭىز، مۇنداق توغرا يۈز ھەرىكىتىنى قىلىپ تۇرۇڭ: چېكە تېرىسى ۋە يۇقىرىقى قاپاقنىڭ ساڭگىلاپ قېلىشىنى ئۆزگەرتىدىغان چېكىنى ۋە باش تېرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەرىكىتى؛ قاپاقنىڭ تۈرۈلۈپ قېلىشىنى ئۆزگەرتىدىغان قۇلاقنى مىدىرلىتىش ھەرىكىتى؛ قاپاقنىڭ بوشاپ كېتىشىنى ئۆزگەرتىدىغان كۆز يۇمۇشلاش ھەرىكىتى؛ قورۇق كىرىشنى ۋە ياڭاقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشىنى ئۆزگەرتىدىغان پۈۋلەش ھەرىكىتى؛ ئۈستۈنكى كالپۇكنىڭ تارتىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بۇرۇن تۆشۈكىنى كېرىش ھەرىكىتى؛ بويۇن-پاتاڭلارغا قورۇق چۈشۈشنى توسىدىغان بويۇن ھەرىكىتى قاتارلىقلار.

## ئۇخلاش ھېكمىتىنى ئۆگىنىۋېلىڭ

1. شېكەر سۈيى ئىچىپ ئۇيقۇ كەلتۈرۈش: چوڭ مېڭىدىكى سېروتونىننىڭ تەسىرىدە ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدۇ. ئادەم شېكەر سۈيى ئىچسە، بەدىنىدە بىرقاتار خىمىيىۋى رېئاكسىيىلەر پەيدا بولىدۇ، ئاخىر كۆپلەپ سېروتونىن ھاسىل بولىدۇ، نەتىجىدە چوڭ مېڭە پوستلىقى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ-دە، ئادەم

ئاسان ئۇخلايدۇ.

2. سىيىر سۈتى ئىچىپ ئۇيقۇ كەلتۈرۈش: سىيىر سۈتىدە ئادەمنى ھارغاندەك ھېسقا كەلتۈرۈپ قويىدىغان ئامىنو-ئىندولپ پروپىئونىك كىسلاتا دېگەن ماددا بولىدۇ، ئۇيقۇسى كەلمەيدىغانلار ئۇخلاش ئالدىدا بىر ئىستاكان ئىسسىق سۈت ئىچىۋالسا، ئۇيقۇسى كېلىدۇ. سىيىر سۈتى بىر خىل ئوزۇق بولۇپ، ياشانغانلاردا بولىدىغان ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالاشتا رولى تېخىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

3. بولكىدا ئۇيقۇ كەلتۈرۈش: ئادەم بولكا يېسە ئاشقازان ئاستى بېزى ئىنسۇلىن ئاجرىتىدۇ، ئۇ بولكا تەركىبىدىكى ئامىنو كىسلاتانىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، بۇ كىسلاتا تەركىبىدىكى ئامىنو ھىدسونىك تريپتامىن نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدۇ.

4. تېرىق بىلەن ئۇيقۇ كەلتۈرۈش: تېرىقنىڭ ئۇيقۇ كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئالللىبۇرۇن بىلگەن. تېرىقنى سۇدا ئۇماچ قىلىپ پىشۇرۇپ، ئۇخلاش ئالدىدا ئىچسە، ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى ئىتتىك كېلىدۇ-دە، ئادەم بەخىرامان ئۇخلايدۇ.

5. ئاچچىقسۇ ئىچىپ ئۇيقۇ كەلتۈرۈش: بەزىلەر سەپەر ھارغىنلىقىدا چارچىسىمۇ ئۇخلىيالمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇخلاشتىن بۇرۇن بىر قوشۇق ئاچچىقسۇنى بىر ئىستاكان سوغۇق قايناقسۇغا قويۇپ ئىچىۋەتسە، شېرىن ئۇخلايدۇ.

# چۈشكە ئاساسەن كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش

ئادەمنى چۈشىدە قارا باسسا، شۇ ئادەمدە يوشۇرۇن كېسەلدىن سىگنال بولىدۇ. بىركىم قوغلاپ چۈش كۆرسىڭىز، توۋلاي دېسىڭىزمۇ ئاۋازىڭىز چىقمىسا، ياكى يىقىلسىڭىز، سىزدە يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بولۇشى مۇمكىن. چۈشىڭىزدە كېتىدۋاتقىنىڭىزدا توساتتىن بىراۋ سىزنى تەپسە ياكى سىزگە غاچىلا پىچاق سېلىۋەتسە، چۆچۈپ ئويغانغاندىن كېيىن تېپىك يېگەن ياكى پىچاق يېگەن يېرىڭىز ئاغرىغاندەك بولسا، بەل، بۆرەكتە كېسەل بولۇشى مۇمكىن. چۈشىڭىزدە كۆكرىكىڭىز بېسىلغان، يۈك يۈدۈپ سەپەر قىلغان بولسىڭىز، سىزدە كۆكرەك پەردە ياللۇغى بولۇشى ياكى يۈرەك قېپىغا سۇيۇقلۇق يىغىلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى رىمدىكى مەشھۇر دوختۇر گىرىم چۈشىدە بىر پۇتى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر بولۇپ كېتىدغان، بىر قەدەممۇ ماڭالمايدىغان، كېيىن ئۇنىڭ شۇ پۇتى راستلا پالەچ بولۇپ قالغان بىر كېسەل ئادەمنى داۋالىغان. ھەددىدىن تاشقىرى چارچاپ كېتىش، روھىي ھالىتى غەيرىي نورمال بولۇش، كۆتۈلمىگەن پېشكەللىككە دۇچ كېلىش قاتارلىق ئەھۋاللاردىن كېلىپ چىققان قارا بېسىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئەھۋاللاردا چۈشكە قاراپ دىئاگنوز قويۇش دىئاگنوز قويۇشتا بىرخىل ۋاستە بولۇپ قالسا بولىدۇ.

# چىراغ نۇرى بىلەن ئادەمنىڭ ساغلاملىقى

ھەرقانداق شەيئىدە ئىككى ياقلىمىلىق بولىدۇ، چىراغ نۇ-رىمۇ ئادەملەرگە بەزى خەۋپ-خەتەرلەرنى كەلتۈرىدۇ.

ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، ھەمىشە ئۆيدە چىراغ ياندۇرۇپ قويۇپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ كالتىسىينى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلايدىكەن. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئىسپاتلى-دىكى، ھەر كۈنى ھەمىشە سەككىز سائەت ئادەتتىكى ئاق نۇرلۇق چىراغ ۋە جۇلالىق نۇرلۇق چىراغ يورۇتۇپ ئۆيدە ئىشلەيدىغانلار-نىڭ تەخمىنەن 25 پىرسەنتى كالتىسىينى قوبۇل قىلىش ئىقتىدا-رىدىن مەھرۇم قالىدىكەن ۋە ياكى بۇنداق ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن. ئۇلترا بىنەپشە نۇرغا سەزگۈر ئادەملەر دائىم ئى-ئون چىراغ نۇرى ئاستىدا ئىشلىسە، سالامەتلىكىگە تېخىمۇ پايدىسىز بولىدۇ. چىراغ نۇرىنىڭ سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزى-دىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات تېخى ئەمدىلا باشلاندى، ئەلۋەتتە. بۇ ھەقتىكى قاراش بىر يەرگە كېلىپ بولغۇچە، مۇۋا-پىق تەدبىرلەرنى كۆرۈپ، بۇ ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشىنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. مەسىلەن، ئائىلىدە، دەرس-خانىدا، خىزمەت ئورۇنلىرىدا كۈن نۇرىدىن كۆپرەك پايدىلى-نىپ، غەيرىي تەبىئىي يورۇقلۇقنى ئىشلىتىش ۋاقتىنى ئىمكا-نىيەتنىڭ بارىچە ئازايتىشىمىز لازىم؛ ئىشتىن چۈشكەندە ۋە دەرستىن كېيىن كۆپرەك ئاپتاپ سىنىشىمىز لازىم؛ ئۆيلەرگە

كەڭ سپېكترلىق ئىئون چىراغ ئورنىتىپ، تار سپېكترلىق ئاق ئىئون چىراغنى ئىلىۋېتىشىمىز لازىم، ياكى ئاق نۇرلۇق چىراغ، جۇلالىق نۇرلۇق چىراغنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىپ، چىراغ نۇرىنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان زىيىنىنى يېنىكلىتىشىمىز لازىم.

## سۆڭەك شورپىسى قېرىپ كېتىشنى ئاستىلىتىدىغان شىپالىق دورا

يىلىك — ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ مۇھىم قۇرۇلمىنىڭ بىرى. قىزىل قان ھۇجەيرىسى، ئاق قان ھۇجەيرىسى قاتارلىقلار يىلىكتە بارلىققا كېلىدۇ. ئادەمنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، يىلىكنىڭ قىزىل ۋە ئاق قان ھۇجەيرىلىرىنى ئىشلەش رولى تەبىئىي ئاجىزلىشىپ بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چاچ چۈشۈش، تىرناق ئاستا ئۆسۈش، بەدىنىگە ۋە يۈزىگە داغ چۈشۈش، ھەدېسىلا شامالداپ قېلىپ يۆتىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. يىلىكنىڭ قان ھۇجەيرىلىرىنىڭ ئىشلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سۆڭەككە يېپىشىپ تۇرىدىغان ماددىنى بەدەنگە سىرتتىن قوبۇل قىلغاندا، قېرىپ كېتىشنى ئاستىلىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ يېپىشاڭغۇ ماددىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئەڭ ئاددىي چارە ھايۋان سۆڭىكىدىكى يېپىشاڭغۇ ماددىدىن پايدىلىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، دائىم سۆڭەك

قايتنىتىپ شورپا ئىچسە بولىدۇ. سۆڭەكنى پەس ئوتتا بىر-ئىككى سائەت قايناتسا، يىلىك سۈيۈقلۇقى ئېرىيدۇ، بۇ شورپا يىلىكنىڭ قان ھۈجەيرىلىرىنى ئىشلىشىگە پايدىلىق.

## چاي بىلەن كېسەل داۋالاش

چاي ئىچىش ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، ئادەم جىددىي ئاغرىپ قالغاندا، مۇنۇ كېسەللەرگە شىپا قىلىدۇ:

1. زەھەرلىنىش: ئۇقماي قېلىپ كۈمۈش، ئالیۇمىن، دېگىتالىس، خىنىن، تۆمۈر، قوغۇشۇن، سىنىك، كوبالت، مىس، ئازاراقى (كۈچۈلا) قاتارلىق مېتاللىق تۇزلار ياكى بىئو-ئىشقارلارنى ئىستېمال قىلىپ قالغاندا، چاينى قېنىق دەملەپ ئىچسە، چاي تەركىبىدىكى تاننىك كىسلاتا زەھەرلىك ماددا بىلەن بىرىكىپ چۆكىدۇ-دە، بەدەننىڭ زەھەرلىك ماددىنى قوبۇل قىلىشى كەينىگە سۈرۈلىدۇ، بۇ ھال جىددىي قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا پايدىلىق.

2. باكتېرىيىلىك تولغاق: بۇ خىل تولغاق مەيلى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك بولسۇن، مەيلى سوزۇلما خاراكتېرلىك بولسۇن، چاينى قېنىق دەملەپ ئىچسە، داۋالاش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. فارما كولوگىيىلىك تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، قاينىتىلغان چاي تولغاق تاياقچە باكتېرىيىسىگە قارشى تۇرۇشتا روشەن

رول ئوينايدىكەن.

3. ئۆتكۈر ئۆچەي ياللۇغى: مەينەت يېمەكلىكنى يېيىش ۋە پاسكىنا ئىچىملىك ئىچىش سەۋەبىدىن قورساق ئاغرىسا ۋە ئىچىڭىز سۈرسە، دەرھال بىر ئىستاكان قېنىق چاي ئىچىۋې-تىڭ. مۇشۇنداق قىلغاندىمۇ ئىچىڭىز سۈرۈۋەرسە، 15 گرام چاينى سۇدا قايىنىتىپ ئىككى قېتىم ئىچسىڭىز، دەرھال ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ.

4. شاللىقا كىرگەندە پەيدا بولىدىغان تېرە ياللۇغى: 60 گرام كونا چاي، 60 گرام زەمچە تەييارلاپ، 500 مىللىلىتر سۇدا قاينىتىپ، شاللىقا كىرىشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قول بىلەن پۇتنى بىر قېتىمدىن چىلىسىڭىز ۋە چىلاپ بولۇپ ئۆزى قۇرۇپ بولغۇچە تۇرسىڭىز، شاللىقا كىرگەندە پەيدا بولىدىغان تېرە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

5. بەلباغسىمان قوقاق: بىر ئىستاكانغا چاينى قېنىق دەملەپ، سوۋۇغاندىن كېيىن ئىنتايىن ئىنچىكە خۇش پۇراق چاي ياغىچىدا بەلباغسىمان قوقاق چىققان يەرگە كۈنگە ئىككى-ئۈچ قېتىم سۈۋىسا، بۇ خىل قوقاقنىڭ بالدۇرراق ساقىيىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

6. چىشنىڭ چىرىشى: چاي ئىچكەندە چاينى ئېغىزدا بىر-دەم توختىتىپ، چىشنى نەمدەش كېرەك، كۈنگە 10 نەچچە قېتىم مۇشۇنداق قىلسا، چىشنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

# 11. دۇنيانىڭ سىرى

## نامەلۇم ئۇچار جىسىم

نۇرغۇن جايلاردا يۈز بەرگەن بىرمۇنچە غەلىتە ئىشلارغا تا بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر بۇ بىر "سىر" دەپلا جاۋاب بېرىلىپ كەلمەكتە. بىرمەھەل دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان، هازىرمۇ كىشىلەر ئىزدىنىۋاتقان "ئۇچار جىسىمنىڭ سىرى" ئەنە شۇنداق ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

1986-يىلىنىڭ ئاخىرى، پارىژدىن توكيوغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بوئىڭ — 747 تىپلىق چوڭ بىر يۈك ئايروپىلانى ئامېرىكىنىڭ ئالياسكا هاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا غايەت زور "غەلىتە نەرسە"نىڭ 50 مىنۇتچە ئايروپىلانغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ، 760 كىلومېتىر مۇساپىنى باسقانلىقىنى ھەمدە بۇ ئايروپىلان ئانكورېجقا يېتىپ بارغۇچە ئۇنىڭ تۇن قاراڭغۇسىدا غايىب بولغانلىقىنى بايقىغان. كۆزىتىش ئارقىلىق، بۇ غەلىتە نەرسىنىڭ دىئامېترى بۇ يۈك ئايروپىلانىنىڭ دىئامېتىرىدەك نەچچە ئون ھەسسە كېلىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن؛ 1978-يىلىنىڭ باشلىرى، بىركۈنى چۈشتىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ "ئالۋاستىلار گۈلزارلىقى" دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايىدا، تۆت ياش غەلىتە بىر جىسىمنىڭ دەريا يۈزىدىن ئاستا-ئاستا ئۇچۇپ ئۆتۈپ، بىر

يەرگە قونغاندىن كېيىن، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۆكۈچ نۇر چىقارغانلىقىنى ھەمدە ئۇچىسىغا كۈمۈش كىيىم، بېشىغا پولات قالپاق كىيگەن "ئادەم"لەر چىقىپ ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بۇنىڭدىن باشقا ھادىسىلەرنى، مەسىلەن، ئۇچار جىسىمغا يولۇقسا، ئاپتوموبىللارنىڭ ماتورى ۋە رادىئولار بىردىنلا توختاپ قالىدىغان، سىمسىز رادىئو ئالاقىسى كاشىلىغا ئۇچرايدىغان، توك توختاپ قالىدىغان، ئۇنىڭغا قارىتىپ قويۇپ بېرىلگەن باشقۇرۇلما بومبا ئېتىلمايدىغان، بۇ غەلىتە نەرسىنى يېقىن ئارىلىقتا تۇرۇپ كۆرگۈچىلەردە غەلىتە فىزىئولوگىيىلىك ئالامەتلەر كۆرۈلىدىغان (مەسىلەن، پالەچ بولۇپ قالىدىغان، كۆيۈك يارا بولۇپ قالىدىغان، زامان-ماكان تۇيغۇسىنى يوقىتىدىغان) ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈش قىيىن.

راستتىنلا يەر شارىنىڭ سىرتىدا مەدەنىيەت مەۋجۇتمۇ؟ پۇئېرتورىكان رادىئو تېلېسكوپى سامان يولىدىن كەلگەن ئۇچۇرنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ چاستوتىسى ۋە قانۇنىيىتىدىن بۇ ئۇچۇرنى مەلۇم بىر خىل ئەقلىي جانلىقنىڭ بۇنىڭدىن 25 مىڭ يىل بۇرۇن تارقاتقانلىقى مۆلچەرلەنگەن. ئامېرىكىنىڭ «قۇياش» گېزىتىگە بېسىلغان شۋېتسىيە ئىلىم-پەن ژۇرنىلىنىڭ بىر مەشھۇر ماقالىسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئالەم دېتىكتورى ئاي شارىنىڭ ئارقا يۈزىدە بىر شەھەر بارلىقىنى، بۇ شەھەردە بىر UFO بازىسى ۋە بىرنەچچە ئېگىز-يوغان غەلىتە قۇرۇلۇش بارلىقىنى بايقىغان، دېيىلگەن. ئۇنداقتا، بۇ سىرلىق ئۇچار جىسىملارنى راستتىنلا يەرشارىنىڭ سىرتىدىكى يۇكسەك ئەقلىي ھايۋانلار تىزگىنلەپ تۇرغانمۇ؟

تاشقى پلانېتلىق ئادەم زادى بارمۇ-يوقمۇ دېگەن مەسىلە كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان مەسىلە بولۇپ كەلمەكتە. ياپونىيىدە

چىقىدىغان «ئۇچار تەخسە ۋە ئالەم» دېگەن ژۇرنالدا مۇنداق دېگەن خەۋەر ئېلان قىلىنغان: 1954-يىلى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئېيزىنخاۋېر ئامېرىكىنىڭ ئىدۋارىس هاۋا ئارمىيىسى بازىسىنىڭ 27-گېنا ئىسكىلاتىدا تاشقى پلانېتلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئا-دەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان نۇرغۇن غەلىتە ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، كىشىلەردە ۋەهىمە پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، تاشقى پلانېتلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت مەخپىيەتلىكنى مۇتلەق ساقلىغان. ئەمما، ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى كارتىنىڭ 1977-يىل 6-ئاينىڭ 16-كۈنى تاشقى پىلانې-لىقلارغا يازغان باياناتى ئامېرىكىدىن قويۇپ بېرىلگەن «ساياهەت-چى» ناملىق ئالەم كېمىسى ئارقىلىق ئېلىپ كېتىلگەن، تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تاشقى پلانېتلىقلاردىن بۇنىڭ ئۈچۈرى كەلمىگەن.

ئەگەر تاشقى پلانېتتا راستلا ئادەم مەۋجۇت دەپ قارايدىغان بولساق، هازىر بار ماتېرىياللارمۇ ئۇلارنىڭ پەن-تېخنىكىسىنىڭ يەرشارى ئادەملىرىنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. خۇددى ئىپتىدائىي ئادەملەر بىزنىڭ ئايروپىلان، ئاتوم بومبىسى، ئالەم كېمىسىنى ياسىيالاي-دىغانلىقىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغىنىغا ئوخشاش، تاشقى پلا-نېتلىقلارنىڭ يەر شارىغا كېلىشىدىكى سىرنى هازىرقى سەۋىيە-مىز بىلەن يېشىپ بېرىش ئىمكانىيىتى ئىنتايىن ئاز. پەن-تېخ-نىكا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مۇشۇ سىرنى يېشىش يولىدا تى-رىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان تېخىمۇ كۆپ ئىرادىلىك كىشىلەر-نىڭ نامەلۇم "ئۇچار جىسىمنىڭ سىرى"نى يېشىپ، پۈتكۈل ئىنسانلىرىمىزنىڭ باشقا يوكسەك ئەقلىي جانلىقلار بىلەن كەڭ تۈردە دوستانە ئالاقە ئورنىتىشىغا ئىمكانىيەت يارىتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىن غالىلىقىغا ئىشىنىمىز.

## ئېھرامنىڭ سىرى

بۈرۈن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى، مىسىردىكى ئېھرامنى مىسىردىكى قۇللار مىلادىيىدىن 3000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى قول ئەمگىكى بىلەن سالغان، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە، ئارخېئولوگلار بۇ قاراشتىن باشقىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا.

مۇتەخەسسىسلەر ئېھرامنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمىگە ئاساسەن، چوڭ ئېھرام ياسىلىۋاتقان دەۋردە مىسىردا ئاز دېگەندىمۇ 50 مىليون ئاھالە بولماي مۇمكىن ئەمەس، دەپ مۆلچەرلىگەن. لېكىن، تارىخىي ماتېرىياللاردىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شۇ دەۋردە دۇنيانىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى ئاران 20 مىليون ئىكەن، بۇ نېمىدېگەن چوڭ پەرق-ھە! شۇ زاماندا بۇ قۇرۇلۇشتا 50 مىليون ئادەم ئىشلىگەنمۇ دەيلى، ئۇنداقتا بۇ 50 مىليون ئادەمنىڭ نىل دەرياسى دېلتىسىدىكى ئانچە-مۇنچە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازغىنا دارامىتى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرۈپ، بۇ قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئېھرامنى ياساش ئۈچۈن لازىملىق بولغان تاشلار ناھايىتى يىراق جايدىن گىزا چۆلىگە يۆتكەپ كېلىنگەن. بۇ تاشلارنىڭ چوڭى 50 توننا، كىچىكى 2.5 توننا كېلىدۇ. كۇفۇ ئېھرامىغىلا مۇشۇنداق تاشتىن 2 مىليون 300 مىڭى ئىشلىتىلگەن، شۇ دەۋردىكى تېخنىكا سەۋىيىسىدىن ئېيتقاندا، مىسىرنىڭ تېخى بۇنداق ترانسپورت ئىقتىدارى يوق ئىدى.

شۇڭا بەزىلەر: ”ئېھرامغا ئىشلىتىلگەن تاشلار قۇرۇقلۇق

ياكى سۇ قاتنىشى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھاۋا قاتنىشى ئارقى-
لىق يۆتكەپ كېلىنگەن. دەرۋەقە، ھاۋا قاتنىشى ئارقىلىق يۆت-
كەپ كەلگۈچىلەر يەر شارى ئادەملىرى ئەمەس، ئالەمدىن كەل-
گەن مېھمانلاردۇر» دېگەن تەسەۋۋۇرنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرى-
غا قويدى.

بۇ تەسەۋۋۇر تازىمۇ بىمەنىلىكتەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئار-
خېئولوگلار ئېھرامنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىپ چىققاندىن
كېيىن بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئىنتايىن قۇۋۋەتلىگەن. ئۇلار مۇنداق
دەپ كۆرسەتكەن: ھەرقانداق قۇرۇلۇش ئۆلچەشتىن ئايرىلالماي-
دۇ. ھالبۇكى ئۆلچەشنىڭ توغرىلىقى ئۆز نۆۋىتىدە ئۆلچەش
ئەسۋابى ۋە ئۆلچەش تېخنىكىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئېھرامنىڭ
لايىھىلىنىش سەۋىيىسى بىلەن شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئەمە-
لىي ئىقتىدارى ئوتتۇرىسىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان زىددىيەت
مەۋجۇت. كۇف ئېھرامىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ ئاستى چې-
تىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 230 مېتر بولۇپ، ھەرقايسى
تەرەپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى خاتالىق پەرقى 20 سانتىمېترغىمۇ
يەتمەيدۇ. ئېھرامنىڭ 5 . 146 مېتر بولۇپ، 40 قەۋەتلىك بىنا-
نىڭ ئېگىزلىكىگە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجى-
كى بىلەن غەربىي شىمال بۇرجىكى ئوتتۇرىسىدىكى خاتالىق
پەرقى 27 . 1سانتىمېترلا كېلىدۇ. خاتالىق نىسبىتىنىڭ بۇنداق
تۆۋەن بولۇشى ئۇرغۇنلىغان زامانىۋى قۇرۇلۇشلاردىمۇ تېخى
كۆرۈلۈپ باققىنى يوق.

كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، كۇف ئېھ-
رامىنىڭ ئېگىزلىكىنى 1 مىلياردقا كۆپەيتكەندە يەرشارى بىلەن
قۇياشنىڭ ئارىلىقى چىقىدۇ؛ ئېھرامنىڭ ئىككى ھەسسە ئېگىز-
لىكىنى ئۇلىنىڭ كۆلىمىگە بۆلگەندە چەمبەرنىڭ تۇراقلىقى π،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنى 3.14159 چىقىدۇ، ھالبۇكى ئېھرام سېلىنىپ 3000 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كىشىلەر چەمبەرنىڭ تۇراقلىقىنى ئاران مۇشۇنچىلىك توغرا ھېسابلاپ چىقالىغان. كۇف ئېھرامىنىڭ مېرىدىئاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەندە، يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز-ئوكيانلار تەڭ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولىدۇ. ئېھرامنىڭ تۆت تەرىپى توپتوغرا شەرق، غەرب، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلەرگە توغرا كېلىدۇ. ئېھرامنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى دەلمۇدەل بىر يىلنىڭ كۈن سانىغا توغرا كېلىدۇ، يەنى 365.24 مېتر كېلىدۇ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقنى ئىككىگە كۆپەيتكەندە، دەل ئېكۋاتورنىڭ دىئۇسونى چىقىدۇ. ئېھرامنىڭ يانتۇلۇق يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى كەڭلىك گرادۇسىنىڭ 6%گە توغرا كېلىدۇ. ئېھرامنىڭ ئېغىرلىقىنى $10^{15}$غا كۆپەيتكەندە، توپتوغرا يەرشارىنىڭ ئېغىرلىقى چىقىدۇ. يەر شارىنىڭ ئىككى قۇتۇپىدىكى ئوق مەركىزىنىڭ ئورنى ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھەر 2200 يىلدا قۇياش چىققاندىن كېيىن يېڭى بىر ئېكلىپتىك بەلباغ يۇلتۇز تۈركۈمى پەيدا بولىدۇ، ھەر 25مىڭ 877 يىلدا بۇ يۇلتۇز تۈركۈمى بۇرۇنقى ئورنىغا كېلىپ قالىدۇ. بىراق، كۇف ئېھرامىنىڭ ئۇلىدىكى قارىمۇقارشى بۆلۈكنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىقلارنىڭ يىغىندىسىمۇ 25 مىڭ 826.6 بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېھرامنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى توپتوغرا ھەرقايسى چوڭ قۇرۇقلۇقلارنىڭ تارتىش كۈچى مەركىزىگە جايلاشقان. دېمەك، بۇ ئېھرامنىڭ ئورنىنى كىم تاللىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاۋۋال يەرشارىنىڭ قۇرۇلمىسى، قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ جايلىشىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تولۇق بىلىدىغان بولۇشى كېرەك. روشەنكى، بۇنىڭدىن 4—5 مىڭ يىل ئىلگىرى بۇنداق ئىقتىدارنىڭ بولۇشى مۇمكىن

ئەمەس.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا، بىر توپ ئالىملار ئېھرامنى ساياھەت قىلغان. ئۇلار ئېھرامنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىم ئېگىزلىكىگە چىققاندا، ئىچىگە مۈشۈك-ئىت قاتارلىق ئۇششاق ھايۋانلارنىڭ جەسىتى ۋە ئاز-تولا يەل-يېمىش سېلىنغان بىر ئەخلەت چېلەكنى كۆرگەن. ئۇلار شۇنىڭغا ھەيران قالغانكى، چېلەكنىڭ ئىچى شۇنچە نەم بولسىمۇ، بۇ جەسەتلەر چىرىپ كەتمەستىن، بەلكى قۇرۇپ مۇمىيا بولۇپ قالغان. ئالىملار بۇ غەلىتە ھادىسە ئۈستىدە كۆپلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاخىر بۇ سىرنى يەشتى. ئەسلىدە ئېھرامنىڭ قۇرۇلمىسى بىرقەدەر ياخشى مىكرو دولقۇنلۇق رېزونانسلىق كاۋاك قۇرۇلما بولۇپ، مىكرو دولقۇنلۇق ئېنېرگىيىنىڭ قىزدۇرۇش تەسىرىدە باكتېرىيە ئۆلگەن ھەمدە جەسەتلەر قۇرۇپ "مۇمىيا"غا ئايلىنىپ قالغان. كىشىلەر بۇ ھادىسىنى "ئېھرام ئېنېرگىيىسى"نىڭ تەسىرى دەپ ئاتاشماقتا. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇنىڭدىن 4.5 مىڭ يىل بۇرۇن مىسىرلىقلار مىكرو دولقۇندىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىشنى قانداق بىلگەندۇ؟

ئېھرامنىڭ كىشىلەر يېشىپ بېرەلمىگەن بىرمۇنچە سىرى بار، بۇلار ئالىملارنى قاتتىق قىزىقتۇرماقتا. ھازىر ئۇلار ئېھرامنىڭ بۇ سىرلىرى ئۈستىدە پائال ئىزدەنمەكتە.

## نىس كۆلىنىڭ سىرى

بىرنەچچە يۈز يىلدىن بىرى، نۇرغۇن ئادەملەر ئەنگلىيىنىڭ شوتلاندىيە رايونىدىكى نىس كۆلى بويىدا غەلىتە سۇ ھايۋىنىنى كۆرگەن. ئۇلارنىڭ تەسۋىرلىشىچە، بۇ غەلىتە ھايۋاننىڭ بويىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن، كاللىسى كىچىك بولۇپ، قورساق قىسمىدا ئىككى جۈپ ئۈزگۈچ پۇتى بار ئىكەن، بەدىنى ئىنتايىن توم بولۇپ، سۇدا ئايلىنىپ يۈرگەن كېمىدەك ئەپچىل ھەرىكەت قىلالايدىكەن. ئۇزاق مۇددەتتىن بېرى، بۇ غەلىتە ھايۋان خۇددى ماگنىتتەك، نۇرغۇن ئالىملارنى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى نىس كۆلىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا، شۇنىڭ بىلەن بۇ سىرنى يېشىشكە قىزىقتۇرۇپ كەلمەكتە.

1934-يىلى، ئەنگلىيىنىڭ لوندوندىن بارغان بىر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ۋىلسون نىس كۆلى بويىدا بۇ غەلىتە سۇ ھايۋىنىنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان سۈرىتىنى تارتىۋالغان.

1977-يىل 5-ئايدا، سېرك ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى دوك قاتارلىقلار نىس كۆلىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋاتقاندا، توساتتىن كۆتۈرۈلگەن دەھشەتلىك دولقۇن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، دولقۇن كۆتۈرۈلگەن تەرەپتە ئۈچ لوكىلىق بىرنەرسە ئۇ يان-بۇ يان مىدىراشقا باشلىغان، بىردەمدىن كېيىنلا بۇ نەرسە سۇ ئاستىغا كىرىپ كېتىپ كۆزدىن يوقالغان. ئەتىسى ئۇلار فوتو ئاپپاراتلىرىنى ئېلىپ، كۆلگە مىختەك سانجىلىپ قاراپ تۇرۇشقان، ئاخىر كۆلنىڭ ياقىسىدىن ئون چامدامچە نېرىدا بۇژغۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئارقىدىنلا ئۇزۇن بىر يىلان بويىنىغا ئوخشايدىغان نەرسە سۇدىن سوزۇلۇپ چىققان، بۇ غەلىتە ھايۋاننىڭ بېشى كىچىك، بوينى ئۇزۇن بولۇپ، ئاغزىنىڭ ئۈستى تەرىپى سۇس چىپار ئىكەن، ئۇ بويىنىنى ئۇزۇن سوزۇپ تۇرغاندا، بويىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى سۇس رەڭلىك بۆرتمە مەلۇم بولۇپ تۇرىدىكەن. دوك مانا شۇ پەيتتە قىلچە ئىككىلەنمەي ئولتۇرماستىنلا، غەلىتە سۇ ھايۋىنىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىككى پارچە سۈرىتىنى تارتىۋالغان.

1975-يىل 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئامېرىكا ئەمەلىي پەن-لەر ئاكادېمىيىسىدىكى لانىس باشچىلىقىدىكى تەتقىقات گۇرۇپپى-سى سۇ ئاستى فوتو ئاپپاراتى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قى-لىش ئىشىنى ئېلىپ بارغان. ئۇلار ئۇزۇنلۇقى 5.6مېتىرچە كېلىدىغان، بەدىنى رومبا شەكلىدە كەلگەن، بوينى ئىنچىكە، ئۇزۇن، بەدىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئىككى ئۇزگۈچ پۇتى چى-قىپ تۇرىدىغان، قارىماققا گويا قاتتىق ئۇركىگەن ھالدا فوتو ئاپپاراتىغا قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان يىرتقۇچنىڭ قىممەتلىك سۈرىتىنى چاققانلىق بىلەن تارتىۋالغان. لانىس بىر يىغىندا نىس كۆلىدە غەلىتە ھايۋاننىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈ-رۈپ گۇۋاھلىق بەرگەن.

1976-يىلى ئاۋاز تارتىپ تەسۋىر يېيىش ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىش داۋامىدا، ئاۋگۇستاس قەلئەسىگە يېقىن كېلىدىغان باۋرۇ قولتۇقىدىكى نىس كۆلىنىڭ تەكتىدىكى قۇمدا ئۇزۇنلۇقى 1.9 مېتىر كېلىدىغان بىرنەرسىنىڭ ياتقانلىقى بايقال-غان، ئاۋاز تارتىش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئېيتىشىچە بۇ بىر غەلىتە ھايۋاننىڭ جەسىتى ئىكەن.

نىس كۆلىدىكى غەلىتە ھايۋان توغرىسىدا ئالىملار خىلمۇ-خىل پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان:

نىس كۆلىدىكى غەلىتە ھايۋان بىرخىل يىلان بويۇنلۇق دىنوزاۋر بولۇپ، ئۇ قوش ماكانلىقلارغا مەنسۇپ ، بۇ خىل ھايۋان ئۆز خىلىدىكىلىرى بۇنىڭدىن 70 مىليون يىل ئىلگىرى يوقالغان دەۋردە ھايات قالغان ۋە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن نىس كۆلىگە كېلىپ ماكانلاشقان. ئۇنىڭ كۆلدە بايقالغانلىقى توغرى-سىدىكى خەۋەر تارقىلىپ كەلگىنىگە 1400 يىل بولغان، شۇ-نىڭدىن قارىغاندا، بۇ ھايۋاندىن بىر تۈركۈمى بولۇشى كېرەك،

ئەۋلاد قالدۇرالايدىغان بولۇش ئۈچۈن، ئاز دېگەندىمۇ 20 —25كىچە بولۇشى كېرەك. لېكىن، نىس كۆلىدىكى غەلىتە ھايۋاننىڭ ئادىتى يىلان بويۇنلۇق دىنوزاۋرنىڭ ئادىتىگە توغرا كەلمەيدۇ. نىس كۆلىدىكى غەلىتە ھايۋان سۇ يۈزىگە كۆپ چىقمايدۇ، ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ 1972-يىلى ۋە 1975-يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، بۇ ھايۋان ھەر 350 سائەتتە سۇ يۈزىگە بىر قېتىم چىقىدىكەن، چوڭقۇر ھەم قاراڭغۇ تاتلىق سۇنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، 950فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى سۇ ئاستى ئۈۋىسىغا كىرىۋالىدىكەن. لېكىن، پالېئونتولوگلارنىڭ خاتىرىسىدىكى يىلان بويۇنلۇق دىنوزاۋر ھاۋادىن نەپەسلىنىدىغان، تېيىز سۇدا ياشايدىغان ھايۋاندۇر. ئەگەر نىس كۆلىدە يىلان بويۇنلۇق دىنوزاۋر بار دېسەك، ئۇنىڭ 20 نەچچىسى بىر توپ بولۇپ سۇ يۈزىدە ئۇ يان-بۇ يان ئۈزۈپ، بېلىق تۇتۇپ يەۋاتقانلىقىنى، پات-پات سۇ يۈزىگە چىقىپ ھاۋادىن نەپەسلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولاتتۇق. پالېئونتولوگلار ئۇستىخان قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇنداق ھۆكۈم چىقارغانكى، يىلان بويۇنلۇق دىنوزاۋرغا ئوخشاش بۇنداق پالاقسىمان كۈچلۈك ئۈزگۈچ قاناتلىق ھايۋانلار ئۆزى ئۆۋلىماقچى بولغان ھايۋاننى قوغلاش ئۈچۈن موللاق ئېتىپ سۇغا چۆمگەندە چوقۇم سۇ چايقىلىپ، سۇ يۈزى داۋالغۇيدۇ، شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، كۆل خېلى تار بولغاچقا، كۆزەتكۈچىلەر سۇ يۈزىدە بۇ غەلىتە ھايۋاننى 350 سائەتتە بىر قېتىم ئەمەس، نۇرغۇن قېتىم كۆرگەن بولسا توغرا بولاتتى.

نىس كۆلىدىكى بۇ غەلىتە ھايۋان ئەمەلىيەتتە يىلانبېلىق. نىس كۆلىدە نۇرغۇن يىلانبېلىق بار، ئەگەر بۇ بېلىقلار قىلسىمان يۇسۇن بار دېڭىزغا بېرىپ تۇخۇملىيالمىسا، سەل چوڭ-

يىپ كېتىدۇ ھەتتا بەكلا يوغانلاپ كېتىدۇ. بۇ ھايۋاننى كۆرگۈ-چىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، نىس كۆلىدىكى غەلىتە ھايۋاننىڭ تۆتۈق كۆرۈنۈشى قانداقتۇر ھازىر ياشاۋاتقان باشقا بىر جانلىققا ياكى نەسلى يوقالغان جانلىققا ئەمەس، بەلكى يىلانبېلىققا تولىمۇ ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە يىلانبېلىقمۇ قاراڭغۇلۇقنى ياخ-شى كۆرىدىكەن، ھاۋادا نەپەسلەنمەيدىكەن، شۇنداق بولغاچقا، نىس كۆلىگە تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئۇنى كۆپ يولۇقتۇرالمىغان.

نىس كۆلىدە غەلىتە ھايۋاننىڭ بارلىقىنى دەلىللەيدىغان كونكرېت نەرسە ۋە كۈچلۈك ئىسپات بولمىغاچقا، يەنە بىر مۇنچە كىشىلەر نىس كۆلىدە غەلىتە ھايۋان بارلىقىدىن گۇمانلىنىدۇ. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى، بىرەر غەلىتە ھايۋاننىڭ جەسىتى سۇ ئۇستىگە لەيلەپ چىقىپ قالغىنى ياكى ئېقىپ كۆل بويىغا چىقىپ قالغىنى يوق، جۇملىدىن ئۇنىڭ سۆڭىكى تېپىلغىنى يوق. مەز-زىلىك گۆش يەمچۈكلەر سۇغا تاشلاپ بېرىلسىمۇ قىلچە سادا چىققىنى يوق. يەنە بەزىلەر، بۇ غەلىتە ھايۋاننى كۆردۇق دېگۈ-چىلەر كۆلگە چۆكۈپ كەتكەن قەدىمكى قارىغاينىڭ گايىدا سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ قېلىشىدىن ھاسىل بولغان ساختا كۆرۈ-نۈشنى كۆرگەن گەپ، دەپ قارىغان. ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ قارىشى-نى تەقلىدىي تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلىغان.

نىس كۆلىدە زادى غەلىتە ھايۋان بارمۇ-يوق؟ بار بولسا، نىس كۆلىدىكى غەلىتە ھايۋان زادى نېمە؟ بۇ — ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن ئالىملار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىزدىنىۋاتقان بىر سىر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# غەلىتە ھايۋان

”دۇنيانىڭ ئۆگزىسى“ دەپ نام ئالغان شىزاڭ ئېگىزلىكى-نىڭ شىمالىي قىسمىغا دەستۇرلاردىن ئىسمى تېپىلمايدىغان شېنزا ناھىيىسى جايلاشقان. بۇ جايدا كۆلىمى 800 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بىر چاسا شەكىللىك تۇزلۇق كۆل بار. ئۇنىڭ مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل، كۆلنىڭ سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك بولغاچقا، كۆلنىڭ خېلىلا چوڭقۇر قاتلىمىدىكى نەرسە-نى كۆرگىلى بولىدۇ. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى نەچچە ئون مېتىر كېلىدۇ، كۆلدە بېلىق تۇرىدىكى سۇ ھايۋانلى-رى ناھايىتى كۆپ.

1976-يىلى، يەرلىك ئاھالىلەر غەلىتە ھايۋاننىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى بۇ سىرنى يې-شەلمىگەن. غەلىتە ھايۋاننى كۆردۇق دېگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ غەلىتە ھايۋان بەزىدە سەھەردە ھاۋانى تومان باسقان چاغلاردا سۇ يۈزىگە چىقىدىكەن، ئۇنىڭ تېنى ئىنتايىن چوڭ، بويىنى بەك ئۇزۇن، كاللىسى كىچىكرەك ئىكەن، ئۇ كۆلدە بىر لەيلەپ، بىر چۆكۈپ يۈرىدىكەن. بەزىلەرنىڭ دەلىل-لىشىچە، بىر كۈنى بىرەيلەن كېسەل كالىسىنى چۈشتىن كېيىن ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ چۈشتىن بۇرۇن كۆلنىڭ بويىغا باغلاپ قويۇپتۇ. بىراق چۈشتىن كېيىن كەلسە، كالا يوقمىش، ئەمما كۆل بويىدىكى قۇملۇقتا كالىنىڭ سۇغا سۆرەلگەن چاغدىكى ئىزى قېلىپ قاپتۇ. يەنە بىر كۈنى بىر زاڭزۇ كىشى تۆت قۇرۇق چېلەكتىن چېتىپ ياسالغان قولۋاق بىلەن كۆلنىڭ ئوتتۇرىسى-

دىكى كىچىك ئارالغا قۇش تۇخۇمى يىغىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، ئارالغا يېتىپ باراي دېگەندە، تىنچ سۇ يۈزىدە بىردىنلا قاينام پەيدا بولۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى زاڭزۇ كىشى قولۋاق بىلەن بىللىلا سۇمۇرۇلۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئىز-دېرىكى چىقماپتۇ.

بۇنىڭغا دائىر مىسال يالغۇز بۇلا ئەمەس. تەبىئىي مەنزىرىسى ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دۆڭبېي تيەنچى كۆلىدىمۇ كىشىلەر ھەرىكەتلىرىگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان غەلىتە ھايۋاننى كۆرگەن.

تيەنچى كۆلىدىكى غەلىتە ھايۋان توغرىسىدا بۇرۇنلا تارىخىي خاتىرە قالدۇرۇلغان، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانمۇ بۇ غەلىتە ھايۋاننى كۆرگەنلىك توغرىسىدا مەلۇماتلار بولغان. 1962-يىل 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، جىلىن ئۆلكىسى ھاۋا رايى سايمانلىرى تەمىنات پونكىتىدىكى جۇفېڭيىڭ ئالتە ھەسسە يېقىنلاشتۇرغۇچى قوش كۆزلۈك دۇربۇن ئارقىلىق تيەنچى كۆلىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكى تەرەپتە قىرغاقتىن 200—300 مېتىر نېرى كېلىدىغان سۇ يۈزىدە ئىككى ھايۋاننىڭ بېشىنى چىقىرىپ، بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى، گاھ سوغا چۆكۈۋېلىپ گاھ سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ چىققانلىقىنى كۆرگەن. 1980-يىل 8-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 23-كۈنىگىچە، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئون نەچچە كىشى سىرلىق پەردە قاپلىغان چاڭبەيشەن تېغىنىڭ تيەنچى كۆلىدە غايەت زور ”غەلىتە ھايۋان“نى كۆرگەن. كىشىلەر بۇ قېتىم كۆرگەن غەلىتە ھايۋاننىڭ تېنىدىنىڭ توت مېتىردىن كۆپرەك قىسمى سۇ يۈزىگە چىققان، بۇ ھايۋاننىڭ بېشىنىڭ چوڭلۇقى كالىنىڭكىدەك بار ئىكەن، تەن قۇرۇلۇشى ئىتقا ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئاغزى ئۆردەكنىڭ ئاغزى-

غا ئوخشاش بولۇپ، دۈمبىسىنىڭ رەڭگى قارا، پارقىراق ئىدىكەن، بەدىنىنىڭ تۈكلىرى قوڭۇر، ئۇزۇن كەلگەن بولۇپ، قورساق قىسمى ئاپئاق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇش سۈرئىتىدىن ۋە پات-پات سۇدىن چىقىپ قالغان كالللىسى ياكى دۈمبىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ سۇ هايۋىنى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. تېخىمۇ زىلزىلە پەيدا قىلغىنى شۇكى، 1981-يىل 9-ئاينىڭ 2-كۈنى چۈشتە، ”يېڭى نەزەر“ ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى لى شياۋبىن تيەنچىن چوققىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە تەخمىنەن 300 مېتر كېلىدىغان يانار تاغ ئېغىزىدا 1000 مىللىمېترلىق يىقىن كۆرستىش كۆزى بار فوتو ئاپپاراتى ئارقىلىق تيەنچى كۆلىدىكى غەلىتە هايۋاننىڭ مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر سۈرىتىنى تارتىۋالغان. بۇ سۈرەتنى تارتقاندا دەل كۆلنىڭ ئۈستىدە ئۈچۈپ كېتىۋاتقان قاغىمۇ بىرىنچى مەنزىرە بولۇپ ئاپپاراتقا چۈشۈپ قالغان بولغاچقا، قاغىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى غەلىتە هايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ 3.2 مېتر كېلىدىغانلىقىنى هېسابلاپ چىقىش تەس ئەمەس.

تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ ۋە بۇ غەلىتە هايۋاننى كۆرگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەسۋىرلىشىچە، بۇ غەلىتە هايۋاننىڭ رەڭگى سۇس قوڭۇر ياكى قارامتۇل بېغىررەڭ، بوينى ئىنچىكە، قۇيرۇقى ئۇزۇن، تېنى ناهايىتى چوڭ ئىكەن، شۇڭا بەزىلەر بۇ هايۋان بۇرۇنقى زامانلاردا بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن يىلان بويۇنلۇق دىنوزاۋرنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشقان. شىمالىي شىزاڭ ئېگىزلىكى ئەسلىدە بىپايان دېڭىز بولۇپ، يەر پوستىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئارقىسىدا ئېگىزلىككە ئايلىنىپ قالغان، لېكىن شۇ زامانلاردىكى يىلان بويۇنلۇق دىنوزاۋرغا ئوخشاش قەدىمكى هاياتلىقلار مۇشۇ تۇزلۇق كۆلدە قېپقېلىپ،

ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كۆپەيگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، چاڭبەيشەن يانار تېغىنىڭ كونۇسى بۇنىڭدىن 2 مىليون يىل بۇرۇنلا شەكىل-لەنگەن، گېئولوگىيىلىك دەۋرلەردە كۆپ قېتىم ۋولقان ئېتى-لىپ چىققان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تيەنچى كۆلىدە ئوزۇق بولغۇدەك يۇسۇن تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ۋە لەيلىگۈچى جانلىقلار ئىنتايىن ئاز بولغان، شۇڭا، ئاللىبۇرۇن نەسلى قۇرىغان دىنوزاۋۇر تۈرى-دىكى هايۋانلار ئەۋلادى — ”غەلىتە هايۋان“لار ئۆز هاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئامالى بولمىغان.

چەت ئەل ئالىملىرى ۋە پەن-تېخنىكا هەۋەسكارلىرى دۇنيا-دىكى چوڭقۇر كۆللەردىكى ”غەلىتە هايۋان“ ئۈستىدە نۇرغۇن تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئانچە ئوخشىشىپ كەتمىگەن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى، ئىلىم-پەن ساهەسىدە تا هازىرغا قەدەر يېشىلمىگەن بۇ سىر كىشىلەرنى ئىنسانلار تېخى بىلىپ بولمىغان بۇ ساهە ئۈستىدە ئىزدىنىشكە جەلپ قىلماقتا.

## جۇڭگودىكى ”ياۋا ئادەم“ سىرى

جۇڭگونىڭ نۇرغۇن ئۆلكىلىرىدە ”ياۋا ئادەم“نى كۆرگۈچى-لەر بولغان. بىراق ”ياۋا ئادەم“زادى قانداق نەرسە، بۇنى ئى-لىم-پەن خادىملىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشى ۋە تەت-قىق قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە 50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى شىزاڭدىكى ”قار ئادەم“ ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. بۇ تەكشۈ-رۈشكە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى ۋە بېيجىڭ داشۆنىڭ بىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىلىرى قاتناشقان. ئېيە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىشلاردىن قارىغاندا، ”قار ئادەم“نىڭ 10 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇق-تىكى بىر تال چېچى تېپىلغان، خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقى-لىق، بۇ چاچنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىن ئورانگوتان، قوڭۇر ئېيىق ۋە سىيىرنىڭ تۈكىگىمۇ ئوخشىمايدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈ-رۈلگەن، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭ ”قار ئادەم“نىڭ چېچى ئىكەنلى-كىنى ئىسپاتلاپ چىقالمىغان.

60-يىللارنىڭ باشلىرى، بىز يەنە يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شىشۇاڭبەننادىكى بوك ئورمانلىقتا ”ياۋا ئادەم“ ئۈستىدە تەكشۈ-رۈش ئېلىپ باردۇق. 1961-يىلى، يول ياسىغۇچى ئىشچىلار ”ياۋا ئادەم“ بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ھەم ”ياۋا ئادم“نى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، بۇ ”ياۋا ئادەم“نىڭ ئېگىزلىكى 2.1—3.1 مېتىر بولۇپ، پۈتۈن بەدىنىنى تۈك قاپلاپ كەتكەنىكەن، ئۇ ئۆرە ماڭالايدىكەن، دەپ ئاڭلىدۇق. ئەپسۇسكى، جۇڭگو پەنلەر ئاكا-دېمىيىسىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىۋاستە ئىسپاتقا ئېرىشەلمىگەن.

1977-يىلى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رىياسەتچى-لىكىدە، شېننۇڭجيا ”ياۋا ئادەم“ى ئۈستىدە كەڭ كۆلەمدە ئىل-مىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، ۋا-قىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇنداق تەكشۈرۈش كۆپ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ باقمىغان. تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان جايدا، بويى ئېگىز، يوغان ”يۇڭلۇق ئادەم“ قويۇق ئورمانلىقتا يۈرىدۇ. ئۇنىڭ بەدىنىنى قىزىل تۈك قاپلىغان، چاچلىرى ئۇزۇن ئۆسۈپ كەتكەن، سىرتقى قىياپىتى ئادەمگىمۇ، ئادەمسىمان مايمۇنغىمۇ ئوخشايدىكەن، ئۆرە ماڭالايدىكەن، پۇتىنىڭ ئىزى ئىنتايىن چوڭ، دېگەن رىۋايەت قەدىمدىن تارتىپ تارقىلىپ كەلگەن. لېكىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغۇچىلار ”ياۋا ئادەم“نىڭ پۇت ئى-

نزى، چىچى ۋە گەندىسىمىكىن دەپ ئىلىنغان ئىسپاتتىن باشقا. ھېچقانداق ئىشەنچلىك ئىسپاتقا ئېرىشەلمىگەن.

1980-يىلدىن بۇيان، جيۇلۇڭ تېغىدىكى ”ئېيىق ئادەم“ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى بىرقەدەر نەتىجىلىك بولغان. كېيىن ”ئېيىق ئادەم“نىڭ پۇت-قولىنىڭ ئەۋرىشكىسى تېپىلغان، بۇ 1957-يىلى يەرلىك ئاھالىلەر ئۆلتۈرۈۋەتكەن ”ئېيىق ئادەم“نىڭ پۇت-قولى بولۇپ، ئۇنى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر بىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى تېپىۋالغاندىن كېيىن، چىلاپ ياسالغان ئەۋرىشكە سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىنغان. بۇنى جۇڭگودا ”ياۋا ئادەم“ تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە ”غەلىتە ھايۋان“ ئۈستىدە ئىگەللەنگەن تۇنجى ئىسپات دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى ۋە رىۋايەتلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئاتالمىش جۇڭگو ”ياۋا ئادەم“ى ئومۇمەن ئادەمگىمۇ، ئادەمسىمان مايمۇنغىمۇ ئوخشايدۇ، ئۆرە ماڭىدۇ، كۆپرەك مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىدۇ، ئاساسەن ئادەم كۆپ ئىز باسمىغان ئىپتىدائىي ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ. ئادەملەر توپىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ھەرگىز ئۆزلۈكىدىن ئادەمگە چېقىلمايدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ”ياۋا ئادەم“ بار دەپ رىۋايەت قىلىنغان رايونلارنىڭ زور كۆپ قىسمى يېپيېڭى ياكى يېرىم يېپيېڭى ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئىپتىدائىي ئورمانلىق بولۇپ، بۇ ئورمانلىقلاردا تېخىچە ئۈچلەمچى دەۋردىن قالغان بىرمۇنچە دەرەخ تۈرلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە، بۇ ئورمانلار تۆتلەمچى دەۋردىكى كۆچمە مۇزنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمىغان بولسا كېرەك، شۇڭا، قەدىمكى ھايۋانلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدا ئۇمىد بار. ئوتتۇرا تۆتىنچى دەۋرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى

ھايات مەزگىللىرىدە زور ئادەمسىمان مايمۇنلار جۇڭگو قۇرۇقلۇ-
قىدا بىرمەھەل دەۋر سۈرگەن بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ بۇ ئادەم-
سىمان مايمۇنلارنى "ياۋا ئادەم" بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىشى
تولىمۇ تەبىئىي.
ئىنسانلار قانداق پەيدا بولغان ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىل-
غان؟ بۇ مەسىلىنى ۋە يەنە بىرمۇنچە ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈش
قىيىن. ئەگەر "ياۋا ئادەم" توغرىسىدىكى سىر يېشىلىدىغان
بولسا، بۇ مەسىلىگە جاۋاب تېپىشقىمۇ چوقۇم ناھايىتى زور
ياردىمى تېگىدۇ.

## ئىنسانلار مەدەنىيىتىدىكى غەلىتە ئىشلار

مىسىردىكى ئېھرام ئۇزاق زامانلاردىن بېرى دۇنيادا داڭ
چىقىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئۇنى راستلا قەدى-
مىي مىسىرلىقلار ياسىغانمىدۇ دېگەن گۇمانىي قاراشتا بولۇپ
كەلمەكتە. ئەرەب يېرىم ئارىلى، شىمالىي ئامېرىكا، جەنۇبىي
ئامېرىكىدا ھەتتا "بىرمۇدا"دىمۇ ئېھرام بارلىقى سېزىلگەن.
تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئامېرىكىدىكى بەزى "مارس
مۇتەخەسسىسلىرى" گېزىتتە ئېلان قىلغان بىر گۇرۇپپا سۈرەت-
تىمۇ قاتار-قاتار كەتكەن ئېگىز ئېھراملار بولغان. بۇنىڭدىن
مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولامدۇ-قانداق: ئېھرام يەككە-يېگانە
ئەمەس، يېشىلمىگەن باشقا نۇرغۇن سىرلارغا ئوخشاش، ئۇنىمۇ
ئوخشاش بىر ئەقلىي جانلىق ياسىغان، بۇ جانلىق بۇرۇنقى
زاماندا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان، دۇنيادا ھۆكۈم سۈر-
گەن، يۈكسەك مەدەنىيەت ۋە تەرەققىي تاپقان پەن-تېخنىكىنىمۇ
ياراتقان، ئۇلارنىڭ بىناكارلىق جەھەتتىكىلا ئەمەس، بەلكى ئا-

ئېروناۋستىك تېخنىكىسى، دېڭىز قاتنىشى، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى سەۋىيىسىمۇ بىزنىڭ هازىرقى سەۋىيىمىزدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمىگەن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان يەر شارىغا ۋە مۇھىتقا بولغان تونۇشى تېخى ئەمدىلا باشلاندى. بىز ياشاۋاتقان يەر شارى 4 مىليارد 600 مىليون يىللىق تارىخقا ئىگە، بۇنىڭدىن 600 مىليون يىل بۇرۇنلا هاياتلىق پەيدا بولغان. ئەجەبا بۇنىڭدىن پەقەت 2—3 مىليون ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش شارائىتى يارالغانمۇ؟ ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئەقلىي هايۋانلارنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ هازىرغا قەدەر ”ئالەم ئادەملىرى“نىڭ يەر شارىغا زىيارەتكە كەلگەنلىكىگە دائىر ھەقىقىي ئىسپات تېپىلغىنى يوق، دېمەك، دۇنيادا ئۇچىنچى بىر ئەقلىي جانلىق ياشىغان بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن، بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، يەر شارىدا ئاز دېگەندىمۇ بىر قېتىم ئىنسانلار مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىپ ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى هازىرقى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولۇشى ناتايىن، بىراق قاتتىق گېئولوگىيىلىك ھەرىكەت، كۆتۈلمىگەن هاۋا رايى ئۆزگىرىشى ياكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش قاتارلىق كۆتۈلمىگەن تەبىئىي ۋە سۇنئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن، ئەينى زاماندىكى ئىنسانلار پۈتۈنلەي هالاك بولغان، دەرۋەقە مەدەنىيەتمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ يوقالغان، كېيىنكىلەرگە بولسا تەبىئەت كۈچى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىۋېتەلمەيدىغان ئاز مىقداردا مەدەنىيەت قالدۇقلىرى قېپقالغان، مانا بۇلار بىز يېشەلمەيۋاتقان بىرمۇنچە سىرلارغا ئايلىنىپ قالغان.

ئەمدى نەزەرىمىزنى تۆۋەندىكى پاكىتلارغا ئاغدۇرايلى: مارستىكى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدىغان، تاشتىن ياسال-

www.uyghurkitap.com

غان ئادەم كاللىلىرى؛ جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يەر يۈزىدىن 250 مېتىر چوڭقۇر بولغان، ئۇزۇنلۇقى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان تۇنېل سىستېمىسى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر "چوڭ زال"غا تىزىپ قويۇلغان ماتېرىياللىرى تاش، پولات، سۇلياۋمۇ ئەمەس، ھەتتا ياغاچمۇ ئەمەس، ئىش قىلىپ نېمىدىن ياسالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان "ئۆي جاھازلىرى"؛ بۇنىڭ-دىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان مېتال پلاستىنكا ئۈستىگە خۇددى ماشىنا بىلەن مەلۇم قائىدە بويىچە بەت شەكلىگە كەلتۈرۈپ بېسىپ چىقىرىلغاندەك كۆرۈنىدىغان خەت ۋە بەلگىلەر، مانا بۇلارنى تېخى ھازىرغا قەدەر بىلىدىغان، ئوقۇيالايدىغان ئادەم چىققىنى يوق؛ فرانسىيىلىك ماتېماتىكچى، خەرىتىچى ئالانس. ف بۇنىڭدىن 400 نەچچە يىل بۇرۇن سىزغان، دائىرە سىزىقلىرى بىزنىڭ ھازىرقى مەلۇماتىمىزنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان جەنۇبىي قۇتۇپ خەرىتىسى؛ نيۇ-يوركتىكى دۆلەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان كرىستال ئىسكىلىت، ئۇنىڭ ھەجمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، جۇلالىنىپ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىسكىلىتنىڭ كۆزى، بۇرنى ۋە ئاستى-ئۈستى ئىككى قۇر چىشى كارامەت ئۇستىلىق بىلەن نەپىس نەقىشلەنگەن، كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلىدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ ئېڭىكىنى ئاستىن-ئۈستۈن ھەرىكەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ؛ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بىر ئالتۇن كانىدىن خۇددى ئادەملەر ياسىغاندەك مېتال شارىكتىن نەچچە يۈزى قېزىۋېلىنغان، بۇ شارىكلارنىڭ ئۈستى ۋە ئاستى ياپىلاق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا مۇكەممەل ئۈچ ئېرىقچە بار. بولۇپمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ مېتال شارىكلارنىڭ بىرى ئۆز ئوقىدا ئۆزلۈكىدىن چۆگىلىيەلەيدۇ.

پەرەز قىلىنىشىچە، بۇ مىتال شارىكلارنىڭ بۇنىڭدىن 2 مىليارد يىل ئىلگىرىكى نەرسە بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇنىڭدىن 2 مىليارد يىل ئىلگىرىكى قەدىمىي ئادەملەردە قانداق-مۇ بۇنچىلىك تېخنىكا بولسۇن؟...

بۇ مۆجىزىلەر زادى قانداق قېپقالغان؟ ھازىر ھاياتلىق بولمىغان ئاي شارى قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىدا بۇرۇن جان-لىقلار مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەنمۇ-يوق؟ يۇقىرىقىلار ئەنە شۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرىمۇ-ئەمەسمۇ؟ دېگەن پەرەزنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىشقا بولامدۇ-يوق؟

ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ئەگەر پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالىدىغان بالايىئاپەت راستتىنلا يۈز بېرىپ ئۆتكەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ پەرەزلەرنى دەلىللەيدىغان كۈچلۈك ئىسپاتتىن بىرى كۆپەيگەن بولىدۇ.

## سىرلىق مايالار

16-ئەسىردىن ئىلگىرى، ئوتتۇرا ئامېرىكىدا مەدەنىيىتى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان بىر مىللەت—مايالار ياشى-غان. 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئىسپانىيە مۇستەملىكىچى-لىرى مايالار قەبىلىسى ياشاۋاتقان جايغا كەلگەندە، مايالار ئادەم ئەۋەتىپ ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە ئۆزىنىڭ مىللىي مەدە-نىيىتىنى تونۇشتۇرغان. ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئېپ-پىسكوپى لاندو بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ھەيران قالغان، ئۇ مايالارنىڭ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن ئىشلارنى ئاڭلاپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ھەمدە بۇنى "جىن-ئالۋاستىلارنىڭ ئىشى"دەپ قاراپ، بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇ-

غان. بۇ بالايىئاپەتتىن كېيىن، مايالار بىردىنلا ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىمۇ كىشىلەر بۇگۈن-كى كۈندە يېشىشكە تىرىشىۋاتقان سىرغا ئايلىنىپ قالغان.

ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى كەلتۈرگەن بالايىئاپەتتىن كېيىن مايالاردىن ئۈچ قەدىمىي كىتاب، بەزى تاش ئابىدىلەر ۋە تام سىزمىلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت مىراسلار قېپقالغان. لېكىن، مۇشۇ ئازغىنا ”مىراس“مۇ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملارنىڭ بېشىنى تولىمۇ قاتۇرماقتا. مايالارنىڭ يېزىقى غەلىتە بولغاچقا، ئوقۇش قىيىن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، مايا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى سەرپ قىلىپ، ئىلغار ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرخىل يېشىش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاستىلىرىنى قوللاندى. شۇنداقتىمۇ ئاران ئۇ-نىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تونۇيالىدى.

كىشىلەر ئۆزلىرى ئوقۇيالىغان بۇ مايا يېزىقىغا ئاساسەن، كۈيرگۋا تېغىنىڭ ئۈستىدىكى مايا تاش ئابىدىسىگە ئويۇلغان خەت-لەرنى تەرجىمە قىلغان. كىشىلەرنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىق-قىنى شۇ بولدىكى، بۇ ئابىدە يېزىقى يىلنامە ئىكەن، ئۇنىڭدا 90 مىليون يىلدىن ئىلگىرىكى ۋە 400 مىليون يىلدىن ئىلگى-رىكى ئىشلار خاتىرىلەنگەن ئىكەن. كىشىلەرگە مەلۇمكى، بۇ-نىڭدىن 400 مىليون يىل بۇرۇن يەر شارى تېخى ئوتتۇرا ھايات ئىراسىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئىنسانلار زادىلا پەيدا بولمىغان. لاندو قاتارلىقلارنىڭ مايا مەدەنىيىتىنى ”جىن-ئالۋاستىلارنىڭ ئىشى“ دېيىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئارخېئولوگلار قەدىمكى مايالارنىڭ ئىنتايىن توغرا كالېن-

دارى بولغانلىقىنى سەزگەن. ئۇلار قۇياش يىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 365.2420 كۈن ئىكەنلىكىنى توغرا ھېسابلاپ چىققان. 16-ئەسىردە، ياۋروپا مۇتەمىلىكچىلىرى يىلنى بۇنداق توغرا ھېسابلاپ چىقالمايتتى. بۇنداق بولۇش بىلەنلا قالماي، مايالار ۋېنېرا يىلى (يەنى ئۇچرىشىش دەۋرى)نىڭ 584 كۈن بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلگەن ھەمدە قۇياش يىلى كالېندارى بىلەن ئاي يىلى كالېندارى ئوتتۇرىسىدا يىغىلىپ قالىدىغان خاتالىق پەرقىنى تۈزىتىش ئۇسۇلىنىمۇ بىلگەن. مايالارنىڭ ئاسترونومىيىلىك ھېسابلىشىنى 64 مىليون يىل داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

مايالار ئىنتايىن توغرا قۇياش كالېندارى ۋە ئاي كالېندارىنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ 13 ئاينى بىر يىل، ھەر ئاينى 20 كۈن قىلىپ ھېسابلايدىغان غەلىتە كالېندارىنى قوللىنىشقا بەكمۇ ئېتىبار بىلەن قارىغان. بىر يىل 260 كۈن قىلىپ ھېسابلانغان كالېندارنىڭ قىلچە ئىستېمال قىممىتى يوق ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. شۇڭا، كىشىلەر بۇ غەلىتە كالېندارنى مايالارنىڭ ئەجدادى باشقا بىر ”دۇنيا“دىن ئېلىپ كەلگەن مىراس دەپ گۇمانلانماقتا.

ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى يۇكاتان يېرىم ئارىلىدا مايالار ھەيۋەتلىك ئېھرامدىن توققۇزنى ياسىغان. مىسىرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى بىرنەچچە ئېھرامىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئېھراملارنى شۇلار بىلەن قوشكېزەك ئاچا-سىڭىل دېيىشكە بولىدۇ. ئارخېئولوگلارنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، مايالار ئېھرامىنىڭ ئورنى ناھايىتى توغرا ھېسابلانغان؛ ئاسمان بۆرىسىنىڭ شولىسى جەنۇبىي تامنىڭ ھاۋا ئۆتۈشىدىغان يولى ئارقىلىق، ئۇستۇنكى سارايدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن پىر ئەۋنىنىڭ بېشىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ؛ شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنىڭ شولىسى شىمالىي تامنىڭ ھاۋا

ئۆتۈشىدىغان يولى ئارقىلىق ئاستىنقى سارايغا چۈشۈپ تۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئارخېئولوگلار پالېنكو ئابىدە سارىيى ئېھرامىدا مايالارنىڭ قەدىمكى قەبرىسىنى بايقىغان. قەبرىگە قويۇلغان جەسەت ساندۇقىدا بىر ئاقساقالنىڭ ۋە كاھىننىڭ جەسەت سۆڭىكى بار ئىكەن، جەسەت ساندۇقىنىڭ ئاغزىدا راكىتانىڭ كەسمە يۈز سىخېمىسىغا ئوخشايدىغان رەسىم بار بولۇپ، رەسىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىلغان ئادەم بەئەينى باشقۇرۇش تۇتقۇسىنى تۇتۇپ تۇرغان ئالەم ئۇچقۇچىسىغىلا ئوخشايدىكەن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى "ئالەم ئۇچقۇچىسى"نىڭ ئۇزۇن، قاڭشارلىق بۇرنى. قەبرىگە بىللە كۆمۈلگەن قاشتاشلىق ھەيكەل شۇنىڭدەك يەرلىك ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللىنىڭ ھەيكىلىدىمۇ مۇشۇنداق ئۇزۇن قاڭشارلىق بۇرۇن بار ئىكەن. لېكىن، ھازىرغا قەدەر ھەرقانداق ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ بۇرنىنىڭ بۇنداق قاڭشارلىق ۋە ئۇزۇن بۇرنى بولىدىغانلىقى بايقالغىنى يوق. بىراق، قاڭشارلىق ھەم ئۇزۇن بۇرنى بار ئادەملەرنىڭ بۇ ھەيكەللىرى شۇ جايدا "ئۇزۇن بۇرۇنلۇقلار" توغرىسىدا قەدىمدىن تارتىپ تارقىلىپ كەلگەن رىۋايەتلەردىكى ئادەملەرگە ئوخشايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇچار جىسىمنى ھەيدەۋاتقان "ئۇزۇن بۇرۇنلۇقلار" ئاسماندىن چۈشكەنمىش. ھازىرقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ رىۋايەتنىڭ بەزى ئاساسى بولۇشى، جۈملىدىن "ئۇزۇن بۇرۇنلۇقلار"تاشقى ئالەمدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇرۇن كىشىلەر ئېھرامنى بىر خىل قەبرە دەپ قاراپ كەلگەنىدى. لېكىن، بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل بۇرۇن كىشىلەر مايالارنىڭ ئېھرامىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى قېزىۋالغان ھەمدە بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ

يەتكەن. مۇتەخەسسىسلەرنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، بۇ نەرسىلەر ئەسلىدە نەپىس ئىشلەنگەن لىنزا، ئاككۇمۇلياتور، ترانسفورماتور، قۇياش سىستېمىسى مودېلىنىڭ سۇنۇقلىرى، داتلاشماس پولات ۋە باشقا ئىسمىنى ئاتىغىلى بولمايدىغان قېتىشمىلاردىن ياسالغان ماشىنا-سايمان قاتارلىقلار ئىكەن. مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا: ئېھرام مايىلار ئەجدادىنىڭ ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ئىسكىلاتى بولۇشى مۇمكىن. ئېھرامنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇق غەلىتە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم جايغا قويۇپ قويۇلغان جەسەت مۇمىياغا ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن، مەڭگۈ ھايات تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن مىللەت ئۆز سەردارىنىڭ جەسىتىنى ماددىي ئەشيالار ئىشلىتىلىپ تۈگىگەن چوڭ ئىسكىلاتقا قويۇپ قويغان، نەتىجىدە كىشىلەردە ئېھرام ئەسلى بىر قەبرە دېيدىغان خاتا تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالغان.

مايالارنىڭ غەلىتە ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ. قېزىۋېلىنغان چاقلىق ئويۇنچۇق ۋە يۇمىلاق كالېندار قاتارلىق مايا مەدەنىيىتى مايالارنىڭ چاقنىڭ قانۇنىيىتىنى پۇتۇنلەي ئىگەللىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. لېكىن غەلىتە يېرى شۇكى، كىشىلەر مايالارنىڭ ترانسپورتتا ئىشلەتكەن رەسمىي ھارۋا چاقىنى ھازىرغىچە بايقىغىنى يوق. مايالارنىڭ چاقلىق ھارۋا ئىشلىتىپ باقمىغان ئەمەلىيىتىگە يارىشا، ھازىرغا قەدەر تېپىلغان 120 مايا شەھىرىدە، ئۇلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ھېچقانداق يول تېپىلغىنى يوق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا: چاق ۋە يول بولمىغان ئەھۋالدا، مايالار يۇكاتان بىلەن تىنچ ئوكياننىڭ قىرغىقىدىكى گۋاتېمالا ئوتتۇرىسىدا قانداق باردى-كەلدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىشقان؟ كاتتا بۇتخانا ۋە ھەيۋەتلىك ئېھرامنى سېلىش ئۈچۈن شۇ جايدىكى 20 توننىلىق چوڭ تاشلارنى قانداق توشىغان؟ دەپ سوئال قويۇشماقتا. مانا مۇشۇ سوئاللارغا ئاساسەن، بەزى كىشىلەر مايالار ھاۋا قاتنىشى قوراللىرى ئارقىلىق ۋە ماتورلۇق كېمىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قۇرۇقلۇق قاتنىشى قوراللىرى ئارقىلىق توشۇغانمىكىن؟ دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

بۇ بىرقاتار مۆجىزىلەردىن ھاسىل بولغان سىرلار، مايالارنىڭ ئىنسانلار تارىخىدىن بۇرۇنلا يۇكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەت ئارخېئولوگلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇلاردا قاتتىق قىزىقىش پەيدا قىلدى ۋە ئۇلارنى كەڭ تۈردە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا جەلپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى مايالار باشقا بىر ئاسمان جىسىمىدىن كەلگەن ئاھالىلەردۇر، ھېچ بولمىدى دېگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئالەمدىن كەلگەنلەردۇر دېيىشتى. بىراق بۇ قاراشنىڭ يېتەرلىك ئاساسى يوق.

## ئاتلانتىك قىتئەسىنىڭ چۆكۈپ كېتىشىنىڭ سىرى

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار بۇرۇن بىردىنلا ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن چوڭ قۇرۇقلۇق — ئاتلانتىك قىتئەسى ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى بىلەن ئۇزۇندىن بېرى كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ كەلگەن سىر بولۇپ قالدى.

قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپى پلاتون (مىلادى 427 —

347-يىل بۇرۇن) ئۆز ئەسرىدە ئاتلانتىك قىتئەسىنىڭ ئەھۋا-لىنى بايان قىلغان. ئاتلانتىك قىتئەسى گۈزەل، باي، مەدەنىيەتلىك ئارال بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، كۆلىمى 2 مىليون 72 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ يەردە مول بايلىق مەنبەسى بار، ئالتۇن-كۈمۈش كۆپ چىقىدۇ. كىشىلەر دېڭىز ئىلاھىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاتلانتىك قىتئەسىنىڭ جەمئىيىتى بەك چىرىكلىشىپ كەتكەچكە، دېڭىز ئىلاھى قاتتىق غەزىپى تۇتۇپ، ئاتلانتىك قىتئەسىدىكى ئادەملەرنى قاتتىق جازالىغان، نەتىجىدە بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە قاتتىق يەر تەۋرەش ۋە كەلكۈندە پۈتۈن قىتئە دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كېتىپ، ئۆركەشلەپ دولقۇنلاۋاتقان ئاتلانتىك ئوكياندا غەرق بولغان. ھازىر قارايدىغان بولساق، بۇ رىۋايەتتىكى بىرمۇنچە ھادىسىلەر ئانچە غەلىتە تۇيۇلمايدۇ.

مىلادى 1870-يىلى، گېرمانىيىنىڭ ئاتاقلىق ئارخېئولوگى شورمان گرېتسىيىنىڭ پېلوپوننىسا يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن مىكېناك قەدىمكى مەدەنىيەت خارابىسىنى قېزىپ تاپقان. 30 يىلدىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ ئاتاقلىق ئارخېئولوگى ئېيفانس كرىت ئارىلىدىن ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى مېينوس مەدەنىيەت خارابىسىنى قېزىپ تاپقان. ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇلۇغ نەتىجە دۇنيادا داغدۇغا پەيدا قىلدى، كىشىلەر دېيىشىپ قويغاندەك بۇ ئىككى ئىشنى ئاتلانتىك قىتئەسىنىڭ ”يوتۇپ كېتىشى“ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىلادىدىن 20 ئەسىر بۇرۇنقى دەۋردىن 15 ئەسىر بۇرۇنقى دەۋرگىچە بولغان 450 يىل مېينوس مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ، ئۇ دەۋرنىڭ ئاساسلىق مىراسى نوساس خان سارىيى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ يەردىكى خەلق تىنچلىقنى سۆيەتتى، بەھۇزۇر ياشايتتى، شۇنداقتىمۇ مىلادىدىن 15 ئەسىر بۇرۇن ئۇشتۇمتۇت يوقالغان. مانا بۇلار رىۋايەتتىكى ئاتلانتىك قىتئەسىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى بىلەن نېمىدېگەن ئوخشىشىپ كەتكەن-ھە!

پارلاق مېينوس مەدەنىيىتىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يوقىلىپ كېتىشىگە زادى قانداق كۈچ سەۋەب بولغان؟ يېقىنقى زامان يانار تاغ ئىلمى سانتورىن ئارىلى (كرىت ئارىلىنىڭ شىمالىغا 113 كىلومېتر كېلىدىغان جايدا) دىكى يانار تاغنىڭ قاتتىق پارتلىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن دەھشەتلىك دېڭىز تاشقىنىنىڭ شۇ قېتىمقى بالايىئاپەتنى پەيدا قىلغان تەبىئىي كۈچ ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى.

دەرۋەقە، كرىت ئارىلى بىلەن ئاتلانتىك قىتئەسى مەسىلىسىنى بىر مەسىلە قاتارىدا مۇلاھىزە قىلغاندا بىرمۇنچە نۇقسانىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، مەسىلەن، كۆلەم بىلەن ۋاقىت بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. ھازىر، ئازور ئېگىزلىكى ”يوقالغان“ ئاتلانتىك قىتئەسى بولۇشى مۇمكىن، دەيدىغان قاراش بار. چۈنكى، ئاتلانتىك ئوكيان تەكتىدىكى “S” شەكىللىك تاغ دۆمبىسىنىڭ ئازور تاقىم ئاراللىرىغا يېقىن جايى كېڭىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى، چوڭ-كىچىكلىكى ۋە شەكلى

پلاتون تەسۋىرلىگەن ئاتلانتىك قىتئەسىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتى-دۇ. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە، ئازور ئېگىزلى-كى ئەسلىدە قۇرۇقلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ دېڭىز ئاستىدىكى قورام تاشلىرى بۇنىڭدىن ئون نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن يانار تاغنىڭ پارتلىشىدىن هاسىل بولغانىكەن. كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغى-نى شۇكى، سۇ ئاستى سۈرەتكە ئېلىش نەتىجىسى دېڭىز ئاستىدا قەدىمكى ئىمارەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قەدىمكى بابلون ۋە مېكسىكا قاتارلىق جايلاردا: "يىراق قەدىمكى دەۋردە، قول-دىن ئىش كېلىدىغان بەزى ئادەملەر يىراق جايدىن كېمە بىلەن كېلىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، 365 كۈنلۈك كالېندار ۋە ئېھرام بىناكارلىقى بىلىملىرى قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگەتكەن ھەمدە قۇياش دىنىنى تارقاتقان" دېگەنگە ئوخشاش بىر رىۋايەت تارقىلىپ كەلگەن. دېمەك، ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئىككى قىرغى-قىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، دىنى، بىناكارلىق سەنئىتى، ھەتتا ئا-دەملىرىنىڭ تاشقى قىياپىتىنىڭ بىر-بىرىگە شۇنچە ئوخشىشىپ كېتىشىنىڭ ئەجەبلىنەرلىكى يوق. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتى-رىلىنىشىچە، ئىسپانىيىلىك باسقىنچى تارقاتقۇچىلىرى ئاتلان-تىك ئوكياننىڭ ئۇ قېتىدىكى مايالار قەبىلىسى بار جايغا دىن تارقاتقىلى بارغاندا، ئۇلارنىڭ باسقىلار تىلىنى ئاز-تولا چۈشىنە-لەيدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ، كىشىلەردە ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لارنىڭ ھەممىسى ئاتلانتىك قىتئەسىدىكىلەرنىڭ ئەۋلادىمىدۇ دەيدىغان سوئال تۇغۇلىدۇ.

ئاتلانتىك قىتئەسى زادى نەگە چۆكۈپ كەتكەن؟ بۇ سىرنى يېشىشتە نۇرغۇن يىپ ئۇچى تېپىلدى، شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇ سىر چوقۇم يېشىلىدۇ.

# ئاي بىلەن قۇياشنىڭ تەڭ چىقىشى كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئاجايىپ كۆرۈنۈش

كۈندۈزى قۇياشنىڭ شەرقتىن چىقىپ، غەربتە ئولتۇرۇشى، كەچتە ئاينىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى ئاللىبۇرۇن كىشىلەر تونۇ-شۇپ كەتكەن قانۇنىيەت بولۇپ قالغان. لېكىن سىز ئاي بىلەن قۇياش تەڭ چىقىدىغان ئاجايىپ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

خاڭجۇغا 82 كىلومېتىر كېلىدىغان خەييەن ناھىيىسىنىڭ نەنبېيخۇ كۆلى مەنزىرىلىك رايونىدىكى بۇركۇت ئۇۋىسى ئۇستىدە كۆرۈنىدىغان ”ئاي بىلەن قۇياشنىڭ تەڭ چىقىشى“دەك ھادىسە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى سىر بولۇپ كەلمەكتە. مۇشۇ بىر-نەچچە يىلدا قەمەرىيە بويىچە ھەر 10-ئاينىڭ باشلىرى سەھەردە ئاز بولغاندا بىر-ئىككى مىڭ، كۆپ بولغاندا تۆت-بەش مىڭ كىشى بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشنى تاماشا قىلىشتى. 1980-يىلدىن 1985-يىلغىچە كۆرۈلگەن ئاي بىلەن قۇياشنىڭ تەڭ چىقىش

ھادىسىسى ئەڭ قىسقا بولغاندا بەش مىنۇت، ئەڭ ئۇزاق بولغاندا 31 مىنۇت، ئادەتتە 15 مىنۇت داۋام قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەنزىرىلىك كۆرۈنۈشنىڭ ھەر قېتىمقىسى بىر-بىرىگە ئانچە ئوخشىشىپ كەتمىدى. بۇ ھادىسىنى ھازىرغىچە تېخى ئىلمىي چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەن كىشى يوق.

"ئاي بىلەن قۇياشنىڭ تەڭ چىقىشى" ھادىسىسىنى 1980-يىلى خاڭجۇ داشۆسىدىكى فىلىپ تېپىنىڭ ئەپەندى قەدىمكى كىتابتىن بىلىپ، شۇ يىلى قەمەرىيە بويىچە 10-ئاينىڭ 1-كۈنى ۋۇلىن ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى شىي بىڭسۇڭ مۇئەللىم بىلەن بىللە كۆزىتىپ بىلگەن. بۇ ھادىسە يەرلىك ئامما ئىچىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋام قىلىپ كەلگەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىتابلاردا ئاندا-ساندا تەسۋىرلەنگەن ۋە خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن تولۇق سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ئازكەم مىڭ يىل ئۇزۇلۇپ قالغان.

"ئاي بىلەن قۇياشنىڭ تەڭ چىقىشى" زادى قانداق ھادىسە؟ نېمىشقا پەقەت 10-ئاينىڭ 1-كۈنىلا شۇ يەردە كۆرگىلى بولىدۇ؟ بۇ ھال كىشىگە نىل دەرياسى ۋادىسىدىكى "دونتاي" دېگەن جايدىن تېپىلغان تاش ئويمىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭدىكى بەزى سىزمىلاردا قەدىمكى بابلون ھەربىي يۇرۇشىنىڭ ھالىتى تەسۋىرلەنگەن، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ تاش ئويمىغا ئويۇلغان ئوفىتسىر ۋە جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى قۇياش چىقىپتۇ دېگەندەك قىلىپ ئاسمانغا قارىشىپ قالغان. دەرۋەقە، ھازىرقى زاماندا ئاسماندا بىرنەچچە قۇياش پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال

كۆرۈلىدۇ، لېكىن ئۇ شىمالىي ياۋروپا رايونىدىكى ئىش، چۈنـ
كى بۇ رايوندا ھاۋادىكى پار بەك زىچ بولغاچقا، بىر قۇياش
بىرنەچچە ساختا كۆرۈنۈش بولۇپ ئەكس ئېتىدۇ، لېكىن ئافرىـ
قىدا ھېچقاچان بۇنداق ھادىسە كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. ئاي ۋە
قۇياشنىڭ تەڭ چىقىشى بىلەن ئاسماندا بىرنەچچە قۇياشنىڭ تەڭلا
پەيدا بولۇشىنىڭ مەلۇم ئالاقىسى بارمۇ-يوق، بۇنىڭغا كېسىپ
بىرنەرسە دېيىش قىيىن، لېكىن بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشكە ئادەمـ
نىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ.

مۇشۇ بىرنەچچە يىل مابەينىدە ئاي بىلەن قۇياشنىڭ تەڭ
چىقىش جەريانىدىن قارىغاندا، بۇنىڭدا مۇنداق بىرقانچە خىل
ئەھۋال كۆرۈلگەن: بىرىنچى، ئاي بىلەن قۇياش بىر گەۋدە
بولۇپ چىيەنتاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئاسمىنىدىن تەڭلا كۆتۈرۈلـ
گەن، قۇياش بىلەن ئاي گىرەلىشىپ كەتكەن، ئەمما قۇياشنىڭ
دىئامېترى ئاينىڭكىدىن چوڭراق بولغان. ئىككىنچى، قۇياش
كۆتۈرۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ يېنىدا سۇس رەڭلىك ئاي
پەيدا بولۇپ، تۇرۇپ قۇياشنىڭ سول تەرىپىگە، تۇرۇپ ئوڭ
تەرىپىگە، يەنە تۇرۇپ قۇياشنىڭ ئۈستىگە، تۇرۇپ ئاستىغا
ئۆتۈپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەن. ئاي قۇياشنىڭ ئالدىدىن
ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، قۇياش يۈزىنىڭ كۆپ قىسمى توسۇلۇپ
قېلىپ، قۇياشنىڭ رەڭگى سۇسلىشىپ كەتكەن. ئۈچىنچى، ئاي
ئاۋۋال چىققان، ئاندىن ئوخشاش بىر تۈز سىزىقتىن دېگۈدەك
قۇياشمۇ كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ئاينىڭ شولىسى بىلەن بىللە نۇر
چاچقان. تۆتىنچى، ئاي ئاۋۋال قۇياشقا ئۇتتۇر كېلىپ قالغان،

كېيىن قۇياشتىن چەتنىگەن، ئاندىن كېيىن قۇياش ئەتراپىغا نۇرچاچقاندا، ئاي ھىلال شەكلىگە كىرگەن. بەشىنچى، ئاي قۇياش بىلەن بىر دۈگىلەك بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ، تا يوقالغانغا قەدەر قۇياشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەتراپقا شولا چاچقان.

بىز بۇ سىرنىڭ تېزرەك يېشىلىشىنى كۈتىمىز، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈشنى تاماشا قىلىش ئىمكا-نىيىتىگە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## سىرلىق ”ئادەمسىز كېمە“

يېقىنقى بىر-ئىككى يۈز يىلدىن بېرى، كىشىلەر ”ئادەم-سىز كېمە“ ۋەقەسىنى كۆپ ئاڭلىغان.

1885-يىل 2-ئاينىڭ 28-كۈنى، ئەنگلىيىنىڭ ئۈچ ماچتى-لىق ”ماراتون“ ناملىق كېمىسى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكياندا ئامېرىكىنىڭ ئۈچ ماچتىلىق بىر كېمىسىگە ئۇچراشقان، بۇ كېمە ئوكياندا خالىغانچە ئېقىپ يۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يەلكىنى چۇشۇپ كەتكەن، ھەيدەيدىغان ئادىمى يوق ئىكەن. ”ماراتون“ ناملىق كېمىنىڭ خادىملىرى ئۇ كېمىگە چىقىپ، كېمىنىڭ ھېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمىغانلىقىنى، كېمىدىكى مال-نىڭمۇ شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى، ئوزۇقلۇق ۋە سۇنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. ھېچقانداق ئېلىشىش ۋە زورلۇق كۈچى ئىشلىتىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن، كېمىدە ئادەم قالمىغان، دېڭىز قاتنىشىغا دائىر خاتىرە ۋە كومپاسمۇ تېپىلمىغان. دەس-

لەپتە كىشىلەر بۇ كېمىدىكى كىشىلەر قېيىققا ئولتۇرۇپ كې-
تىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراپ، كېمىنى ئۆزىنىڭ
كېمىسىگە سۆرىتىپ نيۇ-يوركقا ئاپارغان. لېكىن سۈرۈشتۈ-
رۈش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكى ئېنىقلانغان.

1880-يىلى، كىشىلەر ئامېرىكىنىڭ رود-ئايلېند شتاتى
نيۇپورت شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يىستونس-بىچى بازىرىغا يېقىن
دېڭىز يۈزىدە ”شىبېرد“ ناملىق بىر كېمىدىمۇ شۇنداق ئەھۋالنى
كۆرگەن، كېمە باشلىقى بۆلۈمىدە ناشتىلىق تائاملار تۇرغان
بولسىمۇ، ئەمما كېمىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىغان.

1881-يىل 12-ئاينىڭ 12-كۈنى، ”ئايلون ئوستىن“ناملىق
كېمىدىكى كىشىلەر شىمالىي ئاتلانتىك ئوكياندا لەيلەپ يۈرگەن
گويا ئىچىدە ئادەم يوقتەك بىر يەلكەننى كۆرگەن. ئۇلار كېمىگە
يېقىنلىشىپ، قارىغۇدەك بولسا، كېمىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى
كېمە نامى ئۆچۈپ كېتەي دەپ قالغان. ئۇلار ئۇ كېمىگە چىققان-
دىن كېيىن، ھېچقانداق غەيرىي نورمال ئەھۋالنى سەزمىگەن.
كېمىدىكى نەرسە-كېرەكلەر —— يەل-يېمىش ۋە شېشىلىك ھا-
راقلار ئىزىدىن قىلچە مىدىرىمىغان، ئوزۇقلۇق ۋە تاتلىق سۇمۇ
يېتەرلىك تۇرغان، شۇنىسى ئادەم يوق. كېمە باشلىقى بىرنەچچە
ئادەمنى بۇ كېمىدە قالدۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەربىي كېمىسى-
گە سۆرىتىپ ئېلىپ مېڭىشنى قارار قىلغان. ئۈچ كۈندىن
كېيىن، دېڭىزدا قاتتىق بوران چىقىپ، كېمىنى سۆرەپ ماڭغان
ئارقان ئۈزۈلۈپ كەتكەن، كېچە بەك قاراڭغۇ بولغاچقا، ئىككى
كېمە ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغان. ئەتىسى ئۇلار بۇ

كېمىنى تېپىپ قارىسا، كېمە باشلىقى قالدۇرۇپ قويغان كېمە-چىلەر يوق تۇرغان. نيۇ-يوركقا يەنە 300 كىلومېتىر قالغان بولغاچقا، كېمە باشلىقى نۇرغۇن پۇل بېرىپ بىرنەچچە كېمىچى-نى يەنە ھېلىقى كېمىگە چىقارغان. لېكىن بىر كۈن ئۆتە-ئۆت-مەيلا يەلكەن يەنە ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن.

ھازىرغا قەدەر، كىشىلەر "ئادەمسىز كېمە"دىن نەچچە ئوننى بايقىغان. ئالىملار شۇنداق دەپ قارايدۇكى، بۇ ۋەقەنى "دېڭىز-ئوكيان ئاۋازى" يەنى دېڭىز بورىنىدىن پەيدا بولغان ئىنفرا ئاۋاز دولقۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىنفرا ئاۋاز دولقۇنى قۇلاققا ئاڭلانمايدىغان دولقۇن بولۇپ، ئۇنىڭ چاستوتىسى 20 گېرتستىن تۆۋەن. بۇ دولقۇن ئادەمنى ئازابلايدۇ، دېڭىز كېسە-لىگە گىرىپتار قىلىدۇ ھەتتا كۆزنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ.

بۇ خىل قاراشنىڭ توغرا-توغرا ئەمەسلىكى دەلىل-ئىسپات-لارنى كۈتىدۇ.

## نامەلۇم ئاقار جىسىمنىڭ سىرى

نامەلۇم ئاقار جىسىم USOنى كۆرگەنلەر يىلدىن يىلغا كۆپەيمەكتە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ۋەقە بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا.

1902-يىل 10-ئاينىڭ 28-كۈنى كېچە سائەت ئۈچتە، ئەنگلىيىنىڭ "فوت سورسبېل" ناملىق يۈك كېمىسى گۋىنىيە-نىڭ دېڭىز تەۋەلىكىدە كېتىۋاتقاندا، كىشىلەر توساتتىن دېئا-

مېترى تەخمىنەن 30 فۇت، ئۇزۇنلۇقى 200 فۇت كېلىدىغان غايەت زور توخماق شەكىللىك غەلىتە نەرسىنىڭ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغىنىنى كۆرگەن.

1951-يىل 10-ئاينىڭ 3-كۈنى، برازىلىيىنىڭ برونېۋىك كېمىسى ئازور تاقىم ئاراللىرىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدا توختىغاندا توساتتىن يوقاپ كېتىپ، ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان. ئەتىسى سەھەردە، ئۇ ئايروپىلان بىلەن دېڭىز ئۈستىدە ئىزدىلىۋاتقاندا، توساتتىن سۇدا بىر قارا نەرسىنىڭ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقانلىقى سېزىلگەن. باشقا بىر خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، 3-چىسلا كېچىسى ۋە 4-چىسلا سەھەردە شۇ دېڭىز يۈزىدە نۇر پەيدا بولغان. 1958-يىلى، ئىككى بېلىقچىلار كېمىسىدىكىلەرمۇ فلورىدا يېرىم ئارىلىدىكى دېڭىز يۈزىدە يۇمىلاق ئۇچار جىسىمنىڭ بىرمۇدا دېڭىز تەۋەسىگە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن.

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، 1963-يىلى، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى پۇئېرتو-رىكو تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز رايونىدا ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، بىر قوغلىغۇچى پاراخوتنىڭ ئاۋاز تارتىش ئەسۋابى توساتتىن نامەلۇم سۇ ئاستى ئۈزگۈچ جىسىمنىڭ پىرقىرىغۇچىنىڭ مىنۇتىغا 100 — 180 قېتىم پىرقىرىغان ئاۋازىنى تارتىۋالغان. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى بىر قوغلىغۇچى پاراخوت بىلەن بىر سۇ ئاستى پاراخوتىنى ئىزدەشكە ئەۋەتكەن، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن چىققىنى شۇ بولدىكى USO سائىتىگە 280 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن، بەزىدە 8مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى

سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەن، ھازىرقى سۇ ئاستى كېمىسى تېخى بۇ سەۋىيىگە يەتكىنى يوق.

1968-يىلى 5-ئاينىڭ 28-كۈنى، ۋەھىمىلىك ۋەقە ئاخىر يۈز بەرگەن. ئامېرىكىنىڭ "چايان"ناملىق يادرو سۇ ئاستى كېمىسى ۋىرگىنىيە ئەتراپىدا چارلاش ئېلىپ بېرىپ، نورفولك پورتىغا كىرمەكچى بولۇۋاتقاندا توساتتىن ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. كېيىن ئازور تاقىم ئاراللىرىغا 460 دېڭىز مىلى كېلىدىغان جايدىكى دېڭىزنىڭ 3مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قىسمىدا بۇ سۇ ئاستى پاراخوتى تېپىلغان، پاراخوت ئىچىدە تائاملار جوزىغا تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، پاراخوتمۇ ھېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمىغان، شۇنىسى پاراخوتتا ھېچبىر ئادەم كۆرۈنمىگەن.

1973-يىلى بىر قېتىم USO ۋەقەسى يۈز بېرىپ پاتىپاراقچىلىق بولۇپ كەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا نورۋېگىيىنىڭ ۋېيئېنكسىنا ئەتراپىدىكى دېڭىزغا 127 ھەربىي پاراخوت توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ پاراخوتتىكىلەر توساتتىن نامەلۇم بىر سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ قوشۇلۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن، شۇنىڭ بىلەن فلوت دەرھال دېڭىز پورتىنىڭ چىقىش ئېغىزىنى قامال قىلىپ، سۇ مىناسى ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە ئۇ پاراخوتنى قولغا چۈشۈرۈشنى بۇيرۇغان، لېكىن بۇ ھەرىكەتلەر مەغلۇپ بولغان، ئاخىر فلوت قوماندانى سۇ ئاستىدىن پارتلىتىشنى بۇيرۇغان، بۇ ۋاقىتتا دېڭىز يۈزىدە بىردىنلا ئاسمان پەلەك سۇ كۆتۈرۈلۈپ، USO توساتتىن سۇ يۈزىگە چىققان، شۇنىڭ بىلەن، ھايت-ھۇيت دېگۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چە جىمى ھەربىي پاراخوتنىڭ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى كارغا كەلمەس بولۇپ قالغان، ئارقىدىنلا USO ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغان.

بۇ ئاجايىپ USO ۋەقەلىرى كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويۇش بىلەن بىللە، كىشىلەرنىڭ بۇ سىرنى يېشىشىنىمۇ كۈتمەكتە.

## كولۇمبىيىدىكى مۇمىيا

دۇنيادا ئورمان، كان بايلىقى، سۇ بايلىقى دېگەندەك خىل-مۇخىل بايلىق مەنبەلىرى بار، بۇ بايلىق مەنبەلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش نەتىجىسىدە، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىپ ۋە بېيىپ كەلدى. لېكىن سىز يەنە باشقا بىر خىل غەلىتە بايلىقنىڭ يەنى مۇمىيانىڭمۇ ئەنە شۇنداق بايلىق قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى، يەنە كېلىپ مۇشۇ بايلىق بار جايدىكى كىشىلەرنىڭ مۇمىيا پەيدا قىلىش يولى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭىز.

كولۇمبىيىنىڭ ماگدالېنا ئۆلكىسىدە سان-بېرنادو دېگەن بىر جاي بولۇپ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 1790 مېتر ئېگىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا كىلىماتى نەم. شۇڭا، يەرلىك ئەمەلدارلار قەبرىستانلىقنى باشقا جايغا يۆتكىمەكچى بولغان. بىراق، بۇ ئىشنى يولغا قويۇش داۋامىدا مۇنداق بىر مۆجىزە كۆرۈلگەن:

كىشىلەر جەسەت ساندۇقلىرىنى ئېچىپ قارىسا، جەسەتلەر كۆ-مۈلگەن چاغدىكىدەك تۇرغۇدەك، ئەر-ئايال، قېرى-ياشلارنىڭ جەسىتى پۈتۈنلەي شۇنداق تۇرغۇدەك. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغى-نى شۇكى، يەرلىككە قويۇلغىنىغا 15 يىل بولغان جەسەتلەر مۇمىياغا ئايلىنىپ قالغانلا بولماستىن، بەش يىل بولغان جەسەت-لەرمۇ مۇمىياغا ئايلىنىپ قالغان، بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەت-مەيدۇ، لېكىن بۇ ھادىسە كىشىلەرنى قىزىقتۇرغان.

بىزگە مەلۇمكى، ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ھاۋا ئىنتايىن قۇر-غاق بولسا، خېلى ئۇزاق ۋاقىتتا جەسەت ئاندىن مۇمىياغا ئايلى-نىدۇ. دېمەك، سان-بېرنادودىكى مۇمىيالار ئۇزاق مۇددەتتىن بېرى يېشىلمەس سىر بولۇپ كەلدى دېگەن گەپ.

ئۇ يەر نەم تۇرسا، يەرگە كۆمۈلگەن جەسەتلەر نېمىشقا چىرىپ كەتمەيدۇ؟ ئۇلارنى تەبىئەتنىڭ بۇزۇش كۈچىگە تاقابىل تۇرالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغان ئامىل نېمە؟ نېمىشقا سان-بېرنادونىڭ باشقا جايلىرىدىكى قەبرىستانلىقتا قويۇلغان جە-سەتلەر مۇمىياغا ئايلانمايدۇ؟ بەزىلەر، شۇ جاينىڭ تۇپرىقىدىكى مەلۇم مىنېرال ماددىلار جەسەتنىڭ چىرىمەي تۇرۇشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. تۇپراق تەتقىق قىلىدىغان نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر ۋە دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ تېخنىكلىرى بېرىپ تەتقىقات ئېلىپ بار-غان بولسىمۇ، بۇنىڭدىكى سىرنى ھازىرغىچە ھېچكىم يېشەلمى-گەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەرلىك ئۆرپ-ئادەت بويىچە جەسەتلەر جەسەت ساندۇقىغا سېلىپ چوڭقۇر كۆمۈلگەن بولۇپ، يەرگە

بىۋاستە تەگكۈزۈلمىگەن. شۇڭا يۇقىرىدىكى پەرەز ھەرخىل گۇمانلارنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

بۇ غەلىتە ھادىسە شۇ جايدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاينغى ئۈزۈلمىگەن ھالدا قەبرىستانلىققا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا جەلپ قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى باشقا جايلاردىكى كىشىلەرنىمۇ بارغانسېرى جەلپ قىلماقتا. يەرلىك ئاھالىلەر بۇ مۇمىيالارنىڭ جايلاردىن تېخىمۇ كۆپلىگەن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىشقان، چېركاۋدىكى پوپ ئاتىلار ساياھەتچىلەرنى تېخىمۇ جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئۇ يەرگە بىر موزېي سالدۇرماقچى بولغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ غەلىتە بايلىق — مۇمىيا ئۈمىدكە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن.

شۇنىمۇ دېگەچ ئۆتۈپ كېتەيلى، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى باربادوس ئارىلىدا غەلىتە بىر گۆر بارئىكەن: جەسەت ساندۇقى بۇ گۆرگە قويۇلۇپ بىر يىل ھەتتا بىرنەچچە ئايدىلا ئورنىدىن قوزغىلىپ قالىدىكەن، ئەمما ئۇنىڭ ئادەم تەرىپىدىن قوزغىتىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئالامەت تېپىلمىغان ئىكەن. بۇ سىرنى يېشىش ئۈچۈن، بارباداسنىڭ ۋالىيسى نۇرغۇن مۇكاپات ئاجراتقان بولسىمۇ، لېكىن تا ھازىرغىچە بۇ مۇكاپات ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغان.

بۇ غەلىتە ھادىسىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك، بۇ ھەقتە كىشىلەرنىڭ يەنىمۇ ئىزدىنىشىگە توغرا كېلىدۇ.

# پىرئەۋنىنىڭ قارغىشى توغرىسىدىكى سىر

1922-يىلى، ئەنگلىيىنىڭ مىسىرلىق بىر مۇتەخەسسىسى ئۇزاق مۇددەت ئىزدەش ئارقىلىق، قەدىمكى مىسىرنىڭ 18-سۇلالىسىنىڭ پىرئەۋنى تۇتېنكامون قەبرىسىنى تاپقان. بۇ قەبرە قەدىمكى مىسىردىكى پىرئەۋنىنىڭ هازىرغا قەدەر تېپىلغان ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ قىممەتلىك قەبرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بىراق، كىشىلەر ئارىسىدا تەۋرىنىش پەيدا بولۇشىغا بولا ئەمەس، بەلكى قەبرە تېپىلغاندىن بۇيانقى ئىككى يىلدا ئۇنى قازغان ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلغان ئادەمدىن 20 نەچچىسىنىڭ ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا ئارقا-ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىشىمۇ سەۋەب بولغان. پىرئەۋنىنىڭ قەبرىسىگە ئورنىتىلغان ئابىدىدە: ”پىرئەۋنىڭ تىنچلىقىغا دەخلى يەتكۈزگۈچىلەر ئۆلۈم بالاسىغا ئۇچرايدۇ“ دەپ بېشارەت قىلىنغان. شۇڭا، بۇ ئۆلگۈچىلەر ”پىرئەۋنىڭ قارغىشىغا كەتكەن“ دېگەن پاراڭ تارقالغان.

پىرئەۋنىڭ قەبرىسىگە كىرگەنلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ سىرى نېمە؟ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، كىشىلەر خىلمۇخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى.

بىرخىل قاراش شۇكى، پىرئەۋنىڭ قەبرىسىنىڭ تېمىغا قىزغۇچ ۋە كۆكۈچ نەرسە چاپلانغان، شۇ نەرسە كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ تارقاتقان ماددا ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن. يەنە بىرخىل

قاراش شۇكى، قەبرىنىڭ تەكتىگە تەركىبىدە ئۇران ياكى رادىئو ئاكتىپلىق ماددا بار تاشلار ياتقۇزۇلغان بولۇشى، بۇ ماددىلار هازىرمۇ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان تەسىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بەزى ئالىملار مىسىرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ ئۆتكۈر زەھەرلىك زىيانداشلاردىن قەبرىنى قوغدايدىغان قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىش سەۋىيىسىگە يەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار ئەنە شۇ زىيانداشلاردىن پايدىلىنىپ، قەبرىنى زوراۋان كۈچلەرنىڭ دەخلى-تەرۇزىدىن ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان.

يەنە بىرخىل قاراشتىكىلەر مۇنداق پەرەز قىلىشىدۇ؛ گۆرىدە ئىسمى نامەلۇم بىر خىل باكتېرىيە ياكى ۋىرۇس بولۇشى، بۇ باكتېرىيە ۋە ۋىرۇسلارنىڭ بىر قىسمى 4 مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن بولۇشى، گۆرگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنلەر ئەنە شۇلارغا ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن.

فرانسىيىلىك دوختۇر فىلىپ يېقىنقى يىللاردا: بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈشىگە قەبرە ئىچىدىكى زامبۇرۇغقا نىسبەتەن سەزگۈرلۈكى تولىمۇ ئېشىپ كېتىشتەك ئەكس تەسىر ئامىلى سەۋەب بولغان، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، ئۆلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆپكىسى ياللۇغلىنىپ، نەپەسى بوغۇلۇپ ئۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، قەدىمكى مىسىرىكى پىرئەۋننىڭ قەبرىسىگە ئالتۇن-كۈمۈش، مەرۋايىت

قاتارلىق نەرسىلەردىن باشقا، يەنە نۇرغۇنلىغان يەل-يېمىش، كۆكتات ۋە باشقا يېمەكلىكلەرمۇ قويۇلغان، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرد. شىغا ئەگىشىپ، بۇ نەرسىلەر چىرىپ ئورگانىك ماددىغا ئايلان. غان، شۇنىڭ بىلەن ھەرخىل، ھەر ياڭزا زامبۇرۇغلار پەيدا بولغان. بۇ خىل زامبۇرۇغلار ئېغىزى ھىم ئېتىلگەن گۆردە نەچچە مىڭ يىل ياشىيالايدۇ ھەمدە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولماي. دىغان مىكرو زەررىچىگە ئايلىنىپ، گۆرنىڭ تېمىغا چاپلىشىۋا. لىدۇ، گۆركە كىرگەن ئادەم ئۇنى سۈمۈرۈۋالىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ئۆپكىسى جىددىي خاراكتېرلىك ياللۇغلىنىپ، ئۆپكىسى. نىڭ نەپەسلىنىش تۆشۈكچىلىرى ئېتىلىپ قالىدۇ-دە، ئاخىر نەپىسى بوغۇلۇپ ئۆلىدۇ. بۇ قاراش ئىلگىرىكى بىرنەچچە خىل چۈشەندۈرۈشلەرگە قارىغاندا ئىلمىيرەك بولغاچقا، نۇرغۇن كى. شىلەرنىڭ قوۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 12. تەبىئەت توغرىسىدا ئاجايىپ خەۋەرلەر

## پەۋقۇلئاددە چوڭ تۇنگۇس مېتېئورىتى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇكرائىنا پەنلەر ئاكادېمىيە-سىنىڭ ئالىملىرى مۇنداق بىر تەتقىقات يەكۇنىنى ئوتتۇرىغا قويغان: 1908-يىلى ئاسماندىن چۈشكەن تۇنگۇس مېتېئورىتى-نىڭ ئېغىرلىقى 5 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. بۇ مېتېئورىت 1908-يىل 6-ئاينىڭ 30-كۈنى سىبىرىيە ئورمانلىقىدىكى تۇن-گۇسكا رايونىغا چۈشكەن. لېكىن مېتېئورىت يەرگە چۈشۈشتىن بۇرۇن ئىنتايىن قاتتىق پارتلىغان، ھەتتا ئۇنىڭ بىرەر تال پارچىسىمۇ قالمىغان. ئۇنىڭ تۈپ ماددىسى نېمە، بۇ ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ كەلمەكتە. ئۇكرائىنا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ مېتېئورىت پارتلىغان رايوندىن تاشقى پلانېتلارنىڭ ئالماس، سۇرمە تاش پارچىلىرىنى تاپقان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالەمدىن چۈشكەن كاربونلۇق ئىزوتوپلار — C14 نى تاپقان. ئۇلار ئىزوتوپلارنىڭ مىكرو زەرەتچىلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ۋە پارتلىغان مىك-رو زەرەتچىلەرنى ھېسابلاش ئارقىلىق، بۇ مېتېئورىتنىڭ ئې-غىرلىقىنى تاپقان.

# قاتتىق ۋارقىرايدىغان تاش ھەيكەل

بۇ بىر تاش ھەيكەلنىڭ قاتتىق ۋارقىراپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇ-ۋالغانلىقى سۆزلىنىدىغان ھېكايىدۇر. 1795-يىلى، ئەنگلىيە-نىڭ تۇركىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى توماس بۇرس ماركىز (1766—1841-يىللىرى) تۇركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتى بىلەن، گرېتسىيىنىڭ پايتەختى ئافىنا قەلئەسىدىكى مەشھۇر ئېلېكسۇم مۇئەككەل ئوردىسىنى چۇۋۇۋېتىپ، ئۇنى لوندوندا باشقىدىن سالماقچى بولغان.

چۇۋۇش ئىشى كېچىدە باشلانغان، ئىشچىلار بۇ ئىمارەتنى كۆتۈرۈپ تۇرغان توغرا لىمنى چۇۋۇماقچى بولۇۋاتقاندا، تۇساتتىن بىر تاش ھەيكەل قاتتىق ۋارقىراپ كەتكەن. ئىشچىلار خۇدانىڭ غەزىپى تېشىپتۇ دېيىشىپ، قورققىنىدىن تىكىۋەتكەن، چۇۋۇش پىلانىمۇ ئامالسىز تاشلاپ قويۇلغان. سەككىز تاش ھەيكەلنىڭ بىرىلا ئەنگلىيىگە يۆتكەپ بېرىلگان، ھازىر بۇ ھەيكەل بۇيۇك ئەنگلىيە موزېيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلماقتا.

قەدىمكى گرېتسىيىلىكلەر بۇ تاش ھەيكەللەرنى ھەشەمەت-لىك يۇمىلاق تاش تۈۋرۈك ئۈستىگە ياسىغان بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ بىرى چۇۋۇپ ئېلىۋېتىلگەن بولغاچقا، بوران چىقسا، تاش تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدىكى ئېچىلىپ قالغان جايدىن ئېچىنىش-لىق ۋارقىرىغان ئاۋاز چىقىدىكەن. قەدىمكى گرېتسىيىلىكلەر بۇنى ”ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئېلېكسۇم ھادىسىسى“ دېيىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەتتىكەن.

## غەلىتە مەھەللە

كرىت ئارىلىنىڭ پوشكول دېگەن بىر مەھەللىسىدە بىر يىلنىڭ توققۇز ئېيىدىلا ئادەم ئولتۇرغىلى بولىدىكەن. ئەتىياز-دىن كۈزگىچە ياپيېشىل باغ-بارام قاپلاپ تۇرىدىغان بۇ مەھەللىدە 64 ئادەم تېرىقچىلىق قىلىدىكەن.

بىراق، ياز ئاخىرلىشىپ، كۈزلۈك يىغىم تاماملىنىپ، قىش كىرگۈچە مەھەللە ئاھالىلىرى ئۆيدىكى نەرسە-كېرەكلە-رىنى يىغىشتۇرۇپ، تېزدىن مەھەللىدىن چىقىپ كېتىشكە مەج-بۇر بولىدىكەن. چۈنكى ئۇزاققا قالماي ئارالدىكى كۆلنىڭ سۈيى تېشىپ چىقىپ پۈتۈن مەھەللىنى غەرق قىلىۋېتىدىكەن. باھار كېلىش بىلەن تەڭ كۆلنىڭ سۈيى تارتىلىپ، يەرلەر قۇرۇيدى-كەن، بۇ چاغدا مەھەللە ئاھالىلىرى قايتىپ كېلىپ، مەھەللى-سىنى يېڭىباشتىن تۈزەشتۈرۈپ، تاكى كۈزلۈك يىغىم مەزگى-لىگىچە يەر ھەيدەش، تېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇ-غۇللىنىدىكەن.

بۇ مەھەللىنىڭ ئەتراپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدىكەن، ئەتىياز-دىن كۈزگىچە بولغان مەزگىلدە، ئۇ يەردىكى دەريانىڭ سۈيى جىرا ئارقىلىق دېڭىزغا قۇيۇلىدىكەن. ئەمما قىش كېلىش بىلەن تەڭ جىرادىكى سۇ توختاپ قېلىپ، ئېقىن ئۆتۈشەلمەي، مەھەل-لىنى سۇ بېسىپ كېتىدىكەن.

## غەلىتە شارسىمان چاقماق

1980-يىلى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بەزى بىر غەلىتە شارسىمان چاقماقلار كۆرۈلگەن. ئۇ دىئامېترى 20 سانتىمېتر-مۇ كەلمەيدىغان ئوت شارىغا ئوخشايدىغان چېقىن بولۇپ، يەر يۈزىدىن ئانچە ئېگىز بولمىغان بوشلۇقتا ئۇياقتىن بۇياققا ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈپ، بەزىلىرى دېرىزە ۋە مورىدىن ئۆي ئىچىگە كىرگەن، بەزىلىرى پارتلاپ كەتكەن، بەزىلىرى بولسا ئۇن-تىن-سىز لا يوقىلىپ كەتكەن، شارسىمان چاقماق ھادىسىسى ئاتموس-فېرادىكى بىرخىل ئېلېكتر ھادىسىسى بولۇپ، ئادەتتە ئومۇمە-يۈزلۈك چاقماق چاققاندىن كېيىن كۆرۈلىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى تېخى ئېنىق ئەمەس.

## بارا-بارا تارىيىپ كېتىۋاتقان دۆلەت

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى كۆپ يىل كۆز-زىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ھىندى ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكياننىڭ قىرغىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە دولقۇننىڭ زەربىسىدە-گە ئۇچرىشى تۈپەيلىدىن، ئاۋستراليىنىڭزېمىنى بارا-بارا كى-چىكلەپ كېتىۋاتىدۇ دېگەن يەكۈننى چىقارغان. ئۇلار، 40 يىلدىن بېرى ئاۋستراليىنىڭ پورتلان ئەتراپىدىكى دېڭىز قىر-غىقى دېڭىزغا ئۈچ مېتر قوشۇلۇپ كەتكەن، دېگەن. گېئولوگلار

دېڭىزنىڭ قۇرۇقلۇقنى داۋاملىق يۇتۇۋېلىشىنى توسۇشنى قارار قىلغان. جۈملىدىن ئۇلار دېڭىز قىرغىقىغا تاشتىن دولقۇننى توسۇش توسمىسى ياساپ، قىرغاققا ئۇرۇلىدىغان دولقۇننىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى توسۇش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## بىر يىلدا 30 كۈن قۇياش چىقمايدىغان شەھەر

قۇتۇپ رايونىدا، بىر يىل ئىچىدە قۇياشنى كۆرگىلى بولمايدىغان كۈنلەر مۇقىم بولىدۇ. ئەمما شۋېيتسارىيىنىڭ مارتىن بۇرك دېگەن قەدىمكى شەھىرىدىمۇ شۇنداق غەلىتە ئەھۋال كۆرۈلگەن. ھەر يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن باشلاپ بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى قۇياش بىلەن بىر ئاي خوشلىشىدىكەن. ئەسلىدە بۇ شەھەر ئالپىس تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تار تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان بولغاچقا، كۆككە تاقاشقان تاغ چوققىسى قىش پەسلىدىكى قۇياشنى پۈتۈنلەي توسۇۋالىدىكەن.

## بىر يىل 13 ئايغا بۆلۈنىدىغان دۆلەت

ئېفىئوپىيە — كىشىلەرگە تونۇشلۇق دۆلەت، لېكىن بۇ دۆلەتتە بىر يىلنىڭ 13 ئايغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى كىشىلەر بىلمەسە كېرەك. كونكرېت ھېسابلاش ئۇسۇلى مۇنداق: دەسلەپكى

12 ئاينىڭ ھەر ئېيى 30 كۈن، ئاخىرقى بىر ئاي ئادەتتىكى يىللاردا بەش كۈن، كەبىسە يىلى ئالتە كۈن بويىچە ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئېفىئوپىيىنىڭ كالېندارى مىلادى كالېندارىدىن يەتتە يىل سەككىز ئاي پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ دۆلەتتىكىلەر باشقا دۆلەتتىكىلەردىن تەخمىنەن تۆت ئاي بۇرۇن يېڭى يىل بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپ بولىدۇ.

## ئاياللار سەككىز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ يەڭگىيدىغان جاي

كونىلاردا "ئاياللار ئون ئاي قورساق كۆتۈرىدۇ" دېگەن گەپ بار. لېكىن بۇ گەپ ھىندونېزىيىنىڭ بالى ئارىلىغا باب كەلمەيدىكەن، چۈنكى بۇ دۆلەتتە ئاياللارنىڭ ھەممىسى سەككىز ئاي قورساق كۆتۈرۈپلا يەڭگىيدىكەن. بۇنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئىسپاتلىغان. بۇ دۆلەت ئىسسىق بەلباغ رايونىغا جايلاشقان بولغاچقا، ھاۋا كىلىماتى ئىسسىق، ھۆل-يېغىن كۆپ بولىدىكەن. بۇ مەسىلىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە كىشىلەرنىڭ يەنىمۇ ئىزدىنىشىگە توغرا كېلىدۇ.

## سۈنئىي لەيلىمە ئاراللار

بىرمىدا ئىنلې كۆلى دەيدىغان مەنزىرىسى گۈزەل بىر كۆل

بار بولۇپ، بۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتر، كەڭلىكى يەتتە كىلومېتر كېلىدىكەن، بۇ كۆلدە نۇرغۇنلىغان غەلىتە سۇنىي ئاراللار بار ئىكەن، بۇ ئاراللار چىرىگەن ئۆسۈملۈكلەر ئۈستىگە زەي توپىنى تاشلاش ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈلگەن ئىكەن، زەي توپىنىڭ قېلىنلىقى 40 — 50 سانتىمېتر كېلىدىكەن، توپا ئاستىدىكى شاخ-شۇمبا قاتارلىق چىرىندىلارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتردىن ئاشىدىكەن. بۇ لەيلىمە ئاراللارغا يەل-يېمىش، كۆكتات تېرىلىدىكەن، چوڭراقلىرىغا ئاشلىق تېرىغىلىمۇ بولىدىكەن، ئارالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادەم ئولتۇرىدىغان يېنىك ئۆيلەر بار ئىكەن. بۇ لەيلىمە ئاراللاردا بىرمىڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت — ئىنلي مىللىتى ياشايدىكەن. كىشىلەر ئارالنىڭ ئېقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن لەيلىمە ئاراللارنى قوزۇق، بامبۇك چىتلاقلار بىلەن بىر يەردىن مىدىرلىماس قىلىپ قويىدىكەن. ئارالنى كۆچۈرۈش توغرا كەلسە، قوزۇق ۋە بامبۇك چىتلاقنى ئېلىۋەتسىلا بولىدىكەن. كىشىلەرنىڭ باردى-كەلدى قىلىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، لەيلىمە ئاراللار ئوتتۇرىسىغا بامبۇك كۆۋرۈكلەر سېلىنىغانىكەن.

## تېز سۈرۈلىدىغان ئارال

نورۋېگىيە ئالىملىرى بىر ھاۋا رايى پونكىتى قۇرۇش ئۈچۈن، ئانتاركتىكا قىتئەسىدىكى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ بويىغا جايلاشقان ”بۇبى“ ئارىلىغا بېرىپتۇ. لېكىن ئۇلار بۇ ئارالنىڭ

پۇتۇنلەي خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن جايدا ئەمەسلىكىنى بايقاپتۇ. بۇ ئارالنى 1939-يىلى فرانسىيىلىك ساياھەتچى ر. باستى. بۇبى تاپقان بولۇپ، بۇ ئارال شۇندىن بۇيان غەربكە 2.5 كىلومېتىر سۈرۈلۈپ كەتكەنىكەن. ئەگەر قۇرۇقلۇق يىلىغا بىرنەچچە مىللىلىمېترلا سۈرۈلىدۇ دېسەك، ئۇنداقتا بۇ ئارال ھەقىقەتەن ئۇچقاندەك سۈرۈلگەن بولىدۇ. بۇ ئارال نېمىشقا بۇنداق تېز سۈرۈلىدۇ، بۇ ھازىر تېخى بىر سىر.

## ئىككى قەۋەتلىك كۆل

شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئالياسكىنىڭ شىمالىدا شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ يىراق جايلىرىغىچە سوزۇلغان بارروۋ دېڭىز قولتۇقىدا نۇۋاك كۆلى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆل بار ئىكەن. بۇ كۆل ئىككى قەۋەت بولۇپ، ئۈستۈنكى قەۋىتىدە تاتلىق سۇ، ئاستىنقى قەۋىتىدە سەل ئاچچىق كەلگەن تۇزلۇق سۇ بار ئىكەن. ئادەتتە كۆلنىڭ سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ، بىراق بۇ كۆلنىڭ تاتلىق سۇ قەۋىتى بىلەن تۇزلۇق سۇ قەۋىتى ھەرقانداق ئەھۋالدا ئېنىق بىر قات پاسىل ئارقىلىق بۆلۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئەسلىدە نۇۋاك كۆلىدە سۇ ئاقمايدىكەن، ئۇنىڭ ئىككى مېتىردىن چوڭقۇرراق بولغان ئۈستۈنكى تاتلىق سۇ قەۋىتى شىمالىي قۇتۇپنىڭ قاتتىق سوغۇقىدا دائىم قېلىن مۇز تۇتۇپ توڭلاپ قالىدىكەن.

ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ كۆلنىڭ ئىككى قەۋىتىدە بىر-بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان جانلىقلار ياشايدىكەن. ئۈستۈن-

كى قەۋەتىدە ئالياسكىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى دەريا-ئۆستەڭلەردە
ياشايدىغان ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان
تاتلىق سۇ رايونى سىستېمىسىغا تەۋە سۇ ھايۋانلىرى ۋە ئۆسۈم-
لۈكلەر بار ئىكەن، ئاستىنقى قەۋەتىدە بولسا شىمالىي مۇز
ئوكياندىكى دېڭىز-ئوكيان ھايۋانلىرى ۋە ئۆسۈملۈكلىرىگە ئوخ-
شايدىغان ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر ياشايدىكەن.

بەزىلەر بۇ كۆلنى دېڭىز قولتۇقىدىن ھاسىل بولغان دېيىـ-
شىدىكەن. بۇ يەرنى قىشتا قار قاپلاپ كېتىدىكەن، ئەتىيازدا
قار ئېرىگەندىن كېيىن، كۆلگە ئېقىپ كىرگەن قار سۈيى ئۈس-
تۈنكى قەۋەتتىكى تاتلىق سۇنى ھاسىل قىلىدىكەن؛ بىراق بوران
چىققاندا دېڭىز سۈيى دائىم دېگۈدەك توساقتىن كۆتۈرۈلۈپ كۆل-
گە كىرىدىكەن. دېڭىز سۈيىنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ئېغىر
بولغاچقا، پەسلەپ ئاستىنقى قەۋەتتىكى تۇزلۇق سۇنى ھاسىل
قىلىدىكەن. لېكىن بۇ ھادىسىنى تېخى ھازىرغىچە ھېچكىمنىڭ
كىشىنى قايىل قىلغۇدەك چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگىنى يوق.

## بەش خىل رەڭلىك كۆل

ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جاي-
لاشقان مىنشەن تېغىدىكى قەدىمكى ئورمانلىقتا زۇمرەتتەك پار-
قىراپ تۇرىدىغان نۇرغۇن كۆللەر بارئىكەن. بەزى كۆللەرنىڭ
سۈيى كۆك، يېشىل، سېرىق، قىزغۇچ سېرىق ۋە قىزىل بو-
لۇپ، بەش خىل رەڭدە ئىكەن. كىشىلەر ئادەتتىن تاشقىرى

گۈزەل بۇ بەش خىل رەڭلىك كۆلنى ”رىۋايەت دۇنياسى“ ياكى ”كىشىلىك دۇنيادىكى جەننەت“ دېيىشىدىكەن. كۆلگە تاش تاشلانسا، سۇ يۈزىدە ئادەم قاراپ قانمىغۇدەك ئاچ قىزىل، سۇس سۆسۈن رەڭلىك مەيىن دولقۇن پەيدا بولىدىكەن. ئەگەر كۆلگە بىرتال تەڭگە تاشلانسا، تەڭگە خېلى بىر ۋاقىتقىچە چۆكمەي لەيلەپ تۇرىدىكەن.

## بەش قەۋەتلىك كۆل

شىمالىي مۇز ئوكياننىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى چىرىچ ئارىلىدا بەش قەۋەتلىك غەلىتە بىر كۆل بار ئىكەن. ئۇستىدىكى بىرىنچى قەۋەتتە تاتلىق سۇ بولۇپ، ھەرخىل تاتلىق سۇ جانلىقلىرى ياشايدىكەن؛ ئىككىنچى قەۋەتتە تۇزلۇقراق سۇ بولۇپ، مېدوزا ۋە بەزى تاتلىق سۇ بېلىقلىرى ياشايدىكەن؛ ئوتتۇرىدىكى قەۋەتنىڭ سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك بولۇپ، تۆتىنچى قەۋەتنىڭ سۈيىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇ قەۋەتتە دېڭىز يۇسۇنلىرى، دېڭىز يۇلتۇزى، دېڭىز ئوكۇن بېلىقى ۋە تىرىسكا بېلىقى قاتارلىق جانلىقلار ياشايدىكەن؛ تۆتىنچى قەۋەتنىڭ سۈيى توق قىزىل ئىكەن، دېڭىزنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان گىدروسۇلفىدنى بىر خىل باكتېرىيە يۇتۇۋېتىدىغان بولغاچقا، بۇ قەۋەتنىڭ سۈيى رەڭلىك بولۇپ قالغانىكەن؛ ئەڭ ئاستىنقى قەۋەتنىڭ سۈيى سېسىق زەھەرلىك گاز — گىدروسۇلفىد بىلەن تويۇنغانىكەن، بۇ قەۋەتتە ئوكسىگېنسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شارائىتتا ياشىيالايدىغان بەزى باكتېرىيىلەردىن باشقا، ھېچقان-
داق جانلىق يوق ئىكەن. بۇ كۆلنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى
ھازىرغا قەدەر بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا.

## پارقىرايدىغان ئوت كۆلى

شىمالىي ئامېرىكىدىكى چوڭ باخما ئارىلىدا پارقىرايدىغان
بىر ئوت كۆلى بارئىكەن. ئادەملەر كېچىسى قولۋاقتا ماڭسا،
پالاقنىڭ سۇغا ئۇرۇلۇشىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ چىقىدى-
كەن ھەتتا سۇ ئۈستىگە پىلتىڭلىشىپ ئېتىلىپ چىققان بېلىقلار-
مۇ ئوتتەك چاقناپ كېتىدىكەن. بۇنداق چاغلاردا، كۆلنىڭ يۈزى-
دە ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە پەيدا
بولىدىكەن. ئەسلىدە كۆلدە زور مىقداردا فلۇئورېستسېئىنلىق
قاسراقلىق يۇسۇنلار بولۇپ، كىشىلەر سۇنى چايقىغاندا ئوكسىد-
لىنىپ، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى
پەيدا بولىدىكەن.

## ئىككى قەۋەتلىك دېڭىز

1980-يىلى، ئالىملار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسى-
يا رايونىدا قىزىقارلىق ئىككى قەۋەتلىك دېڭىزنى بايقىغان. بۇ
تۇزلۇق دېڭىزنىڭ 300 مېتىردىن 500 مېتىرغىچە بولغان چوڭ-
قۇرلۇق قىسمىدا يەنە بىر قەۋەت دېڭىز پەيدا بولغانىكەن، بۇ

قەۋەتتىكى دېڭىز سۈيى بور چۆكمىسى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تەركىبىدە مىنېرال ماددا ۋە تۇز بار ئىكەن، بۇ قەۋەتـ ىنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 500 مېترغا يېتىدىكەن.

## ئۆلۈك بېلىق دەرياسى

ئېلىمىزنىڭ شىزاڭ رايونىدا "ئۆلۈك بېلىق دەرياسى"دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا بار ئىكەن. دەريانىڭ تەكتىدە ئارىلاپ قىزىق سۇ چىقىدىغان چاغلاردا، دەريا سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نورمال بولغاچقا، ھەرخىل بېلىقلار بەھۇزۇر ئۈزۈپ يۈرۈشىدىـ كەن. ئەمما بۇلاقتىن بىردىنلا ۋاراقشىپ قايناپ تۇرغان قىزىق سۇ بۇلدۇقلاپ چىققاندا، پىشىپ قالغان نۇرغۇن بېلىقلار سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ قالىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن دەريا سۈيى مەززىلىك بېلىق شورپىسىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن.

## ئوت يانىدىغان سۇ

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نوۋگورد ئۆلكىسىنىڭ ئەتراـ پىدا ئىلمىن دېگەن بىر كۆل بار. يەرلىك بېلىقچىلار كۆلدىن پات-پات كىچىك فونتانلار ئېتىلىپ چىقىدىغانلىقىنى، يېقىلغان بىر تال سەرەڭگىنى بۇ فونتانغا تاشلىغاندا، دەرھال كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تۇتەكسىز يالقۇنغا ئايلىنىدىغانلىقىنى بايقىغان. قىش كۈنلىرى، بېلىقچىلار مۇز ئۈستىدىن تۆشۈك ئېچىپ،

سۇغا ئوت يېقىپ، بۇ غەلىتە گۈلخاننىڭ ئەتراپىغا ئولتىشىپ ئىسسىنىدىكەن. ئەگەر بىرتال تاياقچا بىلەن سۇنى چايقاپ قوي-سا، ئوت تېخىمۇ لاۋۇلداپ كۆيىدىكەن. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇ غەلىتە ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى كۆلدە ياشايدىغان باكتېرىيىنىڭ ياردىمى بىلەن يۇسۇنلار، ئوت-چۆپلەر ۋە تورفلار-نىڭ چىرىپ، كۆيىدىغان گازغا ئۆزگىرىپ ئېتىلىپ چىققانلىقى-دىن ئىبارەت ئىكەن.

## تارتىنچاق بۇلاق

1980-يىلى، مەملىكىتىمىزنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى گۇاڭيۈەن ناھىيىسىدە بىر "تارتىنچاق بۇ-لاق" تېپىلغان. بۇ بۇلاقنىڭ سۇيى داۋالغۇپ كەتسىلا، خۇددى تارتىنچاق ئوتقا ئوخشاش يىغىلىۋالىدىكەن. كىشىلەر بۇلاققا تاش ئېتىپ، سۇنى داۋالغۇتىۋەتسە، خۇددى تارتىنچاق قىزلار يوچۇن كىشىلەرنى كۆرسە ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالغاندەك بۇلاق سۇيى دەرھال تارتىلىپ كېتىدىكەن. بىردەم جىمجىت تۇرغاندىن كېيىن، بۇلاق سۇيى يەنە ئېقىپ چىقىپ، بارا-بارا ئۇلغىيىدىكەن. يەنە داۋالغۇتۇلسا، يەنە تارتىلىپ كېتىدىكەن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، "تارتىنچاق بۇلاق"تىكى بۇ ئاجايىپ ئىش "ئىنچىكە نەيچە" ھادىسىسى ئىكەن. چۈنكى ئىنچىكە نەيچىنىڭ تارتىش تەسىرى بىلەن، يەر ئاستى سۇيى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىكەن، نەيچە يولى قانچىكى كىچىك بولسا،

سۇمۇ يۇقىرىغا شۇنچە ئېگىز كۆتۈرۈلىدىكەن، توپا قاتلىمىدىكى ئىنچىكە يېرىقچىلار خۇددى ئىنچىكە نەيچىگە ئوخشايدىكەن، سان-ساناقسىز يېرىقچىلار يوشۇرۇن سۇ ئۈستىدە ئىنچىكە نەيچە-سىمان سۇ بەلبېغى هاسىل قىلىدىكەن، بۇنىڭدىن يەر يۈزىگە تېشىپ چىققان سۇلار قوشۇلۇپ بىر ئىنچىكە ئېقىن بولۇپ شەكىللىنىدىكەن. سىرتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بىر خىل بېسىم پەيدا بولغاندا، يېرىقچىلاردىكى سۇ ئارقىغا يېنىپ كېتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرخىل قايتما تارتىش كۈچى پەيدا بولۇپ، بۇلاق يۈزىدىكى سۇنى سۈمۈرۈۋالىدىكەن. بۇ جاينىڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، ئۇزۇلمە تاغ جىنسلىرى كۆپ، هاك تاشمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۇ يوشۇرۇن سۇ ئىكەن، مانا بۇ ئامىللار ”تارتىنچاق كۆل“پەيدا بولۇشىنىڭ ئالاهىدە شارائىتى بولۇپ هېسابلىنىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 13. دۇنيادىكى ئاجايىپ ئىشلار

## 4000 بالىسى بولغان ئاتا

ھىندىستاندىكى جايپۇر پادىشاھى مانشىننىڭ 1500 خوتۇنى، 4000 بالىسى بولغانىكەن. ئۇ پادىشاھ باغۋەنداسىنىڭ جىيەنى بولۇپ، پادىشاھ بىقىۋالغان، كېيىن شاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، جايپۇرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغانىكەن. ئۇنى ھىندىستاننىڭ پادىشاھى ئەكبەر بەك ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭغا شاھ ئوردىسىغا قاراشلىق ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەنىكەن. شۇ زامان ھىندىستاننىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، ئىپتىشلارغا قارىغاندا، مانشىننىڭ كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىقى بىلەن، چوڭ ئىمپېرىيە قۇرۇلغانىكەن. ئەكبەر پادىشاھ مانشىن گېنېرالنىڭ ھەربىي جاسارىتىنى بەك ماختايدىكەن. ئۇنىڭغا نۇرغۇن يەر، ئوردا سارىيى ۋە ياقۇت قاتارلىق نەرسىلەرنى بەرگەنىكەن، بولۇپمۇ ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن ياكى دۇنيا قول بازىرىدىن سېتىۋالغان خوتۇن-قىزلار ئىچىدىن چىرايلىقراقلىرىنى تاللاپ ئۇنىڭغا بېرىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئارقا ھويلىدىكى كىچىك خوتۇنلىرى 1500دىن ئېشىپ، باللىرى 4000 دىن ئېشىپ كەتكەن ئىكەن. مانشىننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۆۋەپپەقىيەتلىك ئىشى شۇ بولغانىكى، ئۇ گانگ دەرياسى بويىدىكى

باناراس شەھىرىدە 100 مىڭ ھىندى دىنىي ئىبادەتخانىسى سال-دۇرغان. بۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن پۈتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى ئالتۇن ئىبادەتخانا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قېلىن ئالتۇن ياپراقچىسى بىلەن ئورالغان ئىككى مۇنار بار.

## 2000 ساھىبجامالنىڭ بىر پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ دەپنە قىلىنىشى

ھىندىستاننىڭ ۋىزىناگرام پادىشاھى غالى خارا II نىڭ ئارقا ئوردىدا 12 مىڭ خوتۇنى بولغانىكەن. ئۇنىڭ بۇ خوتۇنلىرى سەتەڭ تاللاش مۇسابىقىلىرىدا نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر ئىكەن. تارىختا بەزىلەر قىزىقىپ بۇ ساھىبجامالارنىڭ پادىشاھ جەمەتى ئىچىدىكى سىنىپ ئايرىمىسىنى خاتىرىلەپ چىققان.

بۇ 12 مىڭ ساھىبجامالنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئات ھارۋىسى ۋە ئات ئېغىلى بار ئىكەن؛ قالغان 4000 ساھىبجامالنىڭ مەپىسى بار ئىكەن، ئەمدى قالغان 4000 سا-ھىبجامالنىڭ باردى-كەلدى ئىشلاردا پىيادە يول يۈرۈشى شەرت ئىكەن، يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ ئىچىدە 2000 ساھىبجامال پادى-شاھ ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ دەپنە قىلىنىشقا رازىمەنلىك بىلدۈرۈپ كېلىشىمگە قول قويغانىكەن. پادىشاھنىڭ ئات-ئۇلاغ ئېغىلىدا 1000 پىل، 40 مىڭ ئات بېقىلىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پادىشاھنىڭ كۆڭۈللۈك كىرىمى، ئامېرىكا دوللىرىغا سۇندۇرغاندا، 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. غالى خارا Ⅱ ئون ئىككى مىڭ خوتۇنى بولسىمۇ، يەنىلا قانائەتلەنمەي، قوشنا دۆلەتتىن پەردار ئىسىملىك بىر ساھىبجامالنى 12001- خوتۇن قىلىپ ئالماقچى بولغانىكەن، لېكىن ئۇنىڭ بۇ تەلىپى رەت قىلىنىپتۇ. پادىشاھ پەردارنى كۆرۈپ باقمىغان، پەقەت ئۇنىڭ سەتەڭلىكى توغرۇلۇق گەپلەرنىلا ئاڭلىغانىكەن. ئۇ بۇ قىزنى زورمۇزور ئوردىغا ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن، قۇدرەتلىك قوشنا دۆلەتكە قارشى ئۇرۇش قوزغاپتۇ. بىراق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، پادىشاھلىقتىنمۇ، مال-دۇنياسىدىنمۇ ھەتتا ھاياتىدىنمۇ ئايرىلىپ قاپتۇ.

پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوت بىلەن دەپنە قىلىنىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ھېلىقى 2000 خوتۇنى كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىگە ساداقەتلىك بىلەن ئەمەل قىلىپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئۆزىنى ئېتىپ، پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ دەپنە قىلىنىپتۇ.

## ئۇلۇغ ھەم سەۋر-تاقەتلىك مۇھەببەت

دانىيىلىك كارسون ئىسىملىك بىر پاراخوت باشلىقى 1811-يىلى يەنى 20 يېشىدا ئۆيلەنگەن. ئۇ دېڭىز دولقۇنىدا دۇنياغا كەلگەن، دېڭىز دولقۇنىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، شۇڭا ئۇ دولقۇنلۇق ھاياتنى ئىسىدىن چىقارمىغان.

شۇ سەۋەبتىن ئۇ يېڭىدىن توي قىلغان ئايالىغىمۇ پاراخوتتا

كۆچۈپ كېلىشنى ئېيتقان، ئەمما ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى ئايالى زادىلا قوبۇل قىلمىغان. ئۇ ئامالسىز، ئايالىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئايالى بىلەن خوشلىشىش ۋاقتىدا، ئايالىغا: ”سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن“ دېگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئايالى تاكى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىلىرىغىچە بولغان 90 يىلدا ئېرىنىڭ ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىغان. 20-ئەسىر باشلانغاندا، تېخى سالامەت ياشاۋاتقان كارسون خانىم ئېرىنىڭ ھېلىمۇ ھايات ئىكەنلىكىنى، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان.

1903-يىلى، كارسون راست دېگەندەك يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئايرىلغىنىغا 92 يىلدىن ئاشقان ئايالى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئايالى ئېرىنى قىزغىن كۈتۈۋالغان. پاراخوت باشلىقى ئايالىنىڭ ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئىزچىل سېغىنىپ، 92 يىلدىن بېرى تەنھا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەنگەن ۋە يۈكۈنۈپ تۇرۇپ يەنە داۋاملىق بىللە ياشاشنى ئۆتۈنگەن.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قايتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى ئىناق ئۆتكۈزگەن. ئۇلار يەنە دەسلەپكى توي ۋاقتىدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا بىرىيۈزىنچى يىل بولغانلىقىنى بىلىپ يۈز يىللىق توي خاتىرە كۈنىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزگەن. ئىككىنچى يىلى ئۇلار ئىككىلىسى دەرمانسىز، ئۇ دۇنياغا سەپەر كەتكەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ ئاددىي مۇھەببەت خېتى

1875-يىلى، پارىژلىق رەسسام ماسې. د. لېكلورنىڭ ئايالى مادلېنۇ. د. بلاتىياغا يازغان مۇھەببەت خېتى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ۋە ئەڭ ئاددىي مۇھەببەت خېتى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ خەتتە ”سىزنى سۆيىمەن“ دېگەن ئىنتايىن ئاددىي بىر جۈملە سۆز 1 مىليون 875 مىڭ قېتىم تەكرارلانغان. بۇ خەتتە تەكرارلانغان بۇ سۆزنىڭ قېتىم سانى شۇ يىلنى ئىپادىلەيدىغان ساننىڭ 1000 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىكەن. بۇ ئۇزۇن مۇھەببەت خېتىنى ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ يازغان بولماستىن، بەلكى باشقىلارغا يازدۇرغانىكەن. لېكىن ئۇ بۇ خەتنى يازغۇچىغا ”سىزنى سۆيىمەن“ دېگەن سۆزنى 1 مىليون 875 مىڭ قېتىم يېزىپ چىقىشنى تاپشۇرۇپ قويغان بولماستىن، بەلكى بىر جۈملە، بىر جۈملىدىن ئېيتىپ بېرىپ يازدۇرغانىكەن.

مۇھەببەت ئوتلىرى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان چاغلاردىكى يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بۇنداق كۆپ ۋاقىت ۋە زېھنى كۈچ سەرپ قىلىدىغان ئەھۋال تا ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باققىنى يوق. شۇنىسى، بۇنداق قىزغىنلىقنى قارشى تەرەپ قوبۇل كۆرەمدۇ-يوق، بۇنى بىلىپ بولمايدۇ.

# تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئەڭ كۈچلۈك ئادەم

ياپونىيە سونى ئېلېكتر ئەسۋابلىرى شىركىتىنىڭ خىزمەت-چىسى يۈجى يىڭجې چەمبەر تۇراقلىقىنى ئونلۇق كەسىر چېكى-تىدىن كېيىن 20 مىڭ خانىغىچە يادا دەپ بېرەلەيدىغان بولغاچ-قا، ھازىر (1981-يىلى) دۇنيا بويىچە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئەڭ كۈچلۈك ئادەم بولۇپ قالغان.

چەمبەر تۇراقلىقىنى يادلاش دۇنيا بويىچە بولغان بىر خىل مۇسابىقە تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

چەمبەر تۇراقلىقى ($\pi$) چەمبەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى بى-لەن دىئامېترىنىڭ سېلىشتۇرمىسى بولۇپ، گېئومېترىيىدىكى ئاساسىي ئۇقۇمنىڭ بىرىدۇر. ھازىر ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق، چەمبەر تۇراقلىقى ($\pi$) نىڭ قىممىتىنى ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى 100 مىڭ خانىغىچە تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

1977-يىلى، ئەنگلىيىلىك بىر كىشى ئونلۇق كەسىر چې-كىتىدىن كېيىن 5050 خانىغىچە يادا بىلىشتەك دۇنيا رېكورتى-نى ياراتقان؛ 1978-يىلىغا كەلگەندە، كانادالىق 17 ياشلىق بىر ئوقۇغۇچى ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىن 8750 خانىغىچە يادا بىلىش رېكورتىنى ياراتقان. يېقىندا يۈجى يىڭجې كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىن 20 مىڭ خانىغىچە يادا بىلىشتەك رېكورتنى ياراتقان. شۇنىڭدىن بۇرۇن، ئۇچ سائەت ئون مىنۇتتا ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىن 15 مىڭ 151 خانىغىچە يادىلاپ بېرەلىگەن.

ئۇ مۇشۇ رېكورتنى يارىتىش ئۇچۇن مەخسۇس ئىشتىن سىرت ئون ئاي ۋاقىت سەرپ قىلغان، ھەتتا ئىشقا بېرىپ كېلىشتە ماشىنىدا كېتىۋاتقاندىمۇ چەمبەر تۇراقلىقىنى يادىلاپ ماڭغان.

## 71 يىل ئۇخلىمىغان ئادەم

فرانسىيىنىڭ پارىژلىق مەشھۇر قانۇنشۇناسى لېربېد 71 يىلدا بىرەر قېتىممۇ ئۇخلاپ باقمىغان. دادىسى ئۇنى ئىككى ياش ۋاقتىدا پادىشاھ لۇئى XVI نىڭ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگىلى ئاپارغاندا، تاماشىبىنلار پەشتىقى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئۇ تامنىڭ ئاستىدا قېلىپ، ھوشىدىن كەتكەن، دوختۇرخانىغا ئاپارغاندىن كېيىن، ھاياتى قۇتقۇزۇپ قېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما باش ئۇستىخىنى سۇنۇپ كەتكەن بولغاچقا، كېيىنكى 71 يىلدا بىرەر قېتىممۇ ئۇخلاپ باقمىغان. ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ئۇخلىماس بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب مېڭىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىدىن ئىكەن، لېكىن بۇ ھال ئۇنىڭ مەشھۇر قانۇنشۇناس بولۇپ چىقىشىغا دەخلى يەتكۈزەلمىگەن. ئۇنىڭ ”ئۆچمەس قانۇن نۇرى“

دېگەن نامى كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارالغان.

## پىل بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈشكە جۈرئەت قىلغان ئاكا-ئۇكا

ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتى رىدىۋود شەھىرىدە ”ئېغىرلىق دەرىجىسى“ بويىچە ئارغامچا تارتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن.

مۇسابىقە دۇنيا بويىچە ئەڭ سېمىز بىر تۇغقان ئاكا-ئۇكا بىنىنى ۋە بىللى بىلەن تاگ ئىسىملىك 12 ياشلىق پىل ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان. بۇ سېمىز ئاكا-ئۇكىلاردىن بىنىنىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى 278.6 كىلوگرام، بىللىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى 271.7 كىلوگرام كېلىدىكەن. بىراق ئۇلارنىڭ رەقىبى پىلنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى 1238 كىلوگرام كېلىدىكەن. گەرچە ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا پەرق بەك چوڭ بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا پىل بىلەن زادى بىر تۇتىشىپ باقماقچى بوپتۇ. مۇسابىقىنى باشلاش پۇشتىكى چېلىنىپ بولۇش بىلەن تەڭلا، بىنىنى بىلەن بىللى ھەدېگەندىلا يېڭىۋېلىش ئۈچۈن ۋارقىراپ-جارقىراپ دېگەندەك بار كۈچى بىلەن ئارغامچىنى تار-

تىپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ رەقىبى پىل ئىزىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىغان. بىردەمدىن كېيىن پىل بېشىنى شۇنچىكى يېنىغا بۇراپ قويۇش بىلەن، ھېچبىر كۈچىمەيلا مۇسابىقىدە يېڭىپتۇ.

## زەھەرلىك يىلان بىلەن سۆيۈشەلەيدىغان قىز

بىرمىنىڭ پايتەختى رانگوننىڭ كوچا دوقمۇشلىرىدا دائىم دېگۈدەك سەنئەتكارلارنىڭ كىشىلەرگە يىلان ئويۇنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى چېلىقتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئويۇنلار ئىچىدە يىلان بىلەن سۆيۈشۈش ئويۇنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. دۇمباق چېلىنغاندىن كېيىن بىر قىز كۆزەيىنەك يىلاننىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، يىلان بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، بىردەمدىن كېيىن دۇمباق ئاۋازى توختايدۇ، قىز يېتىپ ئېڭىشىپ، ئەمتىرىمەستىن يىلان بىلەن يېقىملىق سۆيۈشۈپ قويىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جىددىيلىشىپ بىر يەرگە بېرىپ قالغان تاماشىبىنلار ”ئۇھ“ دېيىشكە ئاران ئۈلگۈرىدۇ. بىراق قىز ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك تەمكىن قىياپەتتە تۇرىدۇ.

# قوزغىلىۋاتقان ئايروپىلاننى تارتىپ تۇرالايدىغان پالۋان

ئامېرىكىلىق جون. ۋود دېگەن كىشى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك ئادەم ئىكەن. 1981-يىلى، كىشىلەرگە ئۇ، قوزغىلىۋاتقان ئايروپىلاننى تارتىپ تۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئېسىل ماھارىتىنى كۆرسىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇ بىر تال نىلون ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆزىنىڭ بېلىگە، يەنە بىر ئۇچىنى ئايروپىلاننىڭ ئارقا تەرىپىگە باغلاپ، پۇتىنى كۈچەپ بىر سېمونت تامغا تىرەپ تۇرۇۋالغان. مۇسابىقە باشلانغانلىقى جاكارلانغان ھامان، ئايروپىلان گۈركىرەپ ئوت ئېلىپ، ھېلىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالدىغا تارتقان، جون ۋودمۇ بار كۈچى بىلەن ئايروپىلاننى تارتىپ، كىچىككىنىمۇ ئالدىغا ئىلگىرىلەتمىگەن. ئاخىر بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقان، خېلى چوڭ تىپتىكى بۇ ئايروپىلان بۇ ئەزىمەت ئالدىدا يېڭىلگەن. جون بۇ يىل 33 ياش بولۇپ، بەدەن ئېغىرلىقى 125 كىلوگرام ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بەدەن ئېغىرلىقى ئازكەم مىڭ جىڭ كېلىدىغان ئادەم

ئامېرىكىدا ل. ئېر. شۇس ئىسىملىك بىر ئەر كىشى بولۇپ، 32 يېشىدا ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى 800 جىڭدىن ئېشىپتۇ. بىراق بۇ كىشىنى بەدەن ئېغىرلىقى بويىچە "چېمپى- يون" ھېسابلىغىلى بولمايدىكەن. فرانسىس. جون. ل ئىسىم- لىك يەنە بىر ئامېرىكىلىقنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى 1076 جىڭغا يېتىدىكەن.

## تۆت پۇتلۇق غەلىتە ئادەم

پاكىستاندا كاراچى شەھىرىگە يىراقراق بىر يېزىدا 20 ياشلىق ئابدۇللا ئەبۇ شېك ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا تۆت پۇتلۇق بولۇپ، ئوشۇق ئىككى پۇتى يوتىسىدا ئىكەن، بۇ ئىككى پۇتىنىڭ بارماقلىرى تولۇق ئىكەن. ئۇنىڭ قورسىقىدا يوتىسىدىكى ئىككى پوتىغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان كارامەت چوڭ بىر ئۆسمە بار ئىكەن. دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشى- چە، بۇ ئۆسمە كېسىپ ئېلىۋېتىلسە، ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىش ئېھتىمالى بولغاچقا، ئۇنى كېسىپ ئېلىۋېتىشكە بولمايدىكەن.

## سۇ ئۈزۈشتە "كارامەت ماھارەتلىك بالا"

ئاۋستىرالىيىدە تېخى ئەمدى بىر ياشقا كىرگەن لانمى ئىسىملىك بىر بالا بار ئىكەن، بۇ بالا چوڭقۇر سۇغا چۈشەلەيدىغان بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى 150 نەچچە مېتر سۇ ئۈزەلەيدىكەن، شۇڭا ئۇنى كىشىلەر "ئاۋستىرالىيە بويىچە سۇ ئۈزۈشتە كارامەت ماھارەتلىك بالا" دېيىشىدىكەن. كىچىك لانمى تېرىنېر گۆرىۋانىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنىكەن. تېرىنېرنىڭ ئېيتىشىچە، كىچىك لانمى كەلگۈسىدە چوقۇم سۇ ئۈزۈش ماھىرى بولۇپ چىقارمىش.

## قورساقتا تۆرەلگەن يىلان

1981-يىلىنىڭ باشلىرى، تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدىكى بىر دوختۇرخانىدا دوختۇرلار بىر 15 ياشلىق قىز بالىنى مۆجىزىلىك تۈردە ئوپېراتسىيە قىلغان، يەنى بۇ قىز بالىنىڭ قورسىقىدا بەش يىل ياشىغان، ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتر كېلىدىغان تىرىك يىلاندىن ئۈچنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتكەن.

بۇ قىز بالىنىڭ ئىسمى ئىردىلىم بولۇپ، ئۆيى پايتەختكە 120 كىلومېتر كېلىدىغان كىچىك بىر يېزىدا ئىكەن. بەش يىلدىن بۇيان، ئۇ دائىم قورسىقىم ئاغرىيدۇ دەپ يۈرگەنىكەن،

بەزىدە ئاغرىقنىڭ دەستىدىن چىدىيالماي قالىدىكەن. ئاتا-ئانىسى-نىڭمۇ ئۇنى ئاپارمىغان دوختۇرخانىسى قالمىغانىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئۇنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەت-كەن بولغاچقا، ئاتا-ئانىسى ئۇنى پايتەختتىكە ئاپىرىپ داۋالىتىش قارارىغا كەلگەن. ئەسلىدە قىزبالىنىڭ قورسىقىدا بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن ئۈچ يىلان ئۇنى قاتتىق ئازابلىغانىكەن. دوختۇرلار بۇ ئەھۋال بۇ قىزبالا يىلاننىڭ تۇخۇمى بار ئۆستەڭ-نىڭ سۈيىنى ئىچىپ سالغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن دەپ قارىغان.

# مۇزلاپ قېتىپ قالغىنىغا 500 يىل بولغان بالىنىڭ جەسىتى

جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى يىل بويى قار-مۇز ئېرىمەيدىغان ئاندېس تېغىنىڭ مەلۇم چوققىسىدا تاغقا چىقىش ئەترىتىدىكىلەر بىر بالىنىڭ جەسىتىنى ئۇچراتقان، بۇ جەسەت ئىسمى-جىسمىغا لايىق مۇز بالىغا ئايلىنىپ قالغان. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مۇزلاپ قېتىپ قالغىنىغا 500 يىل بولغانىكەن.

بۇ بالا ئىنكالارنىڭ ئوغۇل بالىسى بولۇپ، 8—9 يېشىدا ئۆلگەن. ئالىملار مۇنداق دەپ قارايدۇكى، بۇ بالا كىشى-لەر قۇياشقا نەزىر-چىراغ قىلىش ئۈچۈن، مەست قىلىش دورى-

سى بىلەن مەست قىلىپ ئاندىن تاغقا كۆمۈپ قويغان بالا بولۇشى مۇمكىن. تېمپېراتۇرا تۆۋەن، نەملىك، ئوكسىگېن ۋە نۇر ئاز بولغاچقا، مۇمىيا هازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان.

بۇ قېتىمقى بايقاش ئىنسانشۇناسلار ۋە تارىخشۇناسلار ئۈ-چۈن ئىنتايىن قىزىقارلىق زور بايقاش بولدى. بۇ جەسەتكە قاراپ، نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى ئادەملەرنىڭ قىياپىتى، چاچ پاسونى، كىيىنىش ۋە ئوزۇقلىنىش ئەھۋالىنى بىلگىلى بولى-دۇ. بۇ جەسەت جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىن-گالارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىكى هىندىئانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى-نى بىلىشىمىزگىمۇ كۆپ ياردەم بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 14. ھايۋانات ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ

## ”چاشقاننىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش“ پاجىئەسى

1980-يىلى، ياپونىيىنىڭ لۇئېرداۋ شەھىرىدىكى بىر قاشاس رايوندا ”چاشقاننىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش“ پاجىئەسى يۈز بەرگەن. ئۇ كۈنى كەچتە، مەلۇم شىركەتنىڭ خۇتيەن شىيۇجى ئىسىملىك خىزمەتچىسى ئۆي بويىچە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئىپلاس چاشقان ئۆيدىكى كۆمۈر گازى قاچىسىنىڭ رېزىنكە تۇرۇبىسىنى چىشلەپ يىرتىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن گاز چىقىپ كېتىپ، خۇتيەننىڭ ئالتە ياشلىق قىزى ۋە بىر مېھمىنى زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ قالغان، كۆپ تەرەپتىن قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئايالىنىڭ ھاياتى قۇتقۇزۇپ قېلىنغان.

## جىددىي خەۋەر بېرەلەيدىغان مۈشۈك

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سولومون تاقىم ئاراللىرىدا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر مۈشۈكى بولۇپ، ئۇ بارلىق ئوفىتسىر-جەڭچىلەرنىڭ خەۋەرچىسى بولۇپ قالغانىكەن، چۈنكى بۇ مۈشۈك ”تۇيۇقسىز قىلىنغان ھۇجۇمدىن

جىددىي خەۋەر بېرىش“ ماھارىتىگە ئىگە ئىكەن: ئۇ جىددىيلىشىپ قۇيرۇقىنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ، ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئاكوپىغا يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەتسە، ئاسماندا چوقۇم دۈشمەن ئايروپىلانى پەيدا بولىدىكەن.

## ساداقەتمەن كۈچۈك

1952-يىلى، بىر كۈنى شەھەردە بىر كۈچۈك ئادىتى بويىچە توكيو پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ ئىشقا ماڭغان ئىگىسىنى ئۇزىتىپ قويىدۇ. كەچ سائەت بەشتە پويىز ۋوگزالغا قايتقاندا، كۈچۈكمۇ ئىگىسىنى ۋوگزالدا كۈتۈۋالاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىگىسى ئادەتتە شۇ قېتىملىق پويىزدا قايتىپ كېلەتتى، بىراق بۇ كۈنى كەچتە ئۇنىڭ ئىگىسى قايتىپ كەلمەيدۇ، كۈچۈك ئۆز ئىگىسىنىڭ شەھەردە ئۆلۈپ قالغانلىقىنى يادىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىغاندى. لېكىن ئۇ ئىگىسىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىدىن يانمىغان، ئۇ ئىگىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، كېيىنكى ئون يىللىق ھاياتىدا، ئۆلگىچە بىر كۈنمۇ قالماي پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ، كەچ سائەت بەشتە كېلىدىغان پويىزنى ساقلىغان. ھەر قېتىملىق پويىز كەلگەندە، ئىگىسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ھامان كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولغان.

ياپونىيە خەلقى بۇ ئىتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىكەن، بۇ كۈچۈك ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئۇ بۇرۇن پويىز كۈتۈپ تۇرىدىغان يەرگە ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەيكىلنى ياساتقان ھەمدە ئۇنى كىچىك قىلىپ كۆپەيتىپ ياسى-تىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەكتەپلەرگە تارقىتىپ بەرگەن.

## پۇتبول تېپەلەيدىغان ئات

ئەنگلىيىدە بىر ئات بولۇپ، ئۇ ئىگىسى جىللىنىڭ سەۋر-چانلىق بىلەن مەشق قىلدۇرۇشى ئارقىسىدا پۇتبول تېپىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئۇ توپ ئۇسۇش، ۋارىتاغا توپ تېپىش، يانغا ۋە ئارقىغا پاس بېرىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئۆگىنىۋالغان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ۋارىتاغا توپ كىرگۈزۈش نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى ئىكەن. جىللى ئۇنى دائىم مەشق قىلدۇرىدىكەن. جىل-لىنىڭ تۆت ئوغلى ۋە بۇ ئاتتىن تەركىب تاپقان ئائىلىۋى پۇتبول كوماندىسى دائىم دېگۈدەك باشقىلار بىلەن شۇنداق قىزىق پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدىكەن.

## تۆت پۇتىدا سۇ ئىچىدىغان غەلىتە كالا

ئافرىقىدا بىر خىل غەلىتە كالا بولۇپ، بۇ كالىلار تۆت پۇتلاپ مېڭىش بىلەنلا قالماي، بەلكى تۆت پۇتىنىڭ تۇيىقىغا يېقىن قىسمىغا جايلاشقان يەل خالتىسى ئارقىلىق سۇ ئىچىدى-كەن. بۇ يەل خالتىسى بىۋاستە ئاشقازانغا تۇتاشقان بولغاچقا، ئادەتتە كالا سۇغا بىرنەچچە مىنۇت كېچىپ تۇرسىلا، سۇغا قانىدىكەن.

## دەرەخقە چىقالايدىغان ئۆچكە

ماراكەشنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئاگادىر ئۆلكىسىدىكى يېرىم قۇملۇق رايوندا كۆلىمى 140 مىڭ گېكتار كېلىدىغان بىر ئورمانلىق بولۇپ، يەرلىك چارۋىچىلار ئۇ يەردە 400 مىڭدىن ئوشۇق ئوغلاقنى باقىدىكەن. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ يەرنىڭ ئوغلاقلىرى يوپۇرماق يېگۈسى كېلىپ كەتسە، شۇنداق ئوڭايلا دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىپ كېتەلەيدىكەن. بۇنداق غەلىتە ئەھۋال نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاپتۇ.

## ئاجايىپ كېپىنەك

ئافرىقىدا دۇنيادىكى 140 نەچچە مىڭ خىل كېپىنەك ئىچىدە ئەڭ قىزىقارلىق ھېسابلىنىدىغان قىزغۇچ بىر خىل چوڭ كېپىنەك بار ئىكەن.

باھار كەلگەندە، ئۇلار پەسىللىك قۇشلارغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئامېرىكىدىن شامالغا قارشى ئۇچۇپ كاناداغا كۆچىدىكەن، كۈزدە يەنە ئوتتۇرا ئامېرىكىغا قايتىدىكەن، ئۇچۇش مۇساپىسى 4000 كىلومېتىردىن ئاشىدىكەن. بۇ خىل كېپىنەكنىڭ بەدىنىنىڭ ئىچى ۋە سىرتى بىر خىل زەھەرلىك ماددىغا تولغان ئىكەن، ئەگەر بىرەر قۇش ئۇنى يەم قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بولسا، شۇ قۇشنىڭ ئۆزىمۇ كېپىنەكنىڭ جازاسىدىن قېچىپ

www.uyghurkitap.com

قۇتۇلالمايدىكەن. چۈنكى زەھەرلىك ماددا بىردەمدىلا قانىنىڭ ئايلىنىشىغا توسالغۇ بولۇپ، قۇشنىڭ يۈرىكىنى پالاچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىكەن-دە، قۇش بىردەمدىلا جان بېرىدىكەن.

بۇ خىل كېپىنەك قىشتا ئوزۇقلانمايدىكەن، تېمپېراتۇرىسى سىلسىيە نۆل گرادۇستىن يۇقىرى بولغان جايدا قىشلايدىكەن. باھار كېلىپ، قۇياش نۇرى يەر-جاھاننى يىللىتقان چاغدا يەنە نورمال ياشاش باسقۇچىغا كىرىدىكەن.

## ”مۇزىكا چالالايدىغان“ پاقا

سىچۈەن ئۆلكىمىزنىڭ ئېمېي تېغىدىكى ۋەننيەنشۇ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەتراپىدا ياز كۈنلىرى ”دو—مى—سۇ“، ”دو—مى—سو“ دېگەن ئۆزگىچە بىر خىل مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ؛ ئۈچ تارلىق چالغۇنىڭ بۇ مۇڭلۇق مۇزىكا ئاۋازى سۇ كۆلچىكى تەرەپتىن ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە سۇ كۆلچىكىدىكى ئوت-چۆپلەر ئارىسىدا لايدىن ياسالغان ئىچى كاۋاك كىچىك كومزەكلەر بار ئىكەن، بۇ كومزەكلەرنىڭ يۇمىلاق تۆشۈكى بولغاچقا، پاقىلار ئۇنىڭ ئىچىدە كوركىرىسا، چالغۇ ئەسۋابتىن چىققان مۇڭلۇق مۇزىكا ساداسىدەك ئاۋاز ئاڭلىنىدىكەن، ئەسلىدە بۇ لاي كومزەكلەر ”مۇزىكا چالغۇچى پاقىلار“نىڭ ئاۋاز ساندۇقى ئىكەن.

## بۇرۇتلۇق پاقا

مەملىكىتىمىزنىڭ سىچۇەن ئۆلكىسى ئېمېي تېغىدىكى چىڭيىن راۋىقى، يىشيەنتيەن ۋە خۇڭچۇنپىڭ ئەتراپىدا، كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل ئىككى ماكانلىق هايۋان —— بۇرۇتلۇق پاقا ياشايدۇ، بۇ پاقا ئېمېي چار پاقىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ پاقىنىڭ شەكلى يېشىل پاقىنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ 10تال-دىن 16 تالغىچە قارا هەم قىسقا بۇرۇتى بار ئىكەن، ئۇ بىر خىل "جىنسى بەلگە دېغى" بولۇپ، ئەركەك پاقىلارنىڭ جىنسى يېتىلىش بەلگىسى ئىكەن. چىشى پاقىلارنىڭ بۇرۇتى بولمىسى-مۇ، ئەمما ئوخشاش يېرىدە ئاق داغ بار ئىكەن.

## دېڭىز تاشپاقىسىنىڭ ئۇزاق سەپەر قىلىشىدىكى سىر

هەر يىلى ئەتىياز كېلىش بىلەن تەڭ، ئاتلانتىك ئوكياندا ياشايدىغان دېڭىز تاشپاقىسى شۇ ئوكياندىكى 2000 نەچچە يۈز كىلومېتر يىراقلىقتىكى ئاسىنسون ئارىلىنى نىشان قىلىپ، توپ-توپ بولۇشۇپ يىراق سەپەرگە باشلايدۇ. ئۇنداقتا بەدىنى ئېغىر بۇ ئۆمىلىگۈچىلەر دېڭىز ساياهەتچىلىرىمۇ ئوڭاي تاپالماي-دىغان، ئۇزۇنلۇقى بىرنەچچە كىلومېترلا كېلىدىغان بۇ كىچىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارالغا قانداقسىگە ئوخشۇشلۇق يېتىپ بارالايدۇ؟ ئۇلار نېمىشقا ئۇ ئارالغا بارىدۇ؟

ئىلىم-پەن خادىملىرىنىڭ نۇرغۇن يىل تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە، ”نېمىشقا بارىدۇ“دېگەن مەسىلىگە جاۋاب تېپىلدى. ئەسلىدە تاشپاقىنىڭ كۆپىيىش مۇددىتى 2-3 يىل بولىدىكەن، ئۇلار برازىلىيە قولتۇقى ئەتراپىدا ياشايدىكەن، بىراق ئۇ يەردە ”توغۇت ئۆيى“ بولمىغاچقا، تۇخۇم تۇغالمايدىكەن، شۇڭا يېتىلگەن تاشپاقىلار نەسىل قالدۇرۇش ئۈچۈن ئامالسىز ھەر ئىككى-ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يىراق مۇساپىنى بېسىپ بۇ ئارالغا كېلىدىكەن.

بىراق، ئۇلار يولنى قانداق تاپىدۇ؟ بۇ مەسىلە ھېلىمۇ بىر سىر بولۇپ كەلمەكتە. ئالىملار بۇ تاشپاقىلارنىڭ يالغۇز نىشان سېزىمىگىلا تايىنىپ يولنى تېپىپ بارالمايدىغانلىقى ئېنىق دەپ قاراشتى، بەزىلەر ئۇلار يۇلتۇز، قۇياش نۇرى ۋە ئاينى بەلگە قىلىپ ماڭىدۇ دەپ قاراشتى، يەنە بەزىلەر بولسا ئۇلار ”پۇراش سېزىمى“گە تايىنىپ يول تاپىدۇ دەپ قاراشتى ۋەھاكازا.

## دېڭىز دېلفىنىنىڭ ئۇخلىماسلىقىنىڭ سىرى

دېڭىز دېلفىنىنىڭ ئۆمۈر بويى ئۇخلىماسلىقىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ 1980-يىلى، ئالىملار ئاخىر بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپتى: ئەسلىدە دېڭىز دېلفىنىنىڭ چوڭ مېڭىسى پۈتۈنلەي ئايرىلىق

ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقانىكەن، مېڭىسىنىڭ بىر بۆلىكى ئىشلىگەندە، يەنە بىر بۆلىكى تولۇق دەم ئالالايدىكەن.

## دېڭىز دېلفىنى خاتىرە مۇنارى

1880-يىلدىن بۇرۇن جەنۇبىي تىنچ ئوكياندا سەپەر قىلىدىغان پاراخوتچىلارنىڭ توختىغىلى كۆڭۈلىدىكىدەك قولتۇق بولمىغانلىقتىن بېشى قاتاتتى، ئۇ دەۋرلەردە، يېڭى زېلاندىيىنىڭ جەنۇبىدىكى قولتۇقلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان بولغاچقا، بۇ قولتۇقلارغا قاراملىق قىلىپ بارغىلى بولمايتتى. 1880-يىلىغا كەلگەندە، بۇ يەردە "ئادەم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان" بىر دېڭىز دېلفىنى پەيدا بولۇپ قالغان. ئۇ ھەمىشە پاراخوتنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئۇيان-بۇيان ئۈزۈپ ماڭىدىكەن، دېڭىزچىلار ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن راستلا توسالغۇسىز ھالدا ئورغۇن ياخشى قولتۇقلارنى تاپقانىكەن. بۇ مۇنەۋۋەر "يول باشلىغۇچى" ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دېڭىزچىلىرى ئۈچۈن 32 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغانىكەن.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، يېڭى زېلاندىيىنىڭ شىمالىدىكى خامبو پورتىدىمۇ بىر يول باشلىغۇچى دېڭىز دېلفىنى پەيدا بولۇپ قالغان، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئوپو. جېك دەپ ئىسىم قويۇپ قويغان. خامبو پورت شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى بىلىدىكەن ھەم ئاسرايدىكەن. بىراق، بىر كۈنى ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كېتىپتۇ، خېلى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىن، كىشىلەر دېڭىزنىڭ تەكتىدىن ئۇنىڭ جەسىتىنى تېپىپتۇ. بۇ شۇم خەۋەر تارقىلىش بىلەن تەڭ، تەرەپ-تەرەپتىن تەزىيە خەتلىرى ۋە تەزىيە تېلېگراممىلىرى كەپتۇ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى دەپنە قىلغاندا، ئۇنىڭ جەسىتى ئۈستىگە يېڭى زېلاندىيە-نىڭ دۆلەت بايرىقىنى يېپىپ، ئىنسانلارنىڭ بۇ سەممىي دوس-تى ئۈچۈن داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ. كېيىن مەخسۇس ئۇنىڭغا ئاتاپ مىس بىلەن ئېگىز خاتىرە مۇنار ياسىتىپتۇ.

## توك چىقىرالايدىغان بېلىق

دېڭىز-ئوكيانلاردا نۇرغۇن بېلىقلار توك چىقىرالايدۇ، شۇ-ڭا، بۇ بېلىقلار ”توك بېلىق“ دەپ ئاتىلىدۇ. جەنۇبىي ئامېرىكى-نىڭ دەريالىرىدىكى توك يىلان بېلىق 866 ۋولت توك ھاسىل قىلالايدۇ؛ ئافرىقىنىڭ دەريالىرىدىكى توك پىلىك بېلىق 400 — 500 ۋولت توك ھاسىل قىلالايدۇ؛ دېڭىزدا ياشايدىغان توك سكات بېلىقى تەخمىنەن 220 ۋولت توك ھاسىل قىلالايدۇ.

توك بېلىقلارنىڭ توك چىقىرىش ئەزاسى ئۇنىڭ مۇسكۇلى ياكى بەز تەنچىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان. توك سكات بېلىقىنىڭ توك چىقىرىش ئەزاسى ئۇنىڭ ساقىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا؛ توك يىلان بېلىقنىڭ توك چىقىرىش ئەزاسى بەدە-نىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولۇپ، قويرۇقىغىچە سوزۇلىدۇ. بۇ بېلىقلارنىڭ توك چىقىرىش ئەزاسى كۆپ تەرەپلىك سىلىندىرسى-

ـمان جىسىمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، خۇددى بىر-بىرىگە چىر-
ـتىلغان باتارىيە گۇرۇپپىسىغا ئوخشايدۇ، بەدىنىدىكى سىلىندىر-
سىمان ئېلېكتر پلاستىنكىسى بولسا باتارىيىنىڭ قۇتۇپ تاختى-
ـسىغا ئوخشايدۇ. ئېلېكتر پلاستىنكىسىنىڭ بىر يۈزىگە نېرۋىلار
جايلاشقان بولۇپ، ئۇ مەنپىي تەرەپ، يەنە بىر يۈزىدە نېرۋا يوق
بولۇپ، ئۇ مۇسبىي تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. ئېلېكتر پلاستىنكىسى
نېرۋىلارنىڭ ۋە ئۇمۇرتقا نېرۋىلىرىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولىدۇ.
توك چىقىرىش ئەزالىرى ئۈزۈلدۈرمەي ئىمپۇلىسلىق زەرەت
تارقىتىدۇ، ھەر قېتىملىق زەرەت تارقىتىش ۋاقتى 2-3 دەقىقىلا
بولىدۇ.

توك بېلىقلارنىڭ توك چىقىرىش ئەزاسىنى ئۇنىڭ نېرۋىسى
تىزگىنلەپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلار باشقا ئۇششاق جانىۋارلار-
نى قوغلاپ تۇتماقچى بولغاندا، ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلەنگەندە ياكى
بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئايرىم ھەرىكەتلىرىنى توغرىلى-
ـماقچى بولغاندا، زەرەت قويۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ توك چىقىرىش
ئەزاسى ناھايىتى مۇكەممەل ئېلېكتر ئۈسكۈنىسى بولۇپ ھېساب-
لىنىدۇ، ئۇ ئىنتايىن تېجەشلىك ئۇسۇلدا ئېلېكتر ئېنېرگىيە-
ـسى جۇغلايدۇ ۋە ئۇنى تارقىتىدۇ، ئېنېرگىيە تۈگىگەندىن كې-
يىن، بىرمەھەل دەم ئېلىۋېلىش ئارقىلىق يەنە ئېلېكتر ئېنېر-
گىيىسى جۇغلىۋالالايدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ھازىرغا قە-
دەر، دۇنيادا ھېچقانداق ئاككۇمۇلياتور ئۈسكۈنىسى قۇرۇلما ۋە
ئۇنۇم جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلىگەن ئەمەس ئىكەن.
ئۇنىڭ بۇنداق ئەپچىل قۇرۇلمىسى ئالىملارنى قىزىقتۇرماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## خەت-چەك توشۇيدىغان بىلىق

ياۋروپانىڭ سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلى رايونىدىكى ئارالدا ياشايدىغان ئاھالىلەر ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى خەت-چەك توشۇش ئىشلىرىنى بىر خىل ئىنچىكە قۇيرۇقلۇق مۇكا بىلىقنىڭ ياردىمى بىلەن يولغا قويۇپ كەلگەنىكەن. بۇ خىل بىلىقنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگىنى دېڭىز بوغىزىنىڭ بۇ قېتىدىن ئۇ قېتىغا ئۈزۈپ بارىدىغان، كەچقۇرۇن يەنە بۇ قاتقا قايتىپ كېلىدىغان ئاجايىپ بىر ئادىتى بارئىكەن، ئارالدىكى ئاھالىلەر خەت-چەكنى بۇ بېلىقنىڭ بەدىنىگە باغلاپ قويسا، بىلىق ئۇنى دېڭىز بوغىزىنىڭ يەنە بىر قېتىدىكىلەرگە ھېچقانداق توسالغۇسىز يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن.

## چىشى بىلىقنىڭ ئەركەك بىلىققا ئۆزگىرىشى

قىزىل دېڭىزدا قىزىل پاكروسوم دەپ ئاتىلىدىغان غەلىتە بىر خىل بىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ چىشىلىقتىن ئەركەكلىككە ئۆزگىرەلەيدىغان ئاجايىپ بىرخىل تەبىئىي خاراكتېرى بار ئىكەن. بۇ خىل بىلىقنىڭ چىشىسىنىڭ بەدىنىدە ئەركەك جىنىسقا ئۆزگىرىدىغان گېن بار ئىكەن، ئەگەر ئۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە

ئەركەك بېلىق بىلەن ئۇچرىشالمىسا، كۆرۈش نېرۋىسى ئۇچۇر يەتكۈزۈپ، ئالاقىدار گېنغا ئەركەكلىك گورمونى ئاجرىتىشنى ئۇقتۇرىدىكەن-دە، ئەركەك بېلىققا ئايلىنىپ قالىدىكەن. ساغلام، قاۋۇل چىشى بېلىقلار بۇنداق ئۆزگىرىش جەھەتتە تەبىئىي ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە ئىكەن.

## بېشى يوق بېلىق

مەملىكىتىمىزنىڭ فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ توڭئەن دېگەن جايى بىلەن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چىڭداۋ شەھىرى ئەتراپىدىكى دېڭىز يۈزىدە ۋېنچاڭ بېلىقى دەپ ئاتىلىدىغان ئەتىۋارلىق بىر خىل بېلىق ياشايدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ بېلىق باشقا بېلىقلارغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بېشى، ئومۇرتقىسى، قاسىرقى ۋە كۆزى يوق، بەدىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ سانتىمېترچە كېلىدۇ، تېنى يۇمشاق بولۇپ، ئازراق پارقىرايدۇ. بۇ بېلىق كېچىسى دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، كۈندۈزى قۇياش نۇرىدىن قېچىپ، قۇمغا كىرىۋالىدۇ. جاۋا قاتارلىق دېڭىز بويلىرىدىمۇ ئۇنىڭ ياشىغانلىقى بايقالغان. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئومۇرتقىسىز جانلىقتىن ئومۇرتقىلىق جانلىققا ئۆزگىرىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى تارىخىدىكى تىرىك تاش قاتما ھېسابلىنىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# غەلىتە تۇغۇش ۋە بېقىش ئۇسۇلى

نۇرغۇن بېلىقلارنىڭ تۇغۇش ۋە بېقىش ئۇسۇلى ئىنتايىن قىزىقارلىق بولىدۇ. مەسىلەن، لەھەڭ "بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى يەۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن دۇنياغا كېلىدۇ"، يەنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۆرەلگەن نەچچە مىڭلىغان بىلىجانلار ئەناق ئۆتۈشمەستىن، بەلكى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چىقماي تۇرۇپ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرىشىدۇ، ئاخىردا قالغان بىر بىلىجان بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چىقىدۇ. يەنە مەسىلەن، ئانا سەككىز ئاياغنىڭ ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا بولغان سادىقەتلىكى تەڭداشسىزدۇر: ئۇ تۇخۇملاۋاتقان مەزگىلدە، ھېچقانداق جانلىقلىقنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدۇ. ھەتتا "ئېرى" دىققەتسىزلىكتىن ئۇنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، كېيىن بالىپانلىرى چىقىپ باشقا يەرلەرگە كەتسىمۇ، ئانا سەككىز ئاياغ قورۇق تۇخۇم شاكىلىنى پۇتون ئېسى-يادى بىلەن باقىدۇ، ھېچ نەرسە يېمەي، ئاخىر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسسىق بەلباغدا ياشايدىغان ئافرىقا تاپان بېلىقىنىڭ تۇغۇش-بېقىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىچە؛ ئانا بېلىق تۇخۇملىغاندىن كېيىن، تۇخۇمنى ئاغزىغا سېلىۋېلىپ، بېلىجان بولۇپ چىققۇچە ھېچ نەرسە يېمەيدۇ، ھەتتا ھەرىكەتمۇ قىلماي، دېڭىزنىڭ تەكتىدە جىم تۇرىدۇ، ئاغ-

زىنى بىر ئېچىپ، بىر يۇمۇپ، ئاغزىدىكى تۇخۇمنى ئاستا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مىدىرلىتىدۇ، ئالتە-يەتتە كۈندىن كېيىن، نەچچە يۈز بېلىجان چىقىدۇ. بېلىجانلار دەسلەپتە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋاتقان چاغلاردا، ئانا بېلىق ھوشيارلىق بىلەن ئۇلارنى قوغداپ تۇرىدۇ، بېلىجانلار خەتەرگە يولۇققىدەكلا بولسا، ئانا بېلىق ئاغزىنى ئېچىپ ئۇلارنى سېلىۋالىدۇ. ئانا بېلىق بېلىجانلارنى مانا مۇشۇنداق ئون نەچچە كۈن باققاندىن كېيىن، مۇستەقىل ياشاشقا دېڭىزغا قويۇپ بېرىدۇ.

## كۆچەت تىكەلەيدىغان قۇش

پېرۇدا سۆگەتنىڭ يوپۇرمىقىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل قۇش بار ئىكەن. ئۇنىڭ يوپۇرماق يېيىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئۇ دەرەختىن بىر تال يۇمران يوپۇرماق شېخىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئالدىرىماي چوقۇپ يېيىش ئۈچۈن توپ-توپ بولۇپ ئاسمىنى كەڭ دالىغا ئۇچۇپ بارىدىكەن. ئۇلار يوپۇرماقنى يېيىشتىن ئاۋۋال يەرگە بىر ئويماتچاق كولىۋېلىپ، يوپۇرماق شېخىنى ئويماتچاققا سانجىپ قويۇپ ئاندىن يېيىشنى باشلايدىكەن. سۆگەت جېنى چىڭ، ئوڭاي ئەي بولىدىغان دەرەخ بولغاچقا، قۇشلار سانجىپ قويغان دەرەخ شاخلىرى بىرنەچچە كۈندىلا يىلتىز تارتىپ بىخلاپ كېتىدىكەن، ئۇزاققا قالمايلا توپ-توپ سۆگەتلىك پەيدا بولىدىكەن. يەرلىك كىشىلەر بۇ قۇشنى ”ئورمان بەرپا قىلغۇچى قۇش“ دەپ

ئاتىشىدىكەن.

## ھايۋانلارنىڭ بىر-بىرىگە يېقىنىشى

ھايۋانات دۇنياسىدا، نۇرغۇن ھايۋانلار بىر-بىرىگە يېقىنىپ ياشاش جەھەتتە ئۈلگە بولالايدۇ، نۇرغۇن ھايۋانلار ھەتتا بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن.

ھىندىستان كەركىدانىنىڭ كۆزى كىچىك بولۇپ، يىراقتىكى نەرسىنى كۆرەلمەيدىغان كېسىلى بار، بەدىنى ئېغىر، پالاكەت بولغاچقا، ئۇنىڭ يىرىك ئەتلىرىدە ياشايدىغان بىر خىل ئۇششاق قۇرت ئۇنى بەكمۇ بىئارام قىلىدۇ، بىراق كەركىدان قۇشى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كىچىك قۇش بولۇپ، مەخسۇس كەركىدانىنىڭ دۈمبىسىدە ياشايدۇ ۋە ھەركۈنى ئۇنىڭ بەدىنىدىكى قۇرتلارنى تېرىپ يەيدۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كەركىدان بىلەن بۇ خىل قۇش ئىناق دوستلاردىن بولۇپ قالغان؛ ئافرىقا تىمساقى بىلەن بىر خىل كىچىك قۇشمۇ ئىناق دوستلاردىن ئىكەن، تىمساق بۇ قۇشنى كۆرگەن ھامان تەكەللۇپ بىلەن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بېرىدىكەن، قۇش تىمساقنىڭ ئاغزىغا كىرىپ، ئۇنىڭ چىشىنىڭ ئارچۇقلىرىدىكى قالدۇق يېمەكلىكلەرنى يەپ تازىلىۋېتىدىكەن، تىمساق قۇشقا زادىلا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيدىكەن.

# لەھەڭدىمۇ دوستلۇق مېھرى ۋە ئانا مېھرى بار

ھايۋاناتتىمۇ ئادەمگە ئوخشاش دوستلۇق مېھرى ۋە ئانا مېھرى بار. لەھەڭمۇ ئاشۇنداقلارنىڭ بىرى.

بىپايان دېڭىز تىپتىنچ ئىدى، دېڭىز سۈيى سۇپسۇزۇك تۇراتتى. بىر بېلىق كېمىسى ئېغىر بېلىق تورىنى سۆرەپ پورت تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا، توساتتىن بىرەيلەننىڭ: ”ئىلدام قاراڭلار، نېمىدېگەن چوڭ لەھەڭ بېلىقلار-بۇ!“ دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

راست دېگەندەك، تەكشى تىزىلغان بىر توپ لەھەڭ ھەيۋەتلىك سەپ بولۇپ بېلىق كېمىسى تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇلار بىردەم كېمىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتسە، بىردەم كېمىنىڭ ئارقىدىن يېقىن ئەگىشىپ ماڭاتتى. ئۇلار نېمە قىلماقچى؟

توساتتىن ئىككى چوڭ لەھەڭ ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ئېتىلىپ كېلىپ، ھەرىدەك ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن تورنى چىڭ چىشلىۋالدى. تور يىرتىلىپ كېتىشكە تاسلا قالدى، توردىكى بېلىقلار سىرتقا چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. بېلىقچىلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. چىغىرىقچى ئالدىراپ-تېنەپ تورنى يىغىشقا باشلىدى، لېكىن لەھەڭلەر بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلىپ قويماي، تورنى بار كۈچى بىلەن چىشلەپ تۇرۇۋالدى. مانا شۇ چاغدىلا كىشىلەر لەھەڭلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنداق قىلىشتىن مەقسەتنى بىلىق يېيىش ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئۇنداقتا، لەھەڭلەرنىڭ مەقسىتى نېمە؟

بۇ چاغدا، بېلىقچىلار تورنى تارتقاندا، ئۇچ كىچىك لەھەڭنىڭ تورغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىرى بېسىلىپ ئۆلگەنلىكىنى، قالغان ئىككىسى پىلتىڭشىپ قالغانلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن بېلىقچىلار بۇ ئىككى تىرىك لەھەڭنى توردىن دېڭىزغا سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتكەن. لەھەڭلەر قويۇپ بېرىلگەن ئىككى بالىسىنى كۆرۈپ، ئىككىسىنىڭ ئەتراپىدا بۇرۇنلىرىنى بىر-بىرىگە تەگكۈزۈپ، قۇيرۇقلىرىنى پىلتىڭشىتىپ ئوينىغان. كېيىن بىر چوڭ لەھەڭ كېمىنىڭ ئەتراپىدىن زادىلا نېرى كەتمىگەن. ئۇ بىرخىل ئەندىشە قىلىش ۋە يېلىنىش قىياپىتىدە بېلىقچىلارغا كۆز ئۈزمەستىن قاراپ ماڭغان. شۇنىڭ بىلەن، بېلىقچىلار ھېلىقى ئۆلۈپ قالغان كىچىك لەھەڭنىمۇ دەرياغا ئېقىتىۋەتكەن. بۇ ۋاقىتتا، چوڭ لەھەڭ ئارقىغا بۇرۇلۇپ، كىچىك لەھەڭنى چىشلەپ تۇرۇپ، دېڭىزنىڭ تەكتىگە كىرىپ كەتكەن.

لەھەڭلەر يىراقلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى بېلىقچىلارنى چوڭقۇر ئويغا سالغان: دېڭىزدىكى بۇ ۋەھشىي قاتىلدىمۇ دوستلۇق مېھرى بار ئىكەن! ھېلىقى چوڭ لەھەڭ ئېلىپ كەتكەن كىچىك لەھەڭ ئۇزىنىڭ بالىسى بولسا كېرەك!

# ھايۋانات نېمىشقا كوللېكتىپ ئۆلۈۋالىدۇ

كىشىلەر ھىندىستاننىڭ ئاسسام شتاتىدىكى جانجىنگىن دېگەن يېرىدە قۇشلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆلۈۋېلىش ئەھۋالىنى ئۇچرىتىدۇ. ھەر يىلى 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 10-ئايغىچە بولغان مەزگىلدە، نەچچە يۈز قۇش ئاي نۇرى بولمىغان تۈن كېچىدە ئۇۋىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ بۇ يەرگە كېلىدۇ. ئۇلار يورۇق يەرنى كۆرسىلا بېرىپ ئۇسىدۇ، بەزىلىرى ئاھالىلەرنىڭ دېرىزىسى ئېچىلىپ قالغان ئۆيلىرىگىمۇ كىرىپ كېتىدۇ. بۇ قۇشلار ئۇتتۇر كەلگەن يەرگە ئۇسۇپ ھوشىدىن كېتىدۇ، ھوشىدىن كەتمەي قالغان بەزى قۇشلار ئۇچۇپ كېتىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، تىرمىشىپ ئۇچۇپ كېتەي دېمەيدۇ. بۇلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى ئەتىسىگىچە ھايات قالسىمۇ، دان يېمەي تۇرۇۋالىدۇ.

تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ قۇشلار دائىم جەنۇب شامىلى چىققاندا شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئۇچۇپ مەھەللىگە كىرىدۇ، يەنى شامالغا قارشى ئۇچۇپ كېلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قۇشلارنىڭ بۇنداق كوللېكتىپ ئۆلۈۋېلىش ئەھۋالى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ھەر يىلى كۆرۈلۈپ تۇرغانىكەن. بۇ قۇشلارنىڭ نېمىشقا يورۇق جايغا ئۆزىنى ئاتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نېمىشقا شۇ ئەتراپتىكى باشقا مەھەللىلەرگە بارماي، جانجىنگىن مەھەللىسىگە بارىدىغانلىقىنى ئالىملار تېخى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بەزىلەر بۇ ھادىسىنى

يەر ماگنىتى، يەرنىڭ تارتىش كۈچى، جىلغىدىكى گاز ۋە توك-نىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. بىراق، شۇ ئەتراپتىكى ئورمانلىقتا ياشايدىغان قۇشلاردا بۇنداق ئەھۋال يوق، شۇڭا بۇ قاراش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. بۇ قۇشلارنىڭ زادى نېمىشقا كوللېكتىپ ئۆلۈۋالىدىغانلىقى هازىرغا قەدەر بىر سىر بولۇپ كەلمەكتە.

دېڭىز هايۋانلىرىدىمۇ كوللېكتىپ ئۆلۈۋالىدىغان ئەھۋال دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. 1913-يىلى ئەنگلىيە مۇزېيى كىتلارنىڭ تېيىز سۇغا چىقىپ ئۆلۈۋېلىش ۋەقەسى توغرىسىدا يازما خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭغاندىن بۇيان، 10 مىڭدىن ئارتۇق كىت ۋە دېڭىز دېلفىنىنىڭ تېيىز سۇغا چىقىپ ئۆلۈۋالغانلىقى مەلۇم بولدى، خاتىرىلىنىپلىنمىغان بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مىسال بار، ئەلۋەتتە. تېيىز سۇغا چىقىپ ئۆلۈۋالغان كىتلار ئىچىدە غايەت زور كۆك كىتلارمۇ، بۇنىڭدىن باشقا قارا كىتلارمۇ، ۋەھشى يولۋاس كىتلارمۇ بار. يولباشچى كىت ۋە يالغان يولۋاس كىتلار كۆپ هاللاردا توپ-توپ بولۇپ تېيىز سۇغا چىقىپ ئۆلۈۋالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئۆلۈۋالىدىغىنى يولباشچى كىت، ئۇلار ئاز بولغاندا بىرنەچچىسى، نەچچە ئونى، كۆپ بولغاندا نەچچە يۈزى بىرلىشىپ ئۆلۈۋالىدۇ. بۇنداق كۆپ كىتنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشىگە ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ. كىشىلەر بايلىقنى مۇھاپىزەت قىلىش مەسئۇلىيىتى بىلەن، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا ھەرىكەت قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كۆپ هاللاردا بۇنداق جىددىي قۇتقۇزۇشنى

”رەت قىلىپ“، ”ئۆلۈۋېلىش“ كويىدا ”قەستەن“ قۇرۇقلۇقتا چىقىۋالغان. بۇ ھال ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنى ئامالسىز قالدۇرغان. كىشىلەر بۇنداق ھادىسىنى كىتىنىڭ قەستەن كول-لىېكتىپ ئۆلۈۋېلىشى دەپ ئادەتلەنگەن.

كىت نېمىشقا تېيىز سۇغا چىقىۋالىدۇ؟ ئۇلار راستىلا قەس-تەن ئۆلۈۋالامدۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ؟ ھازىر بۇ مەسىلىگە بولغان قاراش بىردەك ئەمەس. ئاساسلىقى، بۇنىڭ سەۋەبىنى يەر شەكلى ئامىلى، ئوزۇقلىنىش ئامىلى، غەيرىي نورماللىق ئامىلى، يولدىن ئېزىش ئامىلى، نەسلىگە تارتىش ئامىلى، كېسەللىك ئامىلى قاتارلىق ئامىللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇلا-ھىزە قىلىدىغان قاراشلاردىن ئىبارەت، بۇ قاراشلار ئىچىدە زادى كىمنىڭ توغرا، ھازىرچە بۇنىڭغا بىرنەرسە دېيىش تېخى قىيىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 15 . ئاجايىپ ئۆسۈملۈكلەر

## ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دۆلەت گۈلى

دۇنيادا نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۆز خەلقى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان گۈلنى دۆلەت گۈلى قىلىدۇ.

ياپونىيە نورۇز گۈلىنى دۆلەت گۈلى قىلغان، نورۇز گۈلى گۈزەللىك، ئەقىل-پاراسەت، دوستلۇق ۋە بەخت-سائادەتنىڭ سىمۋولى.

ئامېرىكا خەلقى سۆزۈك، قىزىل كامېلىيە گۈلىنى دۆلەت گۈلى قىلغان.

فرانسىيە چىرايلىق، سۆزۈك، ئازادە كۆرۈنىدىغان پىياز-گۈلنى دۆلەت گۈلى قىلغان، پىيازگۈل ئەركىنلىكنى سۆيۈش، مۇستەقىللىق ۋە ئۇچۇق-يورۇقلۇق روھىنىڭ سىمۋولى.

گوللاندىيە، تۈركىيە، ئىران، ۋېنگرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر چىرايلىق، ئېسىل كۈركۈم گۈلىنى دۆلەت گۈلى قىلغان.

ئىسپانىيە باياشاتلىقنىڭ ۋە بەخت-سائادەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە چوغدەك قىزىل ياۋا ئانار گۈلىنى دۆلەت گۈلى قىلغان.

ئاۋستىرالىيە قارىغاينى دۆلەت گۈلى قىلغان.

مېكسىكا خەلقى شاخلىرى مەزمۇت قارىقات گۈلىنى دۆلەت

گۈلى قىلغان.

ھىندونېزىيە ۋە فىلىپپىن خۇش پۇراق ئاق چايگۈلنى دۆ-لەت گۈلى قىلغان.

تايلاند ۋە بەزى ئەرەب مەملىكەتلىرى ياتما نىلوپەرنى دۆلەت گۈلى قىلغان.

بىرازىلىيە ئىسسىق بەلباغ پىگان گۈلىنى دۆلەت گۈلى قىلغان.

رۇمىنىيە ئاق ئەتىرگۈلنى دۆلەت گۈلى قىلغان.

شۋېتسىيە مەرۋايىت گۈلىنى دۆلەت گۈلى قىلغان.

گرېتسىيە مايلىق زەيتۇننى دۆلەت گۈلى قىلغان.

پورتۇگالىيە ئۇستى قۇددۇسنى دۆلەت گۈلى قىلغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئاپتاپپەرەسنى دۆلەت گۈلى قىلغان.

مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت گۈلى يوق. ئەمما تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە رەڭدار، كۆركەم، ئېسىل، خۇش پۇراق مۇدەن گۈل دۆلەت گۈلى قىلىنغان.

## مۇھىت ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىنسىنى ئايرىمىسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ

ئىلگىرى كىشىلەر ئاتىلىق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئانىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىنسىي ئايرىمىسى ئۆزگەرمەس بولىدۇ دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاراپ كەلگەندى. 1981-يىلى، ئالىملار تەتقىق قىلىش ۋە تەجرىبە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، كۆن نۇرى، يەر تېمپېراتۇرىسى، ئوزۇقلۇق تەركىبى، كۆننىڭ ئۇزاق-قىسقىلىقى ۋە تاشقى ئامىلنىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشى قاتارلىق مۇھىت ئامىللىرىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، 50 نەچچە خىل ئاتىلىق ئۆسۈملۈك بىلەن ئانىلىق ئۆسۈملۈكنىڭ جىنسىي ئايرىمىسى ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئومۇمەن ناچار مۇھىتتا ئاتىلىق ئۆسۈملۈك كۆپرەك بولىدۇ، ياخشى مۇھىتتا ئانىلىق ئۆسۈملۈك كۆپرەك بولىدۇ.

## ئۆسۈملۈكنىڭمۇ تىلى بار

ئەنگلىيىنىڭ ئۆسۈملۈك تەتقىقاتچىسى چورامى لۇلاد مەخسۇس ئۆسۈملۈك تەتقىق قىلىدىغان ئەسۋابنى لايىھىلەپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىققان. بىئولوگىيىلىك ئېلېكترون تەرجىمە ئۇسكۇنىسى ئورنىتىلغان بۇ ئالاھىدە ئەسۋاب ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تىلىنى تەرجىمە قىلالايدىكەن. مەسىلەن، ئۆسۈملۈكلەر نورمال ئەھۋالدا ئۆسكەندە رىتىملىق، يېنىك مۇزىكىلىق ئاھاڭ چىقىرىدىكەن، زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىغاندا ياكى ھاۋا ئۆزگىرىپ بوران چىققاندا، ئېغىر، ۋەھىملىك، رىتىمسىز ئاھاڭ چىقىرىدىكەن.

# ئادەمنى گاچا قىلىپ قويىدىغان ئۆسۈملۈك

ۋېنېسۇئېلادا بەئەينى شېكەر قومۇشقا ئوخشايدىغان بىرخىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى ”گاچا قىلىدىغان ئۆسۈملۈك“ دەپ ئاتىشىدىكەن. چۈنكى كىشىلەر ئۇنى ئۇقماي چايناپ سالسا، دەرھاللا گاچا بولۇپ قالىدىكەن، يېنىكرەك بولغانلىرىنىڭمۇ 48 سائەتتىن كېيىن سۆزلەش ئىقتىدارى ئەسلىگە كېلىدىكەن. تەھلىل قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ غولىدا ئادەمنىڭ ئاۋاز پەردىسىنى قاتتىق غىدىقلاپ، تەۋرىنەلمەيدىغان، ئاۋاز چىقىرالمايدىغان قىلىپ قويىدىغان بىرخىل ئالاھىدە سۇيۇقلۇق بار ئىكەن.

# يىلان مەھەللىسى

مىسىردا گىزادىكى ئۈچ چوڭ ئېھرامغا يەتتە كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئابۇلاۋاش دەپ ئاتىلىدىغان بىر يىلان مەھەللىسى بار ئىكەن. مەھەللە ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن يىلان تۇتۇشنى كەسىپ قىلغان ئادەم 200دىن ئاشىدىكەن. بۇ كىشىلەر دائىم دېڭىزدەك مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىلىپ كېتىدىكەن. شۇڭا مىسىرنىڭ تىببىي ئىنىستىتۇتلىرىدا، تەجرىبە مەركەزلىرىدە ۋە ھايۋانات باغچىلىرىدا بۇ مەھەللىنىڭ

داڭقى بار ئىكەن. ھەتتا گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر بۇ مەھەللىنىڭ نامىنى بىلىدىكەن.

مەھەللىدە 70 ياشلاردىن ھالقىغان ھاجى تەلىبە دېگەن بىر بوۋاي يىلان تۇتۇش ماھىرى ئىكەن. ئۇنىڭ 17 ئاكا-ئۇكىسىنىڭ ھەممىسى يىلان تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن، ھەتتا كېلىنلىرى ۋە ئون نەچچە ياشلىق قىز نەۋرىلىرىمۇ يىلان تۇتۇشنى بىلىدىكەن. ئۇلار يىلاننىڭ ماڭغان ئىزىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۇۋىسىنى تاپالايدىكەن ھەمدە شۇ ئۇۋىدىكى يىلاننىڭ زەھەرلىك يىلان ياكى زەھەرسىز يىلان ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدىكەن. ئۇلار يىلاننىڭ ئۇۋىسىنى تاپقاندىن كېيىن، بىر ئامال قىلىپ يىلاننى ئۇۋىسىدىن چىقىرىپ، دەرھال گۇرجەك بىلەن بېشىنى بېسىۋېلىپ، ئاندىن خالتىغا ياكى تۆمۈر قاچىغا سېلىۋالىدىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەھەللىدە تۇزۇك يىلان قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما باشقا جايلاردىكىلەر بۇ مەھەللىدىكىلەرنى يىلان تۇتۇپ زىيانداشنى يوقىتىپ بېرىشكە دائىم دېگۈدەك تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېتىدىكەن. دېمەك بۇ يىلان تۇتۇش ماھىرلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە ئىز باسمىغان يېرى يوق ئىكەن.

## ئىسسىق-سوغۇقنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئوت

سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدا كېپىنەكگۈل دەپ ئاتىلىدىغان بىرخىل ئوت بولۇپ، ئۇ ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىنتايىن تېز سېزىۋالالايدىكەن، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى سېلتسىيە 20 گرادۇس بولغاندا، ئۇنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرى ئۇستىگە كۆ-تۈرۈلۈپ تۇرىدىكەن؛ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى سېلتسىيە 15 گرا-دۇسقا چۈشكەندە، ئۇنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرى پەسكە سالپىيىپ توغرىسىغا بولۇپ قالىدىكەن؛ ئەگەر تېمپېراتۇرا يەنە تۆۋەنلەپ سېلتسىيە 10 گرادۇسقا چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭ شاخ-يوپۇرماقلى-رى پەسكە ساڭگىلاشقا باشلايدىكەن. ئەگەر تېمپېراتۇرا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئەسلىگە قايتسا، ئۇنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرىمۇ ئەسلى ھالىتىگە قايتىدىكەن. دېمەك ئەگەر ئۆيدە بىر تۈپ كېپىنەكگۈل بولسا، ئۇنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرىنىڭ ھالىتىگە قاراپ، ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئاساسەن بىلگىلى بولىدىكەن.

## دەل-دەرەخلەرنىڭ شاۋقۇن-سۈرەننى يوقىتالىشىنىڭ سىرى

ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىلەر، دەل-دەرەخلەرنىڭ شاۋقۇن-سۈرەننى يوقىتالىشىدىكى سەۋەب، دەرەخنىڭ قوۋزاق ۋە يوپۇر-ماقلىرىنىڭ ئاۋاز سۈمۈرۈش رولى بولغانلىغىدىندۇر، دەپ قارى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غاندى. بىراق، ئامېرىكىنىڭ پېنسىلۋانىيە داشۆسىدىكى ئا-لىملار دەل-دەرەخ ئارقىلىق شاۋقۇن-سۇرەننى تۇگىتىش ئۈستى-دە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق شۇنى بايقىغانكى، ئاۋازنى دەرەخنىڭ قوۋزىقى ۋە يوپۇرمىقى ئەمەس، بەلكى دەرەخنىڭ يىلتىزى ئەتراپىدىكى تۇپراق سۇمۇرۇۋالىدىكەن، دەرەخنىڭ شاخلىرى ئاۋاز دولقۇنىنى يېرىپ، ئاساسلىق ئاۋاز دولقۇنىنى تۇپراقنىڭ سىرتقى قاتلىمىغا يەتكۈزۈپ بېرىش رولىنىلا ئوينايدىكەن.

## كۈلەلەيدىغان دەرەخ

ئافرىقىدا رۋاندانىڭ پايتەختى كىگالىدىكى بىر ئۆسۈملۈك-لەر باغچىسىدا ”كۈلەلەيدىغان“ بىر خىل دەرەخ بار ئىكەن. شامال چىققان چاغلاردا بۇ دەرەخ ”ھا، ھا“ قىلغان ئاۋازنى چىقى-رىدىكەن، ئۇنىڭ بۇ ئاۋازى بەئەينى ئادەمنىڭ كۈلكە ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن.

”كۈلەلەيدىغان دەرەخ“ بىرخىل كىچىك دەرەخ بولۇپ، 7 — 8 مېترلا ئۆسىدىكەن، شېخى قوڭۇر، يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكىللىك بولۇپ، ھەر بىر شېخىنىڭ ئارىلىقىدا خۇددى قوڭغۇ-راققا ئوخشايدىغان بىردىن شاكاللىق مېۋىسى بارئىكەن. شاكال ئىچىدە شارىكتەك ئۇياقتىن بۇياققا دومىلاپ تۇرىدىغان نۇرغۇن يۇمىلاق مېغىز بار ئىكەن. شاكالنىڭ ئۇستىدە ئىمىر-چىمىر ئۇششاق تۆشۈكچىلەر بارئىكەن. بۇ قوڭغۇراقسىمان مېۋىلەر

مەيىن شامالدا گىلدىڭشىپ مىدىراپ تۇرىدىكەن. ئۇرۇقچىنىڭ شاكىلى نىپىز ھەم قاتتىق بولغاچقا، ئىچىدىكى شارىكسىمان مېغىزى مىدىرىغاندا، ”ھا، ھا“ قىلـلـىغان ئاۋاز چىقىدىكەن.

## ئادەمخور دەرەخ

ھىندونېزىيىنىڭ جاۋا ئارىلىدا ئۆسىدىغان ئاجايىپ بىرخىل دەرەخ بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر بۇ دەرەخنى ”ئادەمخور دەرەخ“ دەپ ئاتايدىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرىغا تېگىپلا قويسا، ئۇنىڭ يۇزلىگەن-مىڭلىغان شاخلىرى يىغىلىپ كېلىپ ئادەمگە چىڭ چىرمىشىۋېلىپ، ئىنتايىن كۈچلۈك بىرخىل چاپلاشقاق سۇيۇقلۇقنى چىقىرىپ، ئادەمنى ئاجرىيالماس قىلىپ قويىدىكەن-دە، ئاخىر ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

## ئادەمنى چىشلەيدىغان دەرەخ

ئېلىمىزنىڭ شەرقىي لياۋنىڭ رايونىدىكى خۇەنرېن تاغلىق رايونىدا ئادەمنى ”چىشلەيدىغان“ بىرخىل دەرەخ ئۆسىدىكەن، ئۇنىڭ غولى كاتالپىنىڭ غولىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى سۆگەتنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولۇپ، قارىمۇ-قارشى يوپۇرماق بولۇپ ئۆسىدىكەن، رەڭگى قىزغۇچ يېشىل ئىكەن. بىراق كىشىلەر ئۇنى تۇتۇشقا پېتىنالمايدىكەن، چۈنكى، كىمكى ئۇنى تۇتۇپلا قويسا، بۇ دەرەخ ئۇنى ”چىشلەپ“ جاراھەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەندۇرۇپ قويىدىكەن. جاراھەتلەنگەن ئادەمنىڭ ئىتىگە دەسلەپتە مۇدۇرچۇق ئۆرلەپ كېتىدىكەن، ئاندىن پۈتۈن بەدىنى قاتتىق قىچىشىپ، ئىششىپ، شەلۋەرەپ كېتىدىكەن، يېنىك بولغانلىرىمۇ نەچچە ئون كۈندە ئاران ساقىيىدىكەن.

## ئۆيقۇ كەلتۈرىدىغان گۈل

تانزانىيىنىڭ بەزى رايونلىرىدا چاتقال كۆزگى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل گۈل بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيقۇ كەلتۈرۈش رولى كۈچلۈك ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ گۈلنىڭ ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۈنۈمى ئۇيقۇ دورىسىنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى ئىكەن. يەرلىك ئاھالىلەر ئۇنىڭدىن ئوۋ ئوۋلاشتىكى ”ئېسىل دورا“ سۈپىتىدە پايدىلىنىدىكەن، ئۇلار كۆپ ھاللاردا بۇ گۈلنى ئوزۇقلۇققا ئارىلاشتۇرۇپ يەمچۈك قىلىپ، بويسۇندۇرۇش قىيىن بولغان يىرتقۇچ ھايۋانلارنى تۇتۇۋالىدىكەن.

## گۈللەرنىڭ شاھى

دۇنيادا گۈل ئېچىلىدىغان ئۆسۈملۈك جەمئىي 200 — 300 مىڭغا يېتىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە گۈلى ئەڭ چوڭى راففلېزىيە گۈلىدۇر. راففلېزىيە گۈلىنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 1.5 مېتىر، ئېغىرلىقى 6—7 كىلوگرام كېلىدۇ، گۈل بەرگىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزىكى 30— 40 سانتىمېتىر كې-

لىدۇ. بۇ گۈلنىڭ تېگى قىزىل، ئەمما بىرمۇنچە سارغۇچ ۋە قىزغۇچ چېكىتلەرمۇ بار.

بۇ گۈلنىڭ غۇنچە مەزگىلىدىن پورەكلەپ ئېچىلىشىغا بىر ئاي ۋاقىت كېتىدۇ، پورەكلەپ ئېچىلغاندىن كېيىن، 2.3 كۈنگە قالماي توزۇپ كېتىدۇ. ئېچىلغان ۋاقتىدا خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرىدىغان بۇ گۈل بىرنەچچە كۈنگە قالمايلا ئىنتايىن سېسىق پۇراق تارقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، چىۋىن ۋە ھەرخىل ھاشارەتلەر كېلىپ قونۇپ، گۈل چېچىكى تارقىتىپ چاڭلاشتۇرىدۇ.

راففلېزىيە بىرخىل سامان غۇللۇق پارازىت ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى يوق بولۇش بىلەنلا قالماستىن، غول ۋە يوپۇرمىقىمۇ يوق، ئۆمرىدە بىر قېتىملا گۈل ئاچىدۇ. ئۇ ئۆسۈشتىن توختاپ يىگىلەپ كەتكەن غولدىن زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى ھالىتىگە ئۆزگىرىپ، ئۇزۇم ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاق توزاڭ پىلىكىنىڭ پىلىكىدە پارازىتلىق بىلەن ياشاپ، زەمبۇرۇغ يىپچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

## قوناق پۆپۈكى ئادەمنى ئورۇقلىتىدۇ

پەن تەتقىقاتى خادىملىرى قوناق پۆپۈكىنىڭ ئادەمنى ئورۇقلىتىدىغانلىقىنى بايقىغان. چاڭلاشتۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى قوناقنىڭ پۆپۈكىنى ئېلىپ كۈن چۈشمەيدىغان يەردە قۇرۇتۇپ، چاي دەملىگەندەك قايناقسۇغا سېلىپ (شېكەر سالماي) ئىچىپ

بەرسە، سېمىز ئادەملەرگە مەلۇم دەرىجىدە پايدىسى بولىدىكەن، سۇيدۇكنى راۋانلاشتۇرىدىكەن (ئەكس تەسىرى بولمايدىكەن). بۇنىڭدىن باشقا، بۆرەك ياللۇغى، دوۋساق ياللۇغى، رېماتىزم كېسىلى قاتارلىق كېسەللەرگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە پايدىسى بار.

# 16. ئادەم بەدىنىنىڭ سىرى

## ئادەم بەدىنىدە قانچىلىك ئېلېمېنت بار

تەبىئەت دۇنياسىدىكى قىسما-قىسما ماددىلار 107 خىل خىمىيۋى ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپقان.

ئادەم بەدىنىنىڭ يۈرەك، ئۆپكە، جىگەر، چوڭ-كىچىك ئۈچەي، بۆرەك ۋە ئۇستىخان قاتارلىق ئەزالىرىمۇ ئەنە شۇنىڭدەك ئەڭ ئاساسلىق ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان. ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئۆلچەش نەتىجىسىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەم بەدىنىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئوكسىگېن 65%، كاربون 18.3%، ھىدروگېن 10%، ئازوت 2.7%، كالتسىي 1.4%، فوسفور 0.8%، كالىي 0.27%، ناترىي 0.26%، گۈڭگۈرت 0.2%، ماگنىي 0.04%، تۆمۈر 0.04%نى تەشكىل قىلىدىكەن. سىنك بىلەن كرېمنىي ئون مىڭدىن نەچچە پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدىكەن. بروم، مىس، فتور، يود ۋە مانگان قاتارلىقلار نەچچە يۈز مىڭدىن بىر پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدىكەن. ئارسىن، بور، تىتان قاتارلىقلار تېخىمۇ ئاز بولۇپ مىليوندىن بىر پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئادەم بەدىنىنىڭ بىر سوتكىدىكى ئىقتىدارى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىلىق فىلونوۋ ئالىملارنىڭ تەسەۋ-ۋۇرىغا ئاساسەن ئادەم بەدىنىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ بىر سوتكىدىكى ئۆزگىرىشىنى ھەربىر سائەت بويىچە ئايرىپ چىققان:

كېچە سائەت بىردە. زور كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۈچ سائەت ئۇخلايدىكەن، ئۇيقۇنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدىكەن. جۈملىدىن بۇ چاغدا ئادەم سەگەك ئۇيقۇ باسقۇچىدا بولۇپ، ئوڭاي ئويغىنىپ كېتىدىكەن، ئاغرىقنى ئالا-ھىدە بەك سېزىدىكەن.

كېچە سائەت ئىككىدە. جىگەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەم-نىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ زور كۆپ قىسمىنىڭ ئىشلەش رىتىمى ئىنتايىن ئاستىلاپ كېتىدىكەن. بۇ تىنچ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ جىگەر بەدەنگە كېرەكلىك بولغان ماددىلارنى ئىشلەپ چىقىرىشنى تېزلىتىدىكەن، ئالدى بىلەن، زەھەرلىك ماددىلارنىڭ ھەممىسى-نى بەدەننىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى ئىشلەپ چىقىرىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا ئادەم بەدىنى گويا ”چوڭ تازىلىق“ ئېلىپ بارغاندەك بولىدىكەن.

كېچە سائەت ئۈچتە. پۈتۈن بەدەن ئارام ئالىدىكەن، مۇس-كۇللار پۈتۈنلەي بوشايدىكەن. ئەگەر ئىشلىۋەتمىسە بولمايدىغان ئىش بولسا، مۇشۇ ۋاقىتتا پۈتۈن زېھىن بىلەن ئىشلەپ تۈگى-

تىش كېرەك ئىكەن. بۇ ۋاقىتتا قان بېسىم تۆۋەن بولىدىكەن، قان تومۇرلارنىڭ سوقۇشىمۇ، نەپەسلىنىش قېتىم سانىمۇ ئاز بولىدىكەن.

كېچە سائەت تۆتتە. قان بېسىم تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ، مېڭىنى تەمىنلەيدىغان قان مىقدارى ئەڭ ئاز بولىدىكەن. نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. پۈتۈن بەدەندىكى ئەزالارنىڭ ئىشلەش رىتىمى ئاستىلاپ كېتىدىكەن، لېكىن قۇلاق ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، شۇڭچىكى شەپىدىمۇ ئويغىنىپ كېتىدىكەن.

سەھەر سائەت بەشتە. بۆرەك سۈيۈقلۇق ئاجرىتىشتىن توختايدىكەن. بۇ ۋاقىتتا ئادەم سەگەك ئۇيقۇ باسقۇچى ۋە چۈش كۆرىدىغان قاتتىق ئۇيقۇ باسقۇچىدىن ئىبارەت بىرنەچچە ئۇيقۇ باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدىكەن. ئادەم بۇ ۋاقىتتا ئورنىدىن تۇرسا تېزلا زېھنىي قۇۋۋەتكە تولىدىكەن.

ئەتىگەن سائەت ئالتىدە. قان بېسىمى ئۆرلەپ، يۈرەكنىڭ سوقۇشى تېزلىشىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا ئادەم تۇرماي داۋاملىق ئۇخلاۋېرىمەن دېگەن بىلەنمۇ ياخشى ئۇخلىيالمايدىكەن.

ئەتىگەن سائەت يەتتىدە. بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا ئادەم ۋىرۇسقا ياكى كېسەللىك باكتېرىيىسىگە يولۇقۇپ قالسا، ئۇنىڭغا ئەڭ كۈچلۈك تاقابىل تۇرالايدىكەن.

سائەت سەككىزدە. جىگەردىكى زەھەرلىك ماددىلار پۈتۈنلەي سىرتقا چىقىرىلىپ بولىدىكەن، بۇ ۋاقىتتا مۇتلەق ھاراق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىچمەسلىك كېرەك ئىكەن، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا هاراق ئىچىلسە، جىگەرنىڭ يۈكى بەك ئېغىرلاپ كېتىدىكەن.

سائەت توققۇزدا. ئادەم روھىي جەھەتتىن جانلىنىپ، ئاغرىق پەسىيىدىكەن. يۈرەك تولۇق ئىشقا كىرىشىدىكەن.

سائەت ئوندا. ئادەمنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا ئادەم ئەڭ ياخشى ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ ۋاقىت ئەڭ ياخشى خىـــزمەت ۋاقتــى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

سائەت 11دا. يۈرەك ئەينى ھالدىكىدەك تىرىشىپ ئىشلەپ، ئادەم ئوڭايلىقچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىكەن.

سائەت 12دە. بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن بەدەن ئومۇمىي سەپەرۋەرلىككە كېلىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا ئەڭ ياخشىسى دەرھال تاماق يېمەي، سائەت 13تە تاماق يېيىش كېرەك ئىكەن.

سائەت 13تە. جىگەر دەم ئېلىپ، قىسمەن گلىكوگېن قانغا كىرىدىكەن. ئالدىنقى يېرىم كۈندىكى ئەڭ ياخشى ئىشلەش ۋاقتى ئاساسەن دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتكەن بولىدىكەن، بۇ ۋاقىتتا ئادەم چارچاپ، دەم ئالغۇسى كېلىدىكەن.

سائەت 14تە. بۇ ۋاقىت بىر سوتكا ئىچىدە ئادەمنىڭ روھىي كەيپىياتى ئەڭ تۆۋەن بولغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئادەمنىڭ ئىنكاسى ئاستا بولىدىكەن.

سائەت 15تە. ئەھۋال ياخشىلىنىشقا باشلايدىكەن. ئادەمنىڭ ئورگانىزمى ئەڭ سەزگۈر بولىدىكەن، بولۇپمۇ پۇراش سېزىمى ۋە تېتىش سېزىمى ئەڭ سەزگۈر بولىدىكەن. ئىشلەش ئىقتىدارى

بارا-بارا ئەسلىگە كېلىدىكەن.

سائەت 16دە. قاندىكى قەنت تەركىبى كۆپىيىدىكەن. بەزى دوختۇرلار بۇ ھادىسىنى تاماقتىن كېيىنكى شېكەرلىك دىئابېت دەپ ئاتىشىدىكەن. بۇ ھادىسە كېسەل پەيدا قىلمايدىكەن، چۈنكى قاندىكى شېكەر تەركىبى تېزلا ئازلايدىكەن.

سائەت 17دە. ئىش ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ مەشق سىجىللىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشقا بولىدىكەن.

سائەت 18دە. ئاغرىق سېزىمى باشقىدىن پەسىيىدىكەن. ئادەم ھەرىكەت مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن. نېرۋىنىڭ پائالىيەتچانلىقى پەسىيىدىكەن.

سائەت 19دا. قان بېسىمى ئۆرلەپ، ئادەم تازا چېچىلغاق بولۇپ قالىدىكەن، بۇ چاغدا ئادەم ھەرقانداق كىچىككىنە بىر ئىش ئۈچۈنمۇ باشقىلار بىلەن تاكاللىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بولىدىكەن.

سائەت 20دە. ئادەمنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى باشقا ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن ئېغىر بولىدىكەن، ئىنكاسىمۇ ئالاھىدە تېز بولىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا شوپۇرلاردا قاتناش ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى ئەڭ ئاز بولىدىكەن.

سائەت 21دە. نېرۋىنىڭ پائالىيىتى نورماللىشىدىكەن. بۇ ۋاقىت ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس يادلىشىغا ۋە ئارتىسلارنىڭ سەھنە سۆزىنى يادلىشىغا ئەڭ باب كېلىدىكەن. ئاخشىمى ئەستە قالدۇرۇش كۈچى ئاشىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۈندۈزى ئەستە تۇتال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئەستە قالدۇرۇۋالغىلى بولىدىكەن.
سائەت 22دە. قاندا ئاق قان دانىچىلىرى كۆپىيىپ كېتىدىكەن. ھەر كۇب مىللىمېتر قاندىكى ئاق قان دانىچىلىرى 5000 —— 8000دىن كۆپىيىپ 12مىڭغا يېتىدىكەن. بەدەن تېمپېراتۇرىسىمۇ تۆۋەنلەيدىكەن.
سائەت 23تە. بەدەن ئارام ئېلىشقا ھازىرلىنىپ، ھۇجەيرىلەرنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەيدىكەن.
سائەت 24دە. بۇ بىر كېچە-كۇندۇزدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەت ۋاقىتتۇر. ئەگەر ئادەم سائەت 22دە ئۇخلىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇيقۇغا كەتكەن بولىدىكەن.

## ئادەمنىڭ چىداشلىقى

ئىسسىققا چىداشلىقى: ئالىملار ئادەم بەدىنىنىڭ قۇرغاق ھاۋادا زادى قانچىلىك يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقى ئۇستىدە مەخسۇس تەجرىبە ئېلىپ بارغان. تەجرىبە نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىغانكى، ئادەم سېلتسىيە 72 گرادۇس ئىسسىقلىققا بىر سائەت، سېلتسىيە 82 گرادۇس ئىسسىقلىققا 49 مىنۇت، سېلتسىيە 93 گرادۇس ئىسسىقلىققا 33 مىنۇت، سېلتسىيە 140 گرادۇس ئىسسىقلىققا 26 مىنۇت چىدايدىكەن.
ئۇسسۇزلۇققا چىداشلىقى: ئادەمنىڭ سۇسىز قالغان شارائىتتىكى چىداملىقى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىغا ۋە ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قىلغان-قىلمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئادەم قا-

راڭغۇ جايدىكى جىمجىت شارائىتتا تېمپېراتۇرا سېلتسىيە 16 —— 23 گرادۇسقىچە بولغان ئەھۋالدا 10 كۈن، سېلتسىيە 26 گرادۇس بولغان ئەھۋالدا توققۇز كۈن، سېلتسىيە 29 گرادۇس بولغان ئەھۋالدا يەتتە كۈن، سېلتسىيە 33 گرادۇس بولغان ئەھۋالدا بەش كۈن، سېلتسىيە 36 گرادۇس بولغان ئەھۋالدا ئۈچ كۈن ئۇسسۇزلۇققا چىدايدۇ. ئادەم ئەگەر ھەرىكەت قىلسا، ئۇسسۇزلۇققا چىداشلىق بېرىش ۋاقتى بۇنىڭدىنمۇ قىسقا بولىدۇ.

نەپەسسىز تۇرۇشقا چىداشلىقى: ئادەم نەپەسلەنمىگەن ئەھۋالدا ئادەتتە 3-2 مىنۇتلا تۇرالايدۇ، بۇ جەھەتتىكى مۇسابىقىدا سۇ ئاستىدا ئوكسىگېن يەتكۈزۈپ بېرىش ئۇسكۈنىسى يوق ئەھۋالدا 13 مىنۇت 42 سېكۇنت تۇرۇشتەك ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلغان.

ئاچلىققا چىداشلىقى. ئادەم بىرنەرسە يېمىسە، ئەمما سۇ ئىچىش جەھەتتە چەكلەنمىسە، قانچە ئۇزاق ياشىيالايدۇ؟ بۇ جەھەتتىكى رېكورت 1929-يىلى ئىرلانىڭ شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ”ئاچلىق ئېلان قىلىش“، ئىش تاشلاشتا يارىتىلغان. ئىش تاشلىغۇچىلارنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلغان ۋاقتى 70 — 94 كۈنگە يەتكەن. بىراق ئامېرىكىلىق دوختۇر G. ھىلتون داۋالاش ئەمەلىيىتىدە بىمارنى 90 كۈن ئاچ قويۇپ داۋالىغان.

سوغۇققا چىداشلىقى. ئادەمنىڭ قاتتىق سوغۇققا چىداشلىق بېرەلىشى ئادەتتە سوغۇقتا نورمال چېنىقىش ئېلىپ بارغان-بارمىغانلىقىغا باغلىق. ھازىر مەلۇم بولدىكى، ئادەم سېلتسىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

32- دىن 28-گرادۇسقىچە بولغان سوغۇقتىمۇ ماڭالايدۇ، سۆز-لىيەلەيدۇ. ئادەم توڭلاپ قالسا سىلتىسىيە 30-دىن 26-گرادۇس سوغۇقتىمۇ سېزىمىنى يوقاتمايدۇ ھەتتا سىلــتىســيە 24-گرا-دۇس سوغۇقتىمۇ بىرەر نەرسىنى پەرق ئېتەلەيدۇ.

## ئادەمنىڭ كۈچى قانچىلىك

چىشلەش كۈچى: ئادەتتە يېتىلگەن ئەر كىشى ئۆتتۇرچىشى بىلەن بىر نەرسە چىشلىسە، 15 كىلوگراملىق كۈچ ھاسىل بولىدۇ؛ ئېزىق چىشى بىلەن بىرنەرسە چىشلىسە، 72 كىلوگ-راملىق كۈچ ھاسىل بولىدۇ؛ ياخشى تەربىيە كۆرگەن سىركچى ئېزىق چىشى بىلەن بىر نەرسە چىشلىسە، 90 — 120 كىلوگ-راملىق كۈچ ھاسىل بولىدۇ.

سىقىش كۈچى: ئادەتتە ئادەمنىڭ ئوڭ قولىنىڭ سىقىش كۈچى سول قولىنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن، ئوڭ قولنىڭ بىر دەملىك ئەڭ زور سىقــىش كۈچى 56.7 كىلوگرام، سول قولنىڭ 43 كىلوگرام بولىدۇ. سى-قىش بىر مىنۇت داۋاملاشقاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئوڭ قولنىڭ سىقىش كۈچى 28.1 كىلوگرامغا، سول قولــنىــڭ 24.9 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالىدۇ.

تارتىش كۈچى: يېتىلگەن ئەر بىلىكىنى سوزۇپ بىر نەر-سىنى تارتسا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 70.3 كىلوگرام تارتىش كۈچى ھاسىل قىلالايدۇ، ئاياللار تەخمىنەن 38.6 كىلوگرام

تارتىش كۈچى ھاسىل قىلالايدۇ.

تولغاش كۈچى: ئۆرە تۇرۇپ، ئىككى قوللاپ بىرنەرسە تولغىسا، ئەرلەر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9. 38 كىلوگرام تولغاش كۈچى ھاسىل قىلالايدۇ، ئاياللار 4. 20 كىلوگرام تولغاش كۈچى ھاسىل قىلالايدۇ.

دەسسەش كۈچى: ئادەم ئولتۇرۇش ھالىتىدە بولۇپ تۇرغاندا، ئوڭ پۇتىنىڭ دەسسەش كۈچى 262 كىلوگرامغا، سول پۇتىنىڭ 241 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

تېپىش كۈچى: نەپەس گۇمپىسى جەھەتتىن تەربىيە كۆرگەن ئادەم بىرەر نەرسىنى كېلىشتۇرۇپ بىر تېپىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىش كۈچىدىن تەخمىنەن يېرىم توننا كۈچ ھاسىل بولىدۇ. بىر مۇنەۋۋەر پۇتبولچى توپنى كېلىشتۈرۈپ بىر تەپسىمۇ مۇشۇنچىلىك كۈچ ھاسىل بولىدۇ.

چايناش كۈچى: سۇدا پىشۇرۇلغان كالا گۆشىنى چايىنغاندا 24 — 2. 30 كىلوگرام كۈچ كېتىدۇ.

چاقماق قەنت يېگەندە 35 — 5. 40 كىلوگرام كۈچ كېتىدۇ.

شاكىلات يېگەندە 27—30كىلوگرام كۈچ كېتىدۇ.

قانداق قىلغاندا مۇسكۇلنىڭ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ چارىسى — چېنىقىش.

•

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئادەمنىڭ بوي ئېگىزلىكى زادى قانچىلىك بولىدۇ

ھازىر ياشلارنىڭ بويى ئېگىز بولۇش بىلەنلا قالماي، ئۆسۈشى تېز، يېتىلىشى بالدۇر بولۇپ، ئومۇمەن 18 يېشىدىلا بويىغا تولۇق تارتىپ بولۇۋاتىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان، بۇنداق ئەھۋال ئوخشاي ئۇچراتقىلى بولىدىغان ئەھۋال بولۇپ قالدى.

پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئومۇملىشىپ قالغان بۇ ئەھۋال ھازىرچە تېخى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈلگىنى يوق. بۇ ئەھۋالنى بەزىلەر سانائەتلىشىش ۋە شەھەرلىشىشنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىسا، بەزىلەر، ئوزۇقلىنىش سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى ئادەمنىڭ بويىنىڭ "تېز ئۆسۈشى"نىڭ سەۋەبىدۇر، دەپ قارىماقتا؛ بىراق ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى، بۇ ئەھۋال ئوزۇقلىنىش بىلەن ئىرسىيەتنىڭ بىرلىشىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا.

ئادەم بارغانسېرى ئېگىزلەپ كېتىۋەرسە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەرشارىدا ساپلا گىگانت ئادەملەر ياشايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقامدۇ؟

ئادەمنىڭ بويىنىڭ ئاخىر زادى قانچىلىك ئېگىزلىكتە توختايدىغانلىقىغا ھازىرچە ئېنىق بىرنەرسە دېيىش قىيىن. لېكىن يېقىنقى بىرمەزگىلدىن بېرى، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بەزى قە-

بىلىلەردە كىشىلەرنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلەپ بېرىشى توختاپ قال-غان. ياۋروپادا "تېز ئۆسۈش"نى ئېپادىلەيدىغان ئەگرى سىزىق-لىق يۈزلىنىشمۇ بىرقەدەر تەكشى سىزىقلىق يۈزلىنىش بولۇپ ئىپادىلىنىشكە باشلىغان.

شۇڭا ئالىملار ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە بوي ئېگىزلىكى ئاخىر بىر كۈن بىر نۇقتىدا توختايدۇ، شۇنىسى هازىر قانچىلىك ئېگىزلىكتە توختايدىغانلىقى تېخى نامەلۇم، دەپ قارىماقتا. گېرمانىيىدە ئەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە بوي ئېگىزلىكى كەلگۈسىدە 1.8 مېترغا يېتىشى مۇمكىن، ئافرىقىدا نىل دەرياسى ۋادىلىرى-دا ياشايدىغان دۇنيا بويىچە بويى ئەڭ ئېگىز مىللەت دەپ قارال-غان بەزى مىللەتلەرنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى بۇ ئېگىزلىكتىن هالقىپ كەتتى.

ئادەم بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر هەتتا تۆت مېترغا يېتەمدۇ؟ ياق. مۇتەخەسسىسلەر بۇ مەسىلىگە تولۇق ئىشەنچ بىلەن هۆكۈم قىلماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئادەمنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلەپ كېتىشى هامان بىرقە-دەر بالدۇر بالاغەتكە يېتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. ئەگەر ئادەمنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلەپ بېرىشىنىڭ چېكى بولمايدىغان بول-سا، ئۇ هالدا كەلگۈسىدە بالىلارنىڭ هەممىسى مەكتەپكە كىرىش-تىن بۇرۇنلا بالاغەتكە يەتكەن بولىدۇ. لېكىن بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چىشنىڭ قاتتىقلىقى

چىش يۇكسەك دەرىجىدە كالتسىيلاشقان ماددا بولۇپ، ئۇ- زاق مۇددەت ئۆزگەرمەيدۇ. چىشنىڭ ئىزىش كۈچى كىشىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدۇ. لېكىن چىشنىڭ بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ئەمەس. ئەنگلىيىنىڭ نوتتىڭھام ئۇنى- ۋېرسىتېتىدىكى ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇنى بايقىغان- كى، چىشتا بىر خىل قاتتىق ئانئورگانىك ماددا بولۇپ، بۇ ماددىنى سۇيۇقلۇقتا تولغان نۇرغۇن كىچىك تۆشۈكچىلەر ئوراپ تۇرىدىكەن. يېمەكلىكنى چاينىغاندا، چىشنىڭ كىچىك تۆشۈك- چىلىرىدىكى سۇيۇقلۇقنى ماددىنى چايناشتىن ھاسىل بولغان ئېنېرگىيە قوبۇل قىلىدۇالىدىكەن. بۇ خىل ئۇششاق تۆشۈكچە- لەرنىڭ دىئامېترى ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، 2 — 10 مىللى- مىكرو مېتر (بىر مىليون مىللىمىكرو مېتر بىر مىللىمېترغا توغرا كېلىدۇ) كېلىدىكەن. چىشنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئې- زىپ پارچىلىيالىشىنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، چىش نەرسىلەرنى بىر ئويلىغاندەك چايناپ-چىشلەپ ئەزمەستىن، بەلكى ئاپتومو- بىلنىڭ تەۋرىنىشىنى ئازايتىش ئۈسكۈنىسىنىڭكىگە ئوخشاپ كې- تىدىغان رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يوشۇرۇن ئېنېرگىيىنى پەيدىنپەي قوبۇل قىلىش ئارقىلىق نەرسىلەرنى "يۇمشىتىدى- كەن".

# كۆزنىڭ سىرى

بىراۋنىڭ بىر جۈپ شەھلا كۆزلىرىنى كۆرگەندە، ئادەمدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلار قالىدۇ. تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان نۇرغۇن ھېسسىياتلار، روھىي جەھەتتىكى نازۇك ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى كۆز ئارقىلىق توغرا ئىپادىلىنىدۇ. ئويۇن كۆرستىش سەنئىتىدە كۆزنىڭ رولى تېخىمۇ چوڭ، ئارتىسلار ئىزا تارتىش، تەلپۈنۈش، غەزەپلىنىش قاتارلىق خىلمۇخىل تۇيغۇ-ھېسسىياتلىرىنى كۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئۆزى ئورۇنلىغان رولغا بەدىئىي تۈس قوشىدۇ. كۆزنىڭ ھېسسىياتنى ئىپادىلىيەلىشى ۋە سۆزلىيەلىشىدىكى سەۋەب كۆز قارىچۇقىدا. كۆز قارىچۇقى نۇرنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ كېڭىيىدۇ ياكى تارىيىدۇ. ئالىملار تەتقىق قىلىپ شۇنى بايقىغانكى، ئادەمنىڭ كەيپىياتىمۇ قارىچۇقنىڭ كېڭىيىشى ياكى تارىيىشىدا ئىپادىلىنىدىكەن. كۆز ئەمەلىيەتتە چوڭ مېڭىنىڭ كۆزنىڭ چانىقىدىكى داۋامى ئىكەن، قارىچۇقنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇپ ئۆزگىرىشى مېڭە نېرۋىلىرىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆز ئالمىسىنىڭ تەكتىدە ئۈچ دەرىجىلىك نېۋرون بولۇپ، ئۇ چوڭ مېڭە پوستلاق ماددىسى ھۈجەيرىلىرىگە ئوخشاش تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن. شۇڭا ئادەمنىڭ روھىي پائالىيەت ئىقتىدارى كۆزدە دەرھال ۋە ئەينەن ئەكس ئېتىدىكەن. دېمەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى www.uyghurkitap.com

”كۆز — قەلبنىڭ دېرىزىسى“ دېگەن گەپ بىكار گەپ ئەمەس ئىكەن.

## ئادەم قانچىلىك تېز پىكىر قىلىدۇ

كىشىلەر ئىلگىرى ئادەمنىڭ پىكىر قىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ھازىر مەلۇم بولدىكى، پىكىر قىلىشمۇ بىر خىل ئىمپۇلىس، بۇنداق ئىمپۇلىس ئادەم بەدىنىدىكى نېرۋا تالالىلىرىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇڭا پىكىر قىلىش سۈرئىتىنى توغرا ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ.

ئادەتتە نېرۋا ئىمپۇلىسىنىڭ سۈرئىتى ھەرسائىتىگە ئاران 250 كىلومېتىر بولىدۇ. تېلېۋىزور، سىمسىز رادىئو ۋە تېلېفوننىڭ خەۋەر يەتكۈزۈش سۈرئىتى ئادەم نېرۋىسىنىڭ خەۋەر يەتكۈزۈش سۈرئىتىدىن بەكلا تېز بولىدۇ.

مەسىلەن، پۇتىڭىزدا بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە، نېرۋا ئىمپۇلسى يەتكۈزگەن خەۋەر مېڭىگە يېتىپ كەلگۈچە مەلۇم ۋاقىت كېتىدۇ. سىزنى بىر گىگانت ئادەم دېسەك، بېشىڭىز ئالياسكىدا، پۇتىڭىز جەنۇبىي ئافرىقىدىكى دېڭىز بويىدا بولسا، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى دېڭىز بويىدا ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى پۇتىڭىزنى لەھەڭ چىشلىۋالغان بولسا، ھەپتىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى كەچتە مېڭىڭىزگە خەۋەر كېلىدۇ. ئەگەر پۇتىڭىزنى يىغىۋالماقچى بولسىڭىز، ھەپتىنىڭ ئالتىنچى كۈنى كەچتە ئاران يىغىۋالالايسىز.

ئادەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان سىگنالغا بولغان ئىنكاسى ئوخشاش بولمايدۇ، مۇزىكىغا بولغان ئىنكاسى نۇرغا بولغان ئىنكاسىدىن بەكلا تېز بولىدۇ. يورۇق نۇرغا بولغان ئىنكاسى خىرە نۇرغا بولغان ئىنكاسىدىن بەكلا تېز بولىدۇ. قىزىل رەڭگە بولغان ئىنكاسى ئاق رەڭگە بولغان ئىنكاسىدىن، كۆڭۈلسىز ئىشقا بولغان ئىنكاسى كۆڭۈللۈك ئىشقا بولغان ئىنكاسىدىن بەكلا تېز بولىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ پىكىر يەتكۈزۈش سۈرئىتى پەرقلىق بولىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ ئىنكاسى تېز، بەزى ئادەملەرنىڭ ئىنكاسى ئاستا بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ ئەنە شۇنىڭدىن.

## شاد-خۇراملىق ۋە قايغۇ-ھەسرەتنى كۆچۈرگىلى بولىدۇ

ئالىملار شۇنداق ئىسپاتنى تېپىپ چىققانكى، ئادەمنىڭ ھەرقانداق روھىي كەيپىياتى سىرتتىن كەلگەن غىدىقلاشنىڭ روھىي جەھەتتىكىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ مېڭىدىكى مەلۇم خىمىيە-لىك ماددىنىڭ كونتروللىقىدىكى ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنداق خىمىيىلىك ماددىنى كۆچۈرۈشكە بولىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم كىشىنىڭ خۇشالل-قى ياكى قايغۇسىنى باشقا بىر ئادەمگە كۆچۈرۈپ، ئۇ ئادەمدىمۇ شۇنداق كەيپىياتنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. غەربىي گېرمانىيە

ئالىملىرى مۇنداق بىر تەجرىبە ئېلىپ بارغان. ئۇلار بىر تۈركۈم نورمال چاشقاننى، يەنە بىر تۈركۈم قورقۇنچاق چاشقاننى تېپىپ كېلىپ، قورقۇنچاق چاشقاننىڭ مېڭىسىدىكى خىمىيىلىك ماددىنى ئېلىپ نورمال چاشقاننىڭ مېڭىسىگە سالغان، نەتىجىدە نورمال چاشقانلاردا قورقۇنچاقلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتكەن. بۇ هال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بارلىق جانلىقلار جۈملىدىن ئادەمنىڭ روهىي كەيپىياتى بەدەندىكى خىمىيىلىك ماددىنىڭ تىز گىنلىشىدە بولىدۇ. بۇ ماددىلارنى كۆچۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ نېرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالىغىلى، مەسىلەن، روهسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرگە "خۇشاللىق"نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خىمىيىلىك ماددىنى كۆچۈرۈپ سېلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ كەيپىياتىنى روهلاندۇرغىلى بولىدۇ.

## ئىنسانلار ئۈچ كۆزلۈك ئىدى

پالېئونتولوگلار نەسلى قۇرۇغان قەدىمكى ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارنىڭ باش سۆڭىكىنى تەتقىق قىلىپ، بۇ ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدە بىر كىچىك تۆشۈك بارلىقىنى كۆرۈپ هەيران قالغان. كېيىن ئۇلار بۇ تۆشۈكنىڭ شۇ ئۆمۈلىگۈچى هايۋانلارنىڭ ئۈچىنچى كۆزىنىڭ چانىقى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ ئەجدادىمۇ ئۈچ كۆزلۈك ئىدى، بىراق ئۇزاق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا، بۇ ئۈچىنچى كۆز قارىغاي ئۇرۇقچىسىغا ئوخشايدىغان تەخمىنەن بىر سانتىمېتىر

كېلىدىغان بەزىسىمان تەنچىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، مېڭى-
نىڭ ئىچىدە قالغان.

## ئادەم بەدىنىدە قانچىلىك ھۈجەيرە بار

ئادەمنىڭ بەدىنى ئۆز ۋاقلانغان تۈخۇم ھۈجەيرىسىنىڭ تەدرى-
جىي بۆلۈنۈشىدىن ھاسىل بولغان. بىر نورمال ئادەمنىڭ بەدى-
نىدە تەخمىنەن 100 تىرلىيون ھۈجەيرە بار، ئادەمنىڭ ئۆمرىدە
تەخمىنەن 10تىرلىيارد قېتىم ھۈجەيرە بۆلۈنىدۇ. ئىككىنچى
تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئادەمنى يۈز ياشقا كىردى دې-
سەك، ئۇنىڭ ھاياتىدا ھەر كۈنى 300 مىليارد ھۈجەيرە، يەنى
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر سېكۇنتىغا 3 مىليون ھۈجەيرە بۆلۈن-
گەن بولىدۇ. ھۈجەيرىنىڭ ئۆلۈشى ھامىلە باسقۇچىدىلا باشلان-
غان بولىدۇ، بىراق ئۇ باسقۇچتا، ھۈجەيرىنىڭ ئۆلىدىغىنى
ئاز، كۆپىيىدىغىنى كۆپ بولىدۇ.

## ئاتا-ئانىنىڭ قان تىپىدىن پەرزەنتىنىڭ قان تىپىنى بىلىش

دادا بىلەن ئانىنىڭ قان تىپى O بولسا، بالىسىنىڭ قان
تىپىمۇ O بولىدۇ.

دادا بىلەن ئانىنىڭ بىرىنىڭ قان تىپى O، بىرىنىڭ A

www.uyghurkitap.com

بولسا، بالىسىنىڭ قان تىپى O ياكى A بولىدۇ.

دادا بىلەن ئانىنىڭ بىرىنىڭ قان تىپى O، بىرىنىڭ B بولسا، بالىسىنىڭ قان تىپى O ياكى B بولىدۇ.

دادا بىلەن ئانىنىڭ بىرىنىڭ قان تىپى O، بىرىنىڭ AB بولسا، بالىسىنىڭ قان تىپى A ياكى B بولىدۇ.

دادا بىلەن ئانىنىڭ قان تىپى A بولسا، بالىسىنىڭ قان تىپى O ياكى A بولىدۇ.

دادا بىلەن ئانىنىڭ بىرىنىڭ قان تىپى A، بىرىنىڭ B بولسا، بالىسىنىڭ O، A ياكى AB بولىدۇ.

دادا بىلەن ئانىنىڭ قان تىپى B بولسا، بالىسىنىڭ قان تىپى O ياكى B بولىدۇ.

دادا بىلەن ئانىنىڭ بىرىنىڭ قان تىپى B، بىرىنىڭ AB بولسا، بالىسىنىڭ قان تىپى A، B ياكى AB بولىدۇ.

دادا بىلەن ئانىنىڭ قان تىپى AB بولسا، بالىسىنىڭ قان تىپى A، B ياكى AB بولىدۇ.

## ئادەمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى قانچىلىك

كۆرۈش قۇۋۋىتى نورمال ئادەملەر يەر يۈزىدە تۇرۇپ 1.6 كىلومېتر يىراقلىقتىكى دەل-دەرەخلەرنى ۋە ئۆي-ئىمارەتلەرنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ. ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە، دېڭىز يۈزىدە 16—25 كىلومېتر يىراقلىقتىكى كېمىنى كۆرەلەيدۇ. ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىدە ئادەم 320 كىلومېتر يىراقلىقتىكى

نەرسىنى كۆرەلەيدۇ. ئادەم ئەگەر ئاسمانغا قارىسا، 6 — 8 كىلومېتر ئېگىزلىكتىكى ئاق بۇلۇتنى كۆرەلەيدۇ، ھاۋا ئوچۇق كېچىلىرى 1000 نەچچە يۈز كىلومېتر ئېگىزلىكتىكى سۇنئىي ھەمراھنىمۇ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ. يەر شارىنىڭ ئېللىپىس بولۇشى، ئاتموسفېرادا پار ۋە چاڭ-توزاننىڭ كۆپ بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەرمۇ كىشىلەرنىڭ كۆرۈش دائىرىسىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

## ئادەملەر نېمىشقا سەمرىپ كېتىدۇ

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ سەمرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بىئارام بولىدۇ، لېكىن ئۇلار سەمرىپ كېتىشنىڭ سىرىنى بىلمەيدۇ. ئامېرىكا ئالىملىرى ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن سەمرىپ كېتىدىغانلىقى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، يېقىندا يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. ئۇلار مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغان: ئادەملەرنىڭ سەمرىپ كېتىشى شۇ ئادەملەرنىڭ ماي ھۈجەيرىسىدىكى بىئو خىمىيىلىك ھالەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سېمىز ئادەملەرنىڭ ماي ھۈجەيرىسى كۆپىنچە ئېغىرلىق جەھەتتە نورمال ئادەملەرنىڭ ماي ھۈجەيرىسىنىڭ 2.5 —4 ھەسسىسىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. جۈملىدىن بۇ چوڭ ھۈجەيرىلەر ئىلاستىكىلىققا ئىگە بولۇپ، زور مىقداردا مايىنى زاپاس ساقلاپ قالالايدۇ، شۇڭا ئۇ ئادەمنى سەمرىتىۋېتەلەيدۇ.

ئالىملار يەنە شۇنداق دەپ كۆرسەتكەنكى، ئادەملەرنىڭ ماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توقۇلمىلىرى بىلەن مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن سىگناللار بولىدۇ، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ماي ھۈجەيرىسى-نىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ۋە ماددا ئالمىشىشىنى مۇشۇ سىگناللار ئارقىلىق تەڭشەپ تۇرىدۇ. لېكىن سېمىز ئادەملەردە بۇ سىگنال كۆپرەك كاشىلىغا ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەركىزىي نېرۋا يوغىناپ كەتكەن ماي ھۈجەيرىسىنى تەڭشەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئادەملەر سەمرىپ كېتىشىنىڭ يەنە بىر مۇ-ھىم سەۋەبى ئەنە شۇ.

ئۇلار سېمىز ئادەملەرنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنى يېنىكلىتىش-نىڭ مۇنداق بىر ئۇنىۋېرسال داۋالاش لايىھىسىنى، يەنى دورا يېيىش، تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىش، يېمەك-ئىچمەك جەھەت-تىن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە چېنىقىش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال داۋالاش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇلار فېنىل فتورىت ئاند-لىن بىلەن فېنىل بۇتىرىك ئامىننى ئورۇقلاشنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى، بۇ ئىككى خىل دورىنى بىرگە ئىچىشنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ، پىيادە مېڭىش، ئاستا يۈگۈرۈش، پەي توپ ۋە تېننىس ئويناش ئورۇقلاشتىكى ئەڭ ياخشى چېنىقىش ئۇسۇلى دەپ قارىغان.

## ئادەم نېمىشقا چۈش كۆرىدۇ

ئادەم ئۇخلىغاندا مېڭىسى يەنىلا پائالىيەتتە بولىدۇ. مېڭى-

نىڭ ئادەم ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتىكى پائالىيەت ھالىتى قاتتىق ئۇيقۇدىكى پائالىيەت ھالىتى ۋە چالا ئۇيقۇدىكى پائالىيەت ھالىتى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. چوڭ مېڭىنىڭ قاتتىق ئۇيقۇ ھالىتىدىكى پائالىيىتى ئاستا ۋە قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. ئادەم بۇ باسقۇچتا چۈش كۆرمەيدۇ؛ چوڭ مېڭىنىڭ چالا ئۇيقۇ ھالىتىدىكى پائالىيىتى جىددىي، جانلىق باسقۇچتا بولىدۇ، ئۇخلاۋاتقان ئادەم بۇ چاغدا كۆپىنچە ئارىلاپ-ئارىلاپ چۈش كۆرىدۇ. ئادەتتە چوڭلار سەككىز سائەت ئۇخلىسا، تەخمىنەن بۇ ۋاقىتنىڭ 20٪ نى چالا ئۇيقۇ ھالىتىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئومۇمەن ئادەم ئۇيقۇغا پاتقاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن نەچچە ئون مىنۇت قاتتىق ئۇخلايدۇ، ئاندىن چالا ئۇيقۇ ھالىتىگە ئۆتىدۇ، بۇ ۋاقىت 10 — 20 مىنۇت داۋام قىلىدۇ، بۇ ھال مانا مۇشۇنداق نۆۋەت بىلەن دەۋر قىلىنىۋېرىدۇ. ئادەم چالا ئۇيقۇ ھالىتىگە كىرگەندە، چوڭ مېڭە ھەرىكىتى ئىنتايىن جانلىق ھالەتتە تۇرۇۋېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۈندۈزدىكى پائالىيەتلەرنىڭ چوڭ مېڭە پوستلىقىدا قالغان تەسىراتلىرى، شۇنىڭدەك ئۇيقۇ داۋامىدا بەدەننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن كېلىپ چوڭ مېڭە پوستلىقىغا يېتىپ بارغان غىدىقلاشلار ئادەمدە چۈش مەنزىرىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

## ئۇخلاشنىڭ سىرى ئېچىلدى

ئادەم نېمىشقا ئۇخلايدۇ؟ بۇ ئۇزاقتىن بېرى كىشىلەر يېشەلمەي كەلگەن ”سىر“ ئىدى. كىشىلەر ھامان ”غەربكە سايا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەت»تە تەسۋىرلەنگەن «ئۇخلاتقۇچ قۇرت»قا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرخىل ماددا ئادەملەرنىڭ ئۇخلىشىغا سەۋەبچى بولسا كېرەك دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ھازىر بۇ خىل ماددىنى يەنى ئۇرىدىن دېگەن ماددىنى ياپونىيە ئالىملىرى تېپىپ چىقتى ھەمدە ئۇنى سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن بىرىكتۈرۈش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئەسلىدە كىشىلەر كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئىشلەۋاتقاندا، «ئۇرىدىن» مېڭە غولىدىكى كۆرۈش دۆڭچىسىگە ئاستا-ئاستا يىغىلىدىكەن، يىغىلىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىكەن. بۇ بايقاش بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئۇيقۇ — بەدەن ئورگانىزمىنىڭ تەبىئىي تەلىپى، ئۇيقۇ بىلەن تۇرمۇشنى چوقۇم مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك؛ ئۇخلاش ۋاقتىنى قارىسىغا چەكلەش ۋە ئۇزارتىش سالامەتلىككە پايدىسىز. ئۇرىدىنىنىڭ بىرىكتۈرۈپ ئىشلىنىشى ئەكس تەسىرى يوق يېڭىچە ئۇيقۇ دورىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە كەڭ ئىستىقبال ياراتتى.

## چۈشكە ئائىت تەجرىبە

ئامېرىكىنىڭ چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا دۇنيا بويىچە بىردىنبىر چۈش تەجرىبىخانىسى بار. بۇ تەجرىبىخانا ھەركۈنى كەچ سائەت ئوندىن ئەتىسى سەھەر سائەت ئالتىگىچە تەجرىبە ئېلىپ بارىدۇ. تەتقىقات خادىملىرى شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈش كۆرۈش ئەھۋالىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان. تەتقىقات نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىغانكى، ئادەم ھەر كېچى-

سى ئۈچ قېتىمدىن يەتتە قېتىمغىچە چۈش كۆرىدۇ. ئادەم ئۇخلاشتىن بۇرۇن تىت-تىت بولۇپ، خىيالغا كۆپ بېرىلىپ كەتسە، ئۇخلىغاندىن كېيىن جەزمەن كۆپ چۈش كۆرىدۇ. چۈش كۆرگەندە، ئادەمنىڭ بەدەنلىرى بوشاپ ئارام تاپىدۇ، لېكىن كۆز ھەرىكىتى داۋاملىشىپ، بەزىدە تېزلىشىدۇ، بەزىدە ئاستىلايدۇ. تەتقىقات خادىملىرى ھەيران قالارلىق ھالدا شۇنى بىلگەنكى، تەجرىبە ئوبيېكتى چۈشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دەرھال ئويغىتىۋېتىلسە، ئۇمۇمەن چۈشنى تولۇق دەپ بېرەلەيدىكەن. ئەگەر چۈشى تۈگەپ يەنە بەش مىنۇت ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن ئويغىتىۋېتىلسە، چۈشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدىكەن.

## ئادەم مېڭىسىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى قانچىلىك

ئۇچۇر نەزەرىيىسىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە ئاساسلانغاندا شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك چوڭ تىپتىكى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى گۇرۇپپىسى دېيىشكە بولىدۇ. نورمال ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدە 14 مىليارد 600 مىليون نېرۋا ھۈجەيرىسى بولۇپ، تەخمىنەن 4 — 5 تىرلىيارد ئۇچۇر بىرلىكىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. بەزىلەر شۇنى ھېسابلاپ كۆرگەنكى، پۈتۈن دۇنيادىكى كۇتۇپخانىلاردا تەخمىنەن جەمئىي 800 مىليون كىتاب بار ئىكەن، ئەگەر

ھەربىر كىتابتا 6 مىليون ئۇچۇر بار دېسەك، بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە جەمئىي 480 مىليارد ئۇچۇر بىرلىكى بار دېگەن گەپ، مانا بۇ بىر ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدە ساقلاشقا بولىدىغان ئۇچۇر مىقدارى بىلەن ئاساسەن دېگۈدەك تەڭ.

ئادەمنىڭ مېڭىسى سېزىش، ئەستە قالدۇرۇش، ھېسابلاش، ئالدىن كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر قىلىش، پىكىر قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭگودىمۇ، چەت ئەللەردىمۇ نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەر مېڭىنىڭ بۇ ئىقتىدارلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تالانتىنى نامايان قىلدى. مەسىلەن، شەرقىي خەن سۇلالىسىدا ئۆتكەن ۋاڭ چۇڭ دېگەن كىشى بىرلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققان نەرسىنى يادلاپ بېرەلەيدىكەن، بۇنى كارامەت ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى دېيىشكە بولىدۇ، گلاگاۋلېۋا ئىسىملىك بىر ئارتىس ئون خانىلىق ساننىڭ كۆپ يىلتىزىنى ئوڭايلا ھېسابلاپ چىقىرالايدىكەن. بۇنى كارامەت ھېسابلاش ئىقتىدارى دېمەي بولمايدۇ. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، بۇ ھال ئادەم مېڭىسىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىزنىڭ بۇ يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تولۇق ئىشقا سالالىغىنىمىز ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنالىغىنىمىز يوق. بەزىلەر، ھازىر ھەربىر ئادەمنىڭ مېڭە ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10% كىمۇ يەتمەيدۇ، دەپ قارىماقتا.

# ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پەرقى

1. ئاياللار ئۆزىنى ئەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك خۇشال تۇتىدۇ. تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، ئاياللارنىڭ كۈلۈش ۋاقتى 89% كە، ئەرلەرنىڭ ئاران 67% كە يېتىدىكەن.

2. ئاياللار قانۇنغا بەكرەك رىئايە قىلىدىكەن. ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى: سۇيىقەست بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىدە 6 : 1، ئادەم ئۇرۇش جىنايىتىدە 7 : 1، بۇلاڭچىلىق جىنايىتىدە 22 : 1 بولغان.

3. ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئەرلەر ئىچىدە كېكەشلەر كۆپرەك چىقىدۇ. كېكەشلەيدىغان ئەر-ئاياللارنىڭ نىسبىتى 8 : 1 بولىدۇ.

4. بىر ئايالدا 700 مىڭ ئانىلىق تۇخۇم بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. تۇغۇت يېشىغا يەتكەندە ئاران 400 تۇخۇم يېتىلىدۇ؛ ئەمما بىر ئەر كىشى ھەر سېكۇنتىغا 400 دىن ئۇشۇق ئىسپېرما ئىشلەپچىقىرىدۇ، ئەرلەرنىڭ بۇ ھالىتى ياشلىق دەۋرىدىن تارتىپ قېرىغىچە مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ.

5. ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئوتتۇرىچە سان بويىچە ھېسابلىغاندا، ھازىر ئاياللار 77 يىل، ئەرلەر 71 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ.

6. ھەر 21 ئوغۇل بالا تۇغۇلسا، 20 قىز بالىمۇ تۇغۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمما 53 ياشقا كىرگەندە، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ سانى ئوخ-شاش بولۇپ قالىدۇ، 90 ياشتىن ئاشقاندا موماىلار بوۋايلاردىن تۆت ھەسسە كۆپ بولۇپ قالىدۇ.

7. ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىچە بوي ئېگىزلىكى 1.59 مېتىر، ئەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە بوي ئېگىزلىـكـى بولسا 1.76 مېتىر كېلىدۇ.

8. ئومۇمەن ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا سېمىز كېلىدۇ. بىر ساغلام ئۆسمۈر قىزنىڭ بەدىنىدە %25 ماي بولىدۇ، ساغلام ئوغۇلنىڭكىدە %20ماي بولىدۇ؛ 50 ياشقا يەتكەندە، ئاياللار-نىڭ بەدىنىدىكى ماي %45 كە يېتىدۇ، ئەرلەرنىڭ بەدىنىدىكى ماي %15كە چۈشۈپ قالىدۇ.

9. ئاياللار چىرايلىق پىگورىنى ساقلاشقا بىرقەدەر ئەھمى-يەت بېرىدۇ. يېقىندا ئەنگلىيىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئاياللارنىڭ 30 پىرسەنتى تاماق مىقدارىغا چەك قويغان، ئەرلەرنىڭ 10 پىرسەنتىلا چەك قويغان. نەتىجىدە ئەر-لەرنىڭ 39 پىرسەنتىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كەتكەن، ئاياللارنىڭ 32 پىرسەنتىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتكەن، گەرچە "بەدەن ئېغىرلىقى ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كەتكەن" ئاياللار ئەرلەردىن شۇنداق كۆپ بولسىمۇ.

10. چۆكۈپ سۇ ئۈزۈش جەھەتتە، ئاياللار ئەرلەرگە قارى-غاندا بىخەتەر ئۈزەلەيدۇ.

11. ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا ئاغرىققا چىدامىلىق كېلى-دۇ. مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق بىر تەجرىبە ئېلىپ بارغان، يەنى

سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ قول بارمىقىغا توك ئۆتكۈزگەن، نەتى-جىدە، ئەرلەر "ۋايجان، بولدى!" دەپ ۋارقىراپ كەتكەندە، ئاياللار ھېچ ئىش بولمىغانىدەك كۈلۈپ قويۇپ جىم تۇرۇۋەرگەن.

12. ئاياللارنىڭ بويى پاكارراق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ جىگە-رى ئەرلەرنىڭكىدىن كىچىك بولىدۇ، شۇڭا ئاياللار ئەرلەردەك كۆپ ھاراق كۆتۈرەلمەيدۇ.

13. قىزلارنىڭ 12 ياشتا يېتىلىشى ئەڭ تېز بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن يىلىغا 6 — 10 سانتىمېتردىن ئۆسىدۇ، بۇ مەزگىلدە ئۇلارنىڭ بويى ئوغۇللارنىڭكىدىن ئېگىزرەك بولۇپ، مۇسكۇللىرى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. ئەمما ئوغۇل باللار 14 ياشقا كىرگەندە، بويى يىلىغا 7 — 11 سانتىمېتر ئۆسۈپ، قىزلارنىڭكىدىن ئېگىزلەپ كېتىدۇ.

14. قىز باللار بالاغەتكە يەتكەندە، ئومۇمەن مۇسكۇللىرى سەل بوش، يۈرەك ۋە جىگىرى كىچىكرەك، يۈرىكىنىڭ سوقۇ-شى تېزرەك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قېنىنىڭ ئوكسىگېننى بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئىقتىدارىمۇ تەبىئىي ھالدا ئوغۇللارنىڭكىدىن ئاجىز بولىدۇ.

15. يۈگۈرۈشتىكى فىزىئولوگىيىلىك چەكلىمە تۈپەيلى-دىن، ئاياللار تەنھەرىكەت جەھەتتە ئەرلەردىن ئاجىزراق بولىدۇ، مەسىلەن، ئايال تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ 500 مېتر يۈگۈرۈش دۇنيا رېكورتى 4 مىنۇت 17 سېكۇنت 44 دەقىقە، ئەمما نۇرغۇن ئەر تەنھەرىكەتچىلەر بۇ ئارىلىقنى 4 مىنۇت ئىچىدە يۈگۈرۈپ

بولىدۇ.

16. ئايالنىڭ ئايال بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلارغا ئانىسى بىر X خروموسوما بەرگەن، دادىسى بىر X خروموسوما بەرگەن؛ ئەرلەرمۇ ئانىسى بىر X خروموسوما، دادىسى بىر y خروموسوما بەرگەن بولغاچقا، ئەر بولۇپ يارالغان.

17. ئاياللاردا رەڭ قارىغۇسى ئەرلەردىن ئاز چىقىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب رەڭ قارىغۇسىنى بىر خىل خروموسومانىڭ كەمچىل بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

18. ئاياللاردا قاناشقا مايىللىق كېسىلى نەسىلدىن نەسىلگە قالىدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتىسى قاناشقا مايىللىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئانىسى مىكروب توشۇغۇچى بولغان بولسا، ئاندىن ئۇلار بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئوغۇللارغا قاناشقا مايىللىق كېسىلى پەقەت ئانىسىدىنلا قالىدۇ، بىراق ئانىسىنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇشى ناتايىن.

19. ئاياللارنىڭ مېڭىسى ئەرلەرنىڭكىدىن كىچىك بولىدۇ. ئاياللارنىڭ مېڭىسى 40 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى ئۇنسىيە يېنىكلەيدۇ، ئەرلەرنىڭ مېڭىسى بولسا، 70 ياشقا كىرگەندە ئاندىن شۇنچىلىك يېنىكلەيدۇ.

20. بىر يۇقىرى ئاۋازلىق ئايالنىڭ ئاۋاز پەردىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.27 سانتىمېتىر كېلىدۇ، بىراق ئاۋازى بوم چىقىدىغان ئەرلەرنىڭ ئاۋاز پەردىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

## زادى ئەرلەر ئەقىللىقمۇ ياكى ئاياللارمۇ

نۇرغۇن كىشىلەر ئەرلەر ئاياللاردىن ئەقىللىق دەپ قارايدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭگودا ۋە چەت ئەللەردە ئۆتكەن سان-ساناقسىز مەشھۇر كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەرلەردۇر. دۇنيادا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نەچچە يۈز ئالىمنىڭ ئاران ئالتىسى ئايال. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 400 نەپەر ئىلىم يۇرتى ئەزاسى ئىچىدىمۇ ئاران ئون نەپەر ئايال بار. زادى ئەرلەر ئەقىللىقمۇ ياكى ئاياللارمۇ؟ ھەرقايسى ئەللەردە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ياش-ئۆسمۈرلەر ياكى چوڭلارنىڭ بولسۇن، ئەرلەر ياكى ئاياللارنىڭ بولسۇن ئەقلىي ئىقتىدارىدا ئومۇمەن روشەن پەرق يوق، شۇنىسى ئەقلىي ئىقتىدارى ئوتتۇرا ھال كىشىلەر ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللار ئارىسىدا كۆپرەك، ئەقلىي ئىقتىدار ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئەھۋالى ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەردە كۆپرەك، يەنى كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر ئەرلەر ئىچىدە كۆپرەك، ئەقلىي ئىقتىدارى كەمتۇك ۋە ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن كىشىلەرمۇ ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەر ئىچىدە كۆپرەك، بىراق ئەرلەر ئارىسىدا بۇ ئىككى قۇتۇپقا تەۋە كىشىلەرنىڭ سالمىقىمۇ ئىنتايىن ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ.

چوڭ مېڭىنىڭ يېتىلىش جەريانىدا، ئوڭ مېڭە بىلەن سول مېڭىنىڭ يېتىلىش ئەھۋالى ئادەملەرنىڭ جىنسىي ئايرىمىسىغا

قاراپ پەرقلىق بولىدۇ: ئاياللارنىڭ سول مېڭىسى بالدۇرراق يېتىلىدۇ، شۇڭا قىز بالىلارنىڭ تىلى بالدۇر، تېز چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزى ئېنىق بولىدۇ، ئۇلار ھېسسىياتچان، ئىجتىمائىي ئالاقىغە ماھىر كېلىدۇ. ئوغۇللارنىڭ ئوڭ مېڭىسى بالدۇر يېتىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەرىكەت مىقدارى كۆپ بولىدۇ، ئۇلار ئىزدىنىشنى ياقتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك جەھەتتىن يېتىلىشتە، ئوغۇللار قىزلارغا قارىغاندا بىر ياشتىن ئۈچ ياشقىچە كېچىكىدۇ، ئوخشاش ياشتىكى ئىككى بالىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئوغۇل بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى قىز بالىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا 1 — 3 ياش ئارقىدا تۇرىدۇ. ئەمما، ياش-قۇرامىنىڭ چوڭىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئەر-ئاياللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشى جەھەتتىكى پەرق بار-بارا تۈگەيدۇ.

## مىجەزنىڭ خىلى

ئادەم تۇغۇلۇش بىلەنلا مىجەز جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئەمما، مەلۇم بىر خىلدىكى تىپىك مىجەزگە تەۋە كىشىلەر ناھايىتى ئاز بولىدۇ، زور كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئاساسەن مەلۇم بىر خىل مىجەزگە تەۋە بولىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا يەنە باشقا بىر خىل مىجەزنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ ئىگە بولغان بولىدۇ.

ئادەمنىڭ مىجەزى ئادەتتە تۆت خىل بولىدۇ.

1. كۆپ قانلىق مىجەز: كۆپ قانلىق مىجەز ئادەملەر تېتىك-شوخ، سەزگۈر، ئىنكاسى تېز بولىدۇ، جىمغۇرلۇقنى خالىمايدۇ، ئىجتىمائىي ئالاقە قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، دىققىتى ۋە ھەۋىسى ئوڭاي بۇرۇلىدۇ، كەيپىياتى تۇراقسىز بولىدۇ، سىرتقى كىشىلەرگە كۆڭۈلدىكىسىنى ئېيتىۋېرىدۇ.

2. ئۆت سۇيۇقلۇقلىق مىجەز: بۇ خىل مىجەزدىكى ئادەملەر تۇز، قىزغىن كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئالدىراڭغۇ، ئوڭاي سەكرەپ كېتىدۇ، ئىنكاسى، روھىي كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىش تېز بولىدۇ، سىرتقا كۆڭلىدىكىسىنى تۆكۈۋېرىدۇ.

3. بەلغەم مىجەز: بۇ خىل مىجەزدىكى ئادەملەر سالماق، ئېغىر-بېسىق كېلىدۇ، ئىنكاسى ئاستا بولىدۇ، باشقىلار بىلەن لايىقىدا ئالاقە قىلىدۇ، كەم سۆز كېلىدۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ماھىر، ھېسسىياتىنى ئوڭاي سىرتقا بىلدۇرمەيدۇ، مىجەزىنىڭ تۇراقلىقىنى ساقلاشقا دىققەت قىلىدۇ، مىجەزى ئوڭاي ئۆزگەرمەيدۇ، سىرتقا كۆڭلىدىكىنى تۆكمەيدۇ.

4. خامۇش مىجەز: بۇ خىل مىجەزدىكى ئادەملەر يالغۇزلۇقنى ياقتۇرىدۇ، ئىنكاسى ئاستا بولىدۇ، غەمنى تولا قىلىدۇ، ئىچى كۈچلۈك بولىدۇ، ئەمما ئوڭاي ئاشكارىلىمايدۇ. شەيئىلەرگە بولغان تەسىراتى كۈچلۈك بولىدۇ، باشقىلار ئوڭاي سېزىۋالالمىغان ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى سېزىۋالالايدۇ، سىرتقا كۆڭلىدىكىسىنى تۆكمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىجەزىنىڭ ياخشى-يامىنى يوق، ھەر خىل مىجەزىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئىجابىي تەرىپىمۇ، پاسسىپ تەرىپىمۇ بولىدۇ. ئۆت سۈيۇقلۇقلىق مىجەز ئادەملەر قىزغىن، ئاكتىپ، جانلىق-تېتىك كېلىدۇ، ئەمما قوپال بولىدۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدۇ، ئوڭاي ئاچچىقلىنىدۇ؛ كۆپ قانلىق مىجەز ئادەملەر تېتىك-شوخ، سەمىمىي، تەشەببۇسكار كېلىدۇ، ئەمما ئۇلاردا ھورۇنلۇق، روھسىزلىق، ھېچقانداق ئىشقا قىزىقماسلىق كەيپىياتى كۆرۈلۈشى مۇمكىن؛ خامۇش مىجەز ئادەملەرنىڭ ھېسسىياتى چوڭقۇر ۋە تۇراقلىق بولىدۇ، ئەمما يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ، باشقىلاردىن يىتىراقاپ قورۇنىدۇ. دېمەك، ھەربىر خىل مىجەزنىڭ مەلۇم بىر ئىجابىي تەرەپكە ياكى پاسسىپ تەرەپكە ئۆزگىرىش مۇمكىنچىلىكى مەۋجۇت.

بىر ئادەمنىڭ مىجەزى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىنى بەلگىلىمەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، لى بەي بىلەن پۇشكىننىڭ مىجەزى خېلى روشەن ئۆت سۈيۇقلۇقلىق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەن، گومورو بىلەن گېرتسىننىڭ مىجەزى خېلى روشەن كۆپ قانلىق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەن، دۇفۇ بىلەن گوگولنىڭ مىجەزى خېلى روشەن خامۇشلۇق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەن، ئەمما ئۇلار ئەدەبىيات ساھەسىدە كارامەت نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

## ئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقىنى نېمە بەلگىلەيدۇ

ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقىنى مۇھىمى ئادەمنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتى ۋە ئۇچىيى بەلگىلەيدىكەن.

گۆشسىز غىزالىنىشنى ئاساس قىلىدىغان ئاسىيا ئىرقىدىكىلەرنىڭ، مەسىلەن، ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئۇچىيى ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك سەككىز مېتىر، بوي ئېگىزلىكى 1.6 مېتىر بولۇپ، ئۇچىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بوي ئېگىزلىكىنىڭ بەش ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىكەن؛ گۆشلۈك غىزالىنىشنى ئاساس قىلىدىغان تىپىك غەرب ئىرقىدىكىلەرنىڭ، مەسىلەن، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە بوي ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر، ئۇچىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.5 مېتىر بولۇپ، ئۇچىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بوي ئېگىزلىكىنىڭ ئاران ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىكەن. شەرقلىقلەر ئىناۋەتچان، مىجەزى ئېغىر كېلىدۇ، غەربلىكلەر مىجەزى ئوچۇق، ھېسسىياتچان كېلىدۇ، بۇنداق بولۇشى ئوزۇقلىنىش ئادىتى ۋە ئۈچەينىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئىستېمال قىلىنغان گۆش ئۈچەيدە ھەزىم بولۇش جەريانىدا نۇرغۇن مىقداردا نورادرېنالىن پارچىلاپ چىقىرىدۇ، بۇ خىل گورمون چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتى ئىقتىدارىنى ھەددىدىن زىيادە كۈچەيتىپ، چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ ھېسسىياتنى تىزگىنلەش رايونىنى

تىز گىنلەش-تەڭشەش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۈچەينىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى تېزلىتىپ، ئۈچەينى تومۇسقاقىلىپ قويىدۇ. ئەمما گۆشسىز غىزا ھەددىدىن زىيادە نورادرېنالىننى پارچىلىمايدۇ، بولۇپمۇ كۆكتات تەركىبىدىكى "يېشىل شەربەت"نىڭ خىمىيىلىك قۇرۇلمىسى قان قىزىل ئاقسىلىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولغاچقا، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ، ئادەمنىڭ روھىي كەيپىياتىنى كۆتۈرىدۇ، ئۇزاق مۇددەت گۆشسىز غىزالانغاندا، ئادەمدە ئۆزلۈكىدىن نازاكەتلىك مىجەز شەكىللىنىدۇ.

## تاماق يېيىش ئادىتىدىن ئادەمنىڭ خۇي-مىجەزىنى بىلگىلى بولىدۇ

بىر ئادەمنىڭ تاماق يېيىش ئادىتى ئۇنىڭ خۇي-مىجەزىنى ئەڭ ھەقىقىي ھالدا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ پسىخولوگىيە دوكتورى ئانتونىي ئادەمنىڭ تاماق يېيىش ئادىتى بىلەن خۇي-مىجەزىنى ئۇزاق مۇددەت كۆزەتكەن ۋە تەتقىق قىلغان. ئۇ، ئادەمنىڭ تاماق يېيىش ئادىتىنى بىرنەچچە خىلغا ئايرىغان:

1. تاماقنى بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈپ بىر-بىرلەپ يەيدىغانلار: بۇنداق كىشىلەر ئېھتىياتچان كېلىدۇ، ھەرقانداق ئىشنى بەك ئىنچىكە ئىشلەيدۇ، بەزىدە مۇتەئەسسىپلىك ۋە كاجلىق

قىلىپمۇ قويىدۇ.

2. تاماقنى تېز يەيدىغانلار: بۇنداق كىشىلەرنىڭ زېھنىي كۈچى يېتەرلىك، ئەس-يادى خىزمەتتىلا بولىدۇ، غەيرىتى كەلگەندە خىزمەتنى ناھايىتى تېز ئىشلەيدۇ.

3. تاماقنى ئاستا يەيدىغانلار: ئۇلار ۋاقىت چىقىرىپ مەلۇم مەسىلە ئۈستىدە تەكرار-تەكرار پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئاخىر مەسىلە قالمىدى دەپ قارىغاندا ئاندىن قارار چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق كىشىلەر سەل گىجىك كېلىدۇ، بولۇپمۇ بازاردىن نەرسە-كېرەك سېتىۋالغاندىن كېيىن، دائىم ئالغان نەرسىسىنى يارىمىدى دەپ قايتۇرۇۋېتىدۇ.

4. تاماقنى كۆپ يەيدىغانلار: ئۇلار راھەتپەرەس كېلىدۇ، جەمئىيەتكە بەكرەك يۈزلەنگەن بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى يوشۇرمايدۇ، ئىنچىكە پىكىر يۈرگۈزۈشكىمۇ ماھىر ئەمەس.

5. بىرخىل يېمەكلىكنى يەپ بولۇپ يەنە بىر خىل يېمەكلىكنى يېيىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنلەر: بۇنداق كىشىلەر چارە-تەدبىر قوللىنىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەرقانداق ئىشنى پۇتۇن دىققىتى بىلەن ئىشلەيدۇ.

6. ھەرخىل تاماقنى قارىقويۇق ئارىلاشتۇرۇپ يەۋېرىدىغانلار: بۇنداق كىشىلەر ئەتراپىدىكى ئىشلارغا ئانچە زەڭ سېلىپ كەتمەيدۇ، ئۆزىنى ئازادە تۇتىدۇ، بىرەر نەرسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە سەپسالمايدۇ، بەزىدە ئىشلارنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگە سەل قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

7. يۇقىرىقىدەك تاماق يېيىش ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە بار ئادەملەر: بۇنداق ئادەملەرنىڭ مىجەز-خاراكتېرى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ مىجەزىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ، ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق بولۇپ قالىدۇ.

## ئوزۇقلۇق ئادەمنىڭ مىجەزىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ

ئوزۇقلۇق ئادەمنىڭ مىجەزىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ توغرىلىقىغا قىل سىغمايدۇ، بۇنى تىببىي ئىلىم نەزەرىيىسىگە ئاساسەن دەلىللەپ ئۆتەيلى.

بۇنىڭدىن 2400 يىل بۇرۇن گرېتسىيىلىك مەشھۇر دوختۇر كىپوكىراتس مىجەز تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادەملەرنىڭ مىجەزىنى كۆپ قانلىق مىجەز، نېرۋا مىجەز، بەلغەم مىجەز، ئۆت سويۇقلۇقلىق مىجەز دەپ تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىغان. ئادەمنىڭ مىجەزى ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە باغلىق بولغاندىن تاشقىرى، ھاۋا كىلىماتى، ئۆرپ-ئادەت، ئەمگەك، تەربىيىلىنىش ۋە ئوزۇقلىنىش ئادىتى قاتارلىق شەرت-شارائىتلارمۇ ئادەمنىڭ مىجەزىنىڭ ھەرخىل بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ تەلىمات مىجەزنىڭ شەكىللىنىشىنى ئوبدان چۈشەندۈرىدىغان تەلىمات بولۇپ قالدى.

ئوزۇقلۇق مىجەزگە تەسىر كۆرسەتكەنىكەن، ئۇنداقتا ئۆ-

زىمىزنىڭ مىجەز-خۇيىمىزدا بىرەر يېتەرسىزلىك بولسا، مىجە-زىمىزنى ئوخشاش بولمىغان ئوزۇقلۇقلارنى يېيىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە تىرىشىپ باقساق بولىدۇ.

1. دائىم بىئاراملىق ھېس قىلىدىغانلار: بۇنداق كىشىلەر تەركىبىدە كالتسىي، فوسفور كۆپرەك بولغان ئوزۇقلۇقلارنى كۆپرەك يېيىشى كېرەك؛ دادۇر، پالەك، سۈت، خاسىڭ، قات-تىق پوستلۇق ئاپېلسىن، بېلىق، راك قاتارلىقلارنىڭ تەركىبى-دە كالتسىي بىرقەدەر كۆپ.

دادۇر، خاسىڭ، پالەك، كاشتان، ئۆرۈك، ئۈزۈم، راك، قىسقۇچ پاقا، توخۇ گۆشى، ياڭيۇ ۋە تۇخۇم سېرىقى قاتارلىقلار-نىڭ تەركىبىدە فوسفور بىرقەدەر كۆپ.

2. ئوڭاي غەزەپلىنىدىغانلار: ئوڭاي ئاچچىقلىنىدىغان ۋە غەزەپلىنىدىغان كىشىلەردە كالتسىي ماددىسى بىلەن ۋىتامىن B كەم بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر گۈرۈچ تاماقلىرىنى كۆپرەك يېيىشى لازىم.

3. بىرەر ئىشتا بېشىنى تازا ياخشى ئىشلەپ، ئايغىنى چىقارمايدىغانلار: بىرى، بۇلاردا ۋىتامىن A بىلەن ۋىتامىن C كەم بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ۋاقىتتا قىزىل مۇچ، قورۇتۇلغان بېلىق، قورۇتۇلغان بامبۇك نوتىسى ۋە مايدا پىشۇرۇلغان لوبۇنى كۆپ يېيىش لازىم. يەنە بىرى، بۇنىڭغا كىسلاتالىق يېمەكلىك، مەسىلەن، گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىكنىڭ ئىستېمال مىقدارىنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كېتىشى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئادەتتە گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى ئاز، يەل-يېمىش، سەي-كۆكتاتنى كۆپ يەپ بېرىش كې-
رەك.

4. باشقىلارغا بەك تايىنىۋالىدىغانلار: بىرمۇنچە كىشىلەر
قان ئاملى سەۋەبىدىن شۇنداق بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق كىشىلەر
ئىشقارلىق يېمەكلىكلەرنى ۋە كالتسىيلىق يېمەكلىكلەرنى كۆپ-
رەك يېيىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، باشقىلارغا تايىنىۋالى-
دىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

## مىجەز ۋە كېسەل

ئادەمنىڭ بىرقەدەر تۇراقلىق پسىخىك خاراكتېرى مىجەز
دېيىلىدۇ. دۇنيادا مىجەزى بىر-بىرىنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاي-
دىغان ئادەم يوق، ئەمما ئوخشاش بولمىغان مىجەزلەردىمۇ مەلۇم
ئوخشاشلىقلار بولىدۇ. ھازىر خەلقئارادا ئادەملەرنىڭ كىشىلىك
ئالاقىدىكى پوزىتسىيىسى، پسىخىكى ۋە پەزىلىتىگە ئاساسەن،
مىجەزنى A، B، C، D، E دەپ بەش تىپقا بۆلۈش ئۇسۇلى
ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلماقتا.

A تىپلىق مىجەزدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىرادىلىك كېلى-
دۇ، ئالغا بېسىشقا ئىنتىلىدۇ، ئەمما، ئالدىراڭغۇ، ئەتراپىدى-
كى مۇھىتقا ماسلىشىشچانلىقى سەل يېتەرسىز بولۇپ، كىشىلەر
بىلەن تازا ئىناق مۇناسىۋەتتە بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى
دائىم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ ياكى كىشىلەر ئارىسىدا
غۇلغۇلا پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار ھەرىكەتچان تىپلىقلار دەپ

ئاتىلىدۇ.

B تىپلىق مىجەزدىكىلەرنىڭ قابىلىيىتى ئادەتتىكىچە بولىدۇ، ئۇلار باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا ماھىر كەلمەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىدە ماسلىشىشچانلىقى بىر قەدەر ياخشى، ئۇلار بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە بولدىلا دەۋېتەلەيدۇ، ئەقلىگە سىغدۇرالايدۇ، ئىچىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ، بۇلار ئوتتۇراھال مىجەز تىپلىقلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

C تىپلىق مىجەزدىكىلەرنىڭ كەيپىياتى تۇراقلىق، مىجەزى ئېغىر، ئىنكاسى ئاستا بولىدۇ، يالغۇزلۇقنى بىر قەدەر ياخشى كۆرىدۇ، خىيالغا بېرىلىدۇ، كۆپىنچە پاسسىپ ھالەتتە تۇرىدۇ، بۇنداق مىجەزدىكىلەر پاسسىپ مىجەزلىكلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

D تىپلىق مىجەزدىكىلەرنىڭ كەيپىياتى تۇراقلىق، مىجەزى ئوچۇق، جانلىق، شوخ كېلىدۇ، ئۇلار ئالاقىغە ماھىر بولۇپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ، مەلۇم تەشكىللەش، يېتەكلەش ئىقتىدارىغا ئىگە، بۇنداق مىجەزدىكىلەر باشقۇرغۇچى تىپىدىكىلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

E تىپلىق مىجەزدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پاسسىپ كەيپىياتتا بولىدۇ، كۆپ ھاللاردا رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەتقىقات نەتىجىسى بەزى كېسەللىكلەرنىڭ مىجەز بىلەن مەلۇم ئالاقىسى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. A تىپلىق مىجەزنىڭ تاجىسىمان يۈرەك كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن زىچ ئالاقىسى بار. يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ئىچىدە A تىپلىق مىجەزدىكىلەر 98%نى تەشكىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ. جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىمۇ شۇنى ئىسپاتـ
لىدىكى، A تىپلىق مىجەزدىكىلەرنىڭ تاجىسىمان قىزىل تومۇر
قېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى B تىپلىق مىجەزدىـ
كىلەرگە قارىغاندا بەش ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن. A تىپلىق
مىجەز، خولېستېرىنىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، تاماكا چېكىش ۋە
يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىقلار يۈرەك كېسىلى پەيدا قىلىدىغان
تۆت خەۋپ ئامىلى ھېسابلىنىدۇ.

راك كېسىلىنىڭ مىجەز بىلەنلا ئالاقىسى بار، تەكشۈرۈش
نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جىمغۇر-كەم سۆز، ئاچچىقىنى
ئىچىگە يۇتۇۋېتىدىغان، ھېسسىياتىنى تىزگىنلەشكە ئادەتلىنىپ
قالغان كىشىلەر ئوڭاي راك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ.

## ئورۇق-سېمىزلىك ۋە كەيپىيات

ئورۇق-سېمىزلىك ئوزۇقلىنىش بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بوـ
لۇپ قالماستىن، بەلكى كەيپىيات بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئامېـ
رىكىنىڭ مىننېسوتا ئۇنىۋېرسىتېتى ''چالا ئاچ قويۇش'' تەجرىبىـ
سى ئېلىپ بارغان. 36 نەپەر سىناق قىلىنغۇچى ھەر ۋاقىلىق
تاماقتا يېرىم تويغۇدەكلا تاماق يېگەن، نەتىجىدە 170 كۈندىن
كېيىن، ئۇلارنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى يېنىكلەپ كېتىش بىلەنلا
قالماي، بەلكى كۆپىنچىسى شۈكلەپ روھسىز بولۇپ قالغان.
ئىجتىمائىي ئالاقىنى خالىمايدىغان، ئوڭاي ھاياجانلىنىدىغان بوـ
لۇپ كەتكەن، بەزىلىرىدە ھەتتا غۇرۇرىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى

ئۆزى كەمستىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلگەن، بۇ ئالامەتلەر ”چالا ئاچ قېلىش خاراكتېرلىك نېرۋا كېسەلى“نىڭ ئىپادىسىدۇر. كلىنىك داۋالاش نەتىجىسىدە، مۇنداق ئەھۋال بايقالغانكى، بەزى سېمىز كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى تەلىپىنى قاندۇرالمىغاندىكىن، ئۇنى ئوزۇقلۇق ئارقىلىق تولدۇرماقچى بولۇپ، ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئوزۇقلىنىپ، سېمىزلىك كېسەلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان، بۇنداق كىشىلەر ”ھېسسىيات جەھەتتىن ئاچ قېلىش“ روھىي ھالىتىدىكىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

## يېمەك-ئىچمەك ۋە ئۇگدەش

ھەممەيلەندە شۇنداق تەسىرات باركى، تازا ئوبدان غىزالانغاندىن كېيىن ئادەمنى ئۇيقۇ باسىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ چەت ئەل ئالىملىرى يېقىندا بىر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ شۇنى سەزگەنكى، تاماقتىن كېيىنكى بۇنداق ئۇگدەش بىزنىڭ يېگەن نەرسىلىرىمىز بىلەن بەكرەك مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق ئەھۋالنى ئوزۇقلۇق تەركىبىدىكى ئاقسىل ئىچىدە بولىدىغان ترىپتوفان ۋە ئامىنو كىسلاتاسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئاقسىل ئادەمنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىدىكى ئاساسلىق ماددا، شۇنداقلا ئادەم بەدىنىدىكى ھاياتلىق ماددىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئوزۇقلۇق تەركىبىدىكى ئاقسىلدىن چىقىدىغان ترىپتوفان مېڭىدىكى بىرخىل خىمىيىلىك ماددىنىڭ ئاسا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سى قۇرۇلمىسىدۇر. بۇنداق خىمىيىلىك ماددا بولسا فىزىئولو-گىيىلىك ئىقتىدارنى تەڭشەپ، ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرى-دۇ. مېڭىگە كىرگەن ترىپتوفان قانچە كۆپ بولسا، بۇخىل خىمىيىلىك ماددا شۇنچە كۆپ بولىدۇ-دە، ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىمۇ ئاسان كېلىدۇ.

ترىپتوفاننى سۈتكە ئارىلاشتۇرۇپ بوۋاقلارغا ئىچكۈزۈش نەتىجىسىدە مۇنداق ئەھۋال بايقالدىكى، بۇنداق سۈتنى ئىچكەن بوۋاقلار ئادەتتىكى سۈتنى ئىچكەن بوۋاقلارغا قارىغاندا تېز ئۇخ-لاپ قالغان. ئالىملار ترىپتوفان ئارىلاشتۇرۇلغان دورىنى يې-نىك ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرگە ئىچ-كۈزۈپ باققان، نەتىجىدە بۇ كىشىلەرمۇ ئوڭاي ئۇخلايدىغان بولۇپ كەتكەن.

## يېمەك-ئىچمەك ۋە بوي ئېگىزلىكى

ئالىملار تەتقىقات نەتىجىسىدە شۇنى ئىسپاتلىغانكى، ئۆس-مۈر-باللار گۆشسىز غىزا بىلەن گۆشلۈك غىزانى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ يەپ بەرسە، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەن. ئادەم بويىنىڭ ئېگىز-پاكار بولۇشى-نىڭ يېرىمى ئىرسىيەتكە، يېرىمى مۇھىت-شارائىتنىڭ تەسىرى-گە باغلىق ئىكەن. ھالبۇكى، مۇھىت-شارائىتنىڭ تەسىرى دې-گەندە يېمەك-ئىچمەكنىڭ سۈپىتى ئۇنىڭ ئاساسلىق بىر تەرىپى بولۇپ سانىلىدىكەن.

ئەتراپلىق بولۇشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا، بوينىڭ ئېگىز، بەستلىك ئۆسۈشىگە پايدىلىق.

## شورپا ئىچىش ۋە ئورۇق-سېمىزلىك

شورپىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، بۇنىڭغا جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلگەن. ياپونلار دېڭىز كاپوستىسى شورپىسىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى شىپالىق ئۈنۈمگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، شوتلاندىيىلىك بوۋايلار سۆڭەكپىياز سېلىنغان قۇشقاچ گۆشى شورپىسىنى سوغۇقتىن ساقلىنىشنىڭ ئېسىل دورىسى دەپ بىلىدۇ.

شورپىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ. ئېلىمىزدە كۆكتات شورپىسى، توخۇ شورپىسى، گۆش شورپىسى، تۇخۇم شورپىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شورپىلار ئومۇميۈزلۈك ئىستېمال قىلىنىدۇ. چەت ئەللەردىمۇ ھەرقايسى مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس شورپىلىرى بار.

شورپا تاماقتىن بۇرۇن ئىستېمال قىلىنىدىغان شورپا ۋە تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدىغان شورپا دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تاماقتىن بۇرۇن شورپا ئىچكەندە، ئاشقازان ھەزىم سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى تېزلىتىپ، ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى ئازايتىپ، سېمىزلىكتىن ساق-

لىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. تاماقتىن كېيىن شورپا ئىچىشنىڭ ئاشقازان ھەزىم سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى چوڭ بولمايدۇ، ئۇنىڭ يېمەكلىك بىلەن ئاشقازان ھەزىم سۇيۇقلۇقىنىڭ ئارىلىشىپ تەڭشىگۈچلۈك رولـ نى ئوينىشىغا ياردىمى بار، بۇ ھەزىم قىلىشقا پايدىلىق، ئورۇق كىشىلەر تاماقتىن كېيىن شورپا ئىچىپ بەرسە، بەدىنىنىڭ قۇۋۋىتى ئاشىدۇ.

## ئادەملەرنىڭ تىپى ۋە كەسپى

ئادەم قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ مىجەزى، ئىقتىدارى ۋە ھەۋىسىگە يارىشا كەسپنى تاللاپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى، تالانتى ۋە خۇسۇسىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ؟ تەشكىلـ لەش-باشقۇرۇش پسىخولوگلىرىنىڭ كەسىپ تالاش مەسىلىسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى بىزگە بۇ جەھەتتە ئازدۇرـ كۆپتۇر جاۋاب بېرەلىسە كېرەك. بۇلارنىڭ ئىچىدە خولاندنىڭ كەسىپ تاللاش نەزەرىيىسى كىشىلەرنىڭ مۇۋاپىق كەسىپ تاللىـ شىغا خېلى ئىلھام بېرەلەيدۇ.

خولاند كىشىلەرنى ئالتە تىپقا بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىـ لىكلىرى ۋە ئۇلارغا قايسى خىلدىكى كەسىپنىڭ باب كېلىدىغانـ لىقىنى سۈرەتلىگەن.

1. رېئاللىققا ئىنتىلىدىغان كىشىلەر: بۇلار نىشانغا ئىنتىـ لىدىغان ۋە نىشان بەلگىلەپ تۇرىدىغان خىسلەتكە ئادەتلەنگەن.

ئۇلار قورال-سايمان، ماشىنا ئىشلىتىشكە، ئادەم ۋە ھايۋانلار بىلەن ھەپىلىشىشكە خۇشتار بولۇپ، ئوبيېكتىپ تەبىئىي شارا-ئىتقا ۋە كونكرېت ۋەزىپە بەلگىلەنگەن شارائىتقا ماسلىشالايدۇ. تەكلىپ: بۇنداق كىشىلەر تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ياكى تەلەپ قىلمايدىغان ئەمگەك بىلەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇنىڭدەك ئىدارە سىرتىدىكى ئالاقە ئىشلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخ-شاش كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىدۇ.

2. ئىجتىمائىي ئادەملەر: بۇلار كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىش ماھارىتى تەلەپ قىلىد-ىنىدىغان ۋە ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان خىزمەتلەرنى تاللاشقا ئادەت-لەنگەن. بۇلار باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشىنىش ۋە يۇمشى-تىش تەلەپ قىلىنىدىغان مۇھىتقا باب كېلىدۇ. تەكلىپ: بۇن-داق كىشىلەر جەمئىيەت خىزمىتى، مەسلىھەتچىلىك، مۇرەس-سەچىلىك، تەلىم-تەربىيە ۋە تەشكىللەش خىزمىتىنى ئىشلىسە بولىدۇ.

3. دانىشمەنلەر: بۇلار ئەقىل-پاراسەت، سۆز، شەرتلىك بەلگە ۋە ئۇقۇمدىن پايدىلىنىپ خىزمەت قىلىدىغان تۇرمۇش مۇھىتىنى تاللاشقا ئادەتلەنگەن. بۇلار ئابستراكتسىيىلەشتۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنى-دىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە باب كېلىدۇ. تەكلىپ: بۇلار ئىلمىي تەتقىقات، ئوقۇتقۇچىلىق، يېزىقچىلىق خىزمىتىنى ئىش-لىسە بولىدۇ.

4. ئادەتتىكى كىشىلەر: بۇلار ئەنئەنىۋى نىشان ۋە جەمئىد-

يەت ئېتىراپ قىلىدىغان ۋەزىپىنى تاللاشقا ئادەتلەنگەن. بۇلار نۇرغۇن ئۇچۇرنى سىستېمىلىق ۋە كۇندىلىك بىرتەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مۇھىتقا باب كېلىدۇ. تەكلىپ: بۇلار بوغالتىرلىق خىزمىتى، ئورگان خىزمىتى ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ئىشلىسە بولىدۇ.

5. كەسىپچان كىشىلەر: يۈكسەك قىزغىنلىق ۋە تەۋەككۇلچىلىككە ئىگە بولۇش تەلەپ قىلىنىدىغان خىزمەتنى، شۇنىڭدەك ھالقىلىق ياكى تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان نىشان ۋە ۋەزىپىنى تاللاشقا ئادەتلەنگەن. بۇلار ئاغىزاكى تەقدىرلەش، بۇيرۇق چۈشۈرۈش ۋە سۆز بىلەن قايىل قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان خىزمەت مۇھىتىغا باب كېلىدۇ. تەكلىپ: بۇلار سېتىش، باشقۇرۇش، دىپلوماتىيە، سىياسىي ئىشلار قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ.

6. سەنئەتكارلار: سەنئەتكارلار ھېسسىيات، تۇيغۇ ۋە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىدۇ ياكى سەنئەت مەھسۇلاتى يارىتىدۇ. بۇلار ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق بەدىئىي ئوبرازدىن لەززەتلىنىش، ئۇنى چۈشىنىش ۋە يارىتىش تەلەپ قىلىنىدىغان خىزمەت مۇھىتىغا باب كېلىدۇ. تەكلىپ: بۇلار گۈزەل سەنئەت ۋە ئويۇن كۆرسىتىش سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ.

دەرۋەقە، بۇنداق ئايرىش بەكلا تومتاق ئايرىش بولۇپ قالىدۇ، زور كۆپ ساندىكى كىشىلەر يالغۇز بۇنىڭ بىرەر تىپىغىلا تەۋە بولماستىن، بەلكى بىرنەچچە خىل تىپتىكى كىشىلەرنىڭ

خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىدىگە شەخسلەرنىڭ پسىخىكىلىق خاھىشى كەسىپ جەھەتتىكى تەرەققىياتى داۋامىدا ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 17 . پەن-تېخنىكا كۆزنىكى

## زامانىۋى ئىلىم-پەندىكى ئالتە چوڭ سىر

1 . سىرتقى ئالەمدىكى ھاياتلىقنى نەدىن تېپىش كېرەك؟ ئالەمدە، بىز ياشاۋاتقان يەر شارىدىن باشقا جايدا، ھاياتلىق بارمۇ، يوق؟ مانا بۇ زامانىۋى ئىلىم-پەندىكى بىرىنچى سىر.

2 . قارا ئۆڭكۈر ئاسمان جىسمى قانداق نەرسە؟ يېقىنقى يىللاردا ئامېرىكا بىلەن كانادا سامان يولى سىستېمىسىدىكى چوڭ ماگىللان يۇلتۇزلار سىستېمىسىدا ماسسىسى قۇياش ماسسىسىنىڭ 8—12 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدىغان "قارا ئۆڭكۈر" بارلىقىنى ئىسپاتلىغان. بۇ قارا ئۆڭكۈر زادى قانداق نەرسە؟ بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

3 . تارتىش كۈچىنىڭ رادىئاتسىيىسىنى ئۆلچەش. 1916-يىلى، ئېينىشتېين تارتىش كۈچىنىڭ بىر خىل تەۋرىنىش جەريانى ئىكەنلىكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئىسپاتلاپ چىقىپ، ئۇنى كۈچ تەۋرىنىشى دەپ ئاتىغان. 1978-يىلى، ئالىملار تارتىش كۈچى تەۋرىنىشىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ۋاستىلىك ئىسپاتلىغاندى، لېكىن ئۇنى بىۋاستە ئىسپاتلاش ھېلىھەم تەجرىبە فىزىكىسىغا قالدۇرۇلغان چوڭ تېما بولۇپ تۇرماقتا.

4 . قۇياش سىستېمىسىدا ئونىنچى پلانېتا بارمۇ-يوق؟ 18-ئەسىردە گېرمانىيىلىك ئاسترونوم پود ئونىنچى پلانېتا بولۇشى

مۇمكىن دەپ بېشارەت بەرگەننىدى. لېكىن ئونىنچى پلانېتا زادى بارمۇ-يوق، داۋاملىق كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

5. يېڭى ئېلېمېنتنىڭ چېكى. يېقىندا فېدېراتىپ گېرمانىيە سۇنئىي ئۇسۇل ئارقىلىق 107-ۋە 109-ئېلېمېنتلارنى ياساپ چىققان. ھازىرغا قەدەر 110-ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېلېمېنتلار تېخى تېپىلغىنى يوق. تېخىمۇ كۆپ ئېلېمېنتلار مەۋجۇتمۇ-يوق، بۇ ھازىرغا قەدەر بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا.

6. ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدا كەمتۈكلۈك بار. ئالدىنقى ئەسىردە، ئەنگلىيىلىك بىر ئالىم ئىنسانلارنىڭ ئادەمسىمان مايمۇندىن بىۋاسىتە تەرەققىي قىلىپ ئادەمگە ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئارىدا چوقۇم بىر ھالقا بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىسپاتلىغان. ياپونىيىلىك ئىنسانشۇناسلارمۇ ئادەمسىمان مايمۇن بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ”مايمۇنسىمان ئادەم“گە ئۆزگىرىش جەريانى بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان. ئەمما بۇنى داۋاملىق ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## 20-ئەسىردە جاۋاب بېرىشكە مۇمكىن بولمىغان ئەڭ چوڭ پەننىي مەسىلىلەر

1. ھاياتلىق قانداق پەيدا بولغان؟

2. ئىنسانلار ھاۋا رايىنى تىزگىنلىيەلەمدۇ؟

3. تەبىئەت دۇنياسىدا تەڭپۇڭلۇق مەۋجۇتمۇ؟
4. ئەقلىي كۈچ نەدىن كېلىدۇ؟
5. چوڭ مېڭە قانداق ئىشلەيدۇ؟
6. ھۈجەيرىلەر قانداق قىلىپ خروموسوما بىرىكمىسىگە ئۆزگىرىدۇ؟
7. ئىنسانلار راك كېسىلىنى ساقايتالايدىغان بولامدۇ؟
8. ئۆسۈملۈكلەر قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن قانداق پايدىلىنىدۇ؟
9. ئادەمسىمان مايمۇن قانداقسىگە ئادەمگە ئۆزگەرگەن؟
10. باشقا قۇياش سىستېمىسى مەۋجۇتمۇ؟
11. باشقا قۇياش سىستېمىسىدىن كەلگەن پلانېتا ئادەملىرى مەۋجۇتمۇ؟
12. پلانېتا ئادەملىرىنىڭ چوڭ مېڭىسى يەرشارى ئادەملىرىنىڭكىدىن ئۈستۈنمۇ؟
13. ۋاقىت دېگەن نېمە؟
14. ئۆلۈشتىن ساقلانغىلى بولامدۇ؟
15. ئۆلۈش قانداق باشلىنىدۇ؟
16. ئۆلۈش قانداق تاماملىنىدۇ؟

## دۇنياۋى ئىلىم-پەن مۇكاپاتى

نوبېل مۇكاپاتى: شۋېتسىيىلىك ئاتاقلىق خىمىيە ئالىمى ۋە كەشپىياتچى نوبېل تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. بۇ مۇكاپات

فىزىكا، خىمىيە، تىبابەتچىلىك، فىزىئولوگىيە، ئەدەبىيات ۋە تىنچلىق ئىشلىرى قاتارلىق ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ، 1969-يىلى يەنە ئىقتىسادشۇناسلىق بويىچە مۇكاپات تۈرى تەسىس قىلىندى، نوبېل مۇكاپاتىنىڭ مۇكاپات سوممىسى 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

كرىفتىپ مۇكاپاتى: شۋېتسىيىلىك سودا سانائەتچى كرىفتىپ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ھەريىلى 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، يەر ئىلمى قاتارلىق تۆت ساھەدە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان كىشىلەرگە تەقسىملەپ بېرىلىدۇ.

بارسې مۇكاپاتى: ئىتالىيىلىك بارسې تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. تىنچلىق، سەنئەت ۋە ئىلىم-پەن ساھەلىرىدە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان كىشىلەر مۇكاپاتلىنىدۇ.

ۋورف مۇكاپاتى: گېرمانىيىلىك فىزىكا ئالىمى ۋورف تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ھەر يىلى 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى يېزا ئىگىلىكى، فىزىكا، خىمىيە، تىبابەتچىلىك، ماتېماتىكا قاتارلىق بەش ساھەدە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان كىشىلەر مۇكاپاتلىنىدۇ.

ۋېترىسىن مۇكاپاتى: ھەر يىلى ئامېرىكىنىڭ كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تارقىتىدۇ، يەر ئىلمى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان كىشىلەر مۇكاپاتلىنىدۇ.

گىتاي مۇكاپاتى: ھەر يىلى نيۇ-يورك مەخسۇس فوند جەمئىيىتى تارقىتىدۇ، روھىي كېسەللىكلەر ئىلمى جەھەتتە تۆھپە

www.uyghurkitap.com

قوشقان كىشىلەر مۇكاپاتلىنىدۇ.

كارنىگا مۇكاپاتى: ئىلىم-پەن، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدە زور تۆھپە قوشقان كىشىلەر مۇكاپاتلىنىدۇ.

گېتى مۇكاپاتى: ھەر يىلى 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ياۋايى جانلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ.

تايرو مۇكاپاتى: ھەر يىلى 100مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئاتاقلىق ئېكولوگىيە ئالىملىرىغا بېرىلىدۇ.

ۋېرچ مۇكاپاتى: يېقىنقى يىللاردا تەسىس قىلىنغان خىمىيە مۇكاپاتى. مۇكاپات سوممىسى 150مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.

خەلقئارا مۇھىت ئاسراش مۇكاپاتى: ئەسلىدە ئىراننىڭ پادىشاھ جەمەتىدىن تارقىتىلاتتى. يىللىق مۇكاپات سوممىسى 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، مۇھىت ئاسراش جەھەتتە تۆھپە قوشقان كىشىلەر مۇكاپاتلىنىدۇ.

فرىس مۇكاپاتى: خەلقئارا ماتېماتىكا جەمئىيىتى ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئالتۇن مۇكاپات تارقىتىپ، كۆپ بولغاندا تۆت نەپەر ياش ماتېماتىكا ئالىمىنى مۇكاپاتلايدۇ.

## نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاتا-بالا، ئەر-خوتۇن ۋە ئاكا-ئۇكىلار

ئەڭ بۇرۇن ئاتا-بالا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر ئەنگلى-

يىنىڭ فىزىكا ئالىمى يوسوف تامسىن بولۇپ، ئۇ 1906-يىلى گازنىڭ توك ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 31 يىلدىن كېيىن ئۇ-نىڭ ئوغلىمۇ ئېلېكترونىڭ كرىستالنى پارچىلاشتا مۇۋەپپەقىيەت قازى-نىپ، فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. دانىيىلىك فىزىكا ئالىمى بور 1917-يىلى فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1975-يىلى ئۇ-نىڭ ئوغلىمۇ فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئاتا-بالا بىرلا ۋاقىتتا بىر مۇكاپات تۈرىگە ئېرىشكەنلەر ئەنگلىيىلىك فىزىكا ئالىمى بۇگېرى ۋە ئۇنىڭ بالىسىدۇر. ئۇلار رېنتگېن نۇرى ئارقىلىق كرىستال قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، 1915-يىلى تەڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

نوبېل مۇكاپاتىغا ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن كيۇرى ئەر-خوتۇن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى. 1903-يىلى، كيۇرى خانىم ئەر-خوتۇن رادىئوئاكتىپ ئېلېمېنتنى تەتقىق قىلىپ تېپىپ، فىزىكا مۇكا-پاتىغا ئېرىشكەن. 1911-يىلى، كيۇرى خانىم راددىي ۋە پولو-نىيدىن ئىبارەت ئىككى خىل رادىئوئاكتىپ ئېلېمېنتنى تېپىپ چىقىپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1935-يىلى، كيۇرىنىڭ قىزى ئېيلىن ۋە ئۇنىڭ ئېرى يۇرىئو يېڭى رادىئوئاكتىپ ئېلېمېنتنى ئومۇملاشتۇرۇپ، خىمىيە مۇ-كاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئامېرىكىلىق كارل. كېرى بىلەن گېتى ئەر-خوتۇن بىر-لىكتە گلىكوگېننىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، 1947-يىلى نوبېل تىبابەتچىلىك مۇكاپاتىغا ئې-

ـرشكەن.

نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىر تۇغقان ئاكا-ئۇكا گوللاندىيىلىك يانبوگېن بىلەن نىگولاس يانبوگېندىنلا ئىبارەت، ئاكىسى 1969-يىلى ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئىقتىسادشۇناسلىق مۇكاپاتىغا، ئۇكىسى 1973-يىلى نوبېل تىبابەتچىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

## ئېلىمىزدە سۈنئىي هەمراھ نېمىشقا كەچ سائەت يەتتە بىلەن توققۇز ئارىلىقىدا قويۇپ بېرىلىدۇ

ئېلىمىزدە راكېتا دائىم كەچ سائەت يەتتە بىلەن توققۇز ئارىلىقىدا قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، راكېتادىكى ئاكۇمۇلياتورنىڭ سىغىمچانلىقى چەكلىك بولۇپ، راكېتا ئاسمان بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، جۈملىدىن سۈنئىي هەمراھ 35مىڭ 800 كىلومېتر ئېگىزلىككە يەتكەندىن كېيىن، قۇياش تويموتوغرا ئەڭ چوڭ ئارا بولۇڭ ئارقىلىق سۈنئىي هەمراھتىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق قۇياش ئېنېرگىيىسى باتارېيىسىگە نۇر چېچىپ بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قۇياش ئېنېرگىيىسى باتارېيىسى ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئورنىدا ئىشلەشكە كىرىشىدۇ، دېمەك، سۈنئىي هەمراھ پۈتمەس-تۈگىمەس ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر راكېتا كەچ سائەت يەتتە بىلەن توققۇز ئارىلىقىدا

قويۇپ بېرىلمەيدىغان بولسا، سۇنئىي ھەمراھ ئاسمان بوشلۇقىغا چىققاندىن كېيىن، قۇياش ئېنېرگىيىسىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى بۇلۇڭغا توغرىلىنالماي قالىدۇ.

## ئامېرىكا ”سۇنئىي يەرشارى“ ياسىماقتا

برازىلىيىنىڭ سانتا كاتارىنا ئارىلىدا، ئامېرىكا مۇتەخەس-سىسلىرى بىرنەچچە مىڭ قۇرۇلۇشچى بىلەن بىرلىكتە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ دېگۈدەك ”بىئو چەمبىرەك — I “ سىستېمىسى-نى بەرپا قىلماقتا، ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، كېلە-چەكتە ئاي شارىدا ياكى مارستا ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئولتۇ-راقلىشىش پونكىتىنى قۇرۇش ئۇچۇن ”سونئىي يەر شارى“ ئۇستىدە بىر قاتار سىناقلارنى ئېلىپ بارماقتا.

بۇ قۇرۇلۇش پولات بىلەن ئەينەكتىن ياسالغان غايەت زور يېپىق قۇرۇلما بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇرالغۇ، تەجرىبىخانا، كۆڭۈل ئېچىش مۇئەسسەسەسى، ئورمان، يايلاق، چۆل-باياۋان قاتارلىق-لار بار، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ 1999-يىلى پۈتىدىغانلىقى پىلانلان-غان. قۇرۇلۇش پۈتكەندە، ئوبدان تەربىيىلەنگەن سەككىز كىشى ئۆز ئىختىيارىلىقى بىلەن بۇ سۇنئىي ئۇنىۋېرسال ئىمارەت — تەقلىدىي ئالەم بوشلۇقى شەھىرىگە كىرىپ ئىككى يىل ياشايدۇ.

”بىئو چەمبىرەك — I “نىڭ يەر كۆلىمى 10مىڭ گېكتار بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ ئىچىدىكى پارنىك، كۆل ۋە يايلاق قاتار-لىقلار ياسىلىپ بولدى. سۇ تازىلاش قۇرۇلۇشمۇ پۈتتى، ھازىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مىكروبسىزلاندۇرۇش ئۈستىدە تۈرلۈك سىناقلار ئېلىپ بېرىل-
ماقتا.

## ئاتوم بومبىسىنى ئىككى قولى بىلەن ئاجرىتىۋەتكەن ئادەم

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، كانادانىڭ ياش فى-
زىكا ئالىمى سىرويان ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلاش قۇرۇلمىسىنى
سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

قائىدە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىككى پارچە كىچىك ئۇران
كرىتىك ماسسىدىن چوڭ بىر پارچە ئۇران قىلىپ بىرىكتۈرۈلسى-
لا، ئاتوم بومبا بولۇپ پارتلايدۇ. لېكىن، ئۇ مەزگىللەردە،
ئۈسكۈنىلەر ئاددىي بولغاچقا، ئىش ئۇنداق ئاسان بولمايتتى.
بىركۈنى سىرويان خەيىم-خەتەرگە قارىماي، ئىككى ئاتۋېركا بى-
لەن توغرىلاش رېلىسىدە ئىككى پارچە ئۇراننى بىر-بىرىگە ئۇت-
تۇرلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى دەل كرىتىك ماسسىغا تەڭ قىلىپ،
ئاندىن بىر-بىرىدىن ئاجرىتىۋالماقچى بولىدۇ. لېكىن سىناقتا
تۇساتتىن چاتاق چىقىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئاتۋېركا سىيرىلىپ
چۈشۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يېرىم شار شەكىللىك ئىككى
پارچە ئۇران جۈپلىشىپ قېلىپ، هايت-هۇيت دېگۈچە ئۆيدە
قورقۇنچلۇق نۇر چاقناپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرمۇ
قورقۇنچىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالىدۇ. سىرويان خەتەردىن

قورقماي، دەرھال ئىككى پارچە ئۇراننى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن، بىر قېتىملىق يادرو ئاپىتىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن، سرويان تېخى تولۇق ئېسى-يادىغا كەلمىگەن بىر خىزمەتدىشىغا: "ئەنسىرىمەڭ، سالامەتلىكىڭىزنىڭ تولۇق ئەسلىگە كېلىشىدە گەپ يوق، بىراق مېنىڭ سالامەتلىكىمدىن ئازراقمۇ ئۈمىد يوق" دېگەن. راست دېگەندەك، سرويان جانغا زامىن بولىدىغان رادىئاتسىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، توققۇز كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن.

## گاسلار ئىشلىتىدىغان تېلېۋىزور

شۋېتسىيىلىك ئالىملار تېلېۋىزىيە كۆرۈشكە ئامراق گاس ئادەملەرگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار بىر خىل ئېلېكترون سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، بۇ خىل سىستېما تېلېۋىزورغا ئورنىتىپ قويۇلسا، تېلېۋىزوردىن چىققان ئاۋازنى تېلېۋىزور ئېكرانىغا خەت قىلىپ چىقىرىپ بېرىدىكەن. شۋېتسىيىدە 650 مىڭ كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمىدا كەمتۈكلۈك بار بولغاچقا، بۇ سىستېمىنىڭ تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلىشى ئۇلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

## چېقىلماس يالتىراق ئېكران

ئامېرىكىنىڭ فلورىدا شتاتىدا تېلېۋىزورنىڭ يېڭىچە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىل يالتىراق ئېكرانى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلغان. بۇ ئېكرانغا كاۋچۇك خام ماتېرىيال قىلىنغانىكەن، ئۇنىڭ تەسۋىر كۆرۈنۈشى ئەينەكتىن ياسالغان ئادەتتىكى تېلېۋىزورنىڭكىدىن سۇزۇك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇرۇپ-توقماقلىسىمۇ چېقىلىپ كەتمەيدىغان ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئىكەن.

## گاس-گاچىلار تېلېفونى

ئامېرىكىنىڭ ۋىسكونسىن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر پسىخولوگ گاس-گاچىلارمۇ تېلېفون بېرەلەيدىغان بىرخىل ئېلېكترونلۇق ئۇسكۇنىنى ئىجاد قىلغان. بۇ خىل ئۇسكۇنە خۇددى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىدە ھەرپ تۇگمىسى ۋە خەت كۆرسەتكۈچ ئېكرانى بار ئىكەن، تېلېفونلاشقۇچى ئىككى تەرەپ بۇ ئۇسكۇنىنى ئۆز تېلېفونىغا ئۇلاپ قويۇپ، ئۆزى دېمەكچى بولغان سۆزنى بىلدۈرىدىغان ھەرپ تۇگمىسىنى نۆۋەت بىلەن باسسىلا ھەرپ كۆرسەتكۈچ ئېكرانىغا چىقىدىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، شۋېتسىيىدە گاسلار ئىشلىتىدىغان تېلېفونمۇ بازارغا سېلىنغان. بۇ خىل تېلېفون ئادەتتىكى تۇگمىلىك تىڭشىغۇچ ۋە تەسۋىر كۆرسەتكۈچ ئېكراندىن تەركىب تاپقان بولۇپ "يەتكۈزۈلمە سۆز"نىڭ تەسۋىرىنى ئېكراندىن كۆرگىلى بولىدىكەن. يەنە كېلىپ، بىر تۇگمە بىلەنمۇ تېلېفوندا سۆزلەشكىلى بولىدىكەن، يەتكۈزمەكچى بولغان سۆزنىڭ تەسۋىرى تېلې-

ۋىزورنىڭ يالتىراق ئېكرانىغا چۈشىدىكەن.

## شوپۇرسىز ماشىنا

ياپونىيە مۇتەخەسسىسلىرى بىر خىل شوپۇرسىز ماشىنىنى ئىجاد قىلغان. بۇ خىل ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە شوپۇرنىڭ كۆزىنىڭ رولىنى ئوينايدىغان فوتو ئاپپاراتتىن ئىككىسى (بىرى ماتور ياپقۇچ ئۈستىگە، يەنە بىرى ئالدى چىراغنىڭ ئاستىغا) ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇلار قوبۇل قىلغان ھەرخىل ئۇچۇرلىرى-نى شوپۇرنىڭ ئورنىغا بېكىتىلگەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن. بۇ ھېسابلاش ماشىنىسى ما-شىنىنى تىزگىنلەشكە دائىر ھەرخىل ھۆكۈملەرنى چىقىرىپ، ماشىنىنىڭ ئوڭۇشلۇق يول يۈرۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىدىكەن.

## ئىسپىرتنى ئېنېرگىيە قىلىدىغان ماشىنا

1980-يىل 4-ئاينىڭ باشلىرى، برازىلىيە ئاپتوموبىل سا-نائىتى تارماقلىرى ساپ ئىسپىرتنى ئېنېرگىيە قىلىدىغان بىر خىل ماشىنىنى سېتىشقا باشلىغان. ئىسپىرت بېنزىندىن بەكلا ئەرزان بولغاچقا، بۇ ھال برازىلىيىنىڭ نېفىت ئىمپورت قىلىشقا ئېغىر ھالدا تايىنىدىغان ئەھۋالىنى يېنىكلىتىشكە پايدىلىق بولغان. بۇ خىل ئىسپىرتنىڭ مەنبەسى قومۇش شېكىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىكەن.

## شامال ئېنېرگىيىسى ماشىنىسى

ئامېرىكىدا شامال ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ماشىنا لايىھىلەنگەن. بۇ خىل ماشىنىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى ئادەتتىكى ماشىنىلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدى-كەن، ئۈستىگە پەقەت بىر چاقپەلەكلا ئورنىتىلغانىكەن. چاقپە-لەكنىڭ ياپراقچىسىنىڭ بولۇڭ گىرادۇسى ۋە شەكلى ھەرتەرەپ-تىن كەلگەن شامالدىن تولۇق پايدىلىنالايدىغان، كىچىككىنە شامالدىمۇ پىرقىرايدىغان قىلىپ مۇۋاپىق، كۆركەم لايىھىلەنگە-نىكەن. چاقپەلەكنىڭ تىك ئوقى ئۈتتۈر ماشىنىنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرۇلغانىكەن، چاقپەلەكتىن كەلگەن شامال ئېنېرگىيىد-سى ماشىنا ئىچىدىكى بىر كىچىك گېنېراتورنى ھەرىكەتلەندۈ-رۈپ توك ھاسىل قىلىدىكەن، بۇ توك بولسا ئۆتكۈزگۈچ سىم ئارقىلىق بىر گۇرۇپپا ئاككۇمۇلياتورغا كىرىپ ساقلىنىپ قال-دىكەن. ماشىنىنى ئوت ئالدۇرىدىغاندا، ئاككۇمۇلياتوردىكى توك ماشىنىنىڭ ماتورىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىكەن. ماشىنا قوز-غالغاندىن كېيىن، ماشىنىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان چاقپەلەك شامالنىڭ كۈچى بىلەن توختىماي پىرقىرايدىكەن، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان توك ئاككۇمۇلياتور گۇرۇپپىسىنى تەمىنلەپ، ماتورنى توختىماستىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىكەن. بۇ ماشىنا يەڭگىل بولۇش، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىتنى بۇلغىماسلىقتەك

ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەن.

## ”گەپ قىلالايدىغان“ ماشىنا

1980-يىلى، ياپونىيىنىڭ بىر ئاپتوموبىل زاۋۇتى ”گەپ قىلالايدىغان“ بىر خىل ماشىنىنى ياساپ چىققان. بۇ خىل ماشىنىنىڭ ئىچىگە ئاۋازنى ئۇنىۋېرسال بىر تەرەپ قىلىش ئۇسكۇنىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۇسكۇنە ۋاقتى-قارايى كەلگەندە ماشىنىنىڭ چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى شوپۇرنىڭ سەمىگە سېلىپ قويىدىكەن؛ ماشىنىنىڭ سۈرئىتى چەكتىن ئېشىپ كەتكەندە، شوپۇرنى دىققەت قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ قويىدىكەن. گەپ قىلالايدىغان بۇ خىل ماشىنا رەقەملىك تەرتىپ ئارقىلىق، ئاۋازنى بىر كىچىك تىپتىكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك ئەستە قالدۇرۇش سىستېمىسىغا خاتىرىلەپ تۇرىدىكەن، ئاۋاز چىقىرىش زۆرۈر تېپىلغاندا، رادىئوئاكتىپلىق ئېلېكترونلۇق ئىمپۇلىس ھاسىل قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئاۋازنى بىر خەت ياكى بىرجۈملە قىلىپ بىرىكتۈرۈپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن ئۆزلۈكىدىن ”ماشىنا ئادەم“ سۆز قىلغان ۋاقىتتىكىدەك ئاۋازنى چىقىرىپ، خوجايىنى ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلىپ بېرىدىكەن.

## قاتلىنىدىغان ئايروپىلان

فرانسىيىدە بىر خىل قاتلىنىدىغان ئايروپىلان لايىھىلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياسالغان. بۇ ئايروپىلاننىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى 80 كىلوگرام بولۇپ، قانىتى ئۈچ بۆرجەكلىك ئىكەن، ئىككى كىشىلىك ئو-رۇندۇقى بار ئىكەن، بۇ ئايروپىلاننىڭ پىلدىرلىغۇچىنى ئىشلەت-مەي قويۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، قاتلاپ ئىسكىلاتقا ئەكىرىپ قويسىلا بولىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ خىل ئايروپىلاد-نى ھەيدەپ كۆكتە پەرۋاز قىلىش خۇددى ماتورلۇق ۋېلىسىپىت مىنگەندەك ئوڭاي ئىكەن.

## رادارغا چۈشمەيدىغان ئايروپىلان

1980-يىلىنىڭ ئاخىرى، ئامېرىكا يېڭىچە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش تېخنىكىسى ئارقىلىق ياساپ چىققان بىر بومباردىمانچى ئايروپىلان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رادارىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا ئۇچۇپ بارغان بولسىمۇ، ئۇنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ سەزمىگەن.

بۇ ئايروپىلان يېڭىچە مەخپىي تېخنىكىنى يەنى رادارغا چۈشۈپ قېلىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش مەقسەت قىلىنغان تۇ-يۇقسىز ھۇجۇم قىلىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق يا-سالغان. ئۇنىڭ تاشقى شەكلىنى لايىھىلەشتە ئادەتتىكى ئايروپى-لانلارنىڭ رادار دولقۇنىنى قايتۇرۇشتىكى تەكشى يۈز ۋە ئۈچلۈق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىش ھالىتى ئۆزگەرتىلگەن، رېئاكتىپ ماتور ئايروپىلان قانىتىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئايروپىلاد-نىڭ قانىتىغا رادار دولقۇنىنى ئۆزىگە تارتىۋالىدىغان بىرقات

سۇلياۋ چاپلانغان. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئايروپىلان رەتتىن چىقىرىلغان B—1 تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلاننىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن چەت ئەللەرنىڭ 80-يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى هاۋادىن مۇداپىئەلىنىش جەھەتتىكى سەرخىل تېخنىكىسى كارغا يارىماس بولۇپ قالغان.

## قاتلانما ۋېلسىپىت

ياپونىيىنىڭ بىرىچستون ۋېلسىپىت شىركىتى بىر خىل قاتلانما ۋېلسىپىتنى ئىجاد قىلغان، بۇ خىل ۋېلسىپىتنىڭ ئېغىرلىقى 9.9 كىلوگراملا بولۇپ، قاتلانما هالەتتىكى ئۇزۇن-لۇقى 1.2 مېتىر، ئېگىزلىكى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر كېلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ۋېلسىپىتكە تۆمۈر زەنجىر ئىشلىتىلمەستىن، بەلكى نەپىس ئىشلەنگەن بىرىكمە كاۋچۇك تاسما ئىشلىتىلىدىكەن، بۇ خىل تاسمىلىق زەنجىر ۋېلسىپىتنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلگەندىمۇ سوزۇلۇپ كەت-مەيدىكەن.

## باتارېيىلىك ۋېلسىپىت

ياپونىيىنىڭ پاناسونىك ئېلېكتىر سايمانلىرى شىركىتى ئې-نېرگىيە سەرپىياتى تۆۋەن، سۈرئىتى تېز بىر خىل باتارېيىلىك ۋېلسىپىتنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان. بۇ خىل ۋېلسىپىت-

ىنىڭ تەپكۈسىنىڭ كەينى تەرىپىگە 80 ۋات، 24 ۋولتلۇق تۇراق-لىق توك ماتورى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ ماتور چىشلىق چاق ئارقىلىق زەنجىرنى بىۋاستە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، ۋېلىسىپىتنىڭ رولىنىڭ ئوڭ تۇتقۇچىغا ئىككى خوتلۇق سۈرئەت ئۆزگەرتكۈچ ئورنىتىلغان بولۇپ، ۋېلىسىپىتنىڭ سۈرئىتى ئەنە شۇنىڭ بى-لەن ئۆزگەرتىلىدۇ، سول تۇتقۇچىغا ماتورنىڭ ۋىكلىيۇچاتېلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ۋېلىسىپىتنىڭ ئېگەرنىڭ ئاستىدىكى باتا-رىيە قېپىغا 12 ۋولتلۇق قەلەي كىسلاتاسى باتارىيىسىدىن ئىك-كىسى سېلىنغان، بۇ خىل ۋېلىسىپىتنىڭ ئەڭ تېز سۈرئىتى 18 كىلومېتىرگە يېتىدۇ. باتارىيىنىڭ توكى تۈگىسە، زەرەتلەن-دۈرگەندىن كېيىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

## گەپ قىلالايدىغان ماشىنكا

ئامېرىكىدىكى بىر شىركەت تۆت خىل تىلدا سۆزلىيەلەيدى-غان بىر خىل ماشىنكىنى ئىجاد قىلىپ، كۆزى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەرنى خۇش قىلىۋەتكەن. ماقالىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، ماشىنكىنىڭ بىر تۈگمىسى بېسىپ قويۇلسى-لا، ماشىنكا ماقالىنى بىر قېتىم ”ئوقۇپ“ چىقىدىكەن.

## قەغەز ئىشلىتىلمەيدىغان ماشىنكا

ياپونىيىنىڭ سونى شىركىتى بىر خىل ئېلېكترونلۇق ما-

شىنكىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلىگەن، ماشىنىدا ھۆججەت قەغەز-
گە ئەمەس، بەلكى ماگنىتلىق لېنتىغا بېسىلىدىكەن، بۇ خىل
ماگنىتلىق لېنتىنىڭ قېپى ئادەتتىكى ئۈنئالغۇ ماگنىت لېنتى-
سى قېپىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا توغرا كېلىدى-
كەن. ماشىنىغا بېسىلغان مەزمۇن لىكۇئىد كرىستاللىق بەلگە
تەخسىسىدە ئەكس ئېتىدىكەن، خاتا خەتلەر سېزىلسە شۇ ۋاقىت-
نىڭ ئۆزىدىلا تۈزىتىۋالغىلى بولىدىكەن. بىر قاپ لېنتا 120
ۋاراق ماشىنكا قەغىزىگە توغرا كېلىدىكەن. ياردەمچى ئۈسكۈنى-
لەر لېنتىغا بېسىلغان خەتلەرنى قەغەزگە چىقىرىپ بېرەلەيدى-
كەن، تېلېفون ئارقىلىقمۇ يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىكەن. ئۇنى تېلې-
ۋىزور ئېكرانىغا چۈشۈرۈشكىمۇ بولىدىكەن. بۇ خىل ماشىنكى-
نىڭ ئېغىرلىقى 1.5 كىلوگرام، قېلىنلىقى 4 سانتىمېتر بو-
لۇپ، ئادەتتە سومكىغا سېلىپ ئېلىپ يۈرۈشكە بولىدىكەن.

## ئەپچىل رادار

فرانسىيە بىر خىل ئەپچىل رادارنى ئىجاد قىلغان، ئۇ
ئېغىرلىقى 2.25 كىلوگرام بولۇپ، ئېلىپ يۈرۈشكە تولىمۇ
ئەپلىك ئىكەن. بۇ رادار 2700 مېتر ئارىلىقتا قۇرۇقلۇق ۋە
دېڭىزدىكى تۇراقلىق نىشان ۋە ھەرىكەتچان نىشاننى بايقىيالايدى-
كەن، رادىئو ئاكتىپ دولقۇن كۆرۈلسىلا، رادار دەرھال سىگ-
نال بېرىدىكەن، بايقالغان نىشاننىڭ ئارىلىقى ۋە ھەرىكەت سۈر-
ئىتى رادارنىڭ ئېكرانىدا دەرھال ئەكس ئېتىدىكەن. بۇنىڭدىن

باشقا، بۇ خىل رادارلاردا بىر تىڭشىغۇچ بار ئىكەن. بۇ رادارغا 12 ۋولتلۇق باتارېيىنى ياكى باشقا توك مەنبەسىنى ئىشلىتىشكە بولىدىكەن.

## بىنانى پۈتۈنلا يۆتكەش

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى ئېغىرلىقى تەخمىنەن 10 مىڭ توننا كېلىدىغان بىنانى ئالدىن بەلگىلەنگەن ئورۇنغا مۇۋەپپەقىيەتلىك يۆتكىۋەتكەن. ئەسلىدە بۇ ”ئەمگەكچىلەر گېزىتى بىناسى“ موسكۋانىڭ سىگىن مەيدانىغا جايلاشقانىكەن. مەيداننى كېڭەيتىشكە توغرا كەلگەنلىكى، ئەمما 20-ئەسىردىكى رۇس مىمارچىلىرىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدىكى بۇ ئۆرنەكنى چۇۋۇپ تاشلاش تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بىناكارلىق ئىنژېنېرلىرى بىنانى پۈتۈن يۆتكەش كېرەك دېگەن دادىل تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئالاقىدار تارماقلار بۇ تەسەۋۋۇرنى تەستىقلىغان ھەمدە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن مەبلەغ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىنانى يۆتكىگۈچىلەر بىنانىڭ ئاستىغا بىر تۆمۈريول ياساپ، 440دانە پولات تۇلۇقنى بىنانىڭ ئۇلى بىلەن رېلىسنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويغان، ھەربىر پولات تۇلۇق 19 توننا ئېغىرلىق بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولغاچقا، بۇ پولات تۇلۇقلار ئەمەلىيەتتە بىنانىڭ يېڭى ئۇلى بولۇپ قالغان. تۇلۇقلار بىنانىڭ ئاستىغا قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ بىنا

بۇرۇنقى ئورنىدىن 30 مېتىر نېرىدىكى جايغا ئاستا-ئاستا يۆتكەپ ئاپىرىلغان.

## ئەمالار قول سائىتى

شۋېتسارىيىنىڭ سائەت شىركىتى ئەمالار ئىشلىتىدىغان دۇنيا بويىچە تۇنجى ئېلېكترونلۇق قول سائىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان هەمدە تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. بۇ قول سائىتىنىڭ ئادەتتىكى ئېلېكترونلۇق قول سائىتىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇ يەردىكى، سائەتنىڭ قاتتىق كۇارتسىغا بىر كۇنۇپكا ئورنىتىلغان. كۇنۇپكا بېسىپ قويۇلسىلا، ۋاقىت مەلۇم قىلىدىغان ئاۋاز چىقىدىكەن. بۇ سائەت رادىئودىن مەلۇم قىلىنىغان ۋاقىت سىگنالىغا ئاساسەن ئاپتوماتىك تەڭشىلىپ تۇرىدىكەن.

## قەغەز كۆۋرۈك

ئامېرىكىدا قەغەزدىن كۆۋرۈك سېلىنغان، بۇ كۆۋرۈكنىڭ لايىهەدىكى تەلەپكە يەتكەنلىكى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىسپاتلانغان. ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان بۇ كۆۋ-رۈكنىڭ لىم-تۈۋرۈكلىرى نو شەكىللىك قەغەز پولات ۋە كۆپ قەۋەتلىك پۇرمە قەغەزدىن ياسالغان. كۆۋرۈككە ئىشلىتىلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماتېرىيالنىڭ ھەممىسىنى تۆت توننىلىق يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن يۆتكەپ كەتكىلى بولىدىكەن. بۇ كۆۋرۈكتىن 2.5 توننىلىقتىن كىچىك ئاپتوموبىللار بىمالال ئۆتۈپ كېتەلەيدىكەن.

## ئاۋازلىق پوچتا ماركىسى

بوتاندا كارامەت بىر يۈرۈش ئاۋازلىق پوچتا ماركىسى تارقىتىلغان. بۇ خىل پوچتا ماركىسىنى خەت سېلىشتا ئىشلىتىشكە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۈنگدىن پاتېفون پلاستىنكىسى سۈپىتىدە لەززەتلىنىشكىمۇ بولىدىكەن. بۇ پوچتا ماركىسى جەمئىي يەتتە پارچە بولۇپ، ھەرقايسىسىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا بوتاننىڭ دۆلەت شېئىرى، خەلق ناخشىلىرى ۋە بوتاننىڭ تارىخىغا دائىر چۈشەندۈرۈشلەر ئېلىنغان، ئۈنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېترى 10 سانتىمېتر كېلىدىكەن.

# 18. كەڭ جاھان

## يەرشارىدا قانچىلىك ئادەم ياشىدى

ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، يەرشارىدا جەمئىي 79 مىليارد ئاھالە ياشىغان. يەر شارىدا ھازىر ياشاۋاتقان ئىنسانلار بۇنىڭ ئالتە پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدىكەن.

1972-يىلى، BDTنىڭ ئىنسانلار مۇھىتى يىغىنى ئېلان قىلغان دوكلاتتا دېيىلىشىچە، دۇنيا ئاھالىسى 11 مىليارد ياكى ئۇنىڭدىن سەل كۆپرەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمىسە يەر شارىدىكى ئادەملەر بىرقەدەر باياشات ياشاش شارائىتىدا تۇرىدىكەن.

## دۇنيادا قانچە مىللەت بار

سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، دۇنيادا تەخمىنەن 2000 مىللەت بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىسى 100 مىليوندىن ئاشىدىغان مىللەت يەتتە بولۇپ، بۇلار خەنزۇلار، ھىندىستانلىقلار، ئامېرىكانلار، بېنگاللار، رۇسلار، ياپونىيىلىكلەر، برازىلىيەلىكلەر ئىكەن. ئاھالىسى 10 مىليوندىن 100 مىليونغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغان مىللەت 60؛ ئاھالىسى بىر مىليوندىن 10 مىليونغىچە بولغان مىللەت 202؛ 100 مىڭدىن بىر مىليونغىچە بولغان مىللەت 92 ئىكەن.

## دۇنيادا قانچە تىل بار

ھازىر دۇنيادا تەخمىنەن 5600 خىلدىن ئارتۇق تىل بار. بۇنىڭ ئىچىدە 1400 خىلدىن كۆپرەك تىل يوقىلىۋاتىدۇ، بەزىلىرى تېخى مۇستەقىل تىل دەپ ئاشكارا ئېتىراپ قىلىنغىنى يوق. بۇ تىللار ئىچىدە پەقەت 100 نەچچە خىل تىل ئۇستىدىلا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلماقتا. دۇنيادا ھازىر تۆتتىن ئۈچ قىسىم تىلنىڭ يېزىقى يوق.

## دۇنيادا قانچە تىل سىستېمىسى بار

ھازىر دۇنيادىكى تەخمىنەن 5000 خىل تىلنىڭ 200 خىلىدىن كۆپرەكى كەڭ قوللىنىلماقتا. بۇ تىللارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇلارنىڭ مەنبەسى ۋە تۇغقانچىلىق ئەھۋالىغا قاراپ، باشقا-باشقا تىل سىستېمىلىرىغا ئايرىشقا بولىدۇ.

ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى: بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تىل سىستېمىسى بولۇپ، ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ۋە ئاسىيادىكى تىللارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى: بۇ خەنزۇ تىلى،

تايلاند تىلى، بىرما تىلى، لائوس تىلى ۋە زاڭزۇ تىلى قاتارلىق تىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نىگىر-كونگو تىللىرى سىستېمىسى: بۇ ئافرىقىدىكى ئەڭ چوڭ تىل سىستېمىسىدۇر.

ئاسىيا-ئافرىقا تىللىرى سىستېمىسى: بۇ تىل سىستېمىسى ئاساسەن ئەرەب يېرىم ئارىلى، ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن شىمالىي قىسمىغا تارالغان.

مالاي-پولىنېزىيە تىللىرى سىستېمىسى: بۇ ئافرىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىدىن كەڭ تىنچ ئوكيان رايونلىرىغىچە تارالغان.

بۇلاردىن باشقا يەنە دىراۋىدا تىلى سىستېمىسى، ئالتاي تىلى سىستېمىسى، ئۇرال تىلى سىستېمىسى، ئوسترو — ئاسىيا چوڭ تىل سىستېمىسى قاتارلىق تىل سىستېمىلىرى بار.

## يەر شارىدا قانچە ئائىلە بار

ھازىر يەر شارىدا 1 مىليارد 30 مىليون ئائىلە بار، 2000-يىلى 1 مىليارد 680 مىليون ئائىلىگە يېتىدۇ. دۇنيادىكى ئائىلىلەرنىڭ سانى كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئائىلىنىڭ كۆلىمى كىچىكلەۋاتىدۇ. 1980-يىلى، دۇنيادىكى ھەربىر ئائىلىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.4 نوپۇس بولغان ئىدى، 2000-يىلغا بارغاندا 3.7 نوپۇسقا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دۇنيا بويىچە ئادەملەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان دۆلەتلەر

BDTنوپۇس يىلنامىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، هازىر دۇنيادا ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان بەش دۆلەت بار. ئەرلەرنىڭ ئۆمۈر كۆرۈشى بويىچە ئۇنىڭ تەرتىپى مۇنداق ئىكەن:

ياپونىيە: 1981-يىلى، ئوتتۇرىچە ئۆمۈر 79 . 73ياش.

ئىسلاندىيە: 1979-يىلدىن 1980-يىلغىچە، ئوتتۇرىچە ئۆمۈر 7 . 73ياش.

شۋېتسىيە: 1980-يىلى، ئوتتۇرىچە ئۆمۈر 76 . 72ياش.

نورۋېگىيە: 1979-يىلدىن 1980-يىلغىچە، ئوتتۇرىچە ئۆمۈر 25 . 72 ياش.

ئاياللارنىڭ ئۆمۈر كۆرۈشى بويىچە تەرتىپى مۇنداق ئىكەن: ئىسلاندىيە، ياپونىيە، نورۋېگىيە، گوللاندىيە، شۋېتسىيە.

# دۇنيا بويىچە 13 قېتىملىق پەۋقۇلئاددە قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتى

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، دۇنيا بويىچە پەۋقۇلئاددە قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتى (ئۆلگەن ئادەم سانى 100 مىڭدىن ئاشىدىغان) 13 قېتىم يۈز بەرگەن. بۇنىڭ تەرتىپى

مۇنداق: 1893-يىلى ھىندىستاننىڭ تاپرى دېگەن يېرىدە 180 مىڭ ئادەم ئۆلگەن؛ 1202-يىلى پەلەستىننىڭ زىفىت دېگەن يېرىدە 100 مىڭ ئادەم ئۆلگەن؛ 1290-يىل 9-ئاينىڭ 17-كۈنى، جۇڭگونىڭ لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىكى نىڭچېڭ دېگەن يەردە 100 مىڭ ئادەم ئۆلگەن؛ 1303-يىل 9-ئاينىڭ 17-كۈنى، جۇڭگونىڭ شەنشى ئۆلكىسىدىكى جاۋچېڭ دېگەن يەردە 475مىڭ 800 ئادەم ئۆلگەن؛ 1556-يىل 1-ئاينىڭ 23-كۈنى، جۇڭگونىڭ شەنشى ئۆلكىسى خۇاشيەن ناھىيىسىدە 830مىڭ ئادەم ئۆلگەن؛ 1693-يىل 7-ئاينىڭ 6-كۈنى، ئىتالىيىنىڭ ناپلىس شەھىرىدە 93مىڭ ئادەم ئۆلگەن؛ 1695-يىل 5-ئاينىڭ 18-كۈنى، جۇڭگونىڭ سەنشى ئۆلكىسى لىنفېن شەھىرى ئەتراپىدا 100 مىڭ ئادەم ئۆلگەن؛ 1737-يىل 10-ئاينىڭ 11-كۈنى، ھىندىستاننىڭ كالكۇتتا دېگەن يېرىدە 300 مىڭ ئادەم ئۆلگەن؛ 1786-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى، جۇڭگونىڭ لۇدىڭمو دېگەن يېرىنىڭ غەربىي قىسمىدا 100مىڭ ئادەم ئۆلگەن؛ 1908-يىل 12-ئاينىڭ 28-كۈنى، ئىتالىيىنىڭ مېسسىنا دېگەن يېرىدە 110مىڭ ئادەم ئۆلگەن؛ 1920-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى، جۇڭگونىڭ نىڭشيا رايونىنىڭ خەييۈەن دېگەن يېرىدە 234 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن؛ 1923-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى، ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىنىڭ يوكوھاما دېگەن يېرىدە 99مىڭ 300دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن؛ 1976-يىل 7-ئاينىڭ 28-كۈنى، جۇڭگونىڭ خېبېي ئۆلكىسىدىكى تاڭشەن شەھىرىدە 242 مىڭ ئادەم ئۆلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خەلقئارا ھالاكەت يولى

ئىئوردانىيىدە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلىدىغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 500 كىلومېتىر كېلىدىغان خەلقئارالىق تېز سۈرئەتلىك بىر تاشيول بار. بۇ تاشيول شىمالدا سۈرىيىنىڭ چېگرىسى بىلەن، جەنۇبتا ئىسرائىلىيىنىڭ چېگرىسى بىلەن تۇتىشىدىغان بولۇپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش لىنىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ تاشيولغا ئۈچ قات شېغىللىق قاراماي ياتقۇزۇلغان. يولنىڭ لايىھەدىكى كۆتۈرۈش ئىقتىدارى 80 توننا. يول ئوتتۇرىدىكى بىر ئېرىقچە بىلەن ئىككىگە ئايرىلىپ تۇرىدۇ، يول يۈزى سىزىق بىلەن ئەمەس، بەلكى يالتىراقلىق سارغۇچ ئەينەك پولات پارچىلىرى بىلەن تېز ماشىنا يولى ۋە ئاستا ماشىنا يولى دېگەندەك ئايرىلىپ تۇرىدۇ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ھەرخىل كۆرسەتكۈچلەرمۇ يالتىراق ماتېرىياللاردىن ياسالغان. يول ئۈستىدە ھەر ئون كىلومېتىردا بىردىن خەۋەر بېرىش تېلېفون بوتكىسى، ھەر 30 كىلومېتىردا بىردىن جىددىي قوتقۇزۇش پونكىتى بار، يول ئۈستىدە ھادىسە يۈز بېرىپ قالسا، ساقچىلار ۋە جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرى 15 مىنۇتتا قالماي يېتىپ كې-

لىدۇ. يول ئۈستىدە يەنە رادار ئارقىلىق كۆزىتىش پونكىتى بار، تېز سۈرئەتتە سۈرەتكە تارتىۋېلىش ئاپپاراتى يولدا كېتىۋات-قان ھەربىر ماشىنىنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى لېنتىگە ئوچۇق ئېلى-ۋالالايدۇ.

بۇ خەلقئارالىق يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنىڭ سودا، نېفىت ئاپتوموبىللىرى ۋە باشقا ھەرخىل چوڭ-كىچىك ماشىنىلىرى كېچە-كۈندۈز قاتناپ تۇرىدۇ، بۇ ما-شىنا، ئاپتوموبىللار سائىتىگە 130 كىلومېتىردىن يۇقىرى سۈر-ئەتتە ماڭىدۇ.

يولنىڭ ئۆزى ۋە يولدىكى يۈرۈشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر زامانىۋى بولسىمۇ، لېكىن يولدا ماشىنا كۆپ، ماشىنىنىڭ سۈرئىتى تېز بولغاچقا، ماشىنا ۋەقەسى كۆپ يۈزبېرىدۇ. خەلق-ئارالىق ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ سانلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، بۇ تاشيول ماشىنا ۋەقەسى يۈز بېرىش نىسبىتى جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىدىكى ئىككى تېز سۈرئەتلىك تاشيولنىڭلا كەينىدە تۇرىدىكەن، شۇڭا بۇ تاشيولنى كىشىلەر ”خەلقئارا ھالاكەت يولى“ دەپ ئاتىشىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## دۇنيادا قانچە ئارال دۆلىتى بار

سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ھازىر دۇنيادا جەمئىي 41 مۇستەقىل ئارال دۆلىتى بار (شەرقىي تىمورنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

ئاسىيادا: بەھرەين، سىپرۇس، ھىندونېزىيە، ياپونىيە، مالدىۋې، فىلىپپىن، شەرقىي تىمور، سىنگاپور، سىرىلانكا.

ئافرىقىدا: يېشىل تۇمشۇق جۇمھۇرىيىتى، كومورو، مادا-غاسقار، ماۋرىتىئۇس، سېيشېل، سان تومې، پرىنسىپې.

لاتىن ئامېرىكىسىدا: باھاما، باربادوس، كۇبا، دومىنىكا جۇمھۇرىيىتى، گرېنادا، گايىتى، يامايكا، ترىنىداد، توباگو، دومىنىكا فېدېراتسىيىسى، ساينت-لۇتسىيە، ساينت-ۋىنسېنت، گرېنادىس، ئانتىگۇئا، باربۇدا.

ياۋروپادا: ئىسلاندىيە، ئىرلاندىيە، مالتا، ئەنگلىيە.

ئوكيانىيە ۋە تىنچ ئوكيان ئاراللىرىدا: فىجى، ناۋرۇ، يېڭى زېلاندىيە، پاپۇئا يېڭى گۋىنېيىسى، تونگا، غەربىي سامو-ئا، سولومون تاقىم ئاراللىرى، تۇۋالۇ، كىرىباس، ۋانۇئاتۇ.

## دۇنيادا قانچە ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى بار

سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ھازىر دۇنيادا مۇستەقىل ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى 30غا يېتىدۇ (سىككىممۇ بۇنىڭ

ئىچىدە) .

ئاسىيادا: ئافغانىستان، بوتان، لائوس، موڭغۇلىيە، نېپال، سىككىم.

ئافرىقىدا: بوتسۋانا، بۇرۇندى، ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى، چاد، لېسوتو، مالاۋى، مالى، نىگېر، رۋاندا، سۋېزىلاند، ئۇگاندا، يۇقىرى ۋولتا، زامبىيە، زىمبابۋې.

لاتىن ئامېرىكىسىدا: بولىۋىيە، پاراگۋاي.

ياۋروپادا: ئاندوررا، ئاۋستىرىيە، چېخوسلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە، لىچتېنشتېين، ليۇكسېمبورگ، سان ماردىنو، شۋېيتسارىيە.

## زېمىنى ئىككى قىتئەگە بۆلۈنۈپ تۇرىدىغان ئالتە دۆلەت

تۈركىيە زېمىنى ئاسىيا بىلەن ياۋروپاغا بۆلۈنۈپ تۇرىدىغان ئاسىيا دۆلىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستامبول شەھىرى ياۋروپادا.

مىسىر زېمىنى ئاسىيا بىلەن ئافرىقىغا بۆلۈنۈپ تۇرىدىغان ئافرىقا دۆلىتى بولۇپ، ئۇنىڭ سىناي يېرىم ئارىلى ئاسىيادا.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئاسىيا بىلەن ياۋروپا بۆلۈنۈپ تۇرىدىغان ياۋروپا دۆلىتى بولۇپ، ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ پاسىلى بولغان ئۇرال تېغى، ئۇرال دەرياسى ۋە كاپكاز تېغى ئۇنىڭ ئۆز زېمىنىدىن ئۆتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پاناما زېمىنى جەنۇبىي ئامېرىكا بىلەن شىمالىي ئامېرىكىغا بۆلۈنۈپ تۇرىدىغان شىمالىي ئامېرىكا دۆلىتى بولۇپ، جەنۇبىي ئامېرىكا بىلەن شىمالىي ئامېرىكىنىڭ پاسىلى بولغان پاناما قانىلى پانامادىن ئۆتىدۇ.

ئامېرىكا زېمىنى شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن ئوكيانىيە قىتئەسىگە بۆلۈنۈپ تۇرىدىغان شىمالىي ئامېرىكا دۆلىتى بولۇپ، ھاۋاي تاقىم ئاراللىرى ئوكيانىيە قىتئەسىدە.

ھىندونېزىيە زېمىنى ئاسىيا بىلەن ئوكيانىيە قىتئەسىگە بۆلۈنۈپ تۇرىدىغان ئاسىيا دۆلىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرىئان ئارىلى ئوكيانىيە قىتئەسىدە.

## دۆلەت چېگرىسى توغرىسىدا قىزىقارلىق بايان

ئىككى دۆلەتكە تەۋە مەھەللە. يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ دېفۇڭ ئوبلاستىدىكى لۇڭچۇەن ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە لايى مەھەللىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بولۇپ، بۇ مەھەللە مەملىكىتىمىزگە ۋە بىرمىغا تەۋە.

ئۈچ دۆلەتكە تەۋە خادا. شۋېيتسارىيىنىڭ بازېل دېگەن جايىدا "ئۈچ بۇرجەك دۆلەت" دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەر بار، كۆلىمى تەخمىنەن ئون كۋادرادمېتر كېلىدىغان بۇ يەرنىڭ سول تەرىپىدىن جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان رېين دەرياسى ئېقىپ

ئۆتىدۇ. دەريانىڭ غەربىي تەرىپى فرانسىيە، جەنۇبىي تەرىپى شۋېيتسارىيە، شەرقىي تەرىپى فېدېراتىپ گېرمانىيە. ”ئۈچ بۇرجەك دۆلەت“تە راكىتا شەكىللىك بىر خادا بار، بۇ خادا يۇقىرىقى ئۈچ دۆلەتكە تەۋە.

ئىككى دۆلەتكە تەۋە ساراي. ئامېرىكا بىلەن كانادانىڭ چېگرىسىدا بىر ساياھەت ماللىرى سودا سارىيى بار، بۇ ساراي ئامېرىكا بىلەن كاناداغا تەۋە.

ئىككى دۆلەتكە تۇتىشىدىغان كۆل. جۇڭگو بىلەن چاۋشيەننىڭ چېگرىسىدىكى بەيتۇشەن تېغىنىڭ ئۇستىدە يانار تاغ ئېغىزىدىن ھاسىل بولغان بىر كۆل بار، بۇ كۆل تيەنچى كۆلى دەپ ئاتىلىدۇ، تيەنچى كۆلى 16 چوققا بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ، بۇ چوققىلارنىڭ ئالتىسى چاۋشيەندە، ئونى جۇڭگودا.

ئىككى دۆلەتكە تەۋە شارقىراتما. ئامېرىكا بىلەن كاناداغا ئورتاق تەۋە بولغان ئېرى كۆلى بىلەن ئونتارىئو كۆلى ئوتتۇرىسىدا نىئاگارا شارقىراتمىسى ھاسىل بولغان. بۇ شارقىراتمىنىڭ سول تەرىپى كاناداغا، ئوڭ تەرىپى ئامېرىكىغا تەۋە.

ئىككى دۆلەتكە تەۋە كۆۋرۈك. ئامېرىكا بىلەن كانادانىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان ئونتارىئو كۆلىدىكى كۈرىل تاقىم ئاراللىرىدا ئامېرىكىغا قاراشلىق راۋنگې دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئارال بار. بۇ ئارالدا بىر كىچىك كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇ كانادانىڭ خېلى چوڭ بىر ئارىلى بىلەن تۇتىشىپ، ئىككى دۆلەتنى چېگرىلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئىككى دۆلەتكە تەۋە ئېلېكتر ئىستانسىسى. ياۋروپادىكى

بىر سۆ ئېلېكتر ئىستانسىسى رۇمىنىيە بىلەن يۇگوسلاۋىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ زېمىنىغا جايلاشقان. بۇ سۆ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى رۇمىنىيە بىلەن يۇگوسلاۋىيە ھەمكارلىشىپ ياسىغان بولغاچقا، بۇ قۇرۇلۇشتىن شۇ ئىككى دۆلەت ئورتاق بەھرىمەن بولماقتا.

## دۆلەت گېربىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر

گابوننىڭ دۆلەت گېربىگە: "ئىتتىپاقلىق، ئەمگەك، ھەققانىيەت" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

نىگېرىيىنىڭ دۆلەت گېربىگە: "ئىتتىپاقلىق ۋە ئىشەنچ" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

بېلگىيىنىڭ دۆلەت گېربىگە: "ئىتتىپاقلىق — كۈچ" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

باربادوسنىڭ دۆلەت گېربىگە: "ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاش ۋە غەيرەتلىك بولۇش" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

گامبىيىنىڭ دۆلەت گېربىگە: "تەرەققىيات، تىنچلىق، گۈللىنىش" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

سىنگاپورنىڭ دۆلەت گېربىگە: "ئالغا باس، سىنگاپور"دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

## دۇنيادىكى بەش چوڭ كۇتۇپخانا

1. ئەنگلىيىنىڭ پادىشاھلىق كۇتۇپخانىسى: بۇ كۇتۇپخانىدا 6 مىليون 500 مىڭ كىتاب، 180مىڭ قول يازما، 5 مىليون پارچە سۈرەت ساقلانماقتا.

2. ئەنگلىيە برىتانىيە مۇزېيى كۇتۇپخانىسى: بۇ كۇتۇپخانىدا 8 مىليون 500 كىتاب، 150 مىڭ قول يازما ساقلانماقتا.

3. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت پالاتاسى كۇتۇپخانىسى: بۇ كۇتۇپخانىدا 15مىليون كىتاب، 900 مىڭ قول يازما، 170 مىڭ خەرىتە، 3 مىليون پارچە سۈرەت ساقلانماقتا.

4. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىن كۇتۇپخانىسى: بۇ كۇتۇپخانىدا 25 مىليون كىتاب، 2 مىليون 500 مىڭ قول يازما ساقلانغان.

5. مەملىكىتىمىزدىكى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى: بۇ كۇتۇپخانىدا 10 مىليون 100 مىڭ كىتاب ساقلانماقتا.

## ھازىرقى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ قامۇس

1. ھازىرقى دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر بۈيۈك قامۇس ”برىتانىيە قامۇسى“دۇر، بۇ قامۇس ABC ئۈچ چوڭ قامۇس ئىچىدىكى B قامۇس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ كىتاب 1768 —— 1771-يىللىرى تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تۇنجى نەشرى ئۈچ توم

ئىدى. 1903-يىلدىن كېيىن، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ نەشرىياتچىلىرى بىرلىشىپ تۈزۈشكە كىرىشكەن، 1929-يىلى، نەشىر هوقۇقى ئامېرىكىلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئاخىر چىكا-گو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قولىغا چۈشكەن.

2. «ئامېرىكا قامۇسى» ABC ئۈچ چوڭ قامۇس ئىچىدىكى A قامۇس بولۇپ هېسابلىنىدۇ، بۇ قامۇسنىڭ تۇنجى نەشرى 13 توم بولۇپ، كېيىن بىرنەچچە قېتىم تۈزىتىلگەن.

3. ئامېرىكىدا نەشىر قىلىنغان «كېلىر قامۇسى» ABC ئۈچ چوڭ قامۇس ئىچىدىكى C قامۇس بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇش تىپىدىكى چوڭلار قامۇسىدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈ-زۈلگەن «نۇسرەتلىك قامۇس» مۇ دۇنيادا ئېتىراپ قىلىنغان "دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قامۇسلارنىڭ بىرى"دۇر.

## دۇنيادىكى ئون چوڭ گېزىت

گېزىتنىڭ تەسىرى بويىچە تىزىپ كەلگەندە، هازىرقى دۇن-يادىكى ئون چوڭ گېزىتنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق:

1. ئامېرىكىنىڭ «نيۇ-يورك تېز ئاخباراتى»
2. شۋېيتسارىيىنىڭ «يېڭى سيۇرىخ گېزىتى»
3. فرانسىيىنىڭ «دۇنيا گېزىتى»
4. ئەنگلىيىنىڭ «تايمېس گېزىتى»
5. ئەنگلىيىنىڭ «مۇهاپىزەتچى گېزىتى»

6. جۇڭگونىڭ «خەلق گېزىتى»
7. يۇگوسلاۋىيىنىڭ «كۈرەش گېزىتى»
8. گېرمانىيىنىڭ «دۇنيا گېزىتى»
9. ئىسپانىيىنىڭ «ABC گېزىتى»
10. ئامېرىكىنىڭ «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى»

## خرۇششېۋنىڭ قەبرە تېشى

خرۇششېۋ ئۆلگەندىن كېيىن موسكۋا دەرياسى بويىغا جاي-لاشقان ئانا مەريەم موناستىرىدىكى يېڭى جامائەت قەبرىستانلىقىغا قويۇلغان. قەبرە تېشى ئاق ۋە قارا ئىككى پارچە مەرمەر تاشتىن ئاددىيلا ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇرىغا خرۇششېۋنىڭ يۇمىلاق قى-لىپ باش رەسمى چۈشۈرۈلگەن. لايىھىلىگۈچى بۇ قەبرە تاشنى قالتىس مەزمۇنلۇق قىلىپ لايىھىلىگەن: ئاق رەڭ بىلەن قارا رەڭلەر خرۇششېۋنىڭ تۆھپىسىمۇ، خاتالىقىمۇ بارلىقىنى، زىد-دىيەتلىك، مۇنازىرە قوزغايدىغان، تولىمۇ ئۆزگىرىشچان ئادەم ئىكەنلىكىنى تولۇق ئومۇملاشتۇرغان.

بۇ قەبرە تاشنىڭ لايىھىلىنىشىدە مۇنداق بىر قىزىقارلىق ئىش بولغان.

1962-يىلى، خرۇششېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئابستراك-سىئونىزمچى ھەيكەلتىراشى ئېرنىست نېيزناسنىينىڭ كۆرگەز-مىگە قويۇلغان ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ئەرۋاھى ئۇچقان ھەمدە ئۇنى ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا قارغىغان. ئەمما، ئەسەرنىڭ ئاپتورى

بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي، يەنىلا ئەسەرلىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئىشلەۋەرگەن. بىرمەزگىلدىن كېيىن، خرۇششېۋ ئۇنىڭغا بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتكەن. كېيىن، ئۇ ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا، ئۆزىنىڭ قەبرە تېشىنى ئېرنىست نېيزناسنىيغا لايىھىلىتىش توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇرغان. ئېرنىست نېيزناسنىي ئۆز ۋاقتىدا شۇنچە كۆچلۈك بېسىمغا باش ئەگمىگەن، كېيىنمۇ ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا خرۇششېۋنى ماختاپ كەتمەستىن، بەلكى ئۇنىڭغا خېلى جايىدا باھا بەرگەن.

## برازىلىيىنىڭ ”چاقچاق ئېكسپورت شىركىتى“

برازىلىيىدە دۇنيا بويىچە بىردىنبىر ”چاقچاق ئېكسپورت شىركىتى“ بار. بۇ شىركەتنىڭ قۇرغۇچىسى بۇرائىو دېگەن كىشى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە نەشىر قىلىنغان 500 دىن ئارتۇق چاقچاق تاللانمىلىرىنى يىغىپ، كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ چىققاندىن كېيىن، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئىنگلىزچە يۇمۇر تۇسىگە كىرگۈزگەن، ئاندىن قىزىقچى ئارتىسلارغا سۆزلىتىپ ئۇنئالغۇ لېنتىسىغا ئالدۇرغان. ئۇ برازىلىيىنىڭ 300 نەچچە شەھىرىدىكى تېلېفون ئىدارىسى بىلەن توختام تۈزۈپ، ”چاقچاق تېلېفونى“ تەسىس قىلغان. ”چاقچاق تېلېفونى“نىڭ خېرىدارلىرى بەلگىلىك تېلېفون نومۇرىنى باسسىلا، تېلېفوننىڭ ئاۋاز تۇرۇپكىسىدىن، كۈلۈپ ئادەمنىڭ ئۇ-

چىيى ئۇزۇلۇپ كەتكۇدەك چاقچاقلار ئاڭلىنىدىكەن، كۇندىلىك ئاڭلىتىلىدىغان مەزمۇنلار ئوخشاشمايدىغان بولغاچقا، كىشىلەر-نىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنىكەن.

## خەنزۇلاردا زادى قانچە فامىلە بار

كىشىلەر ئادەتتە، فامىلە 100 بولىدۇ، دېيىشىدۇ. ئەمە-لىيەتتە، خەنزۇلارنىڭ فامىلىسى 100دىن بەكلا كۆپ. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، كىتابتا ئۇچرايدىغان فامىلىنىڭ ئۆزىلا 5652گە يېتىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە تاق خەتلىك فامىلە 3484، جۈپ خەتلىك فامىلە 2032، ئۈچ خەتلىك فامىلە 146 ئىكەن. بۇ سان تۆت خەتلىك فامىلىنى ۋە يۇەن، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان موڭغۇل، مانجۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ قويغان فا-مىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، چېگرا رايونلاردىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فامىلىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس ئىكەن.

جۇڭگودا فامىلە كۆپ بولۇش بىلەنلا قالماي، "جاڭ" فامى-لىلىكلەرمۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ ئىكەن. مۆلچەرلىنىشىچە، "جاڭ" فامىلىلىكلەر ئاز دېگەندىمۇ جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ %7.9—%1.12 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ، تەخمىنەن 100 مىليون كىشىگە يېتىدىكەن. دۇنيادىكى 145 دۆلەت ئىچىد-ە، ئاھالىسى ئەڭ كۆپ بولغان جۇڭگو، ھىندىستان، سابىق

سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ھىندونېزىيە، برازىلىيە ۋە ياپو-
نىيە قاتارلىق يەتتە دۆلەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا بىرەر
دۆلەتنىڭمۇ ئومۇمىي ئاھالە سانى جۇڭگودىكى ”جاڭ“ فامىلىلىك-
لەرنىڭ سانىغا يەتمەيدىكەن.

# 19 . ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە

## ئالەمنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك

ئالەمنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنسىلا، كىشىلەر هامان، ئالەمنىڭ چېكى يوق، ئۇنىڭ چوڭلۇقىغا هېچ نەرسە توغرا كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاسترونوملارنىڭ كۆزىتىشى ۋە هېسابلاپ چىقىشىچە، ئالەمنىڭ رادىئۇسى تەخمىنەن 5 مىليارد نۇر يىلى كېلىدىكەن، يەنى ئۇنىڭ رادىئۇسى $1.5\times10^{28}$ سانتىمېترلىق غايەت زور بوشلۇققا توغرا كېلىدىكەن. ئالەم 100 مىليارد يۇلتۇز سىستېمىسىدىن تەركىب تاپقان، ئالەمنىڭ ئومۇمىي ماسسىسى $2\times10^{55}$ گرام كېلىدۇ.

ئالەمنىڭ زادى قانچىلىك چوڭلۇقتا ئىكەنلىكىگە كىشىلەرنىڭ هازىرغا قەدەر توغرا هۆكۈم چىقىرالىغىنى يوق. ئىش قىلىپ، ماقالىلەردە ئالەم بوشلۇقى دېگەندە كۆزىمىز بىلەن كۆرەلەيدىغان كائىناتنىڭ ھەممىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## قۇياشنىڭ ھەقىقىيىتى

قۇياشنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 1مىليون 400 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، يەر شارىنىڭ رادىئۇسىدىن 110 ھەسسە چوڭ.

قۇياش مەركىزىنىڭ ھارارىتى تەخمىنەن سېلتسىيە 15

www.uyghurkitap.com

مىليون گرادۇس كېلىدۇ، بىز كۆرەلەيدىغان قۇياش يۈزىنىڭ هاraرىتى سېلتسىيە 6000گرادۇسقا، كۆمۈش رەڭ قۇياش تاجىنىڭ هارارىتى سېلتسىيە 1 مىليون گرادۇسقا يېتىدۇ.

قۇياش هەر سېكۇنتتىغا ئەتراپقا تەخمىنەن 382 (سېپىللىيون) كىلوۋات كېلىدىغان ئېنېرگىيە تارقىتىدۇ.

قۇياشتىن يەر شارىغا يېتىپ كېلىدىغان ئېنېرگىيە مىقدارى ئۇنىڭ ئومۇمىي ئېنېرگىيە مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 2 مىليارتتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ 17 مىليارد 300 مىليون كىلوۋاتقا يېتىدۇ.

قۇياشتىن يەر شارىغا تارقىتىلغان ئېنېرگىيە ئېلېكتر توكىغا ئايلاندۇرۇلىدىغان بولسا، سېكۇنتتىغا چىقىدىغان توك 170 چىتىرلىيون (17كۋادرىللىيون) كىلوۋاتقا يېتىدۇ.

## يەر شارىنىڭ ھەقىقىيتى

يەر شارىنىڭ ھەجىمى ئاستا-ئاستا يوغىناۋاتىدۇ، دىئامېتىرى تەخمىنەن هەر يىلى 0.5 مىللىمېتىر چوڭايماقتا.

يەر شارىغا هەركۈنى ئاتموسفېرا چەمبىرىكى سىرتىدىن تەخمىنەن ئالتە تونتا مېتېئورىت پارچىلىرى چۈشىدۇ، بۇنىڭ كۆيۈشىدىن هاسىل بولغان چاڭ-توزانلار 0.8 توننىغا يېتىدۇ.

يەر شارىدا هەر يىلى تەخمىنەن 1 مىليون قېتىمدىن ئوشۇق يەر تەۋرەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەيران قىلىشچانلىقى كۈچلۈك بولغانلىرى تەخمىنەن ئون قېتىمغا يېتىدۇ.

ئۆتكەن 50 يىلدا، يەر شارىنىڭ نېفىت زاپىسى %20 ئازلاپ كەتتى، كۆمۈر زاپىسى تېخىمۇ كۆپ ئازلاپ كەتتى.

يەر شارى جانلىقلار چەمبىرىكى بولغان ئاتموسفېرانىڭ قې- لىنلىقى تەخمىنەن 2500 مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئازوت %78نى، ئوكسىگېن %21نى، ھىدروگېن %1نى تەشكىل قى- لىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە پار، كاربون (V1) ئوكسىدى ۋە باشقا گازلار بار.

يەر شارى بىلەن قۇياشنىڭ ئارىلىقى 149 مىليون 500 مىڭ كىلومېتىر.

يەر شارى بىلەن ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ئارىلىقى 384 مىڭ 400 كىلومېتىر.

يەر شارىنىڭ قۇياشنىڭ ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش ۋاقتى 365 كۈن 5 سائەت 48 مىنۇت 46 سېكۇنت.

يەر شارىنىڭ ھەجمى 1 تىرلىيون 100 مىليارد كۇپ كىلومېتىر.

يەر شارى يۈزىنىڭ كۆلىمى 510 مىليون 500 مىڭ كۋاد- رات كىلومېتىر.

يەر شارىنىڭ قۇرۇقلۇق كۆلىمى 149 مىليون 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر.

يەر شارىنىڭ دېڭىز-ئوكيان كۆلىمى 361 مىليون كۋادرات كىلومېتىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يەر شارى قانچە ياشقا كىردى

يەر شارىنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكى توغرىسىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە جۇڭگودىمۇ، چەت ئەللەردىمۇ خىلمۇخىل قاراشلار بار. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان دەۋرىدە ”ئەلمىساقتىن غەربىي جۇ دەۋرىگىچە ھېسابلىغاندا، يەر شارى 3 مىليون 260 مىڭ ياشقا كىردى“ دېگەن گەپ بولغان. تەخمىنەن كۆلكىلىكى شۇكى، ئەنگلىيىدە ئۇيشېر ئىسىملىك بىر ئاتاقلىق پاترىئارخ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ 1654-يىلى: يەر شارىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4004-يىلى 10-ئاينىڭ 26-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا خۇدا ياراتقان، دەپ دەلىللەپ چىققان. بۇ بىمەنە پاراڭغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ ئەلۋەتتە. كېيىن ئالىملار يەر شارىنىڭ يېشىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ھېسابلاپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى بىردەك بولمىغان. ئاسترونوملار يەر شارىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى مېتېئورىتلارنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى بىلەن ئاساسەن تەڭ بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان. ئۇلار مېتېئورىتلارنىڭ يېشى 4 مىليارد 500 مىليون يىلدىن 4 مىليارد 800 مىليون يىلغىچە بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشقا ئاساسلىنىپ، يەر شارىنىڭ يېشىنى 4 مىليارد 500 مىليون ياشتىن كىچىك بولماسلىقى كېرەك دەپ ھېسابلىدى. 1969-يىلى، ئامېرىكىنىڭ ئاپوللو—11 ئالەم كېمىسى ئايغا چىقتى، ئايدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئەۋرىشكىگە ئاساسەن ھېسابلاپ چىقىد-

لىشچە، ئاينىڭ يېشى 4 مىليارد 600 مىليون ياش بولغان، شۇڭا، زور كۆپ ساندىكى ئالىملار يەر شارىنىڭ يېشى ئاينىڭ يېشى بىلەن تەڭ دەپ قارىماقتا.

## يەر شارى مەركىزىنىڭ ھارارىتى قانچىلىك

يەر شارىنىڭ ھارارىتى يۇقىرىمۇ ياكى قۇياشنىڭ يۇقىرىمۇ دەپ سورالسا، بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ھېچقانچە قىيىنغا چۈشمەسە كېرەك. بىراق، ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى يەرشارى مەركىزىنىڭ ھارارىتى قۇياش يۈزىنىڭ ھارارىتىدىن بەكلا يۇقىرى دەپ قارىغان. مۇتەخەسسىسلەر سىناق ئارقىلىق، يەر مەركىزىنىڭ ھارارىتى 6888°Cقا يېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان، قۇياش يۈزىنىڭ ھارارىتى بولسا ئاران 5760°C لا كېلىدۇ.

## دۇنيا بويىچە يەر پوستى ئەڭ قېلىن جاي

دۇنيا بويىچە بىرىنچى چوققا دەپ ئاتىلىدىغان چومولاڭما چوققىسى دۇنيا بويىچە يەر پوستى ئەڭ قېلىن جاي ھېسابلانمايدۇ. سۇنئىي ھەمراھ ۋاستىسى بىلەن ئۆلچەش ئارقىلىق ئىسپاتلاندىكى، چومولاڭما چوققىسى ئېكۋاتورغا يىراقراق بولغاچقا،

مۇشۇ چوققىدىن ھېسابلىغاندا ئۇنىڭ يەر پوستى قېلىنلىقى 6 مىليون 381 مىڭ 949 مېتىر كېلىدىكەن، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئېكۋادورنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان چىمبورا-زو يانار تېغى دېڭىز يۈزىدىن 6272 مېترلا ئېگىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئېكۋاتورغا بەكلا يېقىن بولغاچقا، ئۇنىڭ چوققىسىدىن ھېسابلىغاندا يەر پوستىنىڭ قېلىنلىقى چومولاڭمانىڭكىدىن 2151 مېتىر ئارتۇق بولۇپ، 6 مىليون 384 مىڭ 100 مېترگە يېتىدىكەن، شۇڭا ئۇ دۇنيا بويىچە يەر پوستى ئەڭ قېلىن جاي ھېسابلىنىدىكەن.

## يەرشارىدىكى ئۆزگىرىش

1. ھەجمى يوغىنىماقتا: ئوكيان ئاستىدىكى كېڭىيىش ھەرىكىتى نەتىجىسىدە، يەر مەركىزىنىڭ زىچلىق دەرىجىسى با-را-بارا كىچىكلەپ، يەرشارىنىڭ ھەجمى بارغانسېرى چوڭايماق-تا، يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىمۇ ئاستىلىماقتا. تەخمىنەن بۇنىڭدىن 360 مىليون يىل ئىلگىرى، يەر شارىنىڭ بىر يىلى 480 كۈن بولغان بولسا، ھازىر 365 كۈنگە چۈشۈپ قالغان.

2. يەرشارىنىڭ ئېغىرلىقى ئاشماقتا: ئالاقىدار تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ھېسابلاپ چىقىشىچە، ھەريىلى تەخمىنەن 40 مىڭ توننا ”ئالەم چاڭ-توزانلىرى“ يەرشارىغا چۈشىدىكەن، 500 مىليون يىلدىن كېيىن، يەرشارىنىڭ ئېغىرلىقى %10 ئا-

شىدىكەن.

3. يەرشارى ئوقى تەۋرەنمەكتە: يەرشارى ئۆز ئوقى ئەترا-پىدا ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ تەۋرىنىش دەۋرى قۇياشنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلاشماقتا.

4. يەرشارىنىڭ ھارارىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە: كىشى-لەرنىڭ نېفىت، كۆمۈر ۋە باشقا خىمىيىلىك يېقىلغۇ ماتېرىيال-لىرىنى قېزىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى نەتىجىسىدە، يەرشارى-نىڭ ئاتموسفېرا قاتلىمى بارغانسېرى ئىسسىپ كېتىۋاتماقتا، ئەگەر ھەرقايسى ئەللەر داۋاملىق مۇشۇنداق يېقىلغۇ ماتېرىياللى-رىنى كۆيدۈرۈۋېرىدىغان بولسا، يەنە 1100 يىلدا يەر شارى بۇنىڭدىن نەچچە ئون مىليون يىل ئىلگىرىدىكىسىگە ئوخشاش ئىسسىپ كېتىدۇ.

## دېڭىزنىڭ تۈرلىرى

1. ئىچكى دېڭىزلار: چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئىچكىرى قىس-مىغا جايلاشقان، تار سۇ يولى ئارقىلىقلا ئوكيانغا تۇتىشىدىغان دېڭىزلار، مەسىلەن، بالتىق دېڭىزى، قىزىل دېڭىز، قارا دې-ڭىز قاتارلىقلار.

2. سىرتقى دېڭىزلار: چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ چېتىگە جاي-لاشقان، ئوكيان بىلەن كەڭ دائىرىدە تۇتىشىدىغان دېڭىزلار، مەسىلەن، بارېنتس دېڭىزى، ئەرەب دېڭىزى قاتارلىقلار.

3. چەت دېڭىزلار: چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ چېتىگە جايلاش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قان، چوڭ قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرمىگەن، يېرىم ئارال، ئارال ۋە تاقىم ئاراللار ئارقىلىق ئوكياندىن بۆلۈنۈپ تۇرىدىغان دېڭىزلار، مەسىلەن، ياپون دېڭىزى، دۇڭخەي دېڭىزى ۋە نەنخەي دېڭىزى قاتارلىقلار.

4. ئارال دېڭىزى: ئەتراپىنى بىرمۇنچە ئاراللار ئوراپ تۇرىدىغان دېڭىزلار، مەسىلەن، جاۋا دېڭىزى، سۇلاۋېس دېڭىزى قاتارلىقلار.

5. قۇرۇقلۇق دېڭىزى: بىرنەچچە قۇرۇقلۇق ئارىسىغا جايلاشقان، دېڭىز بوغىزى ئارقىلىق ئوكيان بىلەن تۇتۇشىدىغان دېڭىزلار، مەسىلەن، ئوتتۇرا دېڭىز، كارايىپ دېڭىزى قاتارلىقلار.

## دېڭىز-ئوكيانلاردا قانچىلىك ئالتۇن بار

زامانىۋى پەن ۋاستىسى ئارقىلىق كۆزىتىلىشىچە، دېڭىز سۈيىدە 80 نەچچە خىل خىمىيىۋى ئېلېمېنت بار ئىكەن، ئالتۇن ئەنە شۇلارنىڭ مۇھىم بىر تۈرى ئىكەن. دېڭىز-ئوكيانلاردىكى ئالتۇننىڭ مەنبەسى كۆپ تەرەپلىك بولۇپ، دېڭىز-ئوكياننىڭ يەر قاتلىمىدا كۆمۈلۈپ ياتقان تەبىئىي كېپەك ئالتۇندىن باشقا، دەريالاردىن ئېقىپ بارغان ئالتۇن رۇدىلىرىمۇ بار ئىكەن، پەقەت خېيلۇڭجياڭ دەرياسىدىنلا تارتار بوغىزىغا ھەريىلى سەككىز توننىدىن كۆپرەك ئالتۇن ئېقىپ كىرىدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا، ئاسماندىن دېڭىزغا چۈشكەن مېتېئورىتلارمۇ دېڭىزدىكى مۇھىم

ئالتۇن مەنبەسى ھېسابلىنىدىكەن. ئاسماندىن ھەر يىلى چۈشكەن مېتېئورىت تەخمىنەن 3500 توننىدىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇنىڭ زور كۆپ قىسمى دېڭىزغا چۈشۈپ تۇرىدىكەن. ھەر توننا مېتېئورىت تەركىبىدە ئون گىرامچە ئالتۇن بولىدىكەن، نەچچە مىليون يىلدىن بېرى ئاز دېگەندىمۇ نەچچە ئون مىڭ توننا ئالتۇن دېڭىزغا يوشۇرۇنغان بولسا كېرەك.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، دۇنيا بويىچە دېڭىز ئاستىدا 55 مىليون توننا ئالتۇن بار ئىكەن.

## دۇنيادىكى ئون چوڭ كۆل

1. كاسپىي دېڭىز، كۆلىمى 394 مىڭ 299 كۋادرات كىلومېتر، ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ تېرەنلىكى 946 مېتر.

2. سۇپېرىئور كۆلى، كۆلىمى 82 مىڭ 414 كۋادرات كىلومېتر، ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ تېرەنلىكى 406 مېتر.

3. ۋىكتورىيە كۆلى، كۆلىمى 69 مىڭ 485 كۋادرات كىلومېتر، ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ تېرەنلىكى 82 مېتر.

4. ئارال كۆلى، كۆلىمى 66مىڭ 457 كۋادرات كىلومېتر، ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ تېرەنلىكى 68 مېتر.

5. ھۇرون كۆلى، كۆلىمى 59 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتر، ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ تېرەنلىكى 229 مېتر.

6. مىچىگان كۆلى، كۆلىمى 58 مىڭ 16 كۋادرات كىلومېتر، ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ تېرەنلىكى 281 مېتر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

7. تانگانىكا كۆلى، كۆلىمى 32 مىڭ 893 كۋادرات كىلومېتر، ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ تېرەنلىكى 1435 مېتر.
8. بايقال كۆلى، كۆلىمى 31 مىڭ 500 كۋادرات كىلو-مېتر، ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ تېرەنلىكى 1741 مېتر.
9. گرېئات بېئار كۆلى، كۆلىمى 31 مىڭ 80 كۋادرات كىلومېتر، ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ تېرەنلىكى 82 مېتر.
10. نياسا كۆلى، كۆلىمى 30 مىڭ 44 كۋادرات كىلو-مېتر، ئەڭ چوڭقۇر يېرىنىڭ تېرەنلىكى 706 مېتر.

## دۇنيادىكى مەشھۇر تۆت شارقىراتما

دۇنيادىكى شارقىراتمىلارنى كۆپلۈكىدىن ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر تۆت شارقىراتما مۇنۇلار:
ۋىكتورىيە شارقىراتمىسى. بۇ شارقىراتما ئافرىقىدا زامبىيە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا توغرا كېلىدىغان جايغا جايلاشقان، بۇ شارقىراتمىنىڭ چۈشۈش پەرقى 120 نەچچە مېتر، كەڭلىكى 1800 مېتر كېلىدۇ. زامبىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىسمى ”ئاۋازى كۆكنى يارىدىغان شەبنەم سۇيى“ دېگەن مەنىدە موس-ئوئا-توئېنجا شارقىراتمىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.
نىئاگارا شارقىراتمىسى. ھىندىئان تىلىدا ”گۈلدۈرماما سۇيى“ دېگەن بولىدۇ. بۇ شارقىراتما شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئېرى كۆلى بىلەن ئونتارىئو كۆلى ئوتتۇرىسىدىكى نىئاگارا دەر-ياسىغا جايلاشقان بولۇپ، يىراق-يىراقلاردىن ئۇنىڭ شىددەتلىك

شاۋقۇنلىرىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

ئانگېل شارقىراتمىسى. جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ۋېنسۇئېلا دېگەن دۆلەتنىڭ چۇرۇن دەرياسىغا جايلاشقان بولۇپ، چۈشۈش پەرقى 979 مېتىر كېلىدۇ، بۇ شارقىراتما دۇنيا بويىچە چۈشۈش پەرقى ئەڭ چوڭ شارقىراتما ھېسابلىنىدۇ.

خۇاڭگوشۇ شارقىراتمىسى. ئېلىمىزنىڭ گۇيجۇ ئۆلكىسىدىكى بەنشۈي دەرياسىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ سۈيى قورام تاشلار ئارىسىدىن ئېقىپ چۈشۈپ، ھەيۋەتلىك شاۋقۇن ھاسىل قىلىدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جۇغراپىيە ئالىمى شۈي شياكې بۇنى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان شارقىراتما دەپ تەرىپلىگەن.

## ئېلىمىزدىكى «ئۈچ چوڭ» دېگەن نامغا ئىگە جايلار

ئۈچ چوڭ تۈزلەڭلىك:

شەرقىي شىمال تۈزلەڭلىكى، شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكى، چاڭجىياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەن ۋادىسى تۈزلەڭلىكى.

ئۈچ چوڭ ئورمانچىلىق رايونى:

شەرقىي شىمال ئورمانچىلىق رايونى، غەربىي جەنۇب ئورمانچىلىق رايونى، جەنۇبىي جۇڭگو ئورمانچىلىق

رايونى.
ئۆچ چوڭ بوغۇز:
بوخەي بوغۇزى، تەيۋەن بوغۇزى، چيوڭجۇ بوغۇ-
زى.
ئۆچ چوڭ ئارال:
تەيۋەن ئارىلى، خەينەن ئارىلى، چۇڭمىڭ ئارىلى.
ئۆچ چوڭ يېرىم ئارال:
شەرقىي لياۋنىڭ يېرىم ئارىلى، شەندۇڭ يېرىم
ئارىلى، لېيجۇ يېرىم ئارىلى.
ئۆچ چوڭ بېلىقچىلىق مەيدانى:
جۇشەن بېلىقچىلىق مەيدانى، بوخەي بېلىقچىلىق
مەيدانى، نەنخەي بېلىقچىلىق مايدانى.
ئۆچ چوڭ پورت:
تيەنجىن پورتى، شاڭخەي پورتى، گۇاڭجۇدىكى
خۇاڭپۇ پورتى.
ئۆچ چوڭ پىلىچىلىك رايونى:
سىچۇەن ئويمانلىقى، تەيخۇ تۈزلەڭلىكى،
جۇجياڭ دېلتىسى.
ئۆچ چوڭ باغۋەنچىلىك رايونى:
جەنۇبىي لياۋنىڭ ئېدىرلىقى، چياۋدۇڭ ئېدىر-
لىقى، جۇجياڭ دېلتىسى.
ئۆچ چوڭ كۆمۈر كان:
كەيلۇەن كۆمۈركانى، داتۇڭ كۆمۈر كانى، فۇشۇن

كۆمۈر كانى.

ئۈچ چوڭ پولات شەھىرى:

ئەنشەن شەھىرى، باۋتۇ شەھىرى، ۋۇخەن شەھىرى.

جياڭنەندىكى ئۈچ قەدىمكى راۋاق:

خۇنەندىكى يۆياڭ راۋىقى، ۋۇچاڭدىكى خۇاڭخې راۋىقى، نەنچاڭدىكى تېڭۋاڭ راۋىقى.

سەددىچىندىكى مەشھۇر ئۈچ ئۆتكەل:

شەنخەيگۈەن ئۆتكىلى، جۈيۇڭگۈەن ئۆتكىلى، جيايۈگۈەن ئۆتكىلى.

## يەتتە قىتئەدىكى بىرىنچى چوققىلار

ئاسىيا بويىچە بىرىنچى چوققا: چومولاڭما چوققىسى، دېڭىز يۈزىدىن 8848.13 مېتىر ئېگىز.

ياۋروپا بويىچە بىرىنچى چوققا: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئېلبىرۇس چوققىسى، دېڭىز يۈزىدىن 5642مېتىر ئېگىز.

ئافرىقا بويىچە بىرىنچى چوققا: تانزانىيىدىكى كىلىمانجارو تېغى، دېڭىز يۈزىدىن 5895 مېتىر ئېگىز.

شىمالىي ئامېرىكا بويىچە بىرىنچى چوققا: مېكىنلېي جەنۇبىي چوققىسى، دېڭىز يۈزىدىن 6193مېتىر ئېگىز.

جەنۇبىي ئامېرىكا بويىچە بىرىنچى چوققا: خانكوئوما تېغى، دېڭىز يۈزىدىن 7010 مېتىر ئېگىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوكيانىيە بويىچە بىرىنچى چوققا: يېڭى گۋىنىيە ئارىلىنىڭ قارلىق تاغ تىزمىلىرىدىكى جايا چوققىسى، دېڭىز يۈزىدىن 5030 مېتر ئېگىز.

ئانتاركتىكا قىتئەسى بويىچە بىرىنچى چوققا: ۋىنسۇن تې-غى، دېڭىز يۈزىدىن 5140 مېتر ئېگىز.

## بىر مىنۇت نېمىشقا بەزىدە 61 سېكۇنت بولۇپ قالىدۇ

بىرمىنۇتنىڭ 60 سېكۇنت بولىدىغانلىقى، شۇڭا بىر كۈن-نىڭ 86مىڭ 400 سېكۇنت بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. لېكىن 1986-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئەتىگەن سائەت 7دىن 59 مىنۇت ئۆتكەندە، 61 سېكۇنت قوشۇلۇپ، ئاندىن سائەت سەك-كىز بولدى. دېمەك شۇ كۈنى ۋاقىت ئادەتتىكى كۈنلەردىكىگە قارىغاندا بىر سېكۇنت ئۇزارتىلدى، يەنى 86مىڭ 401 سېكۇنت قىلىندى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش سۈرئىتى مۇتلەق تەكشى بولمايدۇ، ئاتموسفېرا قاتلى-مى، دېڭىز-ئوكيان ۋە سۇيۇق يادرو دېگەنلەر پۈتۈن يەر شارىغا نىسبەتەن "مۇستەقىل ھەرىكەت" قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ تە-سىرىدىن پەيدا بولغان سۈركىلىش كۈچى يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ بەزىدە يەرشارىنى "تورمۇزلاپ"، ئۇنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىۋېتىدۇ،

بەزىدە تېزلىتىۋېتىدۇ. شۇڭا، خەلـقـئارا ۋاقـىـت ئىدارىسى (BIH) : يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىدىكى ئۆز-گىرىشنىڭ جۇغلانما قىممىتى بىر سېكۇنتقا يېقىنلاشقاندا، شۇ يىلى خەلقئارا ئۆلچەملىك ۋاقىت 6-ئاينىڭ 30-كۈنى ياكى 12-ئاينىڭ 31-كۈنىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە بىر سېكۇنت قوشۇلۇشى ياكى ئۇنىڭدىن بىر سېكۇنت ئېلىنىۋېتىلىشى لازىم، دەپ بەلگىلىگەن، بۇنداق ئەھۋال ”سېكۇنت ئاتلىتىش“دەپ ئاتىلىدۇ. بېيجىڭ ۋاقتى بو-يىچە ھېسابلىغاندا، 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ياكى ئىككىنچى يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى ئەتىگەن سائەت يەتتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇتىدا سېكۇنت ئاتلىتىلىدۇ.

## ھازىرقى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ يىلنامە

مىلادىيە كالېندارى، ھىجرىيە كالېندارى ۋە بۇددا كالېندا-رى ھازىرقى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ يىلنامە ھېسابلىنىدۇ.

مىلادىيە كالېندراى ھازىر خەلقئارادا ئومۇميۈزلۈك ئىشلى-ۋاتقان كالېندار بولۇپ، ئەسلىدە خىرىستىئان دىنىنىڭ كالېندا-رى ئىدى، كېيىن بۇ كالېندار ئومۇملىشىپ كەتتى.

جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا رايونلىرىدا، بولۇپمۇ ئەرەب مەملىكەتلىرىدە ۋە تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان، ھىن-دونېزىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە ئومۇميۈزلۈك ھىجرىيە كالېن-دارى قوللىنىلىدۇ. ھىجرىيە يىلنامىسى مىلادىيە 622-يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

7-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن باشلانغان. ھىجرىيە يىلنامىسى شەمسىيە كالېندارى ۋە قەمەرىيە كالېندارى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ھىندىستان، تايلاند، سىرىلانكا، لائوس، كامبودژا، بىرما قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك بۇددا كالېندارى قوللىنىلىدۇ. بۇددا يىلنامىسى بۇددا دىنىنىڭ ئاساسچىسى ساكيامۇنى ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى تولغان كۈنىدىن ھېسابلانغان بولۇپ، مىلادىيە يىلنامىسىدىن 540 نەچچە يىل بۇرۇن باشلانغان.

## ھاۋارايى مەلۇماتىدىكى ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر

ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ۋە ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىگە قولايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ھاۋارايى پونكىتلىرى ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بەرگەندە بىر سوتكىنى ئون بۆلەككە بۆلۈپ، ئۇنى مەخسۇس ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن ئاتايدۇ ھەمدە ”بېيجىڭ ۋاقتى“نى ئۆلچەملىك ۋاقىت قاتارىدا قوللىنىدۇ.

كېيىنكى يېرىم كېچە: سائەت 0 — 5 كىچە؛

ئەتىگەن: سائەت 5 — 8 گىچە؛

چۈشتىن بۇرۇن: سائەت 8 — 12 گىچە؛

چۈشتىن كېيىن: سائەت 12 — 18گىچە؛

كەچقۇرۇن: سائەت 18 — 20گىچە؛
ئالدىنقى يېرىم كېچە: سائەت 20 — 24 كىچە؛
كۈندۈز: سائەت 8 — 20 گىچە:
كېچە: سائەت 20 — 8 گىچە؛
چۈش: سائەت 11 — 14 كىچە؛

## يامغۇر مىقدارى قانداق ھېسابلىنىدۇ

ھاۋارايى تارماقلىرى ئادەتتە يامغۇر مىقدارىنى مىللىمېترنى بىرلىك قىلىپ ھېسابلايدۇ، بىرمو يەرگە بىر مىللىمېتر يامغۇر ياغقان بولسا، ئۇ 660 كىلوگرام سۇغا تەڭ بولىدۇ.

سۇس يامغۇر: ئومۇمىي مىقدارى 0.1 مىللىمېتردىن ئاشمايدۇ.

ئازراق يامغۇر: ئومۇمىي يامغۇر مىقدارى 12 سائەتتە بەش مىللىمېتردىن ياكى 24 سائەتتە ئون مىللىمېتردىن ئاشمايدۇ.

ئوتتۇراھال يامغۇر: ئومۇمىي يامغۇر مىقدارى 12 سائەتتە 5 — 15 مىللىمېتر ياكى 24 سائەتتە 10—25 مىللىمېتر بولىدۇ.

قاتتىق يامغۇر: ئومۇمىي يامغۇر مىقدارى 12 سائەتتە 15 مىللىمېتردىن ئېشىپ كېتىدۇ ياكى 24 سائەتتە 25 —— 50 مىللىمېترغا يېتىدۇ.

قارا يامغۇر: ئومۇمىي يامغۇر مىقدارى 12 سائەتتە 30 — 50 مىللىمېترغا ياكى 24 سائەتتە 50 — 100 مىللىمېترغا

يىتىدۇ.

زور قارا يامغۇر ياكى پەۋقۇلئاددە زور قارا يامغۇر: يامغۇر مىقدارى كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان دەرىجىدە كۆپ بولىدۇ، 24 سائەت ئىچىدىكى يامغۇر مىقدارى يۈز مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ.

# 20. سەيلە-ساياھەت ئورۇنلىرى

## جۇڭگودىكى مەشھۇر ئون ساياھەت نۇقتىسى

1. سەددىچىن سېپىلى
2. گۈيلىننىڭ تاغ-دەريالىرى
3. خاڭجۇدىكى شىخۇ كۆلى
4. بېيجىڭدىكى گۇگۇڭ (خان سارىيى)
5. سۇجۇنىڭ باغ-ئورمانلىرى
6. ئەنخۇيدىكى خۇاڭشەن تېغى
7. چاڭجياڭ دەرياسىدىكى ئۈچ بوغۇز
8. تەيۋەندىكى ئاي-قۇياش راۋىقى
9. چېڭدېدىكى يازلىق ئارامگاھ (چارگاھ)
10. شىئەندىكى چىن شىخۇاڭنىڭ قونچاق لەشكەرلىرى

## مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆلكىلىرىدىكى مەشھۇر تاغلار

خېبېي ئۆلكىسى: لاڭياشەن تېغى
شەنشى ئۆلكىسى: تەيخاڭشەن تېغى

ئىچكى موڭغۇل: يىنشەن تېغى
خېيلۇڭجياڭ: خېيشەن تېغى
جىلىن: چاڭبەيشەن تېغى
لياۋنىڭ: چيەنشەن تېغى
شەندۇڭ: تەيشەن تېغى
جياڭسۇ: زىجىنشەن تېغى
ئەنخۇي: خۇاڭشەن تېغى
جېجياڭ: يەنداڭشەن تېغى
جياڭشى: لۇشەن تېغى
فۇجيەن: خۇاڭگاڭشەن تېغى
تەيۋەن: ئالىشەن تېغى
خېنەن: سۇڭشەن تېغى
خۇبېي: داباشەن تېغى
خۇنەن: خېڭشەن تېغى
گۇاڭدۇڭ: نەنلىڭ تېغى
گۇاڭشى: ياڭشوشەن تېغى
شەنشى: خۇاشەن تېغى
نىڭشيا: ليۇپەنشەن تېغى
گەنسۇ: چىليەنشەن تېغى
چىڭخەي: كوئىنلون تېغى
شىنجاڭ: تەڭرىتاغ
سىچۇەن: ئېمېيشەن تېغى
گۇيجۇ: مياۋلىڭشەن تېغى

يۇننەن: خېڭدۇەنشەن تېغى
شىزاڭ: ھىمالايا تېغى

## مەملىكىتىمىزدىكى مەشھۇر توققۇز ئۆتكەل

شەنخەيگۇەن ئۆتكىلى: خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چىنخۇاڭداۋ شەھىرىدە بولۇپ، ئۇ سەددىچىن سېپىلىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. بۇ ئۆتكەلنىڭ ”ئالەمدىكى بىرىنچى ئۆتكەل“ دېگەن نامى بار.

جۈييۇڭگۇەن ئۆتكىلى: ئۆتمۈشتە جۈندۇگۇەن ئۆتكىلى، جىمېنگۇەن ئۆتكىلى دەپمۇ ئاتالغان، بېيجىڭ شەھىرى چاڭپىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە.

زىجىڭگۇەن ئۆتكىلى: خېبېي ئۆلكىسى يىشيەن ناھىيىسىنىڭ زىجىڭلىڭ دېگەن يېرىدە بولۇپ، خېبېي تۈزلەڭلىكىدىن تەيخاڭشەن رايونىغا كىرىشتىكى مۇھىم ئېغىزنىڭ بىرى.

نياڭزىگۇەن* ئۆتكىلى: سەنشى ئۆلكىسى دىڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ياسالغان، پىڭياڭ مەلىكىسى ئاياللار قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ مۇشۇ يەردە تۇرغان، شۇڭا ئاياللار ئۆتكىلى دەپ ئاتالغان.

پىڭشىڭگۇەن ئۆتكىلى: سەنشى ئۆلكىسى فەنشى ناھى-

* ”ئاياللار ئۆتكىلى“ دېگەن مەنىدە.

يىسىنىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسىدا بولۇپ، سەددىچىن سېپى-لىنىڭ مۇھىم ئېغىزلىرىدىن بىرى.

يەنمېنگۇەن ئۆتكىلى: سەنشى ئۆلكىسى دەيشيەن ناھىيىسى-نىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ مۇھىم ئېغىزلىرىدىن بىرى.

جيايۈيگۇەن ئۆتكىلى: گەنسۇ ئۆلكىسى جيايۈيگۇەن شەھى-رىنىڭ غەربىدە بولۇپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئاخىرقى نۇقتى-سىمۇ جيايۈيگۇەندە، بۇ يەر قەدىمدىن تارتىپ شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى دەپ ئاتالغان.

ۋۇشېڭگۇەن ئۆتكىلى: خېنەن ئۆلكىسى شىنياڭ ناھىيىسى-نىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، دابيېشەن تېغى ئېغىزىنىڭ بىرى.

يۈيگۇەن (دوستلۇق ئۆتكىلى): گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى پىڭشياڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، بۇرۇن جىلىڭگۇەن ئۆتكىلى، جېننەنگۇەن ئۆتكىلى، مۇنەن ئۆتكىلى دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان، ئۇ جۇڭگو بىلەن ۋيېتنام چېگرىسىدىكى مۇھىم ئېغىزلارنىڭ بىرى.

## دۇنيادىكى بەش مەشھۇر ساراي

بېيجىڭ گۇگۇڭ خان سارىيى: دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئوردا بولۇپ، 9000 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي بار، كۆلىمى 720 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ھازىر گۇگۇڭ مۇزېيى قىلىندى.

ۋېرسال سارىيى: پارىژ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ۋېرسال شەھىرىدە بولۇپ، ”ۋېرسال سۇلھ كېلىشىمى“ مۇشۇ يەردە ئىمزالانغان.

بۇكىنخام سارىيى: كىنەز بۇكىنخام تەرىپىدىن 18-ئەسىردە سالدۇرۇلغان، شۇڭا بۇكىنخام سارىيى دەپ ئاتالغان. ھازىر ئەنگلىيىنىڭ ئايال پادىشاھى مۇشۇ سارايدا ئولتۇراقلاشقان.

ئاق ساراي: ۋاشىنگتوندا بولۇپ، تاملىرى ئاق، ئۈچ قەۋەتلىك بىنادۇر، كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ”ئاق ساراي“ دېگەن سۆزنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نامىدا قوللىنىدۇ.

كرېمىل سارىيى: موسكۋا شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگانلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇن بولۇپ كەلگەن.

## چەت ئەللەردىكى سېپىل

چاۋشيەندىكى سېپىل: چاۋشيەنىنىڭ شىمالىدىكى يالۇجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ۋادىسىدىن باشلىنىدۇ، چۈشەن تېغى چوققىلىرىنى بويلاپ، شەرقىي چاۋشيەن قولتۇقىنىڭ دېڭىز ساھىلىغىچە سوزۇلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 370 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ سېپىل چاۋشيەندىكى ئۇزۇن سېپىل دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ سېپىل 1033-يىلدىن 1044-يىلغىچە بولغان 12 يىلدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياساپ چىقىلغان.

ھىندىستاندىكى سېپىل: بۇنىڭدىن 500 نەچچە يىل ئىلگىرى، ھىندىستان خەلقى چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇزۇنلۇقى 70 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر سېپىل ياساپ چىققان، سېپىلدا 32 تۇرا بار، بۇ سېپىل چەت ئەللەر بويىچە ھازىرغا قەدەر ئەڭ مۇكەممەل ساقلاپ قېلىنغان سېپىل ھېسابلىنىدۇ.

ئاۋستىرالىيىدىكى سېپىل: ئاۋستىرالىيىنىڭ كۇۋېنسلېند شتاتىدا، بۇ سېپىل مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى 5531 كىلومېتىر، ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر كېلىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ سېپىل قوي پادىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ياسالغان، بۇ چەت ئەللەر بويىچە ئەڭ ئۇزۇن سېپىل ھېسابلىنىدۇ.

ئەنگلىيىدىكى سېپىل: ئەنگلىيە بىلەن شوتلاندىيە ئوتتۇرىسىدا چېگرا بويلاپ ئەگرى-بۈگرى سوزۇلغان بىر تام بار، بۇ تام ئەنگلىيىنىڭ خادرىئان سېپىلى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ سېپىل شەرقىي دېڭىز ساھىلىدىن غەربىي دېڭىز ساھىلىغا سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 117 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ سېپىلنى يات مىللەتلەرنىڭ ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، مىلادى 117-يىلى قەدىمكى رىم پادىشاھى ياساتقان.

گېرمانىيىدىكى سېپىل: مىلادىيە بىرىنچى ئەسىردە قەدىمكى رىملىقلار رېين دەرياسى بىلەن دوناي دەرياسى ئوتتۇرىسىغا "مۇداپىئە تېمى" ياسىغان، بۇ كېيىن ئۇزلۇكسىز تۇردە ئۇزار-

تىپ ياسىلىش نەتىجىسىدە، ئۇزۇنلۇقى 584 كىلومېتىرغا يەتـ-
كەن، مانا بۇ سېپىل چەت ئەل بويىچە ئەڭ بالدۇر سېلىنغان
مەشھۇر سېپىل ھېسابلىنىدۇ.

## ئەگەر نىشاندىن ئادىشىپ قالسىڭىز

ئەگەر دالىغا ساياھەتكە چىقىپ نىشاندىن ئادىشىپ قالسىـ-
ڭىز، تەمتىرەپ كەتمەڭ، تەبىئەت سىزگە نىشاننى پەرق ئېتىشـ-
نىڭ نۇرغۇن بەلگىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

1. يالغۇز دەرەخ، جەنۇب تەرىپىنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرى باراقسان، شىمال تەرىپىنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرى شالاڭ بولىدۇ.

2. دەرەخ كۆتىكىنىڭ يىل ھالقىسى، جەنۇب تەرىپى كەڭـ-رەك، شىمال تەرىپى تارراق بولىدۇ.

3. قورام تاشلار، شىمال تەرىپى قوتۇرماچ، مۇدۇر-چوقۇر كېلىدۇ، جەنۇب تەرىپى قۇرغاق، پارقىراق بولىدۇ.

4. تاغ جىلغىلىرى ۋە ئىمارەتلەر، قارلار ئېرىمەي تۇرۇپ قالغان تەرىپى ھامان شىمال تەرەپ بولىدۇ.

5. چۈمۈلە ئۇۋىسى، توپا دۆۋىلەنگەن تەرەپ شىمال تەرەپ بولىدۇ، ئېغىز ئېچىلغان تەرەپ جەنۇب تەرەپ بولىدۇ.

6. يۇلتۇزلۇق كېچىدە بولسا، شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىغا قاراڭ. ”چۆمۈش دەستىسى“دىن ئالتىنچى ياكى يەتتىنچى يۇلـ-تۇزغىچە ساناپ، ئاندىن مۇشۇ سىزىقنى بويلاپ ئالتىنچى يۇلتۇز بىلەن يەتتىنچى يۇلتۇزنىڭ ئارىلىقىدەك ئالتە كېلىدىغان جايدىن

پارقىراق شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنى تاپىسىز. ”چۆمۈش دەستىسى“ بىلەن شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنى تۇتاشتۇرىدىغان سىزىق دەل جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بولىدۇ.

# 21 . ئۆرپ-ئادەتلەر

## ھەرقايسى ئەللەرنىڭ يېيىش-ئىچىش ئادەتلىرى

دۇنيادا مىللىتى، ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش ئادىتى ئوخشاش بولمىغان خەلقلەرنىڭ ھېيت-بايراملاردىكى يېيىش-ئىچىش ئادەتلىرى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزى مىللەتلەرنىڭ تولىمۇ قىزىقارلىق بولىدۇ.

بەس-بەستە ئۈزۈم يېيىش: ئىسپانلار يېڭى يىل ھارپىسى كۈنى ئائىلە بويىچە يىغىلىپ، كېچە سائەت 12دە چېركاۋنىڭ يېڭى يىل قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەنلا، ھەممەيلەن بەس-بەستە ئۈزۈم يېيىشكە كىرىشىدۇ. ئەگەر كىمكى قوڭغۇراقنىڭ 12 قېتىملىق ئاۋازىغا ئەگىشىپ 12 تال ئۈزۈمنى يەۋالىسا، شۇنىڭ يېڭى يىلدا ھەممە ئايدىكى ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدىكەن، تەلىيى ئوڭدىن كېلىدىكەن.

تاتلىق غىزا يېيىش: كورېيىلەر باھار بايرىمىدا نومى گۈرۈچكە قارىغاي ئۇرۇقى مېغىزى، چىلان ئۈنى ۋە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان غىزانى يەيدۇ، بۇنى ئۇلار يېڭى يىلدا تۇرمۇشنىڭ لەززەتلىك ئۆتىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى دەپ قارايدىكەن.

تورت يېيىش: بۇلغارلار يېڭى يىل ھارپىسى ئاخشىمى ئالاھىدە تەييارلانغان يېڭى يىل تورتىنى يەيدىكەن. تورت ئىچىگە ھەرخىل ئۇششاق سوۋغىلىق بۇيۇملار سېلىپ قويۇلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەڭگە كىمگە چىقسا، يېڭى بىر يىلدا ئۇ باي بولۇپ كېتىدۇ، ئەتىرگۈل كىمگە چىقسا، ئۇنىڭ بەختى كېلىدۇ، دەپ قارىلىدىكەن.

قالدۇق ھاراقنى ئىچىۋېتىش: فرانسىيىلىكلەردە، يېڭى يىل ھارپىسىدا كىمنىڭ ئۆيىدە ھاراق ئېشىپ قالسا، كېلەر يىلى شۇ ئائىلىدىكىلەر يامان كۈنگە قالىدۇ، دەيدىغان خۇراپىيلىق مەۋجۇت ئىكەن. شۇڭا ئۇلار مەست بولۇپ ئەس-ھوشىنى يوقاتقۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالسىمۇ، ئۆيىدىكى ھاراقنى ئىچىپ تۈگىتىۋېتىدىكەن.

پەقەت سوغۇق تاماقلا يېيىش: جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى پاراگۋايلىقلار يېڭى يىل يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنقى بەش كۈننى "سوغۇق يېمەكلىك يېيىش كۈنى"قىلىپ بېكىتكەنىكەن. بۇ بەش كۈندە، دۆلەت باشلىقلىرىدىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارغىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى قازان قايناتمايدىكەن، پەقەت سوغۇق يېمەكلىكلا يەيدىكەن. يېڭى يىل قوڭغۇرىقى چېلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئاندىن ئوچاقلىرىغا ئوت يېقىپ تاماق ئېتىپ، مول داستىخان راسلاپ يېڭى يىلنى كۈتۈۋالىدىكەن.

يىل ئاخىرىدىكى يەتتە كۈندە گۆش يېمەسلىك: ماداغاسقاردا، يىل ئاخىرىدىكى يەتتە كۈندە كىشىلەرنىڭ گۆش يېيىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. يېڭى يىل ھارپىسى كەچلىك غىزادا

ئاندىن گۆش يېيىشكە بولىدىكەن.

يەتتە خىل قورۇما يېيىش: ئىرانلىقلار يېڭى يىل ھارپىسى ئاخشىمى يەتتە خىل قورۇما يېيىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ھەر-بىر خىل قورۇمىنىڭ نامى S ھەرپىدىن باشلىنىدىغان بولۇشى كېرەك ئىكەن، بۇنى ئۇلار ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولىدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدىكەن.

## چەت ئەللىكلەر يامان كۆرىدىغان ئىشلار

ئىتالىيىدە كىشىلەر جۇخار گۇل (كۈزگى گۈل) نى يامان كۆرىدۇ؛ ياپونلار نىلوپەر گۇلىنى يامان كۆرىدۇ؛ فرانسىيىلىكلەر ياڭاقنى ئادەمگە شۇملۇق كەلتۈرىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئەنگلىيىلىكلەر ئادەمنىڭ سۈرىتى ئارقىلىق تاۋارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى زىننەتلەشنى يامان كۆرىدۇ. شىمالىي ئافرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەردە كىشىلەر ئىتنىڭ سۈرىتىنى تاۋار ماركىسى قىلىشنى يامان كۆرىدۇ.

تايلاندلىقلار ئادەمنىڭ بېشىنى سىلاشنى قاتتىق ھاقارەت دەپ قارايدۇ. تايلاندتا، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، جەسەت ساندۇقىغا قىزىل قەلەم بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويىدىغان ئادەت بار بولغاچقا، كىشىلەر قىزىل قەلەم بىلەن ئىمزا قويۇشنى يامان كۆرىدۇ. دوست-بۇرادەرلەر ئۇچراشقاندا، يېقىنلىق قىلىپ بىر-بىرىنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاغلاپ قويىدىغان ئادەتنى يامان كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىدا، بۇنداق قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەدەبسىزلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىدۇ.

## ھەرقايسى ئەللەردە كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان رەڭلەر

ياپونلار يېشىل رەڭنى يامان كۆرىدۇ، ئۇلار يېشىل رەڭنى شۇملۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ.

بىلگىيىلىكلەر كۆك رەڭنى يامان كۆرىدۇ، ئۇلار كۆك رەڭنى يامانلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ.

برازىلىيىلىكلەر پور رەڭنى ياۋۇزلۇقتىن بېشارەت بېرىدىغان رەڭ دەپ قارايدۇ.

ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە كىشىلەر قارا رەڭنى مۇسىبەتنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ.

ئېفىئوپىيىدە كىشىلەر سېرىق كىيىم كىيىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، مېھماندارچىلىققا بارغاندا، سېرىق كىيىم كىيىشكە يول قويۇلمايدۇ.

تۈركلەر چەيزە رەڭگە ئۆچ، ئۇلار چەيزە رەڭ شۇملۇقنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ.

ماراكەشلىكلەر ئاق رەڭگە ئۆچ، ئۇلار ئادەتتە ئاق رەڭنى نامراتلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قاراپ، ئاق رەختتىن كىيىم كىيمەيدۇ.

ئۇرۇگۋايلىقلار كۆك رەڭگە ئۆچ، ئۇلار كۆك رەڭنى قا-

راۋغۇلۇقنىڭ بېشارىتى دەپ قارايدۇ.
مىسىرلىقلار سېرىق رەڭگە ئۆچ، ئۇلار سېرىق رەڭنى بەختسىزلىكنىڭ، مۇسىبەتنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ.

## كىشىلەر يامان كۆرىدىغان سانلار

غەربلىكلەر ”13“دېگەن ساننى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ، ھەرقانداق سورۇندا، كىشىلەر شۇملۇقنىڭ بېشارىتى دەپ قارالغان بۇ ساندىن قاچىدۇ. ئۇلارنىڭ بىناسىدا 13-قەۋەت دېگەن خەت بولمايدۇ، 12-قەۋەتنىڭ ئۇستىدىكى قەۋەت 14-قەۋەت دەپ سانىلىدۇ.

ئافرىقىدا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدا ”13“ دېگەن سان شۇملۇقنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ.

ئاسىيادىكى بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردا كىشىلەر ”4“ دېگەن سانغا ئۆچ، چۈنكى بۇ ساننىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى خەنزۇچە يېزىقتىكى ”ئۆلمەك“دېگەن خەتنىڭ تەلەپپۇزىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. سىنگاپور، كورىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ كىشىلەر ”4“نى يامان كۆرىدۇ.

ئافرىقىدا ماراكەشتىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك كىشىلەر ”7“دېگەن ساننى ياقتۇرمايدۇ، ئاسىيادىكى سىنگاپوردىمۇ كىشىلەر ”7“ دېگەن ساننى يامان كۆرىدۇ.

ياپونىيىدە، دوست-بۇرادەرلەر سوۋغا-سالام تەقدىم قىلىشقاندا، سوۋغىنىڭ ”ئالتە“ بولۇپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەيدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوۋغا ئالتە بولۇپ قالسا، قارشى تەرەپتە مىنى قاراقچىغا ئوخشىتىپتۇ دەيدىغان تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

جۇڭگونىڭ يۇننەن ئۆلكىسىدىكى بەيزۇلار ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشقاندا، ئۇنىڭ سانى 6 بولسا، قارشى تەرەپنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ.

ئاسىيادىكى بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردا كىشىلەر "14" دېگەن ساننى ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى شۇ دۆلەت ۋە رايونلاردا بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى خەنزۇچە يېزىقتىكى "پالاكەت" دېگەن خەتنىڭ تەلەپپۇزىغا ئوخشاپ قالىدىكەن.

## روژدېستۋو بايرىمىنىڭ كېلىش سەۋەبى

روژدېستۋو بايرىمى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئەيسانىڭ تۇغۇلغانلىقىنى تەبرىكلەيدىغان مۇھىم بايرىمى. خرىستىئان دىنىنىڭ دەستۇرى "ئىنجىل"دا خاتىرىلىنىشىچە، ئەيسا يەھۇدىلارنىڭ بىر كىچىك شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئەيسانىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى توغرىسىدا، كىتابتا "بۈۋى مەريەمنىڭ پاك ھامىلدار بولۇشى" دېگەن رىۋايەت بار، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، بۈۋى مەريەم بىر چۈش كۆرۈپ، چۈشىدە ھامىلدار بولۇپ قالغان، كېيىن ئەيسانى تۇغقان. ئەيسانىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققۇدەك ئاساس يوق، شۇڭا، كېيىنكى دەۋرلەردە ئەسىر بۆلگۈچ يىل (مىلادىيە 1-يىلى) ئەيسانىڭ تۇغۇلغان يىلى قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتى بىر قىش كۈنى كېچىسى دەپ

بەلگىلەنگەن. مىلادىيە 354-يىلى، خرىستىئان دىنىدىكى كۆپ سانلىقلار رىم ئىمپېرىيىسىدىكى مىترا دىنىنىڭ 12-ئاينىڭ 15-كۈنى قۇياش ئىلاھىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش بايرىمىنى روژدېستۋو بايرىمى قىلىپ بەلگىلىگەن.

## تىرىك يىلاندىن ھالقا ياساش

كامېروننىڭ بەزى رايونلىرىدىكى ئاياللار تىرىك يىلاندىن ياسالغان ھالقىنى سېلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇلار كۈمۈش-تەك پارقىراپ تۇرىدىغان بارماقچىلىك ئىنچىكە بىر خىل ئاق يىلاننى تىرىك پېتى تۇتۇپ ئەكېلىپ ھالقا ياسىتىدىكەن.

ھالقا ياساشقا يارىغۇدەك يىلاننى تۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئالدى بىلەن ئۇنىڭ زەھەرلىك چىشىنى يۇلۇۋېتىپ ئاندىن ئۇنى ھالقا شەكلىگە كەلتۈرۈپ يۆگەيدىكەن، ئاندىن يەنە ھالقىنىڭ ئىچىگە بىرقات لاتا ئالىدىكەن، ئۇ پۈتكەندىن كېيىن، قۇلىقىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئىنچىكە يىپقا ھالقىنى ئېسىپ قويىدىكەن. يىلان ھالقا 8—9 كۈن شۇ پېتى تۇرىدىكەن، يىلان ئۆلگەندىن كېيىن، يەنە تىرىك يىلاندىن ھالقا ياساپ ئېسىۋالىدىكەن، ئاياللار كۆپ ھاللاردا يىلان ھالقا ئېسىش بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھۆسنى-جامالىنى نامايان قىلىدىكەن.

## ”ئەرلەر“ بازىرى

ھىندىستاننىڭ گۇجارات شتاتىدا سۇرا دېگەن بىر مەھەللە بار ئىكەن، ھەر يىلى 7-ئايدا مۇشۇ يەردە بىر قېتىم كۆلىمى زور ھەم ئۆزگىچە تۇس ئالغان ”ئەر“ سېتىش بازىرى بولىدىكەن. بۇ بازارغا ئەر سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەلگۈچىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى قىزلىرىنى ياتلىق قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن نامراتلار ئىكەن. بۇ ئادەت بۇ جايدا مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ بازار ھەر يىلى 7-ئايدا باشلىنىپ، يەتتە كۈن داۋام قىلىدىكەن.

## ”قىز“ بازىرى

شىمالىي ئافرىقىدىكى بېربېرلار ياشايدىغان رايوندا يىلدا بىر قېتىم قىزنىقارلىق بازار بولىدىكەن، بۇ ھەم سودا-سېتىق بازىرى، ھەم بېربېرلارنىڭ نىكاھلىنىش شەكلىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەن.

بازار كۈنى، قىزلار كېپىنەك تونغا ئورىنىپ، بېشىغا جۇلالىنىپ تۇرىدىغان باش كىيىمى كىيىپ، يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ بازارغا كېلىدىكەن، ئۇلارنىڭ پەقەت ئىككى كۆزىلا ئوچۇق تۇرىدىكەن، قىزلار بازاردا كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىپ ئۆزىگە لايىق ئىزدەيدىكەن. يىگىتلەر قىزلارنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىككى

كۆزى ۋە گەپ قىلغان ۋاقىتتىكى ئاۋازىدىنلا ئۆزىگە لايىق تاللاي-
دىكەن. يىگىتلەر پۈتۈن بىر كۈن قىزلار ئارىسىدا ئويان-بويان
مېڭىپ يۈرىدىكەن، ئەگەر ئۇلار قىزلارنىڭ مۇھەببەتلىك قاراش-
لىرىنى ياكى باش لىڭشىتقانلىقىنى كۆرۈپلا قالسا، دەرھال
قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ پاراڭلىشىدىكەن، قىز دوستلۇقنى بىلدۈ-
رۈپ قولىنى بېرىپ، يىگىتكە كۆڭلى چۈشكەنلىكىنى بىلدۈر-
گەندە، ئۇلارنىڭ توي ئىشى ئاساسەن بېكىتىلگەن بولىدىكەن.
ئەگەر قىز يىگىتكە قولىنى بەرگىلى ئۇنىمىسا، بۇ، يىگىتنىڭ
تەلىپىنى رەت قىلغانلىقتىن دېرەك بېرىدىكەن.

## غەلىتە "يىغلاڭغۇ مىللەت"

ئەنگلىيىنىڭ بىر كىچىك ئارىلىدا زۇپېنگې مىللىتى دەپ
ئاتىلىدىغان بىر "يىغلاڭغۇ مىللەت" ياشايدىكەن، ئۇلار خۇشال-
لىقنى يىغا-زار قىلىشىپ ئىپادىلەيدىكەن. بىرەر ئائىلىدە خۇ-
شاللىق ئىش بولۇپ قالسا ياكى يىراقتىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى
كېلىپ قالسا، يىغا-زار قىلىپ تەبرىكلەيدىكەن ۋە قارشى ئالىدى-
كەن. ئۇلار يىغا دوستلۇق، يېقىنلىق ۋە بەخت-سائادەت بىلەن
چەمبەرچاس باغلانغان دەپ قارايدىكەن.

## قول ئېلىشىشنىڭ كېلىش سەۋەبى

قەدىمكى زامانلاردا، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئوۋ ئوۋلاشنى ئاسا-

سي تىرىكچىلىك ۋاسىتىسى قىلىغانىدى، دۇنيا ئۇلار ئۇچۇن خېيىم-خەتەرگە تولغانىدى. شۇڭا، ئۇلاردا ناتونۇش ئادەملەر ئۇچرىشىپ قالغاندا، يامان نىيەتتە بولمىسا، بىر قولىنى سۇ-نۇپ، ئالقىنىنى ئالدى تەرەپكە قىلىپ كۆرسىتىپ، قارشى تە-رەپكە ئۆزىنىڭ قولىدا تاش ياكى باشقا قورال يوقلۇقىنى بىلدۇ-رىدىغان، بىر-بىرىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئۆزئارا ئۇلىك قو-لىنى سىلىشىپ، دوستلۇقنى ئىپادىلىشىدىغان ئادەت شەكىللەن-گەن. بۇ ئۇسۇل داۋاملىشىپ، بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر دوست-لۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن دائىم قوللىنىدىغان ھۆرمەت قائىدىسى — قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئادىتى بولۇپ قالغان.

## 22. كىلەچەك ئۈستىدە مۆلچەر

### 200 مىليون يىلدىن كېيىن بىر يىل 300 كۈن بولۇپ قالىدۇ

ئالىملارنىڭ ھېسابلاپ چىقىشىچە، بۇنىڭدىن 4 مىليارد 500 مىليون يىل ئىلگىرى يەرشارى شەكىللەنگەن دەسلەپكى زامانلاردا، بىر كۈن ئاران تۆت سائەت ئىكەن، بۇنىڭدىن 3 مىليارد يىل ئىلگىرى، بىر كۈن تەخمىنەن 18 سائەت ئىكەن؛ بۇنىڭدىن 570 مىليون يىل ئىلگىرى، بىر كۈن 21 سائەت ئىكەن. نېمىشقا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بىر كۈنلۈك ۋاقىت بارغانسېرى ئۇزىراپ، بىر يىلنىڭ كۈن سانى بارغانسېرى ئازلاپ بارىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يەرشارىنىڭ قۇياشنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىش سۈرئىتى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش-پەسىيىشىدىن ھاسىل بولغان سۈركىلىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئۈزلۈكسىز ئاستىلايدۇ (يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش ۋاقتى ھەر 100مىڭ يىلدا 1.6 سېكۇنت ئۇزىرايدۇ). مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، 200 مىليون يىلدىن كېيىن، بىريىل ئاران 300 كۈن بولۇپ قالىدۇ، ئەمما بىر كۈن 30 سائەت بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يەر شارىنىڭ كېلەچىكى

4 مىليارد 500 مىليون يىلدىن بۇيان، قۇياش يەرشارىنى يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. مۆلچەرلىنىشىچە، كەلگۈسى 5 مىليارد 500 مىليون يىلغىچە بۇنىڭدا باشقا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. 10 مىليارد يىل كۆيگەندىن كېيىن، قۇياشتىكى ھىدروگېن تۈگەيدۇ، ئاندىن باشقا ئېلېمېنتلار كۆيۈشكە باشلايدۇ. ئۇ چاغدا، قۇياشنىڭ يورۇقلۇقى ھازىرقىدىن 400 ھەسسە ئاشىدۇ، دىئامېترى ھازىرقىدىن 100 ھەسسە ئاشىدۇ، مېركۇرى بۇ يوغىناپ كەتكەن ئوت شارى ئىچىدە قالىدۇ، چولپان بىلەن يەرشارى كۆيۈپ قوقاسقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

قۇياش ئۆزىنىڭ ھاياتلىق تارىخىدا بارغانسېرى يورۇقلىشىپ بارىدۇ. يورۇقلۇقى مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ سۈيى قايناپ، يەرشارىنى پار قاپلاپ كېتىدۇ. يەرشارى كۆتۈلمىگەن بالايىئاپەتلەرگە يولۇقىشىمۇ مۇمكىن. مۆلچەرلىنىشىچە، ھەر 24 مىليون يىلدىن 30 مىليون يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، يەر شارى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز مېتېئورىت يامغۇرى بىلەن بىر قېتىم يۇيۇلىدۇ، جۈملىدىن يەرشارى ھەر 50 مىليون يىلدا بىر قېتىم دىئامېترى 10 كىلومېتر كېلىدىغان كىچىك پلانېتا بىلەن سوقۇلىدۇ؛ ھەر 50 مىليون يىلدا، ماسسىسى قۇياشنىڭ ئون ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان، ھالاكەتكە

يۇرتۇتقان بىر تۇرغۇن يۇلتۇز قۇياش سىستېمىسىغا يېقىن جايدا پارتلايدۇ. ئۇ كىچىك پلانېتا بىلەن سوقۇلۇپ كەتكەندە، يەرشارىنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ، تۇرغۇن يۇلتۇز پارتلىغاندا تارقاتقان ئالەم نۇرى ھايۋاناتنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ.

## دۇنيا ئاھالىسى ئۈستىدىكى ئون چوڭ مۆلچەر

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى خەلقئارالىق نوپۇس تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە نوپۇس مۇتەخەسسىسلىرى دۇنيانىڭ نوپۇسىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1. 2000-يىلغا بارغاندا، دۇنيانىڭ ئاھالىسى 6 مىلياردقا يېتىدۇ. 2050-يىلى دۇنيانىڭ ئاھالىسى 10 مىلياردتىن ئېشىپ كېتىدۇ.

2. ھىندىستان دۇنيا بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ دۆلەت بولۇپ قالىدۇ. 2100-يىلغا بارغاندا، ھىندىستاننىڭ ئاھالىسى 1 مىليارد 632 مىليونغا يېتىدۇ، ئافرىقىدا نىگېرىيىنىڭ ئاھالىسى ھازىرقىدىن تۆت ھەسسە كۆپىيىپ، 509 مىليونغا يېتىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئاھالىسىدىن ئېشىپ كېتىدۇ-دە، ئاھالە سانى بويىچە دۇنيادا 3-ئورۇنغا ئۆتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى

3. شەھەرلىشىش تەرەققىياتى تېزلىشىدۇ، 2000-يىلغا بارغاندا، شەھەر ئاھالىسى دۇنيا ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىپ، 3 مىلياردتىن ئېشىپ كېتىدۇ.

4. مېكسىكا شەھىرى دۇنيا بويىچە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ شەھەر بولۇپ قالىدۇ. ئامېرىكا دۆلەت ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىدارىسى ئېلان قىلغان دوكلاتتا مۆلچەرلىنىشىچە، 2000-يىلغا بارغاندا، مېكسىكا شەھىرىنىڭ ئاھالىسى ياپونىيەنىڭ توكيو شەھىرىنىڭ ئاھالىسى (ھازىرقى ئاھالىسى 25 مىليون 100 مىڭ) دىن ئېشىپ كېتىپ، 26 مىليون 300 مىڭغا يېتىپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى چوڭ شەھەر بولۇپ قالىدۇ.

5. تەرەققىي تاپقان ئەللەردە شەھەرلەر ”قۇرۇقدىلىنىپ قېلىش“ يۈزلىنىشى كېلىپ چىقىدۇ. تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى بايلار بۇلغىنىشتىن قېچىپ، تىنچ-خاتىرجەم ياشاش، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش مەقسىتىدە، شەھەرنىڭ سىرتىغا ئولتۇراقلىشىدۇ، شەھەر مەركىزىدە قېرى-چۆرىلەر ۋە نامراتلار قالىدۇ، كونا شەھەر رايونلىرى پەيدىنپەي تارىيىدۇ، يېزىلاردا ”شەھەر-بازارلىشىش“ ۋەزىيىتى شەكىللىنىدۇ.

6. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاھالە ھەرىكىتى فوندى جەمئىيىتىنىڭ 1986-يىلى ئېلان قىلغان دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، 2000-يىلغا بارغاندا، ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭكىگە قارىغاندا 175 مىليون كىشى ئېشىپ كېتىدۇ، ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ياخشىلىنىدىغان

بولغاچقا، ئائىلىلەرنىڭ كۆپىيىشى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

7. ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەردە ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى توختايدۇ ياكى ئاھالە ئازلايدۇ، كېلەركى ئەسىردە، ياۋروپادا ۋە ياپونىيىدە بەش جانلىق ئائىلىلەر پارچىلىنىپ، بويتاق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. ئەر-ئاياللار توي قىلغاندىن كېيىن "1+1=1" بولىدىغان ھەتتا "1+1=0" بولىدىغان يۈزلىنىش داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ. ياۋروپادىكى بەزى مۇتەخەسسىسلەر: كېلەركى ئەسىردە، ياۋروپادىن ئىبارەت بۇ "مەدەنىيەت بۆشۈكى" چوقۇم ئاسىيانىڭ ئاھالە دېڭىزىدىكى "يالغۇز ئارال"غا ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ مۆلچەرلىمەكتە.

8. ئاق تەنلىكلەرنىڭ دۇنيا ئاھالىسىدە ئىگىلىگەن سالمىقى كۈندىن-كۈنگە ئازلاپ بارىدۇ. ھازىر، ئامېرىكىدا نېگىرلار ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى ئاق تەنلىكلەر ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ، لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىمۇ تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. بۇنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىسى شۇكى، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا نېگىرلىرىنىڭ ئاھالىسى 3.3% لىك ئېشىش سۈرئىتى بىلەن كۆپەيمەكتە.

9. ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئۇزىرايدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 60 ياشتىن ئېشىپ كېتىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى جەھەتتە ئىسلاندىيە، ياپونىيە، شۋېتسىيە يەنىلا دۇنيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

10. ئاھالىنىڭ قېرىلىشىپ كېتىش يۈزلىنىشى داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ، ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەردە تۇغۇش نىسبىتى بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى تەڭلا تۆۋەنلەپ كېتىدىغان بولغاچقا، قېرىلىشىپ كېتىش قەدىمى تېخىمۇ تېزلىشىدۇ، بەزى دۆلەتلەر "ئادەتتىن تاشقىرى ياشانغانلار" جەمئىيىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھازىر ياۋروپادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە 60 ياشتىن ھالقىغان قېرىلار %20تىن ئېشىپ كەتتى.

## كېلەچەكتىكى ئۆي تۇرمۇشى

پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، ئىنسانلارنىڭ كېلەچەكتىكى ئۆي تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا، كىشىلەر ئۆيلىرىنى مۇنداق لازىمەتلىكلەر بىلەن تولۇقلاشقا باشلايدۇ:

1. قۇياش ئېنېرگىيىلىك ھاۋا تەڭشىگۈچ. بۇ خىل ھاۋا تەڭشىگۈچ كۈندۈزى قۇياش نۇرىدىن ئىسسىقلىق قوبۇل قىلىپ، كېچىسى چىقىرىدۇ، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى تېمپېراتۇرىنى پۈتۈنلەي ئۆي ئىگىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

2. ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق تىزگىنلىنىدىغان بىخە-

تەرلىك سىستېمىسى. بۇ ئىندۇكتور، سىگنال بېرىش ئۇسكۇنىسى، خەۋەرلىشىش سىستېمىسى ۋە تېلېۋىزورلۇق كۆزىتىش- تىزگىنلەش ئۇسكۇنىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرۈش ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق تىزگىنلەش سىستېمىسىدۇر. ئۆيدە بىرەر كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بېرىپ قالسا، بۇ سىستېما ئەھۋالنى ئۆي ئىگىسى، ئامانلىقنى قوغداش ئورگىنى، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ۋە جىددىي قۇتقۇزۇش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا مەلۇم قىلالايدۇ، ھەتتا ئاپتوماتىك ھالدا ئوت ئۆچۈرەلەيدۇ، ئوغرىنى سىنئالغۇغا ئېلىۋالالايدۇ ۋە ئوغرىنى قورقىتىپ قاچۇرۇۋېتەلەيدۇ.

3. مۇكەممەل خەۋەرلىشىش سىستېمىسى. تېلېفون ئۆي ئىگىسىنىڭ سىرتتىن كەلگەن بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆيدىكى ھاۋا تەڭشىگۈچنى، ئاشخانا سايمانلىرىنى ۋە چىراغلارنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. بۇنداق تېلېفون سىرتتىن تېلېفون بەرگەن كىشىگە ئۆي ئىگىسىنىڭ قايەردىلىكىنى دەپ بېرەلەيدۇ ھەمدە ئۆي ئىگىسىگە ياقمايدىغان تېلېفون مەزمۇنلىرىنى رەت قىلالايدۇ.

4. ۋايىسماي ئىشلەيدىغان ماشىنا ئادەم. ھۆجرىدىكى ماشىنا ئادەم ئوخشاش بولمىغان مۇزىكىلار ئارقىلىق ئۆي ئىگىسىنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىدۇ ھەمدە شۇ كۈنلۈك پائالىيەت جەدۋىلىنى مەلۇم قىلىدۇ. ئۇ ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئۆي ئىگىسىگە قانداق كىيىملەرنى كىيىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ.

## 21-ئەسىردىكى تىبابەتچىلىك

21-ئەسىرگە بارغاندا، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 80 ياشقا يېتىدۇ، ئەگەر ئادەم بەدىنىگە سۇنئىي ئەزالارنى ياكى كۆچۈرمە ماددىلارنى سېلىش تېخنىكىسى ئومۇملىشىپ كەتسە، ھەتتا ئۆمرىمىز يۈز ياشقا يېتىشىمۇ مۇمكىن.

زور كۆپ ساندىكى ئالىملار مۇنداق دەپ قارايدۇ: 2000-يىلغا بارغاندا، تەرەققىي تاپقان ئەللەردە قېرىلىق كېسەللى سالامەتلىك مەسىلىسىدە ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈپ قالىدۇ. يۈرەك قان تومۇرى كېسەللىكى، راك كېسىلى ۋە باشقا كېسەللىكلەر تەرەققىي تاپقان ئەللەردە كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە تەھدىت سالىدىغان مۇھىم كېسەللىكلەردىن بولۇپ قالىدۇ. ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە، ئوزۇقلىنىش ناچارلىقى ۋە يۇقۇملۇق كېسەل داۋاملىق تۈردە كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىدىكى ئاساسلىق توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ.

بەزى ئالىملار مۇنداق دەپ قارايدۇ: 2000-يىلغا بارغاندا، قىزىل، يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى، جىگەر ياللۇغى، ۋىرۇسلۇق كېسەل ۋە بەزى راك كېسەللىرى تۈگىتىلىشى مۇمكىن.

مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى ئالىملار مۇنداق دەپ قارايدۇ: 2000-يىلغا بارغاندا، ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولىدىغانلارنىڭ سانى يەنىلا نامەلۇم. تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن ئالىملارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 2000-يىلغا بارغاندا، ئامېرىكىدا

ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئاشىدىكەن. ئامېرىكا ئالىملىرى: ئىنسانلار راك كېسىلى، يۈرەك قان تومۇرى كېسەللىكلىرى ۋە مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى كېسەللىكلىرىنى داۋالاش جەھەتتە تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ قارىماقتا. 60% ئالىم هازىردىن باشلاپ 2000-يىلغىچە ئىنسانلار مەلۇم خىلدىكى راك كېسەللىكىنىڭ خەۋپىگە ئۇچرىمايدىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا.

ئالىملار مۇنداق دەپ قارىماقتا: 2000-يىلغا بارغاندا، كېسەلچانلار هەرخىل ”ئۆلچەملىك سەپلىمىلەر“نىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدىغان بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتا كەلگەندە، سۈنئىي لىپەك، سۈنئىي يانپاش سۆڭىكى، سۈنئىي تېرە، سۈنئىي قان شۇنىڭدەك ئاڭلاش سېزىمىنى ۋە كۆرۈش سېزىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان كۆچۈرمە ماددىلار ئادەم بەدىنىدە ئەڭ ياخشى رول ئوينايدىغان سۈنئىي سەپلىمىلەردىن بولۇپ قالىدۇ.

ئەڭ ئۈمىدۋار ئالىملارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 2000-يىلغا بارغاندا، ئىنسانلار كاۋچۇك ۋە سۇلياۋدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، ئادەم بەدىنىگە كۆچۈرۈلىدىغان مۇرەككەپ سۈنئىي ئەزالارنى، مەسىلەن، يۈرەك، جىگەر، بۆرەك ۋە ئاشقازان ئاستى بېزى قاتارلىقلارنى ياساپ چىقىشى مۇمكىن.

## 21-ئەسىردىكى ئۈچ خىل شەھەر

ئاھالىشۇناسلارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئا-

ـىرلىرى ۋە 21-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا بارغاندا، دۇنيا بويىچە شەھەر ئاھالىسى ھازىرقى بىر مىلياردتىن كۆپىيىپ 3 مىلياردقا يېتىشى مۇمكىن.

ئۇ ۋاقىتقا بارغاندا، ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇپ كەتكەن شەھەرلەر پۈتۈن يەرشارىغا تارىلىدۇ، ئاھالىسى بىر مىليوندىن 10مىليونغىچە بولغان شەھەر نەچچە مىڭغا يېتىدۇ، ئادەتتىكى دەرىجىدىن تاشقىرى شەھەر، رايون خاراكتېرلىك شەھەر ۋە قىتئەلەر ئارا شەھەردىن باشقا، سىناق تەرىقىسىدە مۇنداق ئۈچ خىل شەھەر بارلىققا كېلىدۇ.

1. سۈنئىي ھاۋا كىلىماتلىق شەھەر. ھازىر ئامېرىكا قىتئەسىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە بۇ خىل سۈنئىي ھاۋا كىلىماتلىق شەھەرلەرنىڭ دەسلەپكى شەكلى —— ھاۋاسىنى خالىغانچە تەڭشىگىلى بولىدىغان سودا مەركەزلىرى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى ئۆتمۈشتىكى مەھەللە بازارلىرىدەك بار. ھاۋالىق ئىمارەت تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شۇنداق شارائىت يېتىپ كەلگەندە، پۈتۈن شەھەر ھاۋا تولدۇرۇلغان سۇلياۋ يۇپۇقلۇق گۈمبەز ئىچىگە قاپلىنىدىغان ھالەت شەكىللىنىشى مۇمكىن. بۇنداق ھاۋا تولدۇرۇلغان كۆلىمى زور قۇرۇلمىنىڭ ياردىمى بىلەن، قۇرغاق قۇملۇق رايونلاردا نەمخۇش يېشىل بوستانلىقلار بارلىققا كەلسە، قاتتىق سوغۇق شىمالدا تۆت پەسىلى ئىللىق باھاردەك تۇرىدىغان شەھەرلەر بارلىققا كېلىدۇ.

2. دەرىجىدىن تاشقىرى كۆنەگسىمان شەھەر. بۇ ئۇلتۇراقلىشىش زىچلىقى ئىنتايىن يۇقىرى، كىشىدە سترىئو تۇيغۇ-

سى پەيدا قىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈركۈمىدۇر. بۇ خىل قۇرۇلۇشـ
نىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان
بىرنەچچە خىل ئىمارەت تۈزۈلمىسى كۆركەم تۈيغۇ پەيدا قىلىدىـ
غان ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن قۇراشتۇرۇلۇپ، قاتار-قاتار
كەتكەن تۇرالغۇلار شەكىللەندۈرۈلىدۇ ھەمدە ھەر يۈرۈش تۇرالـ
غۇدا ئۆزىگە خاس گۈلزارلىقنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىـ
لىنىدۇ.

3. دېڭىز شەھىرى. دېڭىز بويىغا ئولتۇراقلاشقان كىشىـ
لەر ھاۋا ئوچۇق ياز كۈنلىرى ئېزىتقۇنى كۆرەلەيدۇ. 21-ئەـ
سىرگە كەلگەندە، دېڭىز-ئوكياندىن پايدىلىنىش ئىشىنىڭ تەرەقـ
قىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار دېڭىز-ئوكياندا ئۇزاق مۇدـ
دەت ئولتۇراقلىشىدىغان شەھەرلەرنى بىنا قىلىشى مۇمكىن، ئۇ
چاغدا، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئېزىتقۇ ئەمەس، بەلكى رەسـ
مىي گۈزەل شەھەر پەيدا بولىدۇ. كېلەچەكتىكى دېڭىز شەھىرى
مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى، دېڭىز ئاستىغا بىنا
قىلىنغان شەھەر، يەنە بىر خىلى، دېڭىز ئاستىدىكى مەلۇم
چوڭقۇرلۇقىچە سوزۇلىدىغان شەھەر. دېڭىز قاتىنىشى تۈگۈنلىـ
رىگىمۇ دېڭىز شەھىرى بىنا قىلىنىشى مۇمكىن.

## كەلگۈسى يۈز نەچچە يىلدا بولىدىغان چوڭ ئىشلار ئۈستىدە مۆلچەر

«ئامېرىكا ئاخبارات ۋە دۇنيا خەۋەرلىرى» نىڭ كەلگۈسى
يۈز يىلدا بولىدىغان چوڭ ئىشلار ئۈستىدىكى مۆلچەرى مۇنداق:

تۇربىنىلىق رېئاكتىپ دېڭىزلاتىل دۇنياغا كېلىدۇ، ئايروپىلان 100مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە سائەتىگە 3400 ئىنگلىز مىلى ئۇچىدۇ، بۇ، ئاۋاز سۈرئىتىنىڭ تەخمىنەن بەش ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

2000-يىلى: ئامېرىكىنىڭ مەڭگۈلۈك ئالەم پونكىتىدا يەرنىڭ تارتىش كۈچى بولمىغان ئەھۋالدا مېتال قېتىشمىسى ۋە دورا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

2001-يىلى: بىئوتېخنىكا بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن ۋاكسىنا ئارقىلىق يۈرەك كېسىلىنىڭ ۋە كۆپ خىل راك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ "ئالاھىدە ئۇنۇملۇك" بەزى دورىلار كىشىلەرنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى مۇمكىن.

2010-يىلى: نيۇ-يوركتىن توكيوغا ئاۋازدىن تېز سۈرئەتلىك ئايروپىلان بىلەن 45 مىنۇتتىلا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

2020-يىلى: يەرشارى مىقياسىدا تىل توسالغۇسى تۈگەيدۇ، ئېلېكترون مېڭە گەپنى دەرھال تەرجىمە قىلىپ بېرەلەيدىغان بولىدۇ.

2025- يىلى: "ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيە ۋە ئالەم باش مەھكىمىسى" ماشىنا ئادەملەرنىڭ كان قېزىشى ۋە تەجرىبە تەرىقىسىدە تېرىقچىلىق قىلىشى ئۈچۈن ئايدا مەڭگۈلۈك بازا قۇرۇپ چىقىدۇ.

2030-يىلى: نېفىت دەۋرى ئاخىرلىشىدۇ، يېقىلغۇ قىلىنىدىغان نېفىت قىسلىشىپ ۋە قىممەتلىشىپ كېتىدۇ. تەبىئىي

گاز، قوۋاش ئېنېرگىيىسى، چاقپەلەك ئېنېرگىيىسى ۋە يادرو بىرىكمىسى ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىنىدۇ.

2050-يىلى: تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئىقتىدارى بىئوتېخنىكا ئارقىلىق ئاشۇرۇلىدىغان، تەنھەرىكەتچىلەر ئېلېكترون مېڭە ئارقىلىق مەشق قىلدۇرۇلىدىغان بولغاچقا، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى شەرەپلىك رىقابەتلىشىش ئەھمىيىتىنى پەيدىنپەي يوقىتىدۇ.

2075-يىلى: دۇنيا ئاھالىسى 10 مىلياردقا يېتىدۇ، ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى مارسقا كۆچۈپ بارىدۇ.

2120-يىلى: يەرشارى ئاتموسفېرا قاتلىمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ كېتىش نەتىجىسىدە، دېڭىز يۈزى ئۆرلەپ، لوندون قاتارلىق شەھەرلەرنى كەلكۈن بېسىپ كېتىدۇ، نيۇ-يورك شەھىرى دېڭىز توغانلىرى پۇختا بولغاچقا، ئامان-ئېسەن قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن رەھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇرسۇن رەھىم

# دۇنيادىكى قىسما-قىسما ئىشلارنى بىلىۋېلىڭ

## خەن جېنفېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن

ئايشەم تاۋار
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇللا ئابلىز
ئالىمجان سابىت

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 5-قورو، پوچتا نومۇرى: 100013)
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسى
باسقۇچى: بېيىيۈەن باسما زاۋۇتى
1995-يىل 11-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1995-يىل 11-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى.
باھاسى: 10.90 يۈەن